# ھەدىس قۇدۇس ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر توپلىمى

(ئىمام جەلالۇددىن سۇيۇتىي)
شەيخ مۇھەممەد جەئپەر كەتتانى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

مۇھەررىر: ئابدۇلئەزىز
كوررېكتور: مەھمۇد ئىسلام

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى

نەشر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2010 - 1431

islamhouse.com

# جامع الأحاديث القدسية والمتواترة

(الإمام جلال الدين السيوطي)

الشيخ محمد جعفر الكتاني

الإعداد: مركز الترجمة الأويغورية

المحرر: عبد العزيز

محمود إسلام

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2010 - 1431

islamhouse.com

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........ 4
ھەدىس قۇددۇسلار ........ 15
ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ........ 35
بۇ ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ........ 63
ئەڭ ئىشەنچىلىك مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر ........ 75
ئىلىمنىڭ كىتابىدىكى مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر........ 75
ئىماننىڭ كىتابىدىكى مۇتەۋاتىرھەدىسلەر ........ 81
تاھارەتنىڭ كىتابىدىكى مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر ........ 90
ئەزاننىڭ كىتابىدىكى مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر ........ 103
نامازنىڭ كىتابىدىكى مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر........ 107
جۈمئە نامىزى ۋە ھېيت نامىزى توغرىسىدىكى مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر ........ 139
كېسەللىك، مېيت ئەھۋالى، جىنازا توغرىسىدىكى مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر ........ 143
ئىمام خەلىپىلىكنىڭ كىتابىدىكى مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر ........ 212

بسم الله الرحمن الرحيم

بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمىز. ياردەمنى پەقەت بىر ئاللاھتىنلا سورايمىز. ئاللاھدىن گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى سورايمىز. ئاللاھقا شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا تەۋەككۇل قىلىمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىشى ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ بۇ بەندە ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلسا، يول قويسا، شارائىت، پۇرسەت بەرسە، ھېچكىشى ئۇ بەندىنى ھىدايەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاللاھتىن ھىدايەت، توغرا يول سوراپلا قالماستىن، نەپسىمىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. شەيتاندىنمۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدىن، جىننى، ئىنسى شەيتانلاردىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.

ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىگە، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، قىيامەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، ساماۋى كىتابلارغا، ئۆلگەندىن كېيىن روھ ۋە تەن جىسىم بىلەن تىرىلىشىمىزگە شەكسىز ئىشىنىمىز، ئىمان كەلتۈرىمىز. ئاللاھ تائالا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلە ــ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلار، تابىئىنلارغا، ئۇلارغا ئەگەشكەن بارلىق مۇسۇلمان مۆئمىنلەرگە رەھمەت قىلسۇن، رازى بولسۇن، جەننەتتە جامالىنى ئاتا قىلسۇن. ئامىن!

بارلىق ئىشلىرىمىزنى، خىزمەتلىرىمىزنى ئوڭۇشلۇق قىلسۇن، ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن، جامالى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بىرىپ قوبۇل قىلسۇن. ئامىن!

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا، بولۇپمۇ، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئاجىز، بىچارە مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ ئۆزى ئىگە بولۇپ رەھىم قىلسۇن، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھ، خاتالىق، مەئسىيەتلىرىنى كەچۈرۈپ، ئەپۇ قىلىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت ــ سائادەتمەنلىك ئاتا قىلىپ، ياردەم بەرسۇن، قەلبىنى ھىدايەت قىلىپ، ئىسلاھ قىلىپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەقۋا مۆئمىنلەردىن قىلسۇن. ئامىن!

# مۇقەددىمە

سەھىھ ھەدىس قۇددۇس بىلەن ئەڭ ئىشەنچىلىك مۇتىۋاتىر ھەدىسلەرنى تەرجىمە قىلىشىمدىن بۇرۇن بۇئىككى خىل ھەدىس توغرىسىدا توختىلىمەن، ھەدىس تەتقىقاتى، ھەدىس ئىلمى، كىتابلىرىدىن سۆز تاللاپ يېزىپ، قانداق ھەدىسنىڭ سەھىھ ھەدىس قۇددۇس، قانداق ھەدىسنىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىك مۇتىۋاتىر ھەدىس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىمەن.

ھەدىس ئىلمى تەتقىقات توغرىسىدا تۈزۈلگەن كىتابلار:

**1**. «يادىلىغۇچى بىلەن راۋىيسى ئارىسىنى ئايرىغۇچى مۇھەددىس»، بۇ كىتابنى قازى ئەبۇ مۇھەممەد ھەسەن رامھورموز يازغان، ۋاپاتى **360** ـ يىلى ھىجرىيە.

**2**. «ھەدىس ئىلىملىرىنى تونۇش»، بۇ كىتابنى ئەبۇ نۇئەيم ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەسبىھانى يازغان، ۋاپاتى ھىجرىيە **43** ـ يىلى.

**3**. «ھەدىس ئىلىملىرىدىن مەرىپەت» بۇ كىتابنى مۇھەممەد ھاكىم نىسابورى يازغان، ۋاپاتى **405** - يىلى، ھىجرىيە.

**4**. «راۋىيەت ئىلمىدىكى كۇپايەت» بۇ كىتابنى ئەھمەد ئىبنى ئەلى خەتىيبولبەغداد يازغان، ۋاپاتى ھىجرىيە **463** ـ يىلى.

**5**. «ھەدىس سۆزلىگۈچى راۋىينىڭ ئەخلاقى بىلەن ئاڭلىغۇچىدىكى ئەدەب ـ ئەخلاقلار توپلىمى» بۇ كىتابنىمۇ خەتىيبۇلبەغداد يازغان.

**6**. «راۋايەتنىڭ ئۇسۇللىرىنى تونۇتقان نۇر» دېگەن كىتابنى قازى ئىياز يازغان. ۋاپاتى ھىجرىيە **544** ـ يىلى.

**7**. «ھەدىس ئىلىملىرى دېگەن كىتابنى» ئوسمان ئىبنى ئابدۇرەھمان شەھرەزورى يازغان. ۋاپاتى، **643** ـ يىلى

**8**. «تەقرىيب» ناملىق كىتابنى يەھيا ئىبنى شەرىپى نەۋەۋى يازغان، ۋاپاتى **676** ـ يىلى، ھىجرىيە.

**9**. «بۇ كىتابقا تەدرىيب» ناملىق شەرھىنى جالالىۇددىن ئابدۇرەھمان سۇيۇتى يازغان. بۇ مۇھەددىس، مۇپەسسىرنىڭ ۋاپاتى، **911** ـ يىلى،

ھجرىيە.دەل مۇشۇكىشى بۇكىتابنىڭ ئەسلى ئاپتۇرىدۇر.

**10**. ئەسەر ئىلمىدىكى گۆھەرلەر تىزىقى، بۇ كىتابنى زەينوددىن ئابدۇرەھىيم يازغان، ۋاپاتى، ھجرىيە **806** ـ يىلى.

**11**. «پەتھۇلمۇغىيس» نى ئىمام ساخاۋى يازغان، ۋاپاتى، ھجرىيە **902** ـ يىلى.

**12**. «ئەسەر ئىلمىدىكى ئاتالغۇلارنىڭ تاللانمىسى» دېگەن كىتابنى ھاپىز ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى يازغان، بۇخارىنىڭ شەرھى، ۋاپاتى ھجرىيە **852** ـ يىلى.

**13**. «بەيقونىييە نەزمىسى» ئۆمەر ئىبنى مۇھەممەد يازغان، ۋاپاتى ھجرىيە **1080** ـ يىلى.

**14**. «ھەدىس سۆزلەش قائىدىلىرى» دېگەن كىتابنى مۇھەممەد جامالۇددىن قاسىمى يازغان، ۋاپاتى، ھجرىيە **1332** ـ يىلى.

**15**. ئۇندىن باشقا ھازىرقى ئالىملاردىنمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلغان، مەسىلەن: ھەدىس ئاتالغۇلىرى ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا يازغان، ۋاپاتى، مىلادىيە **2001** ـ يىلى

يەنە ھەدىس ئاتالغۇللىرى ناملىق مەدىينە ئۇنىۋېرسىتتىدا دەرسلىك قىلىنىدىغان بارلىق ھەدىس ئىلىملىرىنىڭ خۇلاسىسى توپلانغان كىتابنى مەھمۇد ئىبنى ئەھمەد تەھان يازغان، كىتابلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئىسمىنىمۇ يېزىپ بولالمايمەن، بولۇپمۇ ھازىرقى تەرەققىي قىلغان پۇرسەت ۋە ماتېرىياللار تولۇق بولغان، كومپيۇتېر دەۋرىدە، كومپيۇتېر دىسكىسى، پىلاستىنكىسى ۋە تور بەتلىرىدىكى ماتېرىياللارنى ئىككى ـ ئۈچ ئۆمۈردىمۇ ئوقۇپ بولالمايمىز. ئاللاھقا چەكسىز شۈكرى. مەن ھازىر ئەنە شۇنداق كىتابلاردىن سەھىھ ھەدىس قۇددۇس بىلەن مۇتېۋاتىر ھەدىسلەر توغرىسىدا سۆز تاللاپ يازىمەن.

ئەڭ ئىشەنچىلىك سەھىھ، توغرا بولغىنى، ھەقىقى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەن، قىلىقى بىلەن قىلغان، ئىشەنچىلىك ھەدىس مۇتېۋاتىردۇر. يەنى بىرگە؛ قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش ئىشەنچىلىك ھالدا يېتىپ كەلگەن ھەدىس. كۆپ جايلاردىكى كۆپ كىشىلەر ئوخشاش سۆزلىگەن، ئوخشاش خاتىرلىگەن، ئۇلارنىڭ يالغانغا ئىتتىپاقلا كېلىشىۋېلىشى، ئالدىن دېيىشىۋېلىشى زادى مۇمكىن ئەمەس، خۇددى پۈتۈن مەملىكەتلەردە بىردەك

بەرگــەن خــەۋەردەك، بــارلىق مۇســۇلمان، غــەيرى مۇســۇلمانلار بــىردەك، چىڭگىزخان، مۇسۇلمانلارنى باغداتقىچە تاجاۋۇز قىلىپ قىرغان زالىم. گىتلىر يەھۇدىيلارنى قىرغان دېگەن خەۋەردەك.

يۇقىرىقى مۇتىۋاتىر ھەدىسكە بىر مىسال:

«رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ئۆتۈككە مەسىھ قىلغان» ھەسەن بەسەرى رەھمەھۇللا بۇ خەۋەر بۇ ئەسەر، بۇ ھەدىس 70 ساھابىنىڭ ئاغزىدىن ئوخشاش، بىردەك سۆزلەنگەن دېدى. مۇتىۋاتىر ھەدىس، قۇرئان ئايىتىگە ئوخشاش بولۇپ، تانغۇچى كاپىر بولىدۇ، بۇنداق ھەدىسلەر ئىمام سۇيۇتىنىڭ قۇتۇپۇلئەزھار، ئىمام كەتتانىنىڭ نەزمۇلمۇتەناسىر مىن ھەدىسى مۇتىۋاتىر دېگەن كىتابلىردا توپلانغان.بىز ھازىر مۇشۇ كىتابنى تەرجىمەقىلماقچى.

شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا ھەدىس ئاتالغۇسى دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن:

مۇتىۋاتىر ھەدىس، يالغانچىلىققا ئىتتىپاقلىشىۋېلىشى مۇمكىن بولمىغان، دېيىشىۋېلىش مۇمكىن بولمىغان جامائەت ھىسسى ئىسناد بىلەن يەنى ئاڭلىدىم، كۆردۈم بىلەن سۆزلىگەن ھەدىستۇر.

ھەدىس قۇددۇس، ھەدىس ئىلاھى، رەببانى دېگەن ھەدىس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھ مۇنداق دېدى دېگەن ھەدىستۇر.

بۇ خىل ھەدىسنىڭ مەرتىبىسى قۇرئان كەرىمدىن تۆۋەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرى لەۋزەن، مەئنەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەنسۇپ قىلىنىدۇ، ھەدىس قۇددۇس بولسا، مەنىسى ئاللاھقا نىسبەت بېرىلىدۇ، لەۋزىنى بولسا، يەنىلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەدىس قۇددۇس لەۋزى بىلەن تىلاۋەت قىلىنىپ، ئىبادەت قىلىنمايدۇ، نامازدا قىرائەت قىلىنمايدۇ. قۇرئاندەك مۇتىۋاتىر ھالدا خاتىرلەنمەي، بەلكى، ئۇنىڭدىن مۇتىۋاتىر، سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مۇنكەر، ھەتتا يالغانلىرىمۇ بولىدۇ، ھەدىسنىڭ لەۋزى، مەنىسى كۆپ جامائەتتىن مۇتىۋاتىر ھالدا، سۆزلەنسە، بۇ لەۋزەن ۋە مەئنەن مۇتىۋاتىر بولىدۇ، ئەگەر مەنىسى بىر لەۋزى ھەرخىل بولسا، مۇتىۋار مەنىۋى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۆتۈككە مەسىھ قىلىش، ھەدىس، ماڭا يالغاننى توقۇغان، ئادەم دوزاخدىن ئورۇن ئالسۇن دېگەن ھەدىسلەر مۇتىۋاتىر 60دىن 70گىچە كىشى

سۆزلىگەن، دۇئادا قول كۆتۈرۈش بولسا، مۇتەۋاتىر، مەئنەن بولىدۇ، مەنىسى بىر خىل لەۋزى ھەرخىلدۇر.

مۇتەۋاتىر ھەدىس، خۇددى قۇرئان بىزگە مۇتەۋاتىر، قەتئىي ئىشەنچىلىك ھالدا يېتىپ كەلگەندەك. **300** دىن **400** گىچە ھەدىس بىزگە مۇتەۋاتىر ھالدا يېتىپ كەلگەن.

ھەرقايسى جايدا، ھەرقايسى ئالىملار ھەرقايسى كىتابلارغا ئۇندىن كۆپ ساھابىلاردىن، كۆپ تابىئىنلاردىن ئوخشاش خاتىرلەپ لەبزەن ۋە مەئنەن ياكى لەبزى بىر خىل بولمىسىمۇ مەنىسى بىر خىل ھالدا خاتىرلىگەن. ئۇلارنىڭ يالغان سۆز، ئىش ــ ھەرىكەتكە، ئىتتىپاقلا كېلىشىۋېلىشى قەتئىي مۇمكىن بولمىغان بۇنداق مۇتەۋاتىر ئىشەنچىلىك ھەدىس، قەتئىي شەكسىز ئىلمىنى پايدا بېرىدۇ. بۇ ھەدىسكە تانسا، كاپىر بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئۆتەككە مەسىھ قىلىشتەك ياكى جەننەت ــ دوزاخ ھازىرمۇ مەۋجۇد، ئاخىرەتتە مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرىدۇ دېگەندەك ئىشەنچىلىك خەۋەرگە، ئەقىدە مەسىلىلىرىگە تانغان بولىدۇ.

بىرەر ھەدىسنى ئۇندىن كۆپ ساھابە سۆزلىسە مۇتەۋاتىربولىدۇ.

تابىئىنلار ئەلۋەتتە ئۇلاردىن كۆپ بولۇپ كېتىدۇ.

بۇ ھەدىسلەرنى توپلاپ مەخسۇس كىتاب يازغان ئالىملاردىن جالالۇددىن سۇيۇتى، كىتاب ئىسمى (قۇتپۇلئەزھار) مۇھەممەد ئىبنى جەئبەر، كىتاب ئىسمى (نەزمۇلمۇتەناسىر مىنەلھەدىس مۇتەۋاتىر)

بۇمۇقەددىمىگە سەھىھ ھەدىس توغرىسىدا ۋە ھەدىسلەرنىڭ تۈنجى قېتىم خاتىرلىنىشى توغرىسىدا ئازراق سۆز قوشۇپ قويىمەن

ھەقىقىي سەھىھ ھەدىس، يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەن ياكى ئۆزى قىلغان، راست، توغرا، سەھىھ ھەدىس دېگەن، ئىسنادى تۇتاشقان بولۇش، يەنى ھەدىسنى يازغان، بۇخارى، مۇسلىمدەك، كاتىپدىن باشلاپ ئۇنىڭ شەيخ، ئاندىن شەيخىنىڭ ئۇستازى ئاندىن ئەتباﺋ، ئاندىن تابىئىن، ئاندىن ساھابە، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، مۇنداق قىلغان دېگەن ھەدىس، كاتىپدىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە يۆلەنگەن يول، ئىسناد تۇتاشقان بولۇش لازىم، ئەگەر ئىسناددىن ساھابە ئۈزۈلۈپ قالسا، ئۇ چاغدا ھەدىس مۇرسەل زەئىپ بولىدۇ. تابىئىن ياكى كېيىنكى راۋى ئۈزۈلۈپ قالسا،

مۇنقەتىئ مۇئزەل زەئىپ دىيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەدىس ئىشەنچىلىك ئىتىماتلىق كىشىلەرگە زىت، خىلاپ رىۋايەت قىلىنسا، بۇ ھەدىسنى شاز زەئىپ دەيمىز. ھەدىسنىڭ سەھىلىكى توغرىسىدا ئىللەت، ئەيىب بولماسلىقى، سۆز قىلىنماسلىقى لازىم، ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى، مۇسۇلمان بالاغەتكە يەتكەن، ئەقىللىق بۇلىشى، پاسىق، پاجىر ئەمەس، ئادىل، تەقۋا بولۇشى شەرت، مۇكەممەل، كامىل، پۇختا يادىلاش، قابىلىيىتى بولۇش، ئىلىشىپ قالماسلىق لازىم. ھەدىسنىڭ سەھىھ بولۇشى ئۈچۈن، بەش شەرت لازىم.

**1**. كاتىپىدىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە ئىسناد يولى تۇتاشقان بولۇش.

**2**. راۋىيلار ئىشەنچىلىك، تەقۋا، ئادىل بولۇش.

**3**. پۇختا، مۇكەممەل يادىلاش.

**4**. ئىللەت، تەنە تېپىلماسلىق.

**5**. ئىشەنچىلىك كىشىلەرگە زىت، خىلاپ بولماسلىق. مۇشۇ بەش شەرتنىڭ بىرەرسى تېپىلمىسا، ئۇ چاغدا ھەدىس، سەھىھ بولمايدۇ.

مەسىلەن: كاتىب، مۇھەددىس ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: بىزگە ئابدۇللاھ ئىبنى يۇسۇپ، ھەدىس سۆزلەپ بەردى، ئۇ دەيدۇكى: بىزگە مالىك ئىبنى شىھابىددىن خەۋەر قىلدى، ئۇ جۇبەيىر ئىبنى مۇتئىمدىن دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شام نامىزىدا سۈرە تۇرنى ئوقۇغىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم. مانا بۇ ھەدىس سەھىھ، چۈنكى، كاتىب بۇخارى رەھمەھۇللادىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە يۇلەنگەن، تۇتاشقان، يول ئۈزۈك ئەمەس، راۋىيلىرى ئادىل، تەقۋا، ئىشەنچىلىك، بۇخارى رەھمەھۇللا مۇكەممەل، پۇختا يادىلايدۇ، سەھىھ، ئىشەنچىلىك ھەدىسكە ياكى كىشىلەرگە زىت، خىلاپ ئەمەس.

مانا مۇشۇنداق سەھىھ ھەدىسكە ئەمەل قىلىش، ھۆججەت، دەلىل ـ ئىسپات قىلىش، بارلىق ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئىجمائىقا، ئىتتىپاقىقا كېلىشى بىلەن ۋاجىپتۇر. ئۇ شەرىئەت، ئىسلام قانۇن ـ پىرىنسىپ، مەنبەلىرىدىن بىرسى ھېسابلىنىدۇ، ئەقىدە، ئەھكام، ھالال ـ ھارام مەسىلىلىرىدە ھۆججەت، دەلىل ـ ئىسپات قىلىنىدۇ.

ئالىملار، بۇ ھەدىس سەھىھ دېگەن بولسا، ئۇ ھەدىسنىڭ يۇقىرىقى

شەرتلىرى مۇكەممەل، توشقان بولىدۇ، سەھىھ ئەمەسلىكىگە ھېچبىر ئىللەت يوق.

ئەگەر بۇ ھەدىس، سەھىھ ئەمەس دىسە، يۇقىرىقى بەش شەرت توشمىغان بولىدۇ. بارلىق ھەدىس ئىماملىرى، فىقھى ئىماملىرى ۋە پۈتۈن مۇسۇلمان مۆئمىنلەر، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن قالسا، سەھىھۇلبۇخارى بىلەن مۇسلىم ئەڭ ئىشەنچىلىك، سەھىھ دەپ ئىتتىپاققا كەلدى ۋە قوبۇل قىلىپ، ھۆججەت، دەلىل ـ ئىسپات قىلىپ، ئەمەل قىلدى.

بۇخارى رەھمەھۇللانىڭ، مەن بۇ كىتابىمغا سەھىھ بولغانلىرىنى كىرگۈزدۈم، نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەرنى كىتابنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدۇرۇپ قويدۇم دېگەن سۆزى.

مۇسلىم رەھمەھۇللانىڭ، مەن كىتابىمغا مىنىڭ نەزلىمدە سەھىھ بولغىنىنىلا ئەمەس، بارلىق كىشىلەر سەھىھ دەپ ئىتتىپاقا كەلگىنىنى يازدىم دېگەن سۆزىگە، شۇنداقلا، بۇخارى رەھمەھۇللا، مەن قالدۇرغان سەھىھ ھەدىسلەر نۇرغۇن، مەن سەھىھ ھەدىستىن **100000**نى سەھىھ بولمىغاندىن **200000**نى يادا ئالدىم دېگەن، سۆزىگە قارىغاندا، سەھىھ ھەدىسلەر بۇ ئىككى كىتاب بىلەن تۈگەپ كەتمىگەن، يەنە باردۇر.

بۇخارىدا تەكرار بىلەن **7275** ھەدىس بولۇپ، تەكرارنى ئېلىپ تاشلىغاندا، **4000** ھەدىس قالىدۇ. ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىلا ئىسنادى يۈلەنگەن سەھىھ ھەدىسلەرنى تەكرارسىز **2602** ـ ھەدىس دېگەن، يەنى بۇخارىدا تەكرارسىز **2602**سەھىھ ھەدىسلەر بار دېگەن.

مۇسلىمدا تەكرار بىلەن **12000** تەكرارسىز **4000** ھەدىس باردۇر. بۇخارى، مۇسلىمدىن قېلىپ قالغان سەھىھ ھەدىسلەر مۇنۇ كىتابلاردا باردۇر.

ئىبنى خوزەيمە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم مۇستەدرەك، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، دارىقۇتنى، بەيھەقى، ئەھمەد، مالىك مۇئەتتا، مۇسنەد شافىئى، مۇسنەد ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللا قاتارلىقلار.

ئەمما، بۇ كىتابلارنى ھەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە قاتتىق تەكشۈرۈۋاتىدۇ.

مەسىلەن: ھاكىم مۇستەدرەكنى ئىمام زەھەبى رەھمەھۇللا تەكشۈرۈپ، ھەربىر ھەدىسكە ئۆزىگە لايىق، باھا ھۆكۈملەرنى بەرگەن، توتدەن بىرنى زەئىپ دەپ **100** يالغان ھەدىس بار دېگەن.

ھاكىم مۇستەدرەككە قارىغاندا، ئىبنى ھەببانىنىڭ سەل قارىشى كەمرەك، بۇ سەھىيرەك. ئاندىن يۇقىرىقى ئىبنى خۇزەيمە، بۇ كىشى قاتتىق تەكشۈرگەچكە، شەرتنى چىڭ، قاتتىق قويغاچقا. سەھىيرەك ھېسابلىنىدۇ.

ئەڭ سەھىھ، ئىسناد؛ سەھىھ سەھىيدىن كەلگىنى. مەسىلەن: مالىكدىن ناپىئدىن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەن ھەدىس، چۈنكى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ساھابە، ناپىئ ئۇنىڭ خادىمى ئىمام مالىكنىڭ شەيخىدۇر، ئاندىن قالسا، ھەممادىن، سەلمەدىن، سابىتدىن، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سۆزلەنگەن، تۆت كىشى سۆزلىنىدۇ. ئاندىن سۇھەيلدىن، ئەبۇ سالىھدىن دادىسىدىن، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن سۆزلەنگەن ھەدىس، ئاندىن كېيىنكىسى بولسا، ئىسناد، راۋىيلىرى كۆپ بولسىمۇ شەرتكە توشقانلىرىدۇر.

ئەڭ ئىشەنچىلىك مۇتىۋاتىر ھالدا كەلگەن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن قالسا، بۇخارى رەھمەھۇللا بىلەن مۇسلىم ئىتتىپاقلا كەلگەن ئۈنچە ـ مارجانلارنىڭ ھەدىسىدۇر. بۇ، **1906**دۇر.

ئاندىن قالسا، بۇخارىينىڭ، ئاندىن مۇسلىمنىڭ، ئاندىن بۇ ئىككى كىشىنىڭ شەرتىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن سەھىھ كىتابلار، ھازىر ئالىملار شەيخ ئىماملار، سەھىھ ھەدىسلەرنى توپلاپ، «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» دېگەن، نام بىلەن بىرىنچى ئورۇنغا قويدى.

سەھىھ ھەدىسنىڭ يەنە بىر ئاتالغۇسى، ھەسەن، بۇ خىل ھەدىسنى ئىمام خەتتابى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ، كېلىش ئورنى ئېنىق بولغان، راۋىيسى، ئەرلىرى، مەشھۇر بولغان، كۆپىنچە ھەدىس ئالىملىرى قوبۇل قىلغان، بارلىق فىقھى ئالىملىرى ئىستېمال قىلىپ، دەلىل قىلغان، ھەدىسلەر ھەسەن بولىدۇ.

تىرمىزى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ:

ئىسنادى تۇتاش ھالدا سۆزلەنگەن، راۋىيلىرى ئارىسىدا يالغانچى دەپ ئەيىبلەنگەن كىشى بولمىغان، ئىشەنچىلىك، ئادىل، تەقۋالارغا خىلاپ، زىت بولمىغان، باشقا يوللاردىنمۇ شۇنداق خاتىرلەنگەن ھەدىس ھەسەندۇر.

ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى مۇنداق دەيدۇ: ئىسناد يولى تۇتاش، ئادىل، تەقۋا، يادلاش قابىلىيىتى كامىل، راۋىيلار سۆزلىگەن، ئىللەت يوق، خىلاپلىق، زىتلىق بولمىغان. يەنى يۇقىرىقى بەش شەرتكە ئۇيغۇن كەلگەن، ھەدىسلەر سەھىھ

لىزاتى بولىدۇ. ئەگەر يادىلاش قابىلىيىتى سەل تۆۋەن بولسا، ئۇ چاغدا ھەدىس ھەسەنلىغەيرىھىغا ئۆتۈپ قالىدۇ. ئەمما ھەدىس ھەسەنلىغەيرىھى مىنزىلىتىكى ئوخشاشلا ھەسەن ھەدىس دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەسەن ھەدىسنى تونۇشتۇرۇشتا، ئىبنى ھەجەرنىڭ سۆزى تاللاندى، يەنى يادىلاش قابىلىيىتى سەل تۆۋەنرەك بولغان، قالغان شەرتلەر سەھىھ ھەدىسكە ئۇيغۇن بولغان ھەدىستۇر.

ھەسەن ھەدىسنىڭ ھۆكمى سەھىھ ھەدىسكە ئوخشاشتۇر. ئەمەل ۋە ھۆججەت، دەلىل ــ ئىسپات قىلىنىدۇ. بارلىق فىھقشۇناس ئالىملار بۇ خىل ھەدىسنى دەلىل، ھۆججەت قىلدى.

«جەننەتنىڭ ئىشىك ئاچقۇچى قىلىچ سايىسى ئاستىدا »دېگەن ھەدىسنى تىرمىزى ھەسەن دېگەن. تۆت راۋىيسى ئىشەنچىلىك، كامىل، ھاپىز دېگەن. جەئپەر ئىبنى سۇلەيمان دېگەن كىشىنىڭ ھەدىسى، ھەسەن دەرىجىلىك ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەھىھ مەرتىبىسىدىن ھەسەنگە چۈشكەن. ئەگەر تىرمىزى رەھمەھۇللا، بىر ھەدىسنى ھەسەن ھەم سەھىھى دېگەن بولسا، بۇ خىل ئاتالغۇنى قانداق چۈشىنىمىز؟

ئەڭ ياخشى جاۋاب، ئىبنى ھەجەرنىڭ جاۋابى، بۇ جاۋابقا ئىمام سۇيۇتى رازى بولغان، ئۇ بولسىمۇ، ھەدىسنىڭ ئىككى ئىسنادى بولۇپ، بىرسى سەھىھ بولسا، يەنە بىرسى ھەسەن دەرىجىلىك، ئەگەر بىرلا ئىسنادى بولسا، بەزى قەۋمنىڭ نەزىرىدە سەھىھ بولسا، يەنە بىر قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھەسەن بولىدۇ دېگەن.

بەغەۋى مەسابىھنىڭ ھەدىسلىرىنى تەقسىم قىلىشتا مۇنداق دېگەن، بۇخارى مۇسلىمنىڭ ھەدىسلىرىنى سەھىھ دېگەن. نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەنىڭ ھەدىسلىرىنى ھەسەن دەۋەتكەن، بۇ بارلىق مۇھەددىس، ئىماملارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، خاتا ئاتالغۇ بولغان، چۈنكى، بۇ تۆت كىتابدا سەھىھ ھەم ھەسەن، زەئىپ، مۇنكەر، ھەتتا ئاز ــ تولا يالغان ھەدىسلەرمۇ باردۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىبنى سىلاھ بىلەن ئىمام نەۋەۋى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: مەسابىھ دېگەن كىتابنى ئوقۇغان ئادەم چوقۇم ھەدىس ئىلمىنى بىلىشى لازىم. ھەدىس ئاتالغۇلىرى دېگەن پەندىن خەۋىرى بولۇشى لازىم دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىشكاتۇلمەسابىھنىڭ باش تەرىپىگە شەيخ، مۇھەددىس، دېھلىۋىنىڭ ھەدىس ئىلىملىرى كىرگۈزۈلگەن، لېكىن، بىزنىڭ تۈرۈك، جاھىل، موللىلىرىمىز بۇ ئىلىمدىن خەۋىرى يوق، ھەتتا كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىنىمۇ قويۇپ، نەخ

ھەدىسىنىلا ئۇقۇتۇۋىدۇ، ئۇقۇغۇچىلار زەئىپ ھەدىس، يالغان ھەدىسلەرنى ئايرىيالماي گاڭگىرايدۇ، ھەدىسكەنلىكى دەپلام ئىتىقاد ۋە ئەمەل قىلىپ ئازىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ پەنگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم.

ھەسەن ھەدىسلەر توپلىمىغا مەخسۇس كىتاب تۈزۈلمىگەن، چۈنكى، بۇ خىل ھەدىس، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىغا كىرىپ كېتىدۇ، لېكىن، تىرمىزىيدا بۇ خىل ھەدىس كۆپتۇر، تىرمىزى رەھمەھۇللا ئالاھىدە ھەسەن دەپ ھۆكۈم قىلغان.

ئەبۇ داۋۇد، دارىقۇتنىلاردا ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىسلەر كۆپتۇر،

ھەسەن ھەدىس يوللىرى كۆپىيىپ، كۈچلۈنۈپ، ئۆزىدىن كۈچلۈك يەنە بىر يولدىن خاتىرلىنىپ، باشقا ھەدىسنىڭ ياردىمىدە سەھىھلىغەيرى دېگەن نامغا كۆتۈرلىدۇ، بۇ خىل ھەدىس، ھەسەن ھەدىسدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

مۇرسەل، مۇئەللەق دېگەن زەئىپ ھەدىسلەر يوللىرى ئىسنادى كۆپىيىپ، كۈچلۈنۈپ، زەئىپلىك سەۋەب، ئىللەتلىرى يوقاپ، ھەسەنۇللىغەيرى دېگەن ئۇنىۋانغا كۆتۈرۈلىدۇ، بۇ خىل ھەدىس، سەھىھ، ھەسەن ھەدىسلەردىن تۆۋەن تۇرىدۇ، ئەمما، يەنىلا مەقبۇل، قوبۇل قىلىنىپ ئەمەل ۋە ھۆججەت قىلىنىدۇ.

ناسىخ، مەنسۇخ دېگىنىمىز: ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ مەلۇم ھېكمەتتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەنە بىر ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئەمەلدىن قالغىنى مەنسۇخ. كۈچكە ئىگە ھۆكۈم، ناسىخ دېيىلىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋال، قۇرئان، ھەدىسلەردە بار بولۇپ، بارلىق ئالىملار ئىتتىپاقلا كەلگەن، مەخسۇس قۇرئان كەرىمنىڭ ناسىخ، مەنسۇخلىرى، ھەدىسلەرنىڭ ناسىخ، مەنسۇخلىرى ئۈچۈن كىتابلار يېزىلغان. بۇ كىتابلار تەپسىر، ھەدىس پىلاستىنكىلىرى ۋە شۇ كىتابلاردا مەۋجۇتتۇر.

ھەدىسنىڭ ناسىخ، مەنسۇخلىرى مۇنداق تونۇلىدۇ.

**1**. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى بىلەن تونۇلىدۇ. مەسىلەن: مىئراج ھەدىسىدە **50** ۋاخ ناماز، بەش ۋاخ نامازغا چۈشۈرۈلگەن، قۇربانلىقنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىشدىن توسۇپ، كېيىن رۇخسەت قىلغان، بىر قىسىم قاچا، كوزىلاردا ئىچىملىك، سۇ ئىچىشدىن توسۇپ، كېيىن رۇخسەت قىلغان، قەبرىنى زىيارەت قىلىشدىن توسۇپ، كېيىن ئەرلەرگە رۇخسەت قىلغان، قىبلىنى مەككىگە چۆرىش قاتارلىقلار.

**2**. ساھابىلار سۆزى بىلەن تونۇلىدۇ. مەسىلەن: جابىر رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۈنجى قېتىم ئوت تەگكەن كاۋابدەك نەرسىنى يىسە، تاھارەت ئالاتتى، كېيىن، تەرىك ئەتتى، يەنى كېين تاھارەت ئالمىغان دېگەندەك. بۇ خىل ئەھۋاللاردا بىز كېيىنكى ئىشلارغا ئەمەل قىلىمىز.

**3.** تارىخ بىلەن تونۇلىدۇ. كېيىنكىسى كۆچكە ئىگە. مەسىلەن: شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە قان ئالغان، قان ئالدۇرغان كىشى ئىپتار قىلغان بولۇپ، روزىسى سۇنىدۇ دېگەن.

ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان ئېيىدا ئىھرام باغلاغلىق ھالدا قان ئالدۇرغان، شەدداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، مەككىنى ئىشغال قىلغان ۋاخ بولۇپ، ئىبنى ئابباسنىڭ ھەدىسى، ھەججەتۇل ۋىدادا كېيىن دېيىلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇزرۇنقى مەنسۇخ بولىدۇ. خۇددى ئات گۆشىنى يېيىشىدىن توسقان دېگەن ھەدىسنى، بۇخارى، مۇسلىمنىڭ مۇتتەپەقۇن ھەدىسى بىلەن يەنى يېيىشكە رۇخسەت قىلغان ھەدىسى بىلەن ئەبۇ داۋۇد مەنسۇخ دېگەندەك.

**4.** ئىجمائ بىلەنمۇ مەنسۇخ ئايرىلىدۇ. مەسىلەن: تۆتىنچى قېتىم ھاراق ئىچكەن كىشىنى ئۆلتۈرۈڭلار دېگەن. ھەدىس ساھابىلار، تابىئىنلار ئىجماسى بىلەن مەنسۇخ قىلىنىپ ھېچبىر ھاكىم بۇ ھەدىس بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان. نەۋەۋى رەھمەھۇللا بۇ مەنسۇخ دېگەن، ئىجمائ، ناسىخ، مەنسۇخ بولمايدۇ. لېكىن، ناسىخقا كۆرسىتىپ بېرىدۇ.ناسىخ مەنسۇخنى ئايرىپ بېرىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق قانۇن مەنبەسى «قۇرئان»، سەھىھ ھەدىسلەر ۋە ئىجمائ. «قۇرئان» بولسا، ئاللاھنىڭ كالامى، ئۇنى ئاللاھ مەڭگۈ قوغدايدۇ. بىر ھەرپىنىڭ ئۆزگىرىشىنىمۇ ساقلايدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولۇۋاتىدۇ.

«قۇرئان» ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چۈشكەن ۋاقتتىن باشلاپ كاتىپلار تەرىپىدىن پۈتۈلۈپ، بىزلەرگىچە مۇتىۋاتىر يەنى ئەڭ ئىشەنچلىك، شەك، گۇمان، مۇمكىن بولمىغان ئاساسدا يېتىپ كەلدى. ئۇ، ئاللاھنىڭ سۆزى، ئۇنىڭدا قىلچە شەك، گۇمان يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز بىرەر ئەقىدە، ئىبادەت، ھۆكۈم مەسىلىلىرىدە ئامال بار، قۇرئاندىن دەلىل تېپىپ كەلتۈرۈڭ. پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ھەتتا، بىز ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەدىن باشقا ئەقىدە مەزھەپتىكى

ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ داۋا قىلىدىغانلارمۇ قۇرئانغا ھەق، راست، سەللەمنا دەپ بويسۇنىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن. قۇرئاننىڭ بىر ھەرپىگە تانسا، ئۇ شەكسىز كاپىر بولىدۇ.

ھەدىسكە كەلسەك، ھەدىس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىرى، ياكى ئىش ــ ھەرىكەتلىرى ياكى ساھابىلارنى بىرەر ئىش ــ ھەرىكەت ئۈستىدە كۆرۈپ، توسىماي، جىم تۇرۇشى ھەدىس دېيىلىدۇ. مانا بۇ 23 يىل جەريانىدىكى ھەدىسلەر تۇغرىسىدا، سەھىھۇلبۇخارىغا شەرھى يازغان ئىبنى ھەجەرئەسقالانى رەھمەھۇللاھ (ۋاپاتى ھىجرىيە 852 ــ يىلى) نىڭ دېيىشىچە ھەدىس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ساھابىلارنىڭ ھەتتا، چوڭ كىبار، تابىئىنلارنىڭ دەۋرىدىمۇ يېزىلمىغان، چۈنكى، ئۇلار يېزىشقا مۇھتاج بولمىغان، ئۇنتۇپمۇ قالمايتتى، يادا بىلەتتى، يەنە بىرسەۋەب بولسا، قۇرئانغا ئېلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ رەسۇلۇللاھسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىسنى يېزىشدىن توسقان، بۇ ھەدىس مۇسلىمدا بار.

يېزىشقا رۇخسەت قىلىنغان دەلىل بولسا، قۇرئاندا كۆپ، ھەدىس، قۇرئاننىڭ بىردىنبىر تەپسىرى، بايانى ھېسابلىنىدۇ. ئىلىم، ئەلۋەتتە خاتىرلىنىپ ئۆگىتىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۆزى دەۋەت قىلغاندا، ئايەت ۋە بىز ھەدىس دەپ ساناۋاتقان مۇبارەك سۆزلىرىنى يېزىپ، مۆھۈر بېسىپ ئەۋەتكەن، ئۇنتۇپ قېلىشىدىن قورققان ئەئرابىغا، ھەدىسنى يېزىپ بېرىشكە بۇيرىغان ھەدىس مۇتتەپەق بۇخارى، مۇسلىم تۇپلىغان.

تۇنجى بولۇپ ھەدىسنى يازغانلار، رەبىئ ئىبنى سەبىيھ، سەيىد ئىبنى ئەبى ئەرۇبەت، ئىمام مالىك، مەدىنىدە. ئابدۇلمەلىك، ئىبنى ئابدۇلئەزىز، جۇرەيج مەككىدە، ئەۋزائى شامدا، سوپيان سەۋرى كۆپىدە، ھەمماد ئىبنى سەلمەت، ئىبنى دىينار بەسرەدە، ھەشيم ۋاسىتىدە، مەئمەر يەمەندە، ئىبنى مۇبارەك خاراساندا جەرىير ئىبنى ئالبدۇلھەمىد رىيدا، ئۇلاردىن باشقىلارمۇ بار.

مانا بۇلار تۇنجى بولۇپ مۇبارەك ھەدىسلەرنى يېزىپ چىققانلار، كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىققانلار، تېخى ساھابىلەر، تابىئىنلار سۆزىنىمۇ ئارىلاش يېزىپ، مەسىلىلەرنى ئەسەر بىلەن ھەل قىلغان، ئىمام مالىك، ھىجرىيە 93 ــ يىلى تۇغۇلغان. بىز بۇ يىلدىن ھەدىسنى يازغان يىللارنى بىلىۋالالايمىز. يەنى ھىجرىيە 100 ــ يىللىرىدىن باشلانغان، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ھەدىسنى يېزىشقا پەرمان چىقارغان دېيىلىدۇ. كېيىنچە يۇقىرىقى مۇھەددىسلەرگە ئەگىشىپ، ئابدۇللا ئىبنى مۇسا، نۇئەيم ئىبنى ھامىد، خوزائىلار، مۇسنەد ئىسىملىك ھەدىس كىتابىنى يازىدۇ. ئارقىدىن ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل

رەھىمەھۇللاھ **27000** ھەدىس بار مۇسنەد دېگەن كىتابنى يازدۇ. كېيىن ھىجرىيە **194** – يىلى تۇغۇلغان مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارى رەھىمەھۇللاھۇ ئەنھۇ، بۇ كىتابلارنى كۆرۈپ، قاتتىق تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، راست – يالغاننى ئايرىپ، زەئىپنى شاللاپ نەچچە يۈزمىڭ ھەدىسلەر ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ كىتابى بۇخارىنى يېزىپ چىقدۇ.

سەھىھ مۇسلىم بىلەن ئىككى كىتاب ئەڭ سەھىھ ھېسابلىنىدۇ، ئاللاھنىڭ كىتابىدىن قالسا، ئەڭ ئىشەنچلىك كىتاب ھېسابلىنىدۇ. (ھازىر ئالىملار تېخىمۇ تەكشۈرۈپ جامىئۇسسەھىھ دېگەن كىتابنى توپلاپ ھەممىدىن ئۈستۈن دەرىجىگە تىزدى مەسىلەن:شەيخ ئالبانىينىڭ يەتتەقىسىملىق سەھىيھ ھەدىسلارتۈپلىمى، **8200**سەھىھ ھەدىس توپلانغان كىتابى بار.) كېيىن ئالدى – كەينى بولۇپ، ھىجرىيە **200** – يىلدىن **300** – ھەتتا **400** – يىلغىچە ھەدىسلەر توپلىنىپ تۇردى، سۈيقەستمۇ ئارىلىشىپ تۇردى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىملار ھەدىس تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەخسۇس بىر پەن ئۇلۇمۇلھەدىس، ئۇسۇلۇلھەدىس ياكى مۇستەلەھۇلھەدىس، (ھەدىسلەر ئاتالغۇسى) دېگەن پەننى تۈزۈپ، ھەدىسنى قاتتىق تەكشۈردى، تەتقىق قىلىپ، زەئىپ، يالغان ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىقتى، بۇ پەنگە يەنىلا شافىئى رەھىمەھۇللاھ ئاساس سالدى، ئەھمەد ئىبنى ھەمبەلمۇ بار. ھەتتا بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئاساسەن يېزىلغان ھاكىم مۇستەدرەكىنىمۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىمام زەھەبى رەھىمەھۇللاھ **1/4**نى زەئىپ دەپ ھۆكۈم قىلىپ، **100** يالغان ھەدىس بار دەپ ئىلان قىلدى. ئىمام زەھەبى، ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ ئەلەيىنىڭ تالىپى ئىبنى كەسىر، ئىبنى جەۋزىيەلەرنىڭ ساۋاقدىشى، مۇئتەبەر ئىشەنچلىك مۇھەددىس ئالىمدۇر.

ئەمدى بىز سەھىھ ھەدىس قۇددۇس بىلەن ئەڭ ئىشەنچلىك مۇتىۋاتىر ھەدىسلەرنى تەرجىمە قىلىشنى باشلايمىز.

## ھەدىس قۇددۇسلار

«ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى، دەيدۇ دېگەن ھەدىس قۇددۇسلار»

قال الله تعالى : إذا ابتليت عبدا من عبادي مؤمنا فحمدني و صبر على ما بليته فإنه يقوم من مضجعه ذلك كيوم ولدته أمه من الخطايا و يقول الرب عز و جل للحفظة : إني أنا قيدت عبدي هذا و ابتليته فأجروا له ما كنتم تجرون له قبل ذلك من الأجر و هو صحيح (حم ع طب حل) عن شداد بن أوس

**1**.شەددا ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندىلىرىمدىن بىرەر مۆئمىن بەندىنى كېسەل ۋە باشقا بالالار بىلەن سىنىسام، بەندەم ماڭا ھەمدۇ ئېيتسا، مېنىڭ سىناقلىرىمغا سەۋرە قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ كېسەل ئورنىدىن خۇددى ئانىسى تۇغقان كۈندىكىدەك خاتالىقلاردىن، گۇناھلىرىدىن پاك ـ پاكىز بولۇپ قوپىدۇ، ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ، ئى كىرامەن كاتىبىنلەر! مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەر، ھەقىقەتەن مەن بۇ بەندەمنى ئۆزۈم كىشەنلەپ، ئەمەللىرىدىن توسۇپ قويغان، مەن ئۇنى سىناپ شۇنداق قىلىپ قويغان، سىلەر ئۇنىڭغا، ئۇ ساق ـ سالامەت ۋاختىدا بېرىدىغان ئەجىر، ساۋابلارنى بېرىۋېتىڭلار، ئۇ ساق چاغدىكى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى يېزىڭلار! ئەھمەد، تەبرانى، ئەبۇ يەئلا، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) قال الله تعالى : إذا ابتليت عبدي المؤمن فلم يشكني إلى عواده أطلقته من إساري ثم أبدلته لحما خيرا من لحمه و دما خيرا من دمه ثم يستأنف العمل (ك هق) عن أبي هريرة

**2**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن مۆئمىن بەندەمنى كېسەل قىلىش بىلەن سىنىسام، ئۇ مەن توغرىلىق يوقلاپ كىرگەنلەرگە شىكايەت قىلمىسا، ئەرز قىلىپ، نارازىلىق بىلدۈرمىسە، مەن ئۇنى ئەسىر قىلىشىمدىن ئازاد قىلىپ، قويۇۋېتىمەن، يەنى كېسىلىدىن ساقايتىۋېتىمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇ بەندىنىڭ گۆشىدىن ياخشىراق گۆشنى، قېنىدىن ياخشىراق قاننى ئالماشتۇرۇپ بېرىمەن، ئاندىن ئۇ ئەمەللەرنى يېڭىۋاشتىن يېڭىلاپ قىلىدۇ، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

قال الله تعالى : إذا ابتليت عبدي بحبيبتيه – يريد بعينيه – ثم صبر عوضته منهما الجنة (حم خ) عن أنس

**3.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:** مەن بەندەمنى ئۇنىڭ ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى كۆزىنى ئېلىۋېلىپ، قارىغۇ قىلىپ قويۇش بىلەن سىنىسام، ئاندىن ئۇ سەۋرە قىلسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇ ئىككى كۆزىنىڭ ئورنىغا جەننەتنى بېرىمەن. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان. سەھىھ.

قال الله تعالى : إذا أحب عبدي لقائي أحببت لقاءه و إذا كره لقائي كرهت لقاءه (مالك حم خ ن) عن أبي هريرة

**4.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:** بەندەم ماڭا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرسە، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇ ماڭا ئۇچرىشىشنى يامان كۆرسە، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىشىشنى يامان كۆرىمەن. مالىك، ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھقا گۇماننى ياخشى قىلىپ، ئاندىن، ئەمەل، ئىبادەتلەرنى ياخشى قىلىپ ئاخىرەتكە تەييارلىقنى ياخشى قىلغانلار ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

5 . (صحيح) قال الله تعالى : إذا تقرب إلي العبد شبرا تقربت إليه ذراعا و إذا تقرب إلي ذراعا تقربت منه باعا و إذا أتاني مشيا أتيته هرولة (خ) عن أنس وأبي هريرة (هب) عن سلمان

**5.** ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە، سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:** بەندە ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، بەندەم ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن. بۇخارى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ مەنىۋى يېقىنلىق بولۇپ، كەيپىياتىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىگە قادىر، ئوخشىشى يوقتۇر، بىز ئىمان كەلتۈرىمىز، كەيپىياتىدىن سوئال سورىمايمىز.

6. (حسن) قال الله تعالى : إذا سلبت من عبدي كريمتيه و هو بهما صابر ضنين لم أرض له بهما ثوابا دون الجنة إذا حمدني عليهما (طب حل) عن عرباض

**6.** ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ ئىككى كۆزىنى ئېلىۋېلىپ، كور قىلىپ قويسام، بەندەم ئىككى كۆزىگە چىدىماي، شۇنداق تەستە سەۋرە قىلىپ، ماڭا ھەمدە ئېيتىپ، شۈكرى قىلسا، ئۇ ئىككى كۆزىنىڭ باراۋىرىگە جەننەتتىن باشقا ساۋابقا رازى بولمايمەن، پەقەت جەننەتنىلا بېرىمەن، تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

7. قال الله تعالى : إذا هم عبدي بحسنة و لم يعملها كتبتها له حسنة فإن عملها كتبتها له عشر حسنات إلى سبعمائة ضعف و إذا هم بسيئة و لم يعملها لم أكتبها عليه فإن عملها كتبتها سيئة واحدة (ق ت) عن أبي هريرة

**7.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: بەندەم بىر ياخشىلىققا مەقسەت، نىيەت قىلسا، لېكىن، ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلالمىسا، مەن ئۇنى بەندەم ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يازىمەن، ئەگەرمەقسەت قىلىپ، ئەمەل قىلالىسا، مەن ئۇنى بەندەم ئۈچۈن **10** ياخشىلىقدىن **700** ھەسسىگىچە كۆپەيتىپ يازىمەن، ئۇ بىر يامانلىقنى مەقسەت قىلىپ، پىلانلاپ، ئۇنى قىلمىسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇنى يازمايمەن، (يەنە بىر خاتىرىدە بىر ياخشىلىق يازىدۇ) ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلسا، مەن ئۇنى بىر يامانلىق يازىمەن، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) قال الله تعالى : أعددت لعبادي الصالحين ما لا عين رأت و لا أذن سمعت و لا خطر على قلب بشر (حم ق ن ه) عن أبي هريرة

**8.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن سالىھ، ياخشى مۇتتەقى بەندىللىرىم ئۈچۈن، جەننەتتە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، ئىنسان قەلبىگە خىتۇر چۈشۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويدۇم، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ سۆزلەر ئايەتتىمۇ باردۇر.

قال الله تعالى: الصيام جنة يستجن بها العبد من النار و هو لي و أنا أجزي به (حم هب) عن جابر

**9.** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: روزا قالقاندۇر، بەندە روزا تۇتۇش بىلەن دوزاخدىن، دوزاخ ئوتىدىن قالقانلىنىپ ساقلىنىدۇ، روزا مەخسۇس مەن ئۈچۈنلا قىلىنغان، رىياسىز ئىبادەت بولۇپ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى مەن ئۆزۈملا بېرىمەن، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) قال الله تعالى: الكبرياء ردائي فمن نازعني في ردائي قصمته (ك) عن أبي هريرة

**10.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: كىبرى، چوڭچىلىق، كاتتىلىق، مېنىڭ رىدايىم، كىم مەندىن ئۇنى تالاشسا، يەنى كىبىر قىلسا، مەن ئۇنى ھالاك قىلىپ ئازابلايمەن، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

قال الله تعالى: الكبرياء ردائي و العز إزاري فمن نازعني في شيء منهما عذبته (سمويه) عن أبي سعيد وأبي هريرة

**11.** ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: كىبىر قىلىش، چوڭچىلىق، كاتتا، ئۇلۇغلۇق مېنىڭ رىدايىم، ئەزىزلىك، ئىززەت مېنىڭ ئىزارىم، كىم مەندىن بۇ ئىككى نەرسىنى تالاشسا، يەنى كىبىر، تەكەببۇرلۇق قىلسا، ئىززەت ماڭا خاس دېسە، مەن ئۇ كىشىنى قاتتىق ئازابلايمەن، سەمۇيىھ توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) قال الله تعالى: الكبرياء ردائي و العظمة إزاري فمن نازعني واحدا منهما قذفته في النار (حم د ه) عن أبي هريرة (ه) عن ابن عباس

**12.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: كىبىر، چوڭچىلىق، كاتتىلىق مېنىڭ رىدايىم، ئىززەت، ئۇلۇغلۇق مېنىڭ ئىزارىم، كىم مەندىن بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى تالاشسا، مەن ئۇنى دوزاخقا تاشلايمەن، ئەھمەد،

ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

قال الله تعالى : المتحابون في جلالي لهم منابر من نور يغبطهم النبيون و الشهداء (ت) عن معاذ

**13.** مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ كاتتا، ئۇلۇغلۇقۇم، ھەققىدىلا بىر ــ بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن، دوستلاشقانلار ئۈچۈن قىيامەت كۈنى نۇردىن مۇنبەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى پەيغەمبەرلەر، شېھىدلەرمۇ ئارزۇ قىلىپ قالىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھى. ئاللاھ رازىلىقىدا دوستلىشايلى.

(صحيح) قال الله تعالى : أنا أغنى الشركاء عن الشرك من عمل عملا أشرك فيه معي غيري تركته و شركه (م ه) عن أبي هريرة

**14.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن شېرىكلەردىن قەتئىي بىھاجەت، كىم بىر ئەمەلنى قىلىپ، ئۇ ئەمەلدە مەن بىلەن بىرگە مەندىن باشقىلارنى شېرىك قىلغان بولسا، (ياكى رىياقىلغان بولسا) مەن ئۇ كىشىنى شېرىكى بىلەن بىرگە تاشلاپ قويىمەن، (يەنە بىر خاتىرىدە ئۇ ئەمەلنىڭ ئەجرىنى شۇ شېرىكتىن ئېلىۋال دېيىلىدۇ) مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

قال الله تعالى : أنا خلقت الرحم و شققت لها اسما من اسمي فمن وصلها وصلته و من قطعها قطعته و من بتها بتته (حم خد د ت ك) عن عبدالرحمن بن عوف (ك) عن أبي هريرة

**15.** ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: سىلە ــ رەھىمنى مەن ئۆزۈم ياراتقان، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن، مېنىڭ ئىسمىمدىن بىر ئىسىمنى چىقىرىپ بەردىم، يەنى رەھىيم دەپ ئاتىدىم. كىم سىلە ــ رەھمنى ئۇلاپ، يېقىن تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلسا، مەنمۇ ئۇ كىشىگە رەھمىتىمنى، ياخشىلىقىمنى ئۇلاپ يەتكۈزىمەن، كىم ئۇنى ئۈزۈپ قويسا، مەنمۇ ئۈزۈۋېتىمەن، كىم ئۇنى قەتئىي ئۈزۈۋەتسە، مەنمۇ رەھمىتىمنى مەڭگۈلۈك

ئۇزۇۋېتمەن، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، بۇخارى، ئەدەپ دېگەن كىتابىدا توپلىغان، سەھىھ.

قال الله تعالى : أنا عند ظن عبدي بي إن ظن خيرا فله و إن ظن شرا فله (حم) عن أبي هريرة

**16.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىدا ئەگەر ئۇنىڭ ماڭا بولغان گۇمانى ياخشى بولسا، ئۇنىڭغىمۇ شۇ ياخشىلىق بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ گۇمانى يامان بولسا، ئۇنىڭغىمۇ شۇ يامانلىق بولىدۇ، ئەھمەد توپلىغان سەھىھ. بىز، ئاللاھقا بىزنى كەچۈرىدۇ، مەغپىرەت قىلىدۇ دېگەن ياخشى گۇماننى قىلساق، ئەمەللەرنى ياخشى قىلايلى، گۇماننى ياخشى قىلغان كىشى ئەمەلنى ياخشى قىلىدۇ، ئۇمۇتنى ئۈزمەيلى.

(صحيح) قال الله تعالى : أنا عند ظن عبدي بي فليظن بي ما شاء (طب ك) عن واثلة

**17.** ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: مەن بەندەمنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىدا ئۇ ماڭا خالىغانچە گۇمان قىلسۇن، يەنى ياخشى بولسا ياخشى، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. كىشى ئاقىۋىتىنى بىلمىگەچكە، ئاللاھقا ئىككى خىل گۇمان قىلىدۇ، گۇماننىڭ ياخشى بولغىنى ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشى، مەغپىرەت قىلىش، جامالى، جەننەتنى بېرىشىدۇر، گۇماننى ياخشى قىلىڭ، لېكىن، ئەمەل ياخشى بولسۇن.

(صحيح) قال الله عز و جل : أنفق أنفق عليك (حم ق) عن أبي هريرة

**18.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى!، ئاللاھ يولىدا خەجلە، نەپىقە قىل، ساڭىمۇ نەفىقە قىلىنىپ بېرىلىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، ھېسابلاپ بەرمىسە بېرىلمەيدۇ، سەھىھ.

(صحيح) قال الله تعالى : إن المؤمن مني بعرض كل خير إني أنزع نفسه من بين جنبيه و هو يحمدني (الحكيم) عن ابن عباس وأبي هريرة

**19.** ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن مۆئمىن ماڭا دائىم بارلىق ياخشىلىق بىلەن تەگلىنىپ تۇرىدۇ، ھەقىقەتەن مەن ئۇنىڭ جېنىنى قوۋۇرغىلىرى ئارىسىدىن تارتىپ ئالسام، ئۇ ماڭا ھەمدۇسانا ئېيتىپ تۇرىدۇ، ھەكىيم توپلىغان، سەھىھ. (بۇ ھەدىستە مۆئمىن دائىم ياخشىلىقتا تۇرىدۇ، ياخشىلىقتا شۈكۈر قىلىپ، ھەمدۇ ئېيتىدۇ، يامانلىق يەتسە، سەۋرە قىلىدۇ، دېگەن ھەدىس ئۆيغۇن).

(صحيح) قال الله تعالى : إن أمتك لا يزالون يقولون ما كذا ما كذا حتى يقولوا : هذا الله خلق الخلق فمن خلق الله تعالى (حم م) عن أنس

**20.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن سېنىڭ ئۇممىتىڭ دائىم ماۋۇ نەرسە شۇنداق ئىكەن، ئاۋۇ نەرسە مۇنداق ئىكەن، مانى ئاللاھ يارىتىپتۇ، بۇ ئاللاھ بارلىق خەلق، مەخلۇقلارنى يارىتىپتۇ، ئاللاھنى كىم ياراتقاندۇ؟ دەيدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سەھىھ ھەدىستە كىم شۇ ئەھۋالنى تاپسا، مەن شەكسىز ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈردۈم دىسۇن، شەيتاندىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىسۇن دېگەن، ئاللاھ باردۇر، بىردۇر، ئۇنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر، ئۇ ئەزلى، ھەممىدىن بۇرۇن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىرەر نەرسە ھەتتا، شۇ بۇرۇن دېگەن ۋاقىتمۇ يوقتۇر، ئاللاھ بارلىق ھادىسىلەرنى پەيدا قىلغان زات، ئاللاھ دېگەن ياراتقۇچى، خالىق، ئۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، كامىل ھاياتلىق ئىگىسى، پەيدا بولمىغاچ يوقالمايدۇ، ئەزلى بولسا، يارىتالىسا، يوق قىلالىسا، ئاندىن بىز ئۇنى ئىلاھ دەيمىز، ئاللاھ ئەنە شۇنداق كامىل سۈپەتلەرگە ئىگە، قەتئىي ئوخشىشى يوقتۇر، ھادىسە دېگەن پەيدا بولۇپ، ئۆزىنى ــ ئۆزى پەيدا قىلالمايدۇ، ئۇنى چوقۇم بىر ئاللاھ ياراتقان، ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكى، تەۋھىد توغرىسىدا ئىمان، ئەقىدە توغرىسىدا، مەخسۇس پەنلەر بار بولۇپ، سىلەر ئايرىم ۋاقىت چىقىرىپ، تەۋھىد، ئىمان، ئەقىدە دېگەن پەنلەردە مەخسۇس، ئالاھىدە تەربىيلىنىڭلار، ئوقۇڭلار.

(صحيح) قال الله تعالى : حقت محبتي على المتحابين أظلهم في ظل العرش يوم القيامة يوم لا ظل إلا ظلي (ابن أبي الدنيا في كتاب الإخوان) عن عبادة بن الصامت

**21.** ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ مۇھەببىتىم، دوستلۇقۇم، ياخشى كۆرۈشۈم، مېنىڭ رازىلىقىمدا، ياخشى كۆرۈشكەن، دوستلاشقانلارغا ھەق، ۋاجىپ بولدى. مەن ئۇلارغا قىيامەت كۈنى مېنىڭ سايەمدىن باشقا سايە يوق، كۈندە ئەرشى سايىسىدا سايە تاشلايمەن، ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، سەھىھ. باشقا سەھىھ ھەدىسلەردىمۇ باردۇر. ياخشى كۆرۈشنى، دوستلۇقنى ئاللاھ رازىلىقىدا ئىمان ئۈستىگە قۇرايلى، بايلىق، مال ـ دۇنيا، باتۇرلۇق، چىراي گۈزەللىك، يۇز ـ ئابرۇي، مەنسەپلەر يوقاپ كېتىدۇ. ئاندىن بۇ نەرسىلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان، مۇھەببەتمۇ يوقايدۇ. ئاللاھ ئۈچۈن ئاخىرەت ئۈچۈن ئىمان ئۈستىگە قۇرۇلسا، بۇ مەڭگۈ يوقمايدۇ. چۈنكى، بىز ئېتىقاد قىلىدىغان ئاللاھ، ئاخىرەت يوقمايدۇ. بۇ مەڭگۈلۈك بىزنىڭ بەختىمىز، مەڭگۈلۈكتۇر. ئاللاھ ھەممىمىزنى ئۆز رازىلىقىدا دوستلاشتۇرسۇن ئامىن!.

قال الله تعالى : حقت محبتي للمتحابين في و حقت محبتي للمتواصلين في و حقت محبتي للمتناصحين في و حقت محبتي للمتزاورين في و حقت محبتي للمتباذلين في ؛ المتحابون في على منابر من نور يغبطهم بمكانهم النبيون و الصديقون و الشهداء (حم طب ك) عن عبادة بن الصامت

**22.** ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ مۇھەببىتىم، ياخشى كۆرۈشۈم، مېنى دەپ ياخشى كۆرۈشكەن، دوستلاشقانلار ئۈچۈن ھەق، ۋاجىپ بولدى، مېنىڭ مۇھەببىتىم، ياخشى كۆرۈشۈم، مېنى دەپ مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ، ئۆزئارا ئالاقە قىلىشىپ باردى ـ كەلدى قىلىشقان، سىلە ـ رەھىم، دوستلۇقنى ئۇلىغان، ئۆزئارا نەسىھەت قىلىشقان، ئۆزئارا يوقلاپ، زىيارەت قىلىشقان، مېنى دەپ مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن مال ـ دۇنياسىنى بېرىشتە، ھەق ئۈچۈن تاپشۇرۇشتا مۇسابىقىلەشكەن كىشىلەر ئۈچۈن ھەق ۋاجىپ بولدى، مېنى دەپ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، دوستلاشقانلار، قىيامەت كۈنى نۇردىن بولغان مۇنبەر ئۈستىدە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى پەيغەمبەرلەرمۇ، سىددىيق، شېھىدلارمۇ ئارزۇ قىلىپ قالىدۇ، (ئىسلام دىنىدا بىرلەشتۈرۈشكە، بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، دوستلاشتۇرۇشقا، بۇنىڭدىن ئارتۇق تەرغىبات، مۇكاپات يوقتۇر)، ئەھمەدتە بەش ئورۇندا كېلىدۇ، **21066** ـ ھەدىس، مالىك، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) قال الله تعالى: سبقت رحمتي غضبي (م) عن أبي هريرة

**23.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ رەھمىتىم، غەزىپىمدىن ئىلگىرىلەپ كەتتى، رەھمىتىم غالىپ كەلدى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھنىڭ رەھمىتى توغرىلىق ھەدىسلەر ئۆتتى.

قال الله تعالى: شتمني ابن آدم و ما ينبغي له أن يشتمني و كذبني و ما ينبغي له أن يكذبني أما شتمه إياي فقوله: إن لي ولدا و أنا الله الأحد الصمد لم ألد و لم أولد و لم يكن لي كفوا أحد و أما تكذيبه إياي فقوله: ليس يعيدني كما بدأني و ليس أول الخلق بأهون علي من إعادته (حم خ ن) عن أبي هريرة

**24.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسى مېنى تىللاپ ئەيىبلەيدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن لايىق ئەمەستۇر، مىنى ئىنكار قىلىدۇ، يالغانچى قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭغا لايىق ئەمەستۇر، ئەمما، ئۇنىڭ مېنى تىللاپ، ئەيىبلىشى بولسا، ھەقىقەتەن ئۇ مەن ئۈچۈن بالىسى بار دەيدۇ، مەن بولسام، ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللاھ، مەن بىر، ئوخشۇشۇم يوق، مەن مۇھتاج ئەمەس، ھەممىسى ماڭا مۇھتاج، مەن تۇغمايمەن، مەن تۇغقان ئەمەس، ھەم تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، مەن ئۈچۈن ھېچقانداق بىر تەڭداش يوق، ئەمما، ئۇنىڭ مېنى ئىنكار قىلىپ، يالغانچى قىلىشى بولسا، ئۇ: ئاللاھ مېنى مەن تۇنجى قېتىم پەيدا بولغاندەك قايتا، ئىككىنچى قېتىم يارىتالمايدۇ دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئىككىنچى قېتىم قايتا يارىتىش، ماڭا ئاساندۇر، تۇنجى قېتىم يارىتىش ئىككىنچى قېتىم قايتا يارىتىشدىن ئاسان ئەمەس، (يەنى، مەقسەت، مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم ياراتتىم، قايتا يارىتىشىم تېخىمۇ ئاسان، ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككى يارىتىش ئاللاھقا ئاسان) ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئالدىدا تۇنجى پەيدا قىلىش، تۇنجى يارىتىش، قايتا يارىتىش، ئەرشنى يارىتىش، بىر تال زەررىنى يارىتىش، ھەممىسىنى يارىتىش، بىرسىنى يارىتىش، ئوخشاش ئاساندۇر، سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنىڭ ئۆلۈشى، قايتا يارىلىشى، پەقەت بىرلا نەپسىنىڭ بىرلا كىشىنىڭ ئۆلۈپ تېرىلىشىدەكتۇر دېگەن ئايەت باردۇر.

(صحيح) قال الله تعالى: عبدي إذا ذكرتني خاليا ذكرتك خاليا و إن ذكرتني في ملأ

ذكرتك في ملأ خير منهم و أكبر (هب) عن ابن عباس

**25.** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى بەندەم!، سەن مېنى يالغۇز، خالىي جايدا مەخپى ئەسلىسەڭ، زىكرى ئېيتساڭ، مەنمۇ سېنى خالىي، مەخپى ئەسلەيمەن، ئى بەندەم، سەن مېنى جامائەت ئارىسىدا ئەسلىسەڭ، مەن سېنى ئۇلاردىن ياخشىراق، بۈيۈك، ئۇلۇغراق جامائەتلەر ئارىسىدا ئەسلەيمەن، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) قال الله تعالى : عبدي أنا عند ظنك بي و أنا معك إذا ذكرتني (ك) عن أنس

**26.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى بەندەم! مەن سېنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىڭدا سەن مېنى ئەسلەپ، ماڭا زىكرى ئېيتساڭ، مەن سەن بىلەن بىللە بولىمەن، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ قادىردۇر، ئوخششى يوقتۇر، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە، نۇسرىتى، رەھمىتى، ئىلمى، كۈچ ــ قۇدرىتى بىللە، ئەلۋەتتە، بىللە بولىمەن دېدى، ئۆزىمۇ بىللە بولىدۇ، بىز، ئاللاھ دېگەننىلا دېدۇق، سۈكۈتكە سۈكۈت قىلاتتۇق.

قال الله تعالى : قسمت الصلاة بيني و بين عبدي نصفين و لعبدي ما سأل فإذا قال العبد : (الحمد لله رب العالمين قال الله : حمدني عبدي فإذا قال : (الرحمن الرحيم) قال الله : أثنى علي عبدي فإذا قال : (مالك يوم الدين) قال : مجدني عبدي فإذا قال : (إياك نعبد و إياك نستعين) قال : هذا بيني و بين عبدي و لعبدي ما سأل فإذا قال : (اهدنا الصراط المستقيم صراط الذين أنعمت عليهم غير المغضوب عليهم و لا الضالين) قال : هذا لعبدي و لعبدي ما سأل) (حم م 4) عن أبي هريرة

**4326.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن نامازنى بەندەم بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئارىسىغا ئىككى پارە قىلىپ تەقسىم قىلدىم، بەندەم ئۈچۈن ئۇنىڭ سورىغىنى بېرىلىدۇ، بەندە: «ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىلئالەمىين» دېسە، ئاللاھ تائالا بەندەم مېنى مەدھىلەپ ماڭا ھەمدۇ ئېيتتى دەيدۇ، بەندە، «ئەررەھمانىررەھىم» دېسە، ئاللاھ تائالا، بەندەم ماڭا سانا ئېيتتى، مېنى

ياخشى سۈپەتلىدى دەيدۇ، بەندە يەنە، «مالىكى يەۋمىددىين» دېسە، ئاللاھ تائالا، بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى دەيدۇ، بەندە، «ئىيياكە نەئبۇدۇ ۋە ئىيياكە نەستەئىين» دېسە، ئاللاھ تائالا، مانا بۇ مەن بىلەن بەندەم ئارىسىدىكى بىردىنبىر يېقىنلىقدۇر، بەندەم ئۆچۈن ئۇنىڭ سورىغىنى بىرلىدۇ دەيدۇ، (چۈنكى، ئىبادەت بىردىنبىر ۋەسىيلە، ۋاسىتىدۇر) بەندە «ئىھدىنەسسىراتەلمۇستەقىيم، سىراتەللەزىينە ئەنئەمتە ئەلەيھىم غەيرىلمەغزۇبى ئەلەيھىم ۋەلەززالىين!» دېسە، ئاللاھ تائالا، مانا بۇ بەندەم ئۈچۈن، بەندەم ئۈچۈن ئۇ سورىغىنى بېرىلىدۇ دەيدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلھەمدۇ ئەڭ ياخشى دۇئا دېيىلگەن، بۇ سۈرە مۇشۇ ئۈممەتكىلا خاس نازىل قىلىنغان، شۇنداقلا بۇ سەھىھ ھەدىستە ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغۇچى چوقۇم سۈرە فاتىھەنى يەنى سۈرە ئەلھەمدۇنى ئوقۇش لازىم، چۈنكى، ھەربىر بەندە شۇنى دېسە، ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى سۆزنى دەپ تۇرىدۇ، ھېچ بولمىغاندا، قىرائەت مەخپىي نامازدا ئوقۇسۇن.

قال الله تعالى : كذبني ابن آدم و لم يكن له ذلك و شتمني و لم يكن له ذلك فأما تكذيبه إياي فزعم أني لا أقدر أن أعيده كما كان و أما شتمه إياي فقوله: لي ولد فسبحاني أن أتخذ صاحبة أو ولدا (خ) عن ابن عباس

**27.** ئىبنى ئاببas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسى مېنى ئىنكار قىلىپ يالغانغا چىقىرىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا بۇ ئىشى لايىق ئەمەس، مەۋجۇدمۇ ئەمەس، ئۇ مېنى تىللاپ، ئەيىبلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشمۇ مەۋجۇد ئەمەس، لايىق ئەمەس، ئەمما، ئۇنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشى بولسا، ئۇ مېنى ئۆزىنى تۇنجى قېتىم يارالغاندەك قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ يارىتالمايدۇ دەپ داۋا قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم ياراتقاندەك، قايتا تىرىلدۈرىمەن. ئەمما، ئۇنىڭ مېنى ئەيىبلىشى بولسا، ئۇ مېنى بالىسى بار دەيدۇ، (خۇددى ناسارالاردەك) مەن بالا، خوتۇن، جۈرە ئەھلى تۇتۇشۇمدىن پاكتۇرمەن، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، ئاللاھ خالىق، ياراتقۇچى، ئوخشىشى يوق، ئۇ مۇھتاج ئەمەس، خوتۇن، بالىسى يوقتۇر، ئاللاھ تۇغۇلغان ئەمەس، تۇغقانمۇ ئەمەس، ئاللاھ مەخلۇقلارنىڭ سۈپىتىدىن پاكتۇر، ئىنسان، جىنلارنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە دەلىل ـ ئىسپات بارمۇ دېيىلسە؟ تۇنجى قېتىم پەيدا قىلىپ

ياراتقان زات، ئاللاھ يەنە قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر. ئۇ ئۆزى مەن سىلەرنى قايتا يارىتىمەن، زېمىندىن چىقىرىمەن، قىيامەت ھەق دېگەن ۋەدىلەرنى قۇرئاندا بەردى دېگەن جاۋابىدىن كاتتا، چوڭ جاۋاب يوق. قۇرئان مۆجىزە، پولاتتەك پاكىتتۇر.

قال الله تعالى : كل عمل ابن آدم له إلا الصيام فإنه لي و أنا أجزي بـه و الصيام جنة و إذا كان يوم صوم أحدكم فلا يرفث و لا يصخب و إن سابه أحد أو قاتله فليقل : إني امرؤ صائم و الذي نفس محمد بيده لخلوف فم الصائم عند الله أطيب من ريح المسك و للصائم فرحتان يفرحهما : إذا أفطر فرح بفطره و إذا لقي ربه فرح بصومه (ق ن) عن أبي هريرة

**28.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسىنىڭ ھەربىر ئەمەللىرى ئۇنىڭ ئۆچۈندۇر، لېكىن، روزا مەخسۇس مەن ئۆچۈنلا، رىياسىز ئىبادەتتۇر، روزىنىڭ مۇكاپاتىنى مەن ئۆزۈملا بېرىمەن. روزا قالقاندۇر، بىرىڭلارنىڭ روزا تۇتقان كۈنى بولۇپ قالسا، پاھىشە، بەزەپ سۆز قىلمىسۇن، ۋارقىرىمىسۇن، باشقىلارنى تىللىمىسۇن، ئەيىبلىمىسۇن، ئەگەر بىرسى ئۇنىڭ بىلەن تىللاشسا، ئۇرۇشسا، ھەقىقەتەن مەن روزىدار كىشى دېسۇن، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە روزا تۇتقۇچىنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مىسكە، ئەنبەرنىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇشپۇراقتۇر، روزا تۇتقۇچى ئۆچۈن ئۇ خۇرسەن بولىدىغان ئىككى خۇشاللىق بار، بىرى ئۇ ئىپتار قىلغاندا ئىپتار سەۋەبىدىن خۇشال بولىدۇ، يەنە بىرى، ئۇ رەببىگە ئۇچراشقاندا، روزىنىڭ سەۋەبىدىن يەنى ئاللاھلا بېرىدىغان مۇكاپاتتىن خۇشال بولىدۇ. بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

قال الله تعالى للنفس : اخرجي قالت : لا أخرج إلا كارهة (خد) عن أبي هريرة

**29.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا جانغا، ئى جان! چىققىن! دەيدۇ، جان، روھ: مەن پەقەت چىقىشنى ياقتۇرمىغان، مەجبۇر ھالەتتە چىقىمەن دەيدۇ، (شۇنداق قىلىپ، ئۇ مەجبۇرى چىقىدۇ) بۇخارى، ئەدەپ دېگەن ئايرىم كىتابىدا

توپلىغان، سەھىھ.

قال الله تعالى : من علم أني ذو قدرة على مغفرة الذنوب غفرت له و لا أبالي ما لم يشرك بي شيئا (طب ك) عن ابن عباس

**30.** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: كىم مېنىڭ بارلىق گۇناھلارنى كەچۈرۈپ، مەغپىرەت قىلالايدىغانلىقىمنى شۇنىڭغا قادىر ئىكەنلىكىمنى تونۇپ، بىلسە، (گۇماننى ياخشى قىلىپ ئۆزىنى ئىتراپ قىلىپ تۆۋبە قىلسا) ئۇ ماڭا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىسىلا، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرۈۋېتىمەن، ھەرگىز پەرۋا قىلمايمەن. تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

قال الله تعالى : وجبت محبتي للمتحابين في و المتجالسين في و المتباذلين في و المتزاورين في (حم طب ك هب) عن معاذ

**31.** مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ مۇھەببىتىم، ياخشى كۆرۈشۈم، دوست تۇتۇشۇم، مېنى دەپ مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ مېنىڭ يولۇمدا ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن، دوستلاشقان، بىرگە ئولتۇرغان، ئىلمى مەجلىس ئاچقان، مال ـ دۇنياسىنى ھەق ئۈچۈن تاپشۇرۇشتا مۇسابىقىلەشكەن، ئۆزئارا يوقلىشىپ، زىيارەت قىلىشقان، ئىتتىپاقداش بەندىلىرىم ئۈچۈندۇر. ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

قال الله تعالى : و عزتي و جلالي لا أجمع لعبدي أمنين و لا خوفين إن هو أمنني في الدنيا أخفته يوم أجمع عبادي و إن هو خافني في الدنيا أمنته يوم أجمع عبادي (حل) عن شداد بن أوس

**32.** شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئىززىتىم بىلەن ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن قەسەمكى، مەن بەندەم ئۈچۈن دۇنيا، ئاخىرەتتە ھەر ئىككى جايدا ئەمىين بولۇشنى يەنى ئىككى ئەمىنلىكنى ھەم ئىككى قورقۇنچىنى بىرلەشتۈرمەيمەن، ئەگەر بەندە بۇ دۇنيادا مەندىن ئەمىن ھالدا خاتىرجەم

يۇرسە، مەن ئۇنى بارلىق بەندىلىرىمنى توپلاپ يىغىدىغان قىيامەت كۈنى قورقۇتىمەن، ئەگەر بەندە، بۇ دۇنيادا مەندىن قورقۇپ، تۆۋبە قىلىپ، ياخشى ئىبادەت قىلسا، مەن ئۇنى بارلىق بەندىلىرىمنى يىغىدىغان قىيامەت كۈنى ئەمىن، خاتىرجەم قىلىمەن، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، ھەسەن.

(صحيح) قال الله تعالى : و من أظلم ممن ذهب يخلق خلقا كخلقي فليخلقوا حبة أو ليخلقوا ذرة أو ليخلقوا شعيرة (حم ق) عن أبي هريرة

**33.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ مەخلۇقۇمغا ئوخشاش مەخلۇق ياراتماقچى بولغان كىشىدىنمۇ زالىمراق كىشى يوق، قېنى ئۇلار بىر دانە دان ياكى بىر تال قوناق ياكى بىر تال ئارپا يارىتىپ باقسۇن! قېنى (ھەرگىز يارىتالمايدۇ، رەسساملار بىلەن ھەيكەلتاراشلار زالىم) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

قال الله تعالى : لا يأتي ابن آدم النذر بشيء لم أكن قد قدرته و لكن يلقيه النذر إلى القدر و قد قدرته له استخرج به من البخيل فيؤتيني عليه ما لم يكن يؤتيني من قبل! (حم خ ن) عن أبي هريرة

**34.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: نەزىر قىلىش، ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدە قىلىپ، سەدىقە قىلىش، ئادەم بالىسىغا مەن تەقدىر قىلمىغان بىرەر نەرسىنى كەلتۈرەلمەيدۇ، ھاسىل قىلالمايدۇ، لېكىن، نەزرە قىلىش، ئادەم بالىسىنى مەن تەقدىر قىلغان تەقدىرگە ئۇچراشتۇرىدۇ، نەزرە سەۋەبىدىن بېخىل كىشىدىن نەرسە چىقىرىلىدۇ، ئادەم بالىسى نەزىر ۋەدىسى قىلغانلىقىدىن مېنى دەپ ئۇنىڭدىن بۇرۇن كەلتۈرمىگەن نەرسىنى كەلتۈرىدۇ، ھاسىل قىلمىغان نەرسىنى ھاسىل قىلىپ بېرىدۇ، (يەنى سېخىيلىق قىلىدۇ.) ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

(حسن) قال الله تعالى : لا يذكرني عبد في نفسه إلا ذكرته في ملأ من ملائكتي و لا يذكرني في ملأ إلا ذكرته في الرفيق الأعلى (طب) عن معاذ بن أنس

**35.** مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەززىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: بەندەم پەقەت مىنى ئىچىدە مەخپى ئەسلىسە، مەن ئۇنى پەرىشتىلىرىمدىن ئىبارەت، جامائەت ئارىسىدا زىكرى قىلىپ ئەسلەيمەن، بەندەم مىنى جامائەت ئارىسىدا ئەسلىسە، مەن ئۇنى ئەڭ يۇقىرى، يۈكسەك مەرتىبىدىكى ھەمراھلار جامائىتى، يەنى پەيغەمبەرلەر جامائىتى قاتارىدا ئەسلەيمەن، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

قال الله تعالى : لا ينبغي لعبد لي أن يقول : أنا خير من يونس بن متى (م) عن أبي هريرة

**36.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مىنىڭ بىرەر بەندەمنىڭ: مەن يۇنۇس ئىبنى مەتا دىگەن پەيغەمبەردىن ياخشىراق دىيىشى قەتئىي لايىق ئەمەس، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

قال الله تعالى : يا ابن آدم ! إن ذكرتني في نفسك ذكرتك في نفسي و إن ذكرتني في ملأ ذكرتك في ملأ خير منهم و إن دنوت مني شبرا دنوت منك ذراعا و إن دنوت مني ذراعا دنوت منك باعا و إن أتيتني تمشي أتيت إليك أهرول (حم) عن أنس

**37.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! ئەگەر سەن مىنى ئىچىڭدە مەخپى ئەسلىسەڭ، مەنمۇ سىنى ئۆز نەفسىمدە زاتىمدا مەخپى ئەسلەيمەن، ئەگەر سەن مىنى جامائەتلەر ئارىسىدا ئەسلىسەڭ، مەنمۇ سىنى ئۇلاردىن ياخشىراق جامائەتلەر ئارىسىدا ئەسلەيمەن، ئەگەر سەن ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشساڭ، مەن ساڭا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، ئەگەر سەن ماڭا بىر گەز يېقىنلاشساڭ، مەن ساڭا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، ئەگەر سەن ماڭا ئاستا مېڭىپ كەلسەڭ، مەن ساڭا ئالدىراپ يۈگۈرۈپ بارىمەن، ئەھمەد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مەقسىتى، ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى ئېيتىش، ئىبادەت بىلەن يېقىنلىشىش، بىز ئاللاھنى ئەسلىسەكلا، ئاللاھ بىزنى ئەسلەيدۇ، بۇ ئايەتتە ئۇچۇن سۆزلەنگەن ئىبادەت بىلەن يېقىنلاشساق، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە.

قال الله تعالى : يا ابن آدم ! إنك ما دعوتني و رجوتني غفرت لك على ما كان منك و

لا أبالي يا ابن آدم ! لو بلغت ذنوبك عنان السماء ثم استغفرتني غفرت لك و لا أبالي يا ابن آدم ! لو أنك أتيتني بقراب الأرض خطايا ثم لقيتني لا تشرك بي شيئا لأتيتك بقرابها مغفرة (ت الضياء ) عن أنس

**38.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! «ھە! مەنا مەن تەييار ئى رەببىم لەببەي»، ھەقىقەتەن سەن ماڭا دۇئا قىلىپ تۇرساڭلا، تۆۋبە قىلىپ مەندىن مەغپىرەتنى ئۈمىد قىلساڭلا، مەن سەن ئۈچۈن سەندىن سادىر بولغان بارلىق گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىۋېتىمەن، پەرۋا قىلمايمەن، ھەممىنى كەچۈرۈۋېتىمەن، پەرۋا قىلمايمەن، ئى ئادەم بالىسى! «لەببەي» ئەگەر سېنىڭ گۇناھلىرىڭ ئاسماننىڭ ئۈپۈقلىرىغا ئەڭ ئېگىز جايلىرىغا يەتكەن بولسىمۇ، ئاندىن سەن مېنى تونۇپ، ئۆزۈڭنى ئېتىراپ قىلىپ، تۆۋبە قىلىپ، مەندىن مەغپىرەت سورىساڭلا، مەن سەن ئۈچۈن، ھەممە گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىۋېتىپ، پەرۋا قىلمايمەن، ئى ئادەم بالىسى! (ئى ئاللاھ، قۇلىقىمىز سىلىدە) ئەگەر سەن زېمىن تولغۇدەك زېمىنغا لىق كەلگىدەك خاتالىقلار بىلەن ماڭا كەلسەڭ، ئاندىن سەن ماڭا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، مۆئمىن ھالدا ئۇچراشساڭ، مەن ساڭا زېمىن لىق تولغىدەك مەغپىرەت بىلەن كەچۈرۈم بىلەن كېلىمەن، سىنى مەغپىرەت قىلىش بىلەن ئۇچرىشىمەن، تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. ئى ئاللاھ، بىزنى كەچۈرگىن.

قال الله تعالى : يا ابن آدم ! صل لي أربع ركعات من أول النهار أكفك آخره (حم) عن أبي مرة الطائفي (ت) عن أبي الدرداء

**39.** ئەبۇ مۇررەت، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! مەن ئۈچۈن كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغىن، شۇنداق قىلساڭ، مەن ساڭا كۈندۈزنىڭ ئاخىرىغىچە كۇپايە بولىمەن، (ھەممىمىز بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە چاشكا نامىزى ئوقۇيلى) ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) قال الله تعالى : يا ابن آدم قم إلي أمش إليك و امش إلي أهرول إليك (حم)

عن رجل

**40.** بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! سەن ماڭا دەس تۇرغىن، شۇنداق قىلساڭ، مەن ساڭا مېڭىپ بارىمەن، سەن ماڭا مېڭىپ كەلگىن، شۇنداق قىلساڭ مەن ساڭا يۈگۈرۈپ بارىمەن، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. بىز، ئاللاھ تەرەپكە، جەننەتكە، ياخشىلىققا ئالدىرايمىز، ئىبادەتكە ئالدىراش، ئالدىراڭغۇلۇق ھېسابلانمايدۇ، ناماز، زىكرى، قۇرئان تىلاۋىتى، جىھاد، تەلىم ــ تەربىيىدەك ئىبادەتلەر، ئاللاھقا يېقىن بولۇشنىڭ ۋەسىلە، ۋاستىسىدۇر، بىز، ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆرسەتمىسى، ساھابىلار، تابىئىنلار يولى ۋە چۈشەنچىسى بىلەن ئىبادەت قىلىشىمىز لازىم، بىدئەتچى بولمايلى.

41 (صحيح) قال الله تعالى: يا ابن آدم! مهما عبدتني و رجوتني و لم تشرك بي شيئا غفرت لك على ما كان منك و إن استقبلتني بملء السماء و الأرض خطايا و ذنوبا استقبلتك بملئهن من المغفرة و أغفر لك و لا أبالي (طب) عن أبي الدرداء

**41.** ئەبۇددەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى، سەن ماڭا ھەرقاچان ئىبادەت قىلساڭلا، مەندىن ئۈمىد قىلساڭلا، ماڭا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىسەڭ، مەن سەن ئۈچۈن سەندىن سادىر بولغان بارلىق گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىۋېتىمەن، ئەگەر سەن ماڭا ئاسمان ــ زېمىن لىق تولغىدەك خاتالىقلار ۋە گۇناھلار بىلەن ئۇچراشساڭ، مەن ساڭا ئاسمان ــ زېمىن لىق تولغىدەك مەغپىرەت بىلەن ئۇچرىشىمەن، مەن سەن ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىۋېتىپ، پەرۋا قىلمايمەن، (شەرتى، ئىمان بىلەن ئۇچرىشىش) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) قال الله تعالى: يا ابن آدم! لا تعجز عن أربع ركعات في أول النهار أكفك آخره (حم د) عن نعيم بن همام (طب) عن النواس

**42.** نۇئەيم نەۋۋاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! سەن ماڭا كۈندۈزنىڭ ئەۋۋەلىدە تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇشتىن ئاجىز كەلمە، ئەگەر بۇ

نامازنى ئوقۇساڭ، مەن ساڭا كۆندۈزنىڭ ئاخىرىغىچە كۇپايە بولىمەن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تەبرانى توپلىغان، بۇ چاشكا نامىزى بولۇشى مۇمكىن.

قال الله تعالى: يؤذيني ابن آدم يسب الدهر و أنا الدهر بيدي الأمر أقلب الليل و النهار (حم ق د) عن أبي هريرة

**43.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسى ماڭا ئازار بېرىدۇ، ئۇ زاماننى تىللاپ ئەيىبلەيدۇ، مانا مەن زاماننى باشقۇرمەن، ئىشلار مېنىڭ قولۇمدا، كېچە ـ كۈندۈزنى مەن يۆتكەپ تۇرىمەن. (ھەممە ئىشلار قار ـ يامغۇر، بوران، مولچىلىق، قەھەتچىلىك قاتارلىقلار ئاللاھنىڭ قولىدا، شۇنىڭ ئۈچۈن سۆز قىلغاندا قالايمقان سۆزلىمەڭ) ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) قال الله تعالى: يؤذيني ابن آدم يقول: يا خيبة الدهر ! فلا يقولن أحدكم: يا خيبة الدهر ! فإني أنا الدهر أقلب ليله و نهاره فإذا شئت قبضتهما (م) عن أبي هريرة

**44.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسى ماڭا ئازار بېرىدۇ، ئۇ، ئى زاماننىڭ زىيانكارلىقى دەيدۇ، بىرىڭلار ھەرگىز ئى زاماننىڭ زىيىنى دېمىسۇن، ھەقىقەتەن مانا مەن زاماننىڭ كېچە ـ كۈندۈزلىرىنى يۆتكەپ تۇرىمەن، مەن خالىغاندا كېچە ـ كۈندۈز ھەر ئىككىلىسىنى ئېلىۋالىمەن. يوق قىلىۋېتىمەن، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. پايدا ـ زىياننى زامانغا، تەبىئەتكە ئەمەس، بىر ئاللاھقا نىسبەتلەشتۈرۈش لازىم، ھەممىسىنى ئاللاھ ياراتقان، ھەممىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ، ھەممىسى ئاللاھنىڭ قولىدا، ئاللاھنىڭ ئۇخشىشى يوقتۇر.

(صحيح) قال الله تعالى: يا عبادي ! إني حرمت الظلم على نفسي و جعلته محرما بينكم فلا تظالموا يا عبادي ! كلكم ضال إلا من هديته فاستهدوني أهدكم يا عبادي ! كلكم جائع إلا من أطعمته فاستطعموني أطعمكم يا عبادي ! كلكم عار إلا من كسوته فاستكسوني أكسكم يا عبادي ! إنكم تخطئون بالليل و النهار و أنا أغفر الذنوب جميعا فاستغفروني أغفر لكم يا عبادي ! إنكم لن تبلغوا ضري فتضروني و لن تبلغوا نفعي

فتنفعوني يا عبادي ! لو أن أولكم و آخركم و إنسكم و جنكم كانوا على أتقى قلب رجل واحد منكم ما زاد ذلك في ملكي شيئا يا عبادي ! لو أن أولكم و آخركم و إنسكم و جنكم كانوا على أفجر قلب رجل واحد منكم ما نقص ذلك من ملكي شيئا يا عبادي ! لو أن أولكم و آخركم و إنسكم و جنكم قاموا في صعيد واحد فسألوني فأعطيت كل إنسان مسألته ما نقص ذلك مما عندي إلا كما ينقص المخيط إذا أدخل البحر يا عبادي ! إنما هي أعمالكم أحصيها لكم ثم أوفيكم إياها فمن وجد خيرا فليحمد الله و من وجد غير ذلك فلا يلومن إلا نفسه (م) عن أبي ذر

**45.** ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى بەندىلىرىم! (ھەممىڭلار لەببەي، بىز تەييار دەڭلار) ھەقىقەتەن مەن زۇلۇمنى ئۆزۈمگە ھارام قىلدىم، زۇلۇم قىلىشنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ھارام قىلدىم، ھەرگىز زۇلۇم قىلىشماڭلار!، ئى بەندىلىرىم! مەن ھىدايەت قىلغان كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار ئازغۇن، زالالەتچى. مەندىنلا ھىدايەت، توغرا يول تەلەپ قىلىڭلار، مەن سىلەرنى ھىدايەت قىلىمەن، ئى بەندىلىرىم! مەن تائام بەرگەن كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار ئاچ، پەقەت مەندىنلا تائام سوراڭلار، مەن سىلەرگە تائام بېرىمەن، ئى بەندىلىرىم! مەن كىيىم ـ كېچەك بەرگەن كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار يالىڭاچ، مەندىن كىيىم سوراڭلار، مەن سىلەرگە كىيىم ـ كېچەك بېرىمەن، ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن سىلەر كېچە ـ كۈندۈز خاتالىشىپ تۇرىسىلەر، مەن بارلىق گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرىمەن، مەندىن مەغپىرەت سوراپ، ئىستىغفار ئوقۇڭلار، مەن سىلەرنى كەچۈرىمەن، سىلەر ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىمەن، ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن سىلەر ماڭا ھەرگىز زەرەر يەتكۈزەلمەيسىلەر، ماڭا پايدا ـ مەنپەئەتمۇ يەتكۈزەلمەيسىلەر، (پەقەت قىلساڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قىلىسىلەر) ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئەۋۋەلىڭلار، ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار، جىنلىرىڭلار، ھەممىسى سىلەردىن بىرلا كىشىنىڭ قەلبىنىڭ ئەڭ تەقۋالىقى ئۈستىدە بولسا، يەنى ھەممىڭلار ئەڭ تەقۋا، ھەممىڭلار باراۋەر، ئوخشاش، تەقۋا، مۇتتەقى بولساڭلار، ئۇ مېنىڭ مۈلۈكۈمدە يەنى ئىلكىمدىكى، قولۇمدىكى نەرسىگە قىلچىلىك نەرسىنى زىيادە قىلىۋېتەلمەيدۇ، مېنىڭ كاتتىلىقىمنى، ئۇلۇغلۇقۇمنى زىيادە قىلالمايدۇ، ئى بەندىلىرىم! ئەگەر شەك ـ شۈبھىسىز سىلەرنىڭ ئەۋۋەل ـ ئاخىرىڭلار، ئىنسان،

جىنلىرىڭلار سىلەردىن ئەڭ پاجىر، پاسىق، يامان كىشىنىڭ پاسىق قەلبى ئۈستىدە بولساڭلار، يەنى ھەممىڭلار گۇناھ، مەئسىيەتتە پاسىقلاشساڭلار، بۇ ئىشمۇ مېنىڭ مۈلكۈمدىن قىلچىلىك نەرسىنى كاملىتالمايدۇ. ئۇلۇغلۇقۇم كاملاپ، تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ. (قىلساڭلار ئۆزۈڭلارغا قىلىسىلەر)، ئى بەندىلىرىم! ئەگەر ئەۋۋەلىڭلار، ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار، جىنلىرىڭلار، ھەممىسى تۈپتۈز بىر مەيدانغا يىغىلىپ، مەندىن سورىساڭلار، مەن ھەربىر ئىنسان، جىنلارغا سورىغىنىنى بەرسەم، ئۇ بېرىۋېرىشىم، مېنىڭ دەرگاھىمدىكى خەزىنىلەرنى قىلچىلىك كاملىتالمايدۇ. پەقەت بىر تال يىڭنىنى كەڭ ھەم چوڭقۇر دېڭىزغا سېلىپ، ئالغانچىلىك ئىشتۇر، ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن ئۇ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار، مەن ئۇنى سىلەر ئۈچۈن ھېسابلايمەن، ئاندىن ئۇ ئەمەللەرنىڭ جازا، مۇكاپاتلىرىنى مەن سىلەرگە تولۇق بېرىمەن، كىم ياخشىلىقنى تاپسا، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتسۇن، شۈكۈر قىلسۇن، كىم ئۇنىڭدىن باشقىچىرەك تاپسا، ئۇ پەقەت ئۆزىنى ئەيىبلىسۇن، ئۆزىگە مالامەت، تاپا ـ تەنە قىلسۇن، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

## ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بۇ ھەدىس ھەدىس قۇددۇستۇر، يەنى ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.

2. ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقلار ئارىسىدىن مۇشۇ ئىنساننى چاقىرىپ، يوليۇرۇق بېرىۋاتىدۇ.

3. ئى بەندىلىرىم دەپ رەھمەت، ئىلتىپات قىلدى.

4. بىز دەرھال لەببەي دەپ مەن تەييار دەپ قۇلاق سېلىشىمىز لازىم، ياخشى بولسا بۇيرىيدۇ، يامان بولسا توسىدۇ، بۇ مۆئمىننىڭ بەلگىسى.

5. زۇلۇم قىلىش ھارام، قىيامەتتىمۇ زۇلمەتتۇر.

6. ئاللاھ ھىدايەت قىلمىسا، ھەممىسى ئازغۇن، ھىدايەتنى پەقەت ئاللاھتىن، قۇرئاندىن، سەھىھ ھەدىسىدىن، سۈننەتتىن سوراش لازىم.

7. يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، زاماندىن، تەبىئەتتىن ئەمەس، ئاللاھ تەرەپتىن كەلدى، بىز رىزىقنى پەقەت بىر ئاللاھتىنلا سورايلى.

**8.** ئىنسان دائىم خاتالىشىپ تۇرىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىپ، تەۋبە قىلغىنى.

**9.** گۇناھلارنى پەقەت ئاللاھلا كەچۈرىدۇ، بىز پەقەت ئاللاھقىلا تەۋبە قىلىشىمىز لازىم.

**10.** بارلىق بەندىلەرنىڭ تەقۋالىقى ياخشى بولۇپ كېتىشى، ئاللاھنىڭ مۈلكىنى زىيادە قىلالمايدۇ، پاسىق، پاجىر بولۇپ كېتىشى، مۈلكىنى، ئۇلۇغلىقىنى كام قىلالمايدۇ، تەۋەن قىلالمايدۇ، كىشىلەر قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ.

**11.** ئاللاھ ھەممە كىشىگە سورىغىنىنى دائىم بېرىپ تۇرسىمۇ خەزىنىسىدىن قىلچىلىك كاملىمايدۇ، چۈنكى، ئۇ دېگەن ئاللاھ، خالىق، ياراتقۇچى.

**12.** ئەمەللەرنىڭ جازا ــ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ، قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

**13.** ياخشىلىق ئاللاھ تەرەپتىن بولغاچقا، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، شۈكرى قىلىمىز.

**14.** يامانلىق بىزگە نىسبەتەن بېرىلگەچكە، ئۆزىمىزنى ئەيىبلەپ، ئۆزىمىزگە مالامەت قىلىمىز، چۈنكى، ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ.

**15.** مۇكاپات، جەننەت، ئاللاھنىڭ رەھمىتى، پەزلىدۇر، جازا، دوزاخ بولسا، ئاللاھنىڭ ئادىللىقىدۇر، بىر پىرقىسى جەننەتتە، بىر پىرقىسى دوزاختىدۇر، ئاللاھ بىزلەرنى جەننەت ئەھلى قىلسۇن، ئامىن!.

(صحيح) يقول الله تعالى : المجاهد في سبيلي هو علي ضامن إن قبضته أورثته الجنة و إن رجعته رجعته بأجر أو غنيمة (ت) عن أنس

**46.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇش قىلغۇچى مۇجاھىد ماڭا كېپىللىككە بېرىلگەن، يەنى مەن ئۇنىڭغا كېپىل بولىمەن، ئەگەر قەبزى روھ قىلسام، ئۇنى جەننەتكە ۋارىس قىلىمەن، ئەگەر ئەھلىگە قايتۇرسام، ئەجىر، ساۋاب، غەنىيمەت بىلەن قايتۇرىمەن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يقول الله تعالى : أنا عند ظن عبدي بي و أنا معه إذا دعاني (حم) عن أنس (م ت)

عن أبي هرير

**47.** ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىدا ئۇ ماڭا دۇئا قىلىپ تۇرسىلا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يقول الله تعالى: أنا عند ظن عبدي بي و أنا معه إذا ذكرني فإن ذكرني في نفسه ذكرته في نفسي و إن ذكرني في ملأ ذكرته في ملأ خير منهم و إن تقرب إلي بشبر تقربت إليه ذراعا و إن تقرب إلي ذراعا تقربت إليه باعا و إن أتاني يمشي أتيته هرولة (حم ق ت ه) عن أبي هريرة

**48.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىدا بەندەم ماڭا گۇمان قىلىدۇ، ئۇ مېنى ئەسلىسىلا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ مېنى ئىچىدە مەخپى ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى ئىچىمدە زاتىمدا مەخپى ئەسلەيمەن، ئۇ مېنى جامائەتلەر ئارىسىدا ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى ئۇلاردىن ياخشىراق جامائەتلەر ئارىسىدا ئەسلەيمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگرەپ بارىمەن. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىس، يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر، پەقەت پەرقى ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ تۆۋىسىگە بىرىنچىلار چۆل، زېمىندا تۆگىنى يۈتتۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن تېپىۋالغاندا خۇشال بولغاندىنمۇ بەكىرەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ دېگەن زىيادە باردۇر. بۇ ئىككى ھەدىستىكى سۈپەتلەر، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئوخشىشى يوق باردۇر، ئۆزىگە مەلۇم، بىزگە مەنىسى مەلۇم، كەيپىياتى نامەلۇم، ئىمان ۋاجىپ، سوئال بىدئەت دېگەن، قائىدە بويىچە بولىدۇ.

يقول الله تعالى: ما لعبدي المؤمن عندي جزاء إذا قبضت صفيه من أهل الدنيا ثم احتسبه إلا الجنة(حم خ) هرير

**49.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن مۆئمىن بەندەمنىڭ دۇنيا ئەھلىدىن ئەڭ يېقىن تاللانغان مەھبۇبىنى ئېلىپ كەتسەم، ئاتا ــ ئانىسىنى، بالىسىنى يا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان جۈپتىنى ئېلىپ كەتسەم، ئاندىن ئۇ سەۋرە قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلسا، ئۇنىڭغا پەقەت مېنىڭ دەرگاھىمدا جەننەتلا مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدۇ، جەننەتتىن باشقىسى يوق. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

يقول الله تعالى : من أذهبت حبيبتيه فصبر و احتسب لم أرض له ثوابا دون الجنة (ت)

عن أبي هرير

**50.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بىرەر كىشىنىڭ ئىككى كۆزىنى يوق قىلىۋېتىپ، ئەما قىلىپ قويسام، ئۇ سەۋرە قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلسا، مەن ئۇ كىشىگە جەننەتتىن باشقا ساۋابقا رازى بولمايمەن. پەقەت جەننەتنىلا بېرىمەن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يقول الله تعالى : من عمل حسنة فله عشر أمثالها و أزيد و من عمل سيئة فجزاؤها مثلها أو أغفر و من عمل قراب الأرض خطيئة ثم لقيني لا يشرك بي شيئا جعلت له مثلها مغفرة و من اقترب إلي شبرا اقتربت إليه ذراعا و من اقترب إلي ذراعا اقتربت إليه باعا و من أتاني يمشي أتيته هرولة(حم م ه) عن أبي ذر

**51.** ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ياخشىلىق بېرىلىپ، نىيىتىگە، ئىخلاسىغا قارىتا مەن يەنە زىيادە قىلىپ بېرىمەن، كىم بىر يامانلىق قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى شۇ بىر يامانلىقلا بولۇپ، تۆۋبە قىلسا، مەغپىرەت قىلىۋېتىمەن، كىم زېمىن تولغىدەك خاتالىقنى قىلىپ ئاندىن ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۇچراشسا، مەن ئۇ كىشىگە زېمىن تولغىدەك مەغپىرەتنى قىلىپ بېرىمەن، (يەنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرىۋېتىمەن، شەرتى، ئىمان، شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ) كىم ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇ كىشىگە بىر گەز يېقىنلىشىمەن، كىم ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇ كىشىگە بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇ كىشىگە يۈگرەپ بارىمەن. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى

ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يقول الله تعالى: يا آدم! فيقول: لبيك و سعديك و الخير في يديك فيقول: أخرج بعث النار قال: و ما بعث النار؟ قال من كل ألف تسعمائة و تسعة و تسعين فعندها يشيب الصغير (و تضع كل ذات حمل حملها و ترى الناس سكارى و ما هم بسكارى و لكن عذاب الله شديد قالوا: يا رسول الله! و أينا ذلك الواحد؟ قال: أبشروا فإن منكم رجلا و من يأجوج و مأجوج ألف و الذي نفسي بيده أرجو أن تكونوا ربع أهل الجنة أرجو أن تكونوا ثلث أهل الجنة أرجو أن تكونوا نصف أهل الجنة ما أنتم في الناس إلا كالشعرة السوداء في جلد ثور أبيض أو كشعرة بيضاء في جلد ثور أسود أو كالرقمة في ذراع الحمار) (حم ن) عن أبي سعيد

**52.** ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم! ئادەم لەببەي يا رەببىم، مانا مەن تەييار، بارلىق ياخشىلىق سىلىنىڭ قوللىرىدا دەيدۇ. ئاللاھ: دوزاخقا لايىق بولغان دوزاخ ئەھلىنى چىقارغىن دەيدۇ. ئادەم ئۇلار قانچىلىك؟ دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ھەر **1000**دىن **999**ى دوزاخ ئەھلى بولىدۇ دەيدۇ. شۇ چاغدا كىچىك بالىلارنىڭ چېچى ئاقىرىپ كېتىدۇ. «ھەر قانداق ھامىلدار ھامىلىنى، بالىسىنى تاشلىۋېتىدۇ، كىشىلەرنى مەس كۆرىسەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مەست ئەمەس، لېكىن، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر» ئۇلار يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: جەننەت ئەھلى بولغان بىر كىشى قايسىمىز بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، خۇش بېشارەت بېرىڭلار، ۋە بېشارەت ئېلىڭلار جەننەتكە كىرىدىغان بىر كىشى سىلەردىن بولىدۇ، **1000**لەرچە كىشى بولسا، يەئجۇج ۋە مەئجۇجلاردىن بولىدۇ، جېنىم قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ تۆتتەن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۇلار خۇشال بولۇپ تەكبىر ئېيتىپ كېتىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەن سىلەرنىڭ، جەننەت ئەھلىنىڭ ئۈچتەن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلارنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن دېدى. ئۇلار تەكبىر ئېيتىشىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەر باشقا كىشىلەرگە نىسبەتەن پەقەت ئاق كالىنىڭ تېرىسىدىكى قارا تۈككە ياكى قارا كالىنىڭ تېرىسىدىكى ئاق تۈككە ياكى ئىشەكنىڭ پاچىقىدىكى

رەقەم، ئالامەت، بەلگە، ئالغا ئۇخشاشلا ئاز بولىسىلەر دېدى. (بۇ ھەدىسىدىن يەئجۇج ـ مەئجۇجلەر ئادەم بالىسى دېگەن چىقىدۇ). بۇخارى **6049** ـ ھەدىس، مۇسلىم **327** ـ ھەدىس، ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) يقول الله تعالى : يا ابن آدم ! إذا أخذت كريمتيك فصبرت و احتسبت عند الصدمة الأولى لم أرض لك ثوابا دون الجنة (حم م) عن أبي أمامة

**53.** ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ، ئى ئادەم بالىسى! مەن سېنىڭ ئىككى كۆزۈڭنى ئېلىۋېلىپ، سېنى ئەما قىلىپ قويسام، سەن ھادىسە يۈز بەرگەن، مۇسىبەت تۇيۇقسىز كەلگەن تۇنجى مۇسىبەتكە سەۋرە قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلساڭ، سەن ئۈچۈن جەننەتتىن باشقا ساۋابقا رازى بولمايمەن، پەقەت جەننەتنىلا بېرىمەن. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) يقول الله تعالى : يا ابن آدم ! أنى تعجزني و قد خلقتك من مثل هذا ؟ حتى إذا سويتك و عدلتك مشيت بين بردين و للأرض منك وئيد فجمعت و منعت حتى إذا بلغت التراقي قلت : أتصدق و أنى أوان الصدقة ؟ !(حم ه ك) عن بسر بن جحاش

**54.** بۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! سەن مېنى قايتا يارىتىشتىن قانداقمۇ ئاجىز دەپ قارايسەن، ؟ ۋەھالەنكى، مەن سېنى مۇشۇ بىر تېمىم خار سۇدىن ياراتقان تۇرسام، مەن سېنى يارىتىپ، ئەزالىرىڭنى بېجىرىم، قامىتىڭنى تۈز قىلسام، سەن ئىككى تون ئارىسىدا پەخىرلىنىپ ماڭدىڭ، سەن زېمىندا قاتتىق دەسسەپ ماڭدىڭ، خالىغانچە يۈرۈپ، مال توپلاپ ئاندىن ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماي، بېخىللىق قىلدىڭ، تاكى جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە مەن ئەمدى سەدىقە قىلاي، زاكات بېرەي دېدىڭ، سەدىقە، زاكات بېرىشنىڭ ۋاختى قەيەردە قالدى؟ بىلەمسەن؟ يەنى ۋاختى كەتتى. ئەھمەد **17170** ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە **2698** ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

يقول العبد يوم القيامة : يا رب ألم تجرني من الظلم ؟ فيقول : بلى فيقول : إني لا أجيز على نفسي إلا شاهدا مني فيقول (كفى بنفسك اليوم عليك شهيدا و بالكرام الكاتبين شهودا فيختم على

فيه و يقال لأركانه: انطقي فتنطق بأعماله ثم يخلى بينه و بين الكلام فيقول: بعدا لكن و سحقا فعنكن كنت أناضل) (حم م ن) عن أنس

**55.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە قىيامەت كۈنى ئى رەببىم! مېنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزمامسەن؟ دەيدۇ، ئاللاھ تائالا بولىدۇ، مەن سېنى قۇتقۇزاي دېسە، بەندە: ھەقىقەتەن مەن ئۆزۈمگە پەقەت ئۆزۈمدىنلا گۇۋاھچى بولۇشىنى دۇرۇس دەپ قارايمەن، گۇۋاھچى ئۆزۈمدىن بولسا دەيدۇ، ئاللاھ تائالا: بۈگۈن ساڭا گۇۋاھچىلىقتا پەقەت ئۆزۈڭ كۇپايە، ئۇلۇغ پۈتۈكچى پەرىشتە كىرامەن كاتىبىنلار كۇپايە دەيدۇ، ئۇنىڭ ئاغزى پېچەتلىنىپ، ئەزالىرىغا سۆزلەڭلار دېيىلىدۇ، ئۇلار بارلىق ئەمەللىرىنى بىرنى قالدۇرماي سۆزلىۋېتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سۆزلەش بېرىلگەندە ئۇ: ئى ئەزالىرىم!، سىلەرگە ھالاكەت بولسۇن، ئاللاھنىڭ رەھمىتى يىراق بولسۇن، مەن سىلەرنى دەپ داۋالىشىپ جاپا تارتىۋاتسام، سىلەر ھەممىنى سۆزلىۋەتتىڭلارغۇ، مېنى رەسۋا قىلدىڭلارغۇ؟ دەيدۇ. مۇسلىم **5271** ـ ھەدىس، نەسەئى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) ينزل الله تعالى إلى السماء الدنيا كل ليلة حين يمضي ثلث الليل الأول فيقول: أنا الملك أنا الملك من ذا الذي يدعوني فأستجيب له ؟ من ذا الذي يسألني فأعطيه ؟ من ذا الذي يستغفرني فأغفر له ؟ فلا يزال كذلك حتى يضيء الفجر (م ت) عن أبي هريرة

**56.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا ھەر كېچىسى، كېچىنىڭ ئەۋۋەلكى ئۈچتەن بىرى كېتىپ بولغاندا، دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پادىشاھ مانا مەن پادىشاھ بولىمەن، ماڭا دۇئا قىلىدىغان كىشى بارمۇ؟، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىجاۋەت قىلىمەن مەندىن سورايدىغان كىشى بارمۇ، ئۇ كىشىگە سورىغىنىنى بېرىمەن، مەغپىرەت سوراپ ئىستىغفار ئېيتىدىغان كىشى بارمۇ؟ مەغپىرەت قىلىمەن، سۈبھى يورىغانغا قەدەر شۇنداق دەپ تۇرىدۇ. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ينزل الله تعالى في السماء الدنيا لثلث الليل الآخر فيقول: من يدعوني فأستجيب له أو يسألني فأعطيه ثم يبسط يديه يقول: من يقرض غير عديم و لا ظلوم (م) عن أبي

ھريرة

**57.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتەن بىرى قالغاندا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا دۇئا قىلىدىغان كىشى بارمۇ؟ ئىجاۋەت قىلىمەن، مەندىن سورايدىغان بارمۇ؟ سورىغىنىنى بېرىمەن. ئاندىن ئىككى قولىنى كەڭ ئېچىپ، سوزۇپ مۇنداق دەيدۇ، يوقۇتۇپ قويماستىن، زۇلۇمغا ئۇچرىماستىن، قەرز بېرىدىغان يەنى سەدىقە ـ ئېھسان قىلىدىغان كىشى بارمۇ؟ ئۇ بەرگەن نەرسىنىڭ ئەجرىنى يوقۇتۇپ قويمايدۇ، قىلچىلىك زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) ينزل الله في كل ليلة إلى سماء الدنيا فيقول: هل من سائل فأعطيه ؟ هل من مستغفر فأغفر له ؟ هل من تائب فأتوب عليه ؟ حتى يطلع الفجر (حم ن) عن جبير بن مطعم

**58.** جۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ھەر كېچىسى دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ مۇنداق دەيدۇ: سورىغۇچى كىشى بارمۇ؟ بېرىمەن، مەغپىرەت سورىغۇچى بارمۇ، ئۇنى كەچۈرۈپ مەغپىرەت قىلىمەن، تەۋبە قىلغۇچى بارمۇ، تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن، سۈبھى يورىغىچە شۇنداق دەيدۇ. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) ما من مسلم يصاب في جسده إلا أمر الله تعالى الحفظة: اكتبوا لعبدي في كل يوم و ليلة من الخير ما كان يعمل ما دام محبوسا في وثاقي (ك) عن ابن عمرو

**59.** ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ جەسىدىگە مۇسىبەت يەتسە، ئۇ كېسەل سەۋەبىدىن ئەمەلىدىن توختاپ قالسا، ئاللاھ پۈتۈكچى پەرىشتىلەرگە مۇنداق بۇيرۇيدۇ: سىلەر مېنىڭ بۇ بەندەم ئۈچۈن ھەربىر كېچە ـ كۈندۈزدە، ئۇ مېنىڭ باغلىقىمدا مەھبۇس بولۇپ تۇرسىلا، يەنى كېسەل ھالەتتە تۇرسىلا ئۇ ساق چاغدا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يېزىۋېرىڭلار. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من الله تعالى لا من رسوله: لعن الله قاطع السدر (طب هق) عن معاوية بن حيدة

**60.** مۇئاۋىيــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلــەيھى ۋەســەللەم مۇنــداق دېگــەن: ئــاللاھ تائــالا چــۆل ـ باياۋانــدىكى مۇساپــىرلار، سايىدايدىغان دەرەخنى كەسكۈچىگە لەنەت قىلدى، رەھمىتــدىن يىــراق قىلدى، بۇ سۆز ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مەندىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تەرەپتىن دېيىلدى، دېدى. تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

آخر من يدخل الجنة رجل يمشي على الصراط فهو يمشي مرة و يكبو مرة و تسفعه النار مرة فإذا جاوزها التفت إليها فقال تبارك الذي نجاني منك لقد أعطاني الله شيئا ما أعطاه أحدا من الأولين و الآخرين فترفع له شجرة فيقول أي رب أدنني من هذه الشجرة فلأستظل بظلها و أشرب من مائها فيقول الله يا ابن آدم لعلي إن أعطيتكها سألتني غيرها ؟ فيقول لا يا رب و يعاهده أن لا يسأله غيرها و ربه يعذره لأنه يرى ما لا صبر له عليه فيدنيه منها فيستظل بظلها و يشرب من مائها ثم ترفع له شجرة أخرى هي أحسن من الأولى فيقول أي رب أدنني من هذه لأشرب من مائها و أستظل بظلها لا أسألك غيرها فيقول يا ابن آدم ألم تعاهدني ألا تسألني غيرها ؟ فيقول لعلي إن أدنيتك منها تسألني غيرها ؟ فيعاهده أن لا يسأله غيرها و ربه يعذره لأنه يرى ما لا صبر له عليه فيدنيه منها فيستظل بظلها و يشرب من مائها ثم ترفع له شجرة عند باب الجنة و هي أحسن من الأوليين فيقول أي رب أدنني من هذه فلأستظل بظلها و أشرب من مائها لا أسألك غيرها فيقول يا ابن آدم ألم تعاهدني أن لا تسألني غيرها ؟ قال بلى يا رب أدنني من هذه لا أسألك غيرها و ربه يعذره لأنه يرى ما لا صبر له عليه فيدنيه منها فإذا أدناه منها سمع أصوات أهل الجنة فيقول :أي رب أدخلنيها فيقولك يا ابن آدم ما يعريني منك؟ أيرضيك أن أعطيك الدنيا و مثلها معها؟ فيقول :أي رب أتستهزئ مني وأنت رب العالمين؟فيقول :إني لا أستهزئ منك ولكني على ما أشاء قادر

**61.** ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:، جەننەتكە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان كىشى بولسا، سىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە گاھ تۈز ماڭالايدۇ، گاھ يىقىلىپ توختاپ قالىدۇ، گاھ ئۇنىڭغا دوزاخ ئوتى يېتىپ، بەلگە سىيلىپ قويىدۇ، ئۇ دوزاخدىن سالامەت ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دەيدۇ، مېنى سەندىن قۇتقازغان ئاللاھنىڭ

بەرىكىتى بۈيۈكتۇر. ئۇ كاتتا، ئۇلۇغ زاتتۇر. ماڭا ئاللاھ تائالا ئەۋۋەل ـ ئاخىر ھېچ كىشىگە بەرمىگەن نىئمەتنى ئاتا قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا بىر تۈپ دەرەخ كۆتۈرۈلۈپ كۆرۈنىدۇ، ئۇ، ئەي رەببىم ئاللاھ. مىنى بۇ دەرەخكە يېقىپ قىلىپ قويساڭ. سايىسىدا سايىدىۋالسام. سۈيىدىن ئىچىۋالسام دەيدۇ.

ئاللاھ: ئى ئادەم بالىسى، ئەگەر مەن ئۇنى ساڭا بەرسەم، ئاندىن ئۇنىڭدىن باشقىنىمۇ سورىشىڭ مۇمكىن دەيدۇ، ئۇ، ياق ئى رەببىم. سورىمايمەن دەپ ئۇنىڭدىن باشقىنى زادى سورىماسلىققا ئەھدە، توختام، ۋەدىلەر بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ياكى ئالدىن ھۆججەت تۇرغۇزىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ، ئۇنىڭ سەۋرە قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئاللاھ، ئۇنى دەرەخكە يېقىن قىلىپ قويىدۇ، ئۇ، سايىداپ سۈيىدىن ئىچىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئالدىدىكىدىن ياخشىراق، گۈزەل بىر دەرەخ كۆرۈنىدۇ. ئۇ بەندە: ئى رەببىم، مىنى بۇ دەرەخكە يېقىن قىلىپ قويساڭ. سايىدىسام، سۈيىدىن ئىچسەم، ئەمدى بۇنىڭدىن باشقىنى سورىمايمەن دەيدۇ. ئاللاھ تائالا، ئى ئادەم بالىسى، ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ماڭا ئەھدە، توختام، ھەتتا قەسەم بەرمىگەنمىدىڭ؟. ئەگەر ساڭا بۇنى بەرسەم، يەنە باشقىنى سورايسەن دەيدۇ. ئۇ باشقىنى سورىماسلىققا قەسەم، ئەھدە بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ سەۋرىسىزلىكىنى كۆرۈپ تۇرغاچقا، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، يېقىن قىلىپ قويىدۇ، ئۇ، سايىدا سايىداپ، سۈيىدىن ئىچىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا، جەننەتنىڭ ئىشىكى يېنىدا بىر دەرەخ ئاشكارا بولىدۇ، بۇ ئەۋۋەلكى ئىككىسىدىن گۈزەل، ياخشىراق ئىدى، ئۇ، ئى رەببىم، مىنى بۇ دەرەخكە يېقىن قىلىپ قويساڭ، سايىدىۋالسام، سۈيىدىن ئىچىۋالسام، ئەمدى قەتئىي باشقىسىنى سورىمايمەن دەيدۇ، ئاللاھ، تۈنجى قېتىمقى سۆزنى دەيدۇ، ئۇمۇ يەنە شۇ سۆزنى قىلىپ قەسەم بېرىدۇ، ئاللاھ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ يېقىن قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن، ئۇ جەننەتنىڭ ئەھلىنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ مۇنداق دەيدۇ. ئى رەببىم، مىنى جەننەتكە كىرگۈزۈۋەتسەڭ بوپتىكەن. ئاللاھ تائالا: ئى ئادەم بالىسى، مەن ساڭا قانداق قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ دۇنيا، دۇنيانىڭ ئوخشىشىدەك يەنە بىر ھەسسە بەرسەم رازى بولامسەن؟ دەيدۇ.

بەندە: ئى رەببىم، سىلى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرۇپ، مىنى زاڭلىق، مەسخىرە قىلىۋاتاملا؟ دەيدۇ.

ئاللاھ: مەن سىنى زاڭلىق قىلمىدىم، لېكىن، مەن نېمىنى خالىسام شۇنىڭغا قادىر دەيدۇ. بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد ۋە باشقىلار توپلىدى.سەھىھ

أبشر فإن الله تعالى يقول: هي ناري أسلطها على عبدي المؤمن في الدنيا لتكون حظه من النار يوم القيامة

**62.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزىتما كېسەل توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: خۇش بېشارەت ئالغىنكى، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ، قىزىتما كېسەل مېنىڭ ئوتام بولۇپ، مۆئمىن بەندە مېنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى دوزاخ ئوتىدىن نېسىۋىسى بولسۇن ئۈچۈن، بۇ كېسەلنى مۇشۇ دۇنيادىلا مۆئمىن بەندەمگە سالىمەن، يەنى بۇ كېسەل ئاخىرەتتىكى ئوتتىن بەدەلدۇر، ھاكىم ئىبنى ماجە، ئەھمەد توپلىغان.سەھىھ

أبشروا هذا ربكم قد فتح بابا من أبواب السماء يباهي بكم الملائكة يقول: انظروا إلى عبادي قد قضوا فريضة و هم ينظرون أخرى (حم ه) عن ابن عمرو

**63.** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شام نامىزىدىن كېيىن مۇنداق دېگەن: خۇش بېشارەت ئېلىڭلار، مانا بۇ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھ، ھازىر ئاسمان ئىشىكلىرىدىن بىر ئىشىكنى ئېچىپ سىلەرنى پەرىشتىلەرگە ماختاپ، داڭلاپ، باھالاپ مۇنداق دەيدۇ، قاراڭلار، بۇ بەندىلىرىم بىر پەرىزنى ئادا قىلىپ، يەنە بىر پەرىزگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، يەنى خۇپتەن نامىزىغا، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

أتاني جبريل من عند الله تبارك و تعالى فقال: يا محمد! إن الله عز و جل يقول: إني قد فرضت على أمتك خمس صلوات فمن وافى بهن على وضوئهن و مواقيتهن و ركوعهن و سجودهن كان له عندي بهن عهد أن ادخله بهن الجنة و من لقيني قد انتقص من ذلك شيئا فليس له عندي عهد إن شئت عذبته و إن شئت رحمته (الطيالسي محمد بن نصر في كتاب الصلاة طب الضياء في المختارة) عن عبادة بن الصامت

**64.** ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ماڭا، جىبرىئىل، ئاللاھ تائالانىڭ نەزلىدىن كېلىپ مۇنداق دېدى، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ، مەن ئۈممىتىڭگە بەش ۋاخ نامازنى پەرىز قىلدىم، كىم بۇ نامازلارنىڭ تاھارەت ۋاقىتلىرىغا رۇكۇ، سەجدىلىرىگە ۋاپا قىلسا، ئۇنىڭ

ئۇچۇن مىنىڭ نەزلىمدە مەن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىر ئەھدە، ۋەدە بولىدۇ، كىم ماڭا يۈقارقىلاردىن بىرەر نەرسىنى كام قىلىپ قويۇپ ۋاپا قىلالماي ئۆچقاشسا ئۇنىڭ ئۇچۇن مېنىڭ نەزلىمدە ئەھدە يوق، خالىسام جازالايمەن، خالىسام رەھىم قىلىمەن. تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى تەيالىسى، مۇھەممەد ئىبنى نەسىرلەر توپلىغان، سەھىھ.

اتقوا دعوة المظلوم فإنها تحمل على الغمام يقول الله : و عزتي و جلالي لأنصرنك و لو بعد حين (طب الضياء) عن خزيمة بن ثابت

**65.** خۇزەيمەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەزلۇم يەنى زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دۇئاسى بۇلۇتلار ئۇستىدىنمۇ ئۆرلەپ كېتىدۇ، يەنى ئىجاۋەت بولىدۇ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ. ئىززىتىم بىلەن كاتتىلىقىم بىلەن قەسەمكى، گەرچە بىر ئازدىن كېيىن بولسىمۇ مەن ساڭا چوقۇم ياردەم بېرىمەن، تەبرانى زىيائۇلمەقدەسى توپلىدى، سەھىھ.

أتى الله عز و جل بعبد من عباده آتاه الله مالا فقال له : ماذا عملت في الدنيا ؟ فقال : ما عملت من شيء يا رب إلا أنك آتيتني مالا فكنت أبايع الناس و كان من خلقي أن أيسر على الموسر و أنظر المعسر قال الله تعالى : أنا أحق بذلك منك تجاوزا عن عبدي (ك) عن حذيفة وعقبة بن عامر وأبي مسعود الأنصاري .

**66.** ھۇزەيفە ئۇقبەت ئىبنى ئامىر ئەبۇ مەسئۇدىلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن ناھايىتى كۆپ مال ـ دۇنيا بەرگەن بىر بەندىنى كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: سەن دۇنيادا نېمە ئەمەل قىلدىڭ؟ بەندە ئېيتىدۇ، مەن دۇنيادا ھېچ ئىش قىلالمىدىم، پەقەت سىلى بەرگەن مالدا تىجارەت قىلىپ، كىشىلەر بىلەن سودا ئالاقىسى قىلدىم، مىنىڭ ئەخلاقىم بايلارغا ئاسان قىلىپ بېرىش، پېقىر، يوقسىز بولسا، ئىنتىزار بولۇپ ساقلاپ تۇرۇش، ئۇتتۇتتىش بولدى، ئاللاھ تائالا بۇ ئىشقا مەن لايىق دەپ، بەندەمدىن ئۆتتۈۋېتىڭلار دەيدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا ابتلى الله العبد المسلم ببلاء في جسده قال الله عز و جل : أكتب له صالح عمله

فإن شفاه غسله و طهره و إن قبضه غفر له و رحمه (حم) عن أنس

**67.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇسۇلمان بەندىسىنى ئۇنىڭ جەسىدىگە بالا بېرىش بىلەن سىنىسا مۇنداق دەيدۇ: ئۇ بەندە ئۇچۇن سالىھ، ياخشى ئەمەللىرىنى يېزىڭلار! ئەگەر شىپالىق، داۋا ئاتا قىلسا، ئۇنى گۇناھدىن يۇيۇپ پاكلايدۇ. جېنىنى ئالسا، مەغپىرەت قىلىپ، رەھىم قىلىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، بۇ ھەدىس ھەسەن.

إذا اشتكى العبد المسلم قال الله تعالى للذين يكتبون : اكتبوا له أفضل ما كان يعمل إذا كان طلقا حتى أطلقه (حل) عن ابن عمرو

**68.** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان بەندە كېسەل بولۇپ ئاغرىپ قالسا، ئاللاھ ئەمەللەرنى يازىدىغان كاتىپلارغا مۇنداق دەيدۇ: ئۇ بەندەم ئۇچۇن ئۇ ساق چاغدا قىلغان ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرىنى يېزىڭلار! بۇ ئەھۋال ئۇ ساقىيىپ ئەركىن بوشانغىچە شۇنداق بولىدۇ. ئەبۇ نۇئەيم ھىلىيەتتە توپلىغان، سەھىھ.

إذا دخل أهل الجنة الجنة يقول الله تعالى : تريدون شيئا أزيد كم ؟ فيقولون : ألم تبيض وجوهنا ؟ ألم تدخلنا الجنة و تنجنا من النار ؟ فيكشف الحجاب فما أعطوا شيئا أحب إليهم من النظر إلى ربهم (م ت) عن صهيب

**69.** سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىپ بولغاندا، ئاللاھ ئۇلارغا سىلەرگە بىرەر نەرسىنى زىيادە، ئارتۇق بېرىشىمنى خالامسىلەر؟ دەيدۇ. ئۇلار يۈزلىرىمىزنى ئاق، نۇرلۇق قىلمىدىڭمۇ؟ دوزاخدىن قۇتقۇزۇپ جەننەتكە كىرگۈزمىدىڭمۇ؟ يەنە قانداق مۇكاپات ئۇ؟ دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ پەردىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇلارغا پەرۋەردىگارى ئاللاھقا قاراشتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك، بىرەر نەرسە بېرىلمەيدۇ. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إذا دخل أهل الجنة الجنة يقول الله عز و جل : هل تشتهون شيئا فأزيد كم ؟ فيقولون : ربنا و ما فوق ما أعطيتنا ؟ فيقول : رضواني أكبر (ك) عن جابر .

**70.** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىپ بولغاندا، ئاللاھ ئۇلارغا بىرەر نەرسىنى زىيادە ئارتۇق مۇكاپات قىلىپ بېرىشىمنى ئارزۇ، ئىشتىھا قىلامسىلەر؟ دەپ سورايدۇ. ئۇلار ئى رەببىمىز. سىلى بىزگە بەرگەندىنمۇ ئارتۇق يەنە نېمە باردۇ؟ دېيدۇ. ئاللاھ: مېنىڭ رازىلىقىم، ھەممىدىن بۈيۈكتۇر دەيدۇ. «بۇ توغرىسىدا ئايەتتە شۇنداق بار» ھاكىم توپلىغان. سەھىھ. ئاللاھ بىزدىن رازى بولغاي ئامىن!

إذا صلوا على جنازة فأثنوا خيرا يقول الرب: أجزت شهادتهم فيما يعلمون و أغفر له ما لا يعلمون (تخ) عن الربيع بنت معوذ .

**71**. رەببىمىزنىڭ مۇئەۋۋەز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (جىنازا نامىزىنى ئوقىساڭلار، مېيىتكە ياخشى مەدھىيىلەرنى ئوقۇڭلار. ) ئۇلارجىنازانامىزىنى ئۇقۇپ ياخشى دەپ مەدھىيسە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇلار بىلىدىغان نەرسىلەر توغرىسىدا ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرىنى ئىجرا قىلىشقا ئىجازەت بەردىم. ئۇلارنىڭ بىلمىگەنلىرىنى بولسا، مەغپىرەت قىلدىم. بۇخارى تارىخىدا توپلىغان. سەھىھ.

إذا قال العبد: لا إله إلا الله و الله أكبر قال الله: صدق عبدي لا إله إلا أنا و أنا أكبر فإذا قال: لا إله إلا الله وحده قال: صدق عبدي لا إله إلا أنا وحدي فإذا قال: لا إله إلا الله لا شريك له قال: صدق عبدي لا إله إلا أنا و لا شريك لي فإذا قال: لا إله إلا الله له الملك و له الحمد قال: صدق عبدي لا إله إلا أنا لي الملك و لي الحمد فإذا قال: لا إله إلا الله و لا حول و لا قوة إلا بالله قال: صدق عبدي لا إله إلا أنا و لا حول و لا قوة إلا بي من رزقهن عند موته لم تمسه النار (ت ن ه حب ك) عن أبي هريرة وأبي سعيد

**72**. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دەپ تەكبىر ئېيتسا، ئاللاھ: بەندەم راست دېدى، مەندىن باشقا ئىلاھ يوق، مەن بۈيۈك دەيدۇ. بەندە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇ يالغۇز بىردۇر دېسە، ئاللاھ. بەندەم راست دېدى، مەندىن باشقا ئىلاھ يوق، مەن بىر دەيدۇ، مەن يالغۇز تەنھا دەيدۇ. بەندە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق دېسە، ئاللاھ بەندەم راست دېدى، مەندىن باشقا ئىلاھ يوق، مېنىڭ شېرىكىم يوق دەيدۇ. بەندە، ئاللاھ بىردۇر، پادىشاھلىق، بارلىق ھەمدۇسانالار ئاللاھقا

خاستۇر دېسە، ئاللاھ: بەندەم راست دېدى، راست شۇنداق دەيدۇ، بەندە، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، تائەت ــ ئىبادەتكە، گۇناھدىن يېنىشقا ھېچبىر كۈچ ــ قۇۋۋەت يوق، پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا بار دېسە، ئاللاھ: بەندەم راست دېدى، مەندىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مېنىڭ ياردىمىمسىز، ھېچبىر كۈچ ــ قۇۋۋەت يوق دەيدۇ. كىمگە بۇ سۆز ئۆلۈش ئالدىدا، رىزىق بېرىلسە، يەنى مۇشۇنداق دەپ ئۆلسە، ئۇنىڭغا دوزاخ ئوتى يەتمەيدۇ، ئۇ دوزاخقا كىرمەيدۇ. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا مات ولد العبد قال الله تعالى لملائكته: قبضتم ولد عبدي ؟ فيقولون : نعم فيقول : قبضتم ثمرة فؤاده ؟ فيقولون : نعم فيقول : ماذا قال عبدي ؟ فيقولون : حمدك و استرجع فيقول الله تعالى : ابنوا لعبدي بيتا في الجنة و سموه بيت الحمد (ت) عن أبي موسى .

**73**. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر كىشىنىڭ بالىسى ئۆلسە، ئاللاھ، پەرىشتىلەرگە بەندە مېنىڭ، بالىسىنىڭ جېنىنى ئالدىڭلارمۇ؟ دەپ بىلىپ تۇرۇپ سورايدۇ، ئۇلار شۇنداق دەيدۇ، ئاللاھ: يۈرىكىنىڭ مېۋىسىنى ئالدىڭلارمۇ؟ دەيدۇ: ئۇلار شۇنداق دەيدۇ، ئاللاھ: بەندەم نېمە دېدى؟ دەيدۇ، ئۇلار سىلىگە ھەمدە ئېيتتى، بىز ئاللاھنىڭ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز دەپ سەۋرى قىلدى دەيدۇ، ئاللاھ: بەندەم ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي سېلىڭلار، ئۇ ئۆينى ھەمدە ئۆيى دەپ ئاتاڭلار دەيدۇ، تىرمىزى توپلىغان، بۇ ھەدىس ھەسەن، بۇ ھەدىستىن بالىلار، ئاتا ــ ئانىلار، يېقىن تۇغقانلار، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مەھبۇبلار ئۆلۈپ كەتسە، يەنىلا ئاللاھقا شۈكرى قىلىش، ھەمدە ئېيتىش لازىم دېگەن چىقىدۇ.

إن أخوف ما أخاف عليكم الشرك الأصغر الرياء يقول الله يوم القيامة إذا جزي الناس بأعمالهم : اذهبوا إلى الذين كنتم تراءون في الدنيا فانظروا هل تجدون عندهم جزاء (حم) عن محمود بن لبيد .

**74**. مەھمۇد ئىبنى لۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە ئەڭ ئەنسىرەيدىغان قورقۇنۇشلۇق نەرسە، كىچىك شېرىكتۇر، ئۇ بولسا، رىيا قىلىشتۇر، ئاللاھ قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە مۇكاپات بەرگەندە، رىياخورلارغا مۇنداق دەيدۇ: سىلەر دۇنيادىكى چاغدا، رىيا قىلىپ، ئەمەللىرىڭلارنى كۆرسەتكەن، كۆرسۇن دېگەن كىشىلىرىڭلارنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ يېنىدا مۇكاپات،

ساۋابىنى تاپالامسىلەر؟ قاراپ بېقىڭلار، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إن العبد المؤمن إذا كان في انقطاع من الدنيا و إقبال من الآخرة نزل إليه من السماء ملائكة بيض الوجوه كأن وجوههم الشمس معهم كفن من أكفان الجنة و حنوط من حنوط الجنة حتى يجلسوا منه مد البصر ثم يجيء ملك الموت حتى يجلس عند رأسه فيقول: أيتها النفس الطيبة اخرجي إلى مغفرة من الله و رضوان فتخرج فتسيل كما تسيل القطرة من في السقاء فيأخذها فإذا أخذها لم يدعوها في يده طرفة عين حتى يأخذوها فيجعلوها في ذلك الكفن و في ذلك الحنوط و يخرج منها كأطيب نفحة مسك وجدت على وجه الأرض فيصعدون بها فلا يمرون على ملأ من الملائكة إلا قالوا ما هذا الروح الطيب؟ فيقولون: فلان بن فلان بأحسن أسمائه التي كانوا يسمونه بها في الدنيا حتى ينتهوا به إلى سماء الدنيا فيستفتحون له فيفتح له فيشيعه من كل سماء مقربوها إلى السماء التي تليها حتى ينتهي إلى السماء السابعة فيقول الله عز و جل: اكتبوا كتاب عبدي في عليين و أعيدوا عبدي إلى الأرض فإني منها خلقتهم و فيها أعيدهم و منها أخرجهم تارة أخرى؛ فتعاد روحه فيأتيه ملكان فيجلسانه فيقولان له: من ربك؟ فيقول: ربي الله فيقولان له: ما دينك؟ فيقول: ديني الإسلام فيقولان له: ما هذا الرجل الذي بعث فيكم؟ فيقول: هو رسول الله فيقولان له: و ما علمك؟ فيقول: قرأت كتاب الله فآمنت به و صدقت فينادي مناد من السماء: أن صدق عبدي فأفرشوه من الجنة و ألبسوه من الجنة و افتحوا له بابا إلى الجنة فيأتيه من روحها و طيبها و يفسح له في قبره مد بصره و يأتيه رجل حسن الوجه حسن الثياب طيب الريح فيقول: أبشر بالذي يسرك هذا يومك الذي كنت توعد فيقول له: من أنت؟ فوجهك الوجه يجيء بالخير فيقول: أنا عملك الصالح فيقول: رب أقم الساعة رب أقم الساعة؟ حتى أرجع إلى أهلي و مالي؛ و إن العبد الكافر إذا كان في انقطاع من الدنيا و إقبال من الآخرة نزل إليه من السماء ملائكة سود الوجوه معهم المسوح فيجلسون منه مد البصر ثم يجيء ملك الموت حتى يجلس عند رأسه فيقول: أيتها النفس الخبيثة! اخرجي إلى سخط من الله و غضب فتفرق في جسده فينتزعها كما ينتزع السفود من الصوف المبلول فيأخذها فإذا أخذها لم يدعوها في يده طرفة عين حتى

يجعلوها في تلك المسوح و يخرج منها كأنتن ريح جيفة وجدت على وجه الأرض فيصعدون بها فلا يمرون بها على ملأ من الملائكة إلا قالوا ما هذا الروح الخبيث ؟ ! فيقولون : فلان بن فلان بأقبح أسمائه التي كان يسمى بها في الدنيا فيستفتح له فلا يفتح له ثم قرأ : (لا تفتح لهم أبواب السماء فيقول الله عز و جل : اكتبوا كتابه في سجين في الأرض السفلى فتطرح روحه طرحا فتعاد روحه في جسده ؛ و يأتيه ملكان فيجلسانه فيقولان له : من ربك ؟ فيقول : هاه هاه لا أدري فيقولان له : ما دينك ؟ فيقول : هاه هاه لا أدري فيقولان له : ما هذا الرجل الذي بعث فيكم ؟ فيقول : هاه هاه لا أدري فينادي مناد من السماء : أن كذب عبدي فأفرشوه من النار و افتحوا له بابا إلى النار فيأتيه من حرها و سمومها و يضيق عليه قبره حتى تختلف أضلاعه و يأتيه رجل قبيح الوجه قبيح الثياب منتن الريح فيقول : أبشر بالذي يسوؤك هذا يومك الذي كنت توعد فيقول : من أنت فوجهك الوجه يجيء بالشر ؟ فيقول : أنا عملك الخبيث فيقول : رب لا تقم الساعة) (حم د ابن خزيمة ك هب الضياء) عن البراء

**75.** بەررا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مۇئمىن بەندىنىڭ دۇنيادىن ئايرىلىدىغان، ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلىنىدىغان ۋاختى كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئاسماندىن خۇددى يۈزلىرى قۇياشتەك نۇرلۇق، ئاپئاق يۈزلۈك پەرىشتىلەر چۈشىدۇ، ئۇلار بىللە جەننەتنىڭ كېپەنەكلىرى، جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرىدىن خۇشپۇراق ئەتىرلەر باردۇر، بۇ پەرىشتىلەر مۇئمىندىن بىر كۆز يېتىم مىقداردا ئولتۇرىدۇ، (يەنى كۆرگىلى بولغۇدەك يىراقلىقتا ئولتۇرىدۇ) ئاندىن ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىدۇ، ئۇ مۇئمىننىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئەي پاك، ئېسىل روھ، جان! ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە رازىلىقىغا چىققىن! ئاندىن روھ، جان خۇددى تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن بىر تامچە سۇ تامغاندەكلا شۇنداق ئاسان چىقىدۇ، ئۆلۈم پەرىشتىسى روھنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئالغاندا، قولىدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىكمۇ قويماي تۇرسا، پەرىشتىلەر ئېلىپ، بۇ پاك روھنى ئاشۇ كېپەنلەردە ئاشۇ ئەتىرلەردە قىلىدۇ، بۇ روھدىن مىسكىدىنمۇ خۇشپۇراقراق پۇراق چىقىدۇ، بۇ خۇشپۇراقلار يەر يۈزىدە تېپىلىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇ روھنى ئېلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ جامائەتلىرىدىن ئۆتسىلا، بۇ پاك، ئېسىل روھ كىم بولىدۇ؟ دەپ سورىشىدۇ،

يۇقىرىغا ئۆرلەۋەتقانلار، ئۇ بەندىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىپ، پالانىنىڭ بالىسى، پالانى بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنى دۇنيا ئاسمىنىغا ئاپىرىپ، ئاسمان ئىشكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ مۆئمىن روھى ئۈچۈن ئىشىكى ئېچىلىدۇ. ئاندىن بۇ ئېسىل روھقا ھەربىر ئاسمانىنىڭ ئەڭ يېقىن مۇقەررەپ پەرىشتىلىرى ئەگىشىۋالىدۇ. ئۇلار يەنە بىر ئاسمانغىچە ئەگىشىپ بارىدۇ. تاكى بۇ مۆئمىنىنىڭ روھى يەتتىنچى ئاسمانغىچە ئاپىرىلىدۇ. (ھەربىر ئاسمانىنىڭ مۇقەررەپ پەرىشتىلىرى يەنە بىر ئاسمانغىچە ئەگىشىۋالىدۇ) ئاندىن، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ بۇ بەندەمنىڭ كىتابىنى، ئىللىيىن دەرىجىلىك ئەڭ يۇقىرى ئالى مەرتىبە قاتارىدا يېزىڭلار! بۇ بەندەمنى زېمىنغا قايتۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن مەن ئۇلارنى زېمىندىن ياراتتىم. ئۇلارنى زېمىنغا قايتۇرىمەن، ئۇلارنى زېمىندىن يەنە بىر قېتىم يارىتىپ چىقىرىمەن. ئاندىن مۆئمىنىنىڭ روھى ئۆزىگە قايتۇرۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن، ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ:

رەببىڭ كىم؟ دەپ سورايدۇ:

مۆئمىن، رەببىم ئاللاھ دەيدۇ.

پەرىشتىلەر: دىنىڭ نېمە؟ دەيدۇ:

مۆئمىن بەندە، دىنىم ئىسلام دىنى دەيدۇ.

پەرىشتىلەر ئاراڭلارغا ئەۋەتىلگەن بۇ كىشى قانداق كىشى بولىدۇ؟ دەيدۇ:

ئۇ بەندە، ئۇ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبىرىدۇر دەيدۇ.

پەرىشتىلەر: سېنىڭ ئىلمىڭ قانداق؟ سەن بۇنى نەدىن بىلدىڭ؟ دەيدۇ:

مۆئمىن بەندە، مەن ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇدۇم، بۇ كىتابقا شەكسىز ئىمان كەلتۈردۈم، ۋە تەستىقلىدىم دەيدۇ، ئاندىن ئاسماندىن بىر توۋلىغۇچى، نىدا قىلىپ، بەندەم راست دېدى، ئۇنىڭغا جەننەتتىن كۆرپە سېلىڭلار! جەننەت كىيىملىرىدىن كىيىم كىيدۈرۈڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەت تەرىپىگە بىر ئىشىك ئېچىپ بېرىڭلار دەيدۇ. ئاندىن ئۇ بەندىگە جەننەتنىڭ راھەتلىرى، رىزىقلىرى، پاك، مول تۇرمۇشلىرى، خۇشپۇراقلىرى يېتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن قەبرىسى بىر كۆز يېتىم مىقدارى شۇنداق كەڭ كەڭرىتىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا يۈزى گۈزەل، كىيىمى گۈزەل، خۇشپۇراق بىر كىشى كېلىپ، سېنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلار بىلەن خۇش بېشارەت ئالغىن، مانا بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغان، سېنىڭ كۈنۈڭدۇر،

دەيدۇ، بەندە ئۇنىڭغا سەن كىم؟ سېنىڭ يۈزىڭ ياخشىلىقنى ئېلىپ كېلىدىغان يۈزكەن دەيدۇ، ئۇ كىشى مەن سېنىڭ سالىھ، ياخشى ئەمەللىرىڭ بولىمەن دەيدۇ، ئاندىن بەندە خاتىرجەم بولۇپ، ئى پەرۋەردىگارىم، قىيامەتنى قوزۇپ بەرگىن، ئى رەببىم، قىيامەتنى قايىم قىلىپ بەرگىن، مەن ئەھلىمگە، مال ـ مۈلۈكلىرىمگە قايتاي دەيدۇ، (مانا بۇ مۆئمىن كىشىنىڭ ئاقىۋىتى بولىدۇ). ھەقىقەتەن كاپىر، دىنىسىز بەندىنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدىغان، ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلىدىغان ۋاختى كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئاسماندىن يۈزلىرى قاپقارا، تەلەتى سەت، قەبىھ پەرىشتىلەر چۈشىدۇ، ئۇنى كېپەنلەشكە ئەسكى كىگىز، تاشلاندۇق پالاسلارنى ئېلىۋالىدۇ، پەرىشتىلەر بۇ كاپىردىن بىر كۆز يېتىم مىقداردا ئولتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئى نىجىس، سېسىق جان، ئاللاھنىڭ كايىشىغا، غەزەپ ـ نەپرىتىگە چىققىن! دەيدۇ: ئاندىن ئۇنىڭ روھى، جېنى پۈتۈن بەدەنلىرىگە تارقاپ كېتىدۇ، ئاندىن پەرىشتە ئۇ جاننى خۇددى قوينىڭ يول يۇڭىدىن شوخۇلۇق شاخنى تارتىپ ئالغاندەك، قاتتىق تارتىپ ئالىدۇ، ئۇنى ئېلىپ، قولىدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك مىقداردا قويمايلا، ساقلاپ تۇرغان پەرىشتىلەر ئېلىپ، ھېلقى كىگىز پالاسنىڭ ئىچىگە سالىدۇ، بۇ نىجىس، سېسىق جاندىن تاپىنىڭ پۇرىقىدىنمۇ سېسىق پۇراق چىقىدۇ، بۇ سېسىق پۇراق يەر يۈزىدە تېپىلىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇنى ئېلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، ئۇلار ھەربىر پەرىشتە جامائەتلىرىدىن ئۆتسە، ئۇلار بۇ نىجىس، سىسىق جان، روھ كىم بولىدۇ؟ دەيدۇ: ئۆرلەۋاتقانلار، ئۇ دىنسىزنىڭ دۇنيادىكى كىشىلەر ئاتايدىغان ئەڭ قەبىھ، سەت ئىسىملىرى بىلەن ئاتاپ، پالانىنىڭ بالىسى، پالانى بولىدۇ دەيدۇ، ئاندىن ئاسمان ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، لېكىن ئىشىك ھەرگىز ئېچىلمايدۇ، ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى، «ئۇلارغا ئاسمان ئىشىكلىرى ھەرگىز ئېچىلمايدۇ» سۈرە ئەئراپ، **4** ـ ئايەت، ئاندىن، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ كىتابىنى ئەڭ تۆۋەن زېمىننىڭ ئىچىدىكى سىججىيىن، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك چوڭقۇر مەنزىللىك قىلىپ يېزىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ روھى قاتتىق تاشلىنىدۇ، جەسىتىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، مۇنداق سوئال سورايدۇ.

رەببىڭ كىم؟

ئۇ، ھا! ھا! مەن بىلەيمەن دەيدۇ.

ئۇلار، دىنىڭ نېمە؟ دېسە:

ئۇ ھا ھا مەن بىلمەيمەن دەيدۇ.

ئاراڭلارغا ئەۋەتىلگەن ماۋۇ كىشى كىم؟ دېسە:

ئۇ، ھا! ھا! مەن مەن بىلمەيمەن دەيدۇ. ئاندىن، ئاسماندىن مۇنداق نىدا كېلىدۇ، ئۇ يالغان سۆزلىدى، ئۇنىڭغا دوۋزاخدىن، ئوتتىن كۆرپە سېلىڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن دوزاخ تەرىپىگە بىر ئىشىك ئېچىڭلار! ئاندىن ئۇنىڭغا دوزاخنىڭ ھارارەتلىرى، قىززىقلىرى، زەھەرلىرى كېلىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسى شۇنداق تار قىلىنىدۇكى، قوۋۇرغىلىرى بىر ــ بىرىگە كىرىشىپ، گىرەلىشىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا، يۈزى، كىيىمى قەبىھ سەت، سېسىق پۇراقلىق بىر كىشى كېلىپ، سىنى خاپا قىلىدىغان، غەم قىلدۇرىغان نەرسە بىلەن بېشارەت ئال، مانا بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغان سېنىڭ كۈنۈڭدۇر دەيدۇ. ئۇ، سېنىڭ يۈزۈڭ يامانلىقنى ئېلىپ كېلىدىغان يۈز ئىكەن، سەن زادى كىم؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ، مەن سېنىڭ نىجىس، يامان ئەمەللىرىڭ بولىمەن دەيدۇ. ئاندىن ئۇ، ئى پەرۋەردىگارىم، ھەرگىز قىيامەتنى قايىم قىلمىغىن دەپ كېتىدۇ، (مانا بۇ دىنسىزنىڭ ئاقىۋىتى، ئى ئاللاھ، بىزلەرنى مۆئمىن قىلىپ، بۇنداق يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىسىلا، ئامىن!) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى خۇزەيمە، ھاكىم، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ، بىر قىسىم جايلىرى مۇتىۋاتىر.

إن الله إذا كان يوم القيامة ينزل إلى العباد ليقضي بينهم و كل أمة جاثية فأول من يدعو به رجل جمع القرآن و رجل قتل في سبيل الله و رجل كثير المال فيقول الله للقارئ: ألم أعلمك ما أنزلت على رسولي قال: بلى يا رب قال: فماذا عملت بما علمت ؟ قال: كنت أقوم به آناء الليل و آناء النهار فيقول الله له: كذبت و تقول له الملائكة: كذبت و يقول الله له: بل أردت أن يقال فلان قارئ فقد قيل ذلك ؛ و يؤتى بصاحب المال فيقول الله له: ألم أوسع عليك حتى لم أدعك تحتاج إلى أحد ؟ قال: بلى يا رب قال: فماذا عملت فيما آتيتك ؟ قال: كنت أصل الرحم و أتصدق فيقول الله له: كذبت و تقول الملائكة: كذبت و يقول الله: بل أردت أن يقال: فلان جواد فقد قيل ذلك ؛ و يؤتى بالذي قتل في سبيل الله فيقول الله: في ماذا قتلت ؟ فيقول: أمرت بالجهاد في سبيلك فقاتلت حتى قتلت فيقول الله له: كذبت و تقول له الملائكة: كذبت و يقول الله: بل أردت أن يقال فلان

جريء فقد قيل ذلك ؛ يا أبا هريرة أولئك الثلاثة أول خلق الله تسعر بهم النار يوم القيامة (ت ك) عن أبي هريرة .

**76.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن الله قىيامەت كۈنىدە بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشقا چۈشىدۇ، ئۈزىگە لايىق رەۋىشتە ئوخشىشى يوق ھالدا چۈشىدۇ، ۋەھالەنكى، ھەربىر ئۇممەت، تىزلانغان ھالدا، ئولتۇرۇدۇ، ئاللاھ ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن چاقىرىدىغان تۇنجى كىشىلەر بولسا، قۇرئاننى توپلاپ يادا ئالغان داموللا، قارى، مال ـ مۈلكى ناھايىتى كۆپ بولغان كىشى، نامىدا ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدۇر، ئاللاھ، ئۇ داموللام، قارىيغا مۇنداق دەيدۇ: مەن ساڭا پەيغەمبەرىمگە نازىل قىلغان ئايەتلىرىمنى بىلدۈرمىدىممۇ؟ قارى، ئى رەببىم، ئەلۋەتتە بىلدۈردىلە دەيدۇ، ئاللاھ: ئۇنداق بولسا، بىلگەن نەرسەڭگە قانداق ئەمەل قىلدىڭ؟ قارىي مەن ئۇ قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن كېچە تەرەپلەردە، كۈندۈز تەرەپلەردە قىيامدا تۇردۇم دەيدۇ، ئاللاھ، ئۇنىڭغا سەن يالغان سۆزلىدىڭ، دەيدۇ، پەرىشتىلەرمۇ سەن يالغان سۆزلىدىڭ دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھ سەن دىگىنىڭدەك مەقسەت قىلمىدىڭ، بەلكى، ئۆزۈڭگە پالانى قارى، داموللام دىيىلىشىنى مەقسەت قىلدىڭ، بۇ سۆزلەر، ئۇنىۋانلار ساڭا دېيىلىپ بولدى دەيدۇ، مال ئىگىسىنى كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا مەن سېنى بىرەر كىشىگە مۇھتاج قىلىپ قويماي، ساڭا مال ـ دۇنيانى كەڭرى قىلىپ بەردىم، شۇنداقمۇ؟ دەيدۇ. ئۇ، شۇنداق ئى رەببىم دەيدۇ، ئاللاھ: مەن ساڭا بەرگەن مال ـ مۈلۈكتە قانداق ئەمەل قىلدىڭ دېسە، ئۇ، مەن سىلە ـ رەھىم قىلدىم، سەدىقە قىلدىم دەيدۇ.ئاللاھ ئۇنىڭغا يالغان سۆزلىدىڭ دەيدۇ، پەرىشتىلەرمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئاندىن ئاللاھ، بەلكى سەن ئۆزۈڭگە پالانى سېخى دىيىلىشىنى مەقسەت قىلدىڭ، بۇ سۆز، ئۇ ئۇنىۋان ساڭا دۇنيادا دېيىلىپ بولدى، (مۇكاپات شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى)، ئاندىن ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنى كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ، ئۇنىڭغا نېمە دەپ ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دېسە، ئۇ، مەن سېنىڭ يوللىرىدا جىھادقا بۇيرۇلۇپ، ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلدۈم؟ دەيدۇ، ئاللاھ ۋە پەرىشتىلەر سەن يالغان سۆزلىدىڭ دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا سەن مېنىڭ يولۇمنى، مېنىڭ رازىلىقىمنى مەقسەت قىلماستىن، بەلكى، ئۆزۈڭگە پالانى باتۇر، قەھرىمان دىيىلىشىنى مەقسەت قىلدىڭ، بۇ سۆزلەر، مەقسىتىڭ بويىچە دېيىلىپ بولدى دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى، ئى ئەبۇ ھۇرەيرە قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىدىن تۇنجى بولۇپ دوزاخ ئوتى

يېقىلىدىغان، تۇتاشتۇرۇلىدىغان كىشىلەر ئەنە ئاشۇ ئۈچ كىشىدۇر. يەنى جابىر، شۆھرەتپەرەس سېخى، رىياخور داموللام، قارىي، ھاجىمدۇر. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان. سەھىھ. رىياخورلار ھاجى باشقا خاتىرىدە سۆزلىنىدۇ.

إن الله أذن لي أن أحدث عن ديك قد مرقت رجلاه الأرض و عنقه مثنية تحت العرش و هو يقول: سبحانك ما أعظمك! فيرد عليه: لا يعلم ذلك من حلف بي كاذبا (أبو الشيخ في العظمة طس ك) عن أبي هريرة

**77.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **ھەقىقەتەن، ئاللاھ ماڭا بىر كاتتا خوراز توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلدى. ئۇ خورازنىڭ ئىككى پۇتى ئەڭ تۆۋەنكى زېمىندىن چىقىپ تۇرىدۇ. بويىنى بولسا، ئەرشىنىڭ تەھتىدە قاتلىشىپ، ئېگىلىپ تۇرىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇ مۇنداق دەپ تۇرىدۇ. ئى ئاللاھ، سېنى پاك، سېنى نېمىدېگەن ئۇلۇغ ھە! ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب قايتۇرىدۇ، ئەنە شۇ پاكلىقىمنى، ئۇلۇغلۇقۇمنى مېنىڭ نامىم بىلەن يالغان قەسەم قىلغان كىشى ھەرگىز بىلمەيدۇ.** ئەبۇششەيخ، ھاكىم، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى اطلع على أهل بدر فقال: اعملوا ما شئتم فقد غفرت لكم (ك) عن أبي هريرة

**78.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **ھەقىقەتەن، ئاللاھ تائالا، بەدرى ئەھلىگە ئاشكارا بىلدۇرۇپ، قاراپ تۇرۇپ، مۇنداق دەۋەتكەن. سىلەر خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، شەك ــ شۈبھىسىز مەن سىلەر ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرىۋەتتىم.** ھاكىم توپلىغان، سە ھىھ. بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ پەزىلىتى ئايەت، ھەدىستە كۆپتۇر.

إن الله أمر يحيى بن زكريا بخمس كلمات أن يعمل بهن و أن يأمر بني إسرائيل أن يعملوا بهن فكأنه أبطأ بهن فأوحى الله إلى عيسى: إما أن يبلغهن أو تبلغهن فأتاه عيسى فقال له: إنك أمرت بخمس كلمات أن تعمل بهن و تأمر بني إسرائيل أن يعملوا بهن فإما أن تبلغهن و إما أن أبلغهن فقال له: يا روح الله إني أخشى إن سبقتني أن أعذب أو يخسف بي فجمع يحيى بني إسرائيل في بيت المقدس حتى امتلأ المسجد فقعد على

الشرفات فحمد الله و أثنى عليه ثم قال: إن الله أمرني بخمس كلمات أن أعمل بهن و آمركم أن تعملوا بهن ؛ و أولهن: أن تعبدوا الله و لا تشركوا به شيئا فإن مثل من أشرك بالله كمثل رجل اشترى عبدا من خالص ماله بذهب أو ورق ثم أسكنه دارا فقال: اعمل و ارفع إلي فجعل العبد يعمل و يرفع إلى غير سيده فأيكم يرضى أن يكون عبده كذلك ؟ و إن الله خلقكم و رزقكم فاعبدوه و لا تشركوا به شيئا و أمركم بالصلاة و إذا قمتم إلى الصلاة فلا تلتفتوا فإن الله عز و جل يقبل بوجهه على عبده ما لم يلتفت ؛ و أمركم بالصيام و مثل ذلك كمثل رجل معه صرة مسك في عصابة كلهم يجد ريح المسك و إن خلوف فم الصائم أطيب عند الله من ريح المسك ؛ و أمركم بالصدقة و مثل ذلك كمثل رجل أسره العدو فشدوا يديه إلى عنقه و قدموه ليضربوا عنقه فقال لهم: هل لكم أن أفتدي نفسي منكم ؟ فجعل يفتدي نفسه منهم بالقليل و الكثير حتى فك نفسه و أمركم بذكر الله كثيرا و مثل ذلك كمثل رجل طلبه العدو سراعا في أثره فأتى حصنا حصينا فأحرز نفسه فيه و إن العبد أحصن ما يكون من الشيطان إذا كان في ذكر الله تعالى . و أنا آمركم بخمس أمرني الله بهن: الجماعة و السمع و الطاعة و الهجرة و الجهاد في سبيل الله فإنه من فارق الجماعة قيد شبر فقد خلع ربقة الإسلام من عنقه إلا أن يراجع و من دعا بدعوة الجاهلية فهو من جثاء جهنم و إن صام و صلى و زعم أنه مسلم فادعوا بدعوة الله التي سماكم بها المسلمين المؤمنين عباد الله

(حم تخ ت ن حب ك) عن الحارث ابن الحارث الأشعري .

**79.** ھارىس ئىبنى ھارىس ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا، يەھيا ئەلەيھىسسالامنى بەش كەلىمىگە ئەمەل قىلىشقا، ۋە ئۇ كەلىمىلەرگە بەنى ئىسرائىللارنىڭمۇ ئەمەل قىلىشىنى بۇيرۇشقا ئەمىر قىلدى، بۇيرۇق چۈشۈردى، يەھيا ئەلەيھىسسالام بۇ ئەمىر ـ پەرماننى كېچىكتۈرگەندەك قىلاتتى، ئاندىن، ئاللاھ ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا يا تۇ يەتكۈزسۇن ياكى سەن يەتكۈزگىن دەپ ۋەھى قىلدى، يەھياغا ئەيسا ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق دېدى، سەن بەش كەلىمىگە ئەمەل قىلىشقا ۋە بەنى ئىسرائىللارنىڭمۇ ئەمەل قىلىشىنى بۇيرۇشقا

يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلۇپسەن، يا سەن يەتكۈزگىن، ياكى مەن يەتكۈزىمەن. يەھيا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا، يارۇھۇللاھ!، ھەقىقەتەن مەن، ئەگەر سەن بۇ ئىشتا مەندىن ئىلگىرلەپ كېتىپ، مېنىڭ قاتتىق ئازابقا قېلىشىمدىن قورقىمەن، ياكى مېنى يەر يۇتۇپ كېتىشىدىن قورقىمەن، دېدى ــ دە، بەنى ئىسرائىللارنى مەسجىدى ئەقسا، بەيتۇلمۇقەددەسكە توپلىدى، ھەتتا، مەسجىد لىق تولدى، ئاندىن ئۇ، مۇنبەردەك ئېگىز بىر جايدا ئولتۇرۇپ، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، مۇنداق دېدى، ھەقىقەتەن ئاللاھ مېنى بەش كەلىمگە ئەمەل قىلىشىمغا ۋە سىلەرنىڭمۇ ئەمەل قىلىشىڭلارنى بۇيرۇشۇمغا ئەمر، پەرمان چۈشۈردى.

**1**. ئاللاھقا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن، ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىسىلەر، بۇنىڭ مىسالى، يەنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن كىشىنىڭ مىسالى، مۇنۇ ۋەقەگە ئوخشايدۇ. بىر كىشى بىر قۇلنى خالىس مېلىدىن ئالتۇن ــ كۈمۈشكە سېتىۋالىدۇ. ئاندىن ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ، ئىشلەپ خىزمەت قىل، ئىش ھەققىنى ماڭا ئېلىپ كەل دەيدۇ. ئۇ قۇل ئىشلەپ، ئىش ھەققىنى باشقا بىر خوجايىنغا ئاپىرىپ بېرىدۇ. قايسىڭلار ئۆز قۇلىنىڭ ئاشۇنداق بولۇشىغا رازى بولىدۇ؟ ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرنى ياراتتى، سىلەرگە رىزىق بەردى، سىلەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاللاھقا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار.

**2**. ئاللاھ سىلەرنى ناماز ئوقۇشۇڭلارغا بۇيرىدى، نامازغا تۇرغان چاغدا، ئۇياق ــ بۇياققا قارىماڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە بەندىسى نامازدىكى چاغدا ئۇياق ــ بۇياققا قارىمىسىلا، ئۇ بەندىسىگە ئۆز يۈزى بىلەن ئالدىنى قىلىدۇ.

**3**. ئاللاھ سىلەرنى روزا تۇتۇشقا بۇيرىدى، ئۇنىڭ مىسالى: مۇنۇ كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، بۇ كىشى بىر تۇلۇم مىسكە ئەنبەر بىلەن جامائەت ئارىسىدا يۈرىدۇ، ھەربىر كىشى ئۇ مىسكىنىڭ پۇرىقىدىن تاپالايدۇ. ھەقىقەتەن روزا تۇتقۇچىنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى، ئاللاھنىڭ نەزىدە مىسكىنىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇشپۇراقراقتۇر.

**4**. ئاللاھ سىلەرنى سەدىقە بېرىشكە، زاكات بېرىشكە بۇيرىدى، ئۇنىڭ مىسالى، مۇنۇ كىشىنىڭ ۋەقەسىگە ئوخشايدۇ، بۇ كىشىنى دۈشمەنلەر ئەسىر ئالىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ ئىككى قولىنى مۇرىسىگە باغلاپ تاقاق سېلىپ، كاللىسىنى ئالغىلى مەيدانغا ئېلىپ ماڭىدۇ. جازا مەيدانىغا ئېلىپ ماڭغاندا، بۇ كىشى ئۇلارغا سىلەردىن جېنىمنى قۇتقۇزۇشۇم ئۈچۈن فىدىيە بەرسەم بولامدۇ؟ دەپ ئاز ــ تولىدىن فىدىيە بېرىپ، ئاخىرى ئۇ ئۆز جېنىنى قۇتقۇزىدۇ، (زاكات،

سەدىقە بەرگۈچى ئەنە شۇنداق قۇتۇلىدۇ)

**5.** ئاللاھ سىلەرنى ئاللاھنى كۆپ ئەسلەپ، زىكرى ئېيتىشىڭلارغا بۇيرىدى، ئۇنىڭ مىسالى، مۇنۇ كىشىنىڭ ۋەقەسىگە ئوخشاشتۇر، بۇ كىشىنى دۈشمەن كەينىدىن ئاختۇرۇپ، تېز قوغلاپ كېلىدۇ، ئاندىن بۇ كىشى مەھكەم بىر قورغانغا كىرىۋېلىپ، بۇ قورغاندا جېنىنى ساقلاپ قالىدۇ، ھەقىقەتەن بەندە ئاللاھنى ئەسلەش، زىكرى بىلەن تۇرسا، شەيتان دۈشمەندىن پۇختا قورغان بىلەن ساقلانغان بولىدۇ، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى)

ئاللاھ مېنى بۇيرۇغان بەش ئىشقا مەنمۇ سىلەرنى بۇيرۇيمەن.

**1.** جامائەتنى (مەيلى مەسجىد جامائىتى بولسۇن، مەيلى خەلىپە جامائىتى بولسۇن) لازىم تۇتۇڭلار؛

**2.** ئاڭلاش، **3.** ئىتائەت قىلىش، **4.** ھىجرەت قىلىش، **5.** ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، (بۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى) ھەقىقەتەن كىم جامائەتتىن بىر غېرىچ ئايرىلسا، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھالقىسىنى، بويۇنچىقىنى بويىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىۋەتكەن بولىدۇ، تۆۋبە قىلىپ، قايتىپ كېلىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، كىم جاھالىيەت چاقىرىقى بىلەن چاقىرسا، جاھىلىيەت دۇئالىرىنى قىلسا، گەرچە ئۇ ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ داۋا قىلسىمۇ، ناماز ئوقۇپ روزا تۇتسىمۇ، يەنىلا جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرىدىغانلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ كېتىدۇ، سىلەر ئاللاھنىڭ چاقىرىقى بىلەن چاقىرىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى مۇسۇلمانلار، مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ بەندىلىرى دەپ ئاتىدى، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىقى يەھيا، ئەيسا ۋە بەنى ئىسرائىللار بۇيرۇلغان بەش ئىش، ھازىرمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق بەش تۈۋرۈكى، پەش پەرزىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ بەش نەرسىنى تەكىتلەپ بۇيرۇغان، يالغۇز سىلەرلا ئەمەس، بۇرۇنقىلارمۇ بۇيرۇ لغان، بۇ قەدىمى ئىبادەت دەۋىتىپ، يانا بەش نەرسىگە بۇيرىدى.

إن الله أوحى إلي : أن تواضعوا حتى لا يفخر أحد على أحد و لا يبغي أحد على أحد(م د ه) عن عياض بن حمار .

**80.** ئىياز ئىبنى ھەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ماڭا مۇنداق ۋەھى قىلدى، ئۆزۈڭلارنى ناھايىتى كەمتەر، تۆۋەن تۇتۇڭلار، بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە پەخىر قىلمىسۇن، پەخىرلەنمىسۇن، بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە تاجاۋۇز قىلمىسۇن، ھەددىدىن ئاشمىسۇن، زۇلۇم قىلمىسۇن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى أوحى إلى : أن تواضعوا و لا يبغي بعضكم على بعض (خد ه) عن أنس

**81.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ماڭا مۇنداق ۋەھى قىلدى، ئۆزئارا كەمتەر بولۇڭلار، ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن تۇتۇڭلار، بەزىڭلار بەزىڭلارغا زۇلۇم قىلمىسۇن، تاجاۋۇز قىلمىسۇن، ھەددىدىن ئاشمىسۇن، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن.

إن الله أوحى إلي : أنه من سلك مسلكا في طلب العلم سهلت له طريق الجنة و من سلبت كريمتيه أثبته عليهما الجنة و فضل في علم خير من فضل في عبادة و ملاك الدين الورع (هب) عن عائشة .

**82.** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ماڭا مۇنداق ۋەھى قىلدى، شەك ـ شۈبھىسىز، كىم ئىلىم تەلەپ قىلىپ، ئىلىم يولىغا يول سالسا، مەن ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىپ بېرىمەن، مەن كىمنىڭ ئىككى كۆزىنى ئېلىۋالغان بولسام، يەنى كور، ئەما قىلىپ قويسام، شۇ ئىككى كۆزگە ئۇنىڭغا جەننەتنى بېرىمەن، ئىلىمدىكى پەزىلەت، ئىبادەتتىكى پەزىلەتتىن ياخشىدۇر، دىنىنىڭ ئاساسلىق نىزامى، پۈت تىرەپ تۇرغۇچىسى، تەقۋالىقتۇر، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله سيخلص رجلا من أمتي على رءوس الخلائق يوم القيامة فينشر عليه تسعة و تسعين سجلا كل سجل مثل مد البصر ثم يقول : أتنكر من هذا شيئا ؟ أظلمك كتبتي الحافظون ؟ فيقول : لا يا رب فيقول : أفلك عذر ؟ فيقول : لا يا رب فيقول : بلى إن لك عندنا حسنة و إنه لا ظلم عليك اليوم فتخرج بطاقة فيها أشهد أن لا إله إلا الله و أشهد أن محمدا عبده و رسوله فيقول : احضر وزنك فيقول : يا رب ما هذه البطاقة مع هذه السجلات ؟ فيقال : فإنك لا تظلم فتوضع السجلات في كفة و البطاقة في كفة فطاشت

السجلات و ثقلت البطاقة و لا يثقل مع اسم الله تعالى شيء (حم ت ك هب) عن ابن عمرو .

**83.** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، قىيامەت كۈنى ئۈممىتىمدىن بىر كىشىنى، خالايىقلار ئالدىغا ئېلىپ چىقىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ گۇناھ ــ مەئسىيەتلىرى يېزىلغان **99** خاتىرە دەپتەرنى يېيىپ قويىدۇ، ھەربىر خاتىرە كۆز يەتكۈدەك مىقداردا شۇنداق چوڭ، ئۇزۇن، كەڭرىدۇر، ئاندىن ئاللاھ، ئۇنىڭغا، سەن بۇلاردىن بىرەر نەرسىنى ئىنكار قىلامسەن؟، ساڭا مۇھاپىزەتچى، كاتىپلىرىم، زۇلۇم قىلىپتىمۇ؟ دېسە، ئۇ ياق يا رەببىم، ئىنكار قىلمايمەن، زۇلۇممۇ يوقكەن دەيدۇ: ئاللاھ: بىرەر ئۆزرەڭ بارمۇ؟ دېسە، ئۇ ياق ئۆزرەممۇ يوق دەيدۇ، ئاللاھ: ئۇنداق ئەمەس، ساڭا بىر ئۆزرە بار، ھەقىقەتەن سەن ئۈچۈن بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا بىر ياخشىلىق بار، بۇ كۈندە ساڭا زۇلۇم قىلىنمايدۇ دەپ ئارقىدىنلا ئىچىدە شاھادەت كەلىمىسى يېزىلغان بىر قەغەزنى چىقىرىلىدۇ، بۇ قەغەزدە «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، جەزمەن ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دېگەن» كەلىمىلەر باردۇر.

ئاللاھ ئۇ كىشىگە ياخشىلىق ۋەزنىگە، مىيزانىڭغا كەل، ھازىر بول دېسە، ئۇ كىشى بۇنچىۋالا دەپتەر، خاتىرىلەر ئالدىدا بۇ قەغەز قانچىلىك بولا؟ دەيدۇ، ئۇنىڭغا كەل دېيەلدىكىن كەل، ساڭا ھەرگىز زۇلۇم قىلىنمايدۇ دېيىلىدۇ، ئاندىن گۇناھ ــ مەئسىيەت يېزىلغان خاتىرىلەر مىيزاننىڭ بىر ئالقىنىغا، شاھادەت كەلىمىسى يېزىلغان قەغەز بىر ئالقىنىغا قويۇلىدۇ، خاتىرىلەر، دەپتەرلەر يەڭگىل كېلىپ قالىدۇ، ھېلىقى قەغەز ئېغىر كېلىدۇ، ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن ھېچنەرسە مىيزاندا ئېغىرلىقىدا تەڭ كېلەلمەيدۇ، يەنە بىر خاتىرىدە بىسمىللاھ بىلەن ھېچ نەرسە ئۇنى مىيزاندا ئېغىر كېلىپ بېسىپ كېتەلمەيدۇ دېيىلدى، تىرمىزى **2563** ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە **4290** ــ ھەدىس، ئەھمەد **6699** ــ ھەدىس، ھاكىممۇ، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

بۇ، ئاللاھنىڭ پەزلى، رەھمىتى، ئادىللىقى، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئىسمىنىڭ بەرىكىتى، ئەمدى گەپ، شۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېلىپ، ئىمان بىلەن بارالىشىمىزدا قالدى.

(صحيح) إن الله قال : إنا أنزلنا المال لإقام الصلاة و إيتاء الزكاة و لو كان لابن

آدم واد لأحب أن يكون له ثان و لو كان له واديان لأحب أن يكون لهما ثالث و لا يملأ جوف ابن آدم إلا التراب ثم يتوب الله على من تاب (حم طب) عن أبي واقد

**84.** ئەبۇ ۋاقىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (بۇ ھەدىس قۇددۇس) ھەقىقەتەن بىز سۈنى، يامغۇرنى كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن زاكات بېرىشى ئۈچۈن چۈشۈردۇق، ئەگەر ئادەم بالىسىغا بىر يىزا بېرىلسە، ئىككىنچىسىنىڭمۇ بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئىككى يېزىسى، داچىسى، شەھىرى بولسا، ئەلۋەتتە ئۈچىنچىسىنىڭ بولۇشىنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقى پەقەت توپا بىلەن تويىدۇ، ئۇنى پەقەت، توپا تويغۇزالايدۇ، ئاندىن، ئاللاھ تۆۋبە قىلغان كىشىنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستىن ئىنسان شۇنچە ھىرىسمەن كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى تۈگىمەيدۇ، ئاخىرىدا بۇ قىلمىشىدىن تۆۋبىگە چاقىرىدۇ.

إن الله تعالى قال: من عادى لي وليا فقد آذنته بالحرب و ما تقرب إلي عبدي بشيء أحب إلى مما افترضته عليه و ما يزال عبدي يتقرب إلي بالنوافل حتى أحبه فإذا أحببته كنت سمعه الذي يسمع به و بصره الذي يبصر به و يده التي يبطش بها و رجله التي يمشي بها و إن سألني لأعطينه و إن استعاذني لأعيذنه و ما ترددت عن شيء أنا فاعله ترددي عن قبض نفس المؤمن يكره الموت و أنا أكره مساءته (خ) عن أبي هريرة

**85.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: كىم مېنىڭ دوستۇمغا تاجاۋۇز قىلىپ، ھەددىدىن ئاشسا، مەن ئۇنۇڭغا جەڭ ئېلان قىلىمەن. مەن بەندەمگە پەرز قىلغان نەرسىلەردىنمۇ ماڭا دوستراق، سۆيۈملۈكرەك نەرسە بىلەن بەندەم ماڭا يېقىنلىشالمايدۇ، (يەنى پەقەت پەرز بىلەنلا يېقىنلىشالايدۇ، رازى قىلالايدۇ) بەندەم ماڭا مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، دوست تۇتقانغا قەدەر نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن يېقىنلىشىدۇ، مەن ئۇنى دوست تۇتۇپ، ياخشى كۆرگەندە ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى بولۇپ بېرىمەن، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى، ماڭىدىغان پۇتى بولۇپ بېرىمەن، ئەگەر مەندىن سورىسا، چوقۇم بېرىمەن، ماڭا سېغىنىپ پاناھ تىلىسە، قۇتقۇزىمەن، مەن قىلماقچى بولغان ئىشىمدا مۆئمىننىڭ جېنىنى ئالغاندا ئىككىلىنىپ قالغاندەك

ئىككىلىنىپ قالمايمەن، بۇ چاغدا ئىككىلىنىپ قالىمەن، مۆئمىن ئۆلۈمنى ياقتۇرمايدۇ، مەن بولسام، ئۇنى خاپا قىلىشنى ياقتۇرمايمەن، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

## بۇ ھەدىسنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكلىرى

**1.** ئاللاھنىڭ دوست تۇتۇش سۈپىتى بار.

**2.** ئاللاھنىڭ دوستى ئەۋلىيالار بار.

**3.** ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىدىغانلار چىقىدۇ.

**4.** ئاللاھ دوستى تەرەپتە كۆرەش قىلىدۇ.

**5.** بەندە، ئاللاھقا پەقەت پەرىز ئىبادەت بىلەنلا يېقىنلىشىدۇ.

**6.** نەپلە، سۈننەت ئىبادەت بىلەن مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ.

**7.** ئاللاھ ياخشى كۆرسە، يۇقىردا دېگەندەك قىلىپ بېرىدۇ.

**8.** ئاللاھ مۆئمىننىڭ جېنىنى ئامال يوق ئالىدۇ.

**9.** كىشى ئۆلۈمنى ياقتۇرمايدۇ.

**10.** ئاللاھ دوستى مۆئمىننى خاپا قىلمايدۇ.

**11.** بۇ ھەدىس، ھەدىس قۇددۇستۇر، ئاللاھنىڭ سۆزى، ئىسلام پېشۋاسى ئىبنى تەيمىييە بۇ ھەدىستىن مۇنداق دېگەن، كىم ئاللاھقا تەقۋالىق قىلسا، شۇ ئەۋلىيا، ئاللاھنىڭ دوستى بولىدۇ. سۈرە يۇنۇس **63** _ ئايەتتە ئەۋلىيالار دېگەن، ئىمان كەلتۈرۈپ، تەقۋادار بولغان كىشلەر دېگەندۇر.

ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا، بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: ھەدىسنىڭ مەنىسى، زاھىرغىلا چۈشۈنۈلمەيدۇ، چۈنكى، ئاللاھ بەندىنىڭ راستىنلا قۇلىقى، كۆزى، پۇت _ قولى ئەمەس، بۇ ئەزالار دېگەن ھادىسە، مەخلۇق ئۇخششى بار.ئاللاھ بۇ نەرسىلەردەك ھادىسە، مەخلۇق ئەمەس، ئاللاھنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، بۇ مەخلۇقلار ئاللاھتىن ئايرىم نەرسىدۇر،

ئاللاھ ئەزلى، ئەبەدى، مەڭگۈلۈك كامىل ھاياتلىق ئىگىسىدۇر.

بۇ ئەزالار بولسا، مەخلۇققا خاس بولۇپ، ھادىسە ھەم يوقاپ كېتىدۇ، ئۇنداقتا، ھەدىسنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ، ئىنسان ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ، ئاللاھنىڭ دوستى بولغاندا، ئاللاھنىڭ دوستلۇقىنى ئەسلىسە، ھەممىدىن ئۇستۇن بىلسە، ئاللاھ ئۇنىڭ كۆز قۇلىقىنى پۇت ـ قولىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، ساقلايدۇ، ياردەم بېرىدۇ. بۇ ئەزالار دائىم ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارغا ھەرىكەت قىلىدۇ، دائىم ئاللاھ بىللىدەك ئەمەل قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ ئەزالىرىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى رۇسلاپ، توغرىلاپ ھىدايەت قىلىدۇ. ياخشى ئەمەللىرىنى ئۇتۇقلۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىپ بېرىدۇ، ھەققەتكە ھىدايەت قىلىدۇ. بەزىلەر بۇ ئالاھىدە كارامەت بېرىلىش بولىدۇ، مۆئمىن، پاراسەت بىلەن كۆرىدۇ، قەلبى نۇر بىلەن كۆرىدۇ، ماكاننى قاتلاپ بېرىدۇ، تىز ماڭالايدۇ، زاماننى قاتلاپ بېرىدۇ، تېزلا نۇرغۇن ئەمەللەرنى قىلالايدۇ، خۇددى قۇرئاننى بىردەمدىلا تامام قىلغاندەك قول كۆتۈرسىلا دۇئاسى ئىجاۋەت بولىدۇ، دېگەن سۆزلەرنى شەرھى قىلىپ باقتى، بۇ ھەدىستىن ئاللاھنىڭ دوستىغا تاجاۋۇز قىلىش، ئۇلارنى خاپا قىلىپ، رەنجىتىش گۇناھى كەبىيرىدۇر، چۈنكى، جەڭ ئىلان قىلىندى، قۇرئان ۋە بۇ سەھىھ ھەدىستىن ئەۋلىيالار ھەق. ئەقىدە كىتابلىرىدا ئۇلارنىڭ كارامىتى ھەق دېيىلىدۇ، ئاللاھنىڭ دوستلۇقى ئام، خاس، ئىككى خىل بولىدۇ، سۈرە ئەنئام 62 ـ ئايەتتە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىگىسى، دوستى دېگەن بار. بۇ ئامدۇر. خاس بولغىنى بولسا، سۈرە يۇنۇس 63 ـ ئايەتتە بار، ئاللاھ بىلەن ئەۋلىيالار دوستلىرى بەندىلىرى ئارىسىدا پەقەت پەرىز، نەپلى ئىبادەت ۋاستەۋەسىيلە بولىدۇ، ئاللاھ بىلەن ئىبادەت ئارىسىدا ۋاستە ۋەسىيلە يوق، ئاللاھقا ئىبادەتنى ۋاستە بىلەن قىلسا، شېرىك بولىدۇ، ئاللاھقا پەقەت ئۇلار، بۇلار بىلەن ئەمەس، ئەۋلىيا، مازايى ـ ماشايىخ بىلەن ئەمەس، ئىبادەت بىلەنلا يېقىنلاشقىلى بولىدۇ. شەرىئەتتە تەكلىپ؛ پەرز ۋە نەپلە دەپ ئىككى خىلدۇر، پەرىز ئىبادەت نەپلە ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر، نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش كۆرسىتىلدى، ئاللاھنىڭ دوستى بولغىنىڭنىڭ ئالامىتى، نىشان بەلگىسى، سۈننەت . نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش، يۇقىرىقى ئەزالار، ھەقنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلسا، ئاللاھ رازى بولىدىغانلام ئىشلارنى ئاڭلايدۇ، كۆرىدۇ، قىلىدۇ، مەنپەئەت ئالىدۇ، ئاللاھنىڭ دوستى بولساڭ، سورىغىنىڭنى بېرىدۇ، قېچىپ پاناھ تىلىسەڭ، سىنى قۇتقۇزىدۇ، پايدىنى ئېلىشدىن، زىياندىن قېچىشدىن چوڭ بەخت يوقتۇر، ئەۋلىيالارنىڭ كارامىتى شۇكى، ئاللاھ ئۇلار تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دۇشمىنىگە جەڭ ئىلان قىلدى، سىز ھەربىر ھەدىسنى مۇشۇ

ئۇسۇلدا تەتقىق قىلىپ، ھۆكۈم چىقىرىپ ئوقۇۋاتقان، ياخشى ئەمەل قىلىدىغان.
ئالاھنىڭ مۇھەببىتى سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، سىز ئەسلىسىڭىزلا ئۇ سىزنى
ئەسلەيدۇ، تىرىشسىڭىز ئۇ سىزنى ياخشى كۆرىدۇ، كىشى ياخشى كۆرگىنى
بىلەن بىللە بولىدۇ، بولۇپمۇ ئاخىرەتتە شۇنداق، ئىلىم ـ ئىبادەت، جىھاد بىلەن
مەشغۇل بولۇڭ، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىڭ، ئۇمۇمنىڭ
مەنپەئەتىنى شەخسىي مەنپەئەتىڭىزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئاممىغا، خەلققە
ياخشىلىق قىلىڭ، مەخلۇقاتقا ياخشىلىق قىلسىڭىز، خالىققا ئىبادەت قىلسىڭىز،
جەننەتكە كىرىسىز، ئاللاھ بىزلەرنى دوستلىرىنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن، ئامىن!

إن الله قبض قبضة فقال: هذه إلى الجنة برحمتي و قبض قبضة فقال: هذه إلى النار و لا أبالي (ع) عن أنس

**86.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ئادەم بالىلىرىدىن بىر چاڭگالنى ئېلىپ، مانا بۇ مېنىڭ رەھمىتىم بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ دېدى، يەنە بىر چاڭگالنى بولسا، مانا بۇ دوزاخقا كىرىدۇ، پەرۋا قىلمايمەن دېدى، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

أول ما يحاسب الناس به يوم القيامة من أعمالهم الصلاة يقول ربنا عز و جل لملائكته و هو أعلم: انظروا في صلاة عبدي أتمها أم نقصها ؟ فإن كانت تامة كتبت له تامة و إن كان انتقص منها شيئا قال: انظروا هل لعبدي من تطوع ؟ فإن كان له تطوع قال: أتموا لعبدي فريضته ثم تؤخذ الأعمال على ذاكم (حم د ن ك) عن أبي هريرة

**87.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنىدە كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى نامازدۇر، رەببىمىز ئەززە ۋە جەللە پەرىشتىلىرىگە بىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: بەندەمنىڭ نامازلىرىغا قاراپ بېقىڭلار، ئۇ نامازنى كامىل، تولۇق قىلدىمۇ، ياكى كام قىلىپ قويدىمۇ؟ قاراڭلار، ئەگەر تولۇق، كامىل قىلىنغان بولسا، كامىل يېزىلىدۇ، ئەگەر نامازدىن بىرەر نەرسە كاملاپ قالسا، بەندەمنىڭ نەپلە ناماز، ئىبادەتلىرى بارمۇ؟ قاراپ بېقىڭلار دەيدۇ، ئەگەر ئۇ بەندە ئۈچۈن نەپلە ناماز بولسا، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: بەندەمنىڭ پەرز نامىزىنى شۇ نەپلە نامىز بىلەن تولۇق، كامىل قىلىۋېتىڭلار! ئاندىن بارلىق ئەمەللىرىدىن شۇ يوسۇندا ھېساب ئېلىنىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ

داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ئەي قېرىنداشلار! نەپلە ناماز، نەپلە زاكات، سەدىقە ــ ئېھسان، نەپلە روزا، نەپلە ھەج، نەپلە جىھادقىچە ياخشىلىق ئەمەللىرىنى كۆپلەپ قىلىڭلار، ئۇشۇق دۆلەت باشنى يارمايدۇ. ئاللاھ بىزلەرگە رەھمەت پەزلىدىن ئاتا قىلا، ئامىن!

أول من يدعى يوم القيامة : آدم فتتراءى له ذريته فيقال : هذا أبوكم آدم فيقول : لبيك و سعديك فيقول : أخرج بعث جهنم من ذريتك : فيقول : يا رب كم أخرج ؟ فيقول : أخرج من كل مائة تسعة و تسعين قالوا : يا رسول الله إذا أخذ منا من كل مائة تسعة و تسعون فماذا يبقي منا ؟ قال : إن أمتي في الأمم كالشعرة البيضاء في الثور الأسود (خ) عن أبي هريرة

**88.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەن: قىيامەت كۈنى چاقىرىلىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭغا بارلىق باللىرى كۆرسىتىلىدۇ، ئاندىن مانا بۇ سىلەرنىڭ داداڭلار، بوۋاڭلار ئادەم بولىدۇ دېيىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى لەببەي، خوش، مانا بىز تەييار دەيدۇ، ئاللاھ تائالا ئادەمگە باللىرىڭدىن، ئەۋلادلىرىڭدىن جەھەننەم ئەھلىنى چىقارغىن! دەيدۇ، ئادەم: ئى رەببىم، قانچىلىك چىقىرىمەن؟ دەيدۇ، ئاللاھ: ھەر **100**دىن **99**نى چىقىرىسەن، دەيدۇ، (يەنى **100** كىشىدىن **99** كىشى جەھەننەمگە كىرىدۇ) ساھابىلار، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بىزنىڭ ھەر **100** كىشىمىزدىن **99** كىشى دوزاخقا تۇتۇلسا، بىزدىن نېمە قالىدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققەتەن مېنىڭ ئۈممىتىم باشقا ئۈممەتلەرگە نىسبەتەن تۇم، قار اكالىنىڭ دۈمبىسىدىكى بىرنەچچەتال ئاق تۈككە ئوخشايدۇ دېدى، (يەنى بۇ ئۈممەتتىن دوزاخقا كىرىدىغىنى ئاز دېگەن، باشقا خاتىرىدە بۇ ئۈممەت جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ، يەنە تېخى يۇقىرىدا **120** سەپتىن **80** سەپ جەننەت ئەھلى مۇشۇ ئۈممەت بولىدى، يۇقىرىقى دۇزاخ ئەھلىنىڭ قاتارىدا يەئجۇج ۋەمەئجۇجلار مۇباردۇر. ئاللاھ ئەئلەم) بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

ألا إن ربي أمرني أن أعلمكم ما جهلتم مما علمني يومي هذا كل مال نحلته عبدا حلال و إني خلقت عبادي حنفاء كلهم و إنهم أتتهم الشياطين فاجتالتهم عن دينهم و حرمت عليهم ما أحللت لهم و أمرتهم أن يشركوا بي ما لم أنزل به سلطانا ؛ و إن الله نظر إلى

أهل الأرض فمقتهم عربهم و عجمهم إلا بقايا من أهل الكتاب و قال: إنما بعثتك لأبتليك و أبتلي بك و أنزلت عليك كتابا لا يغسله الماء تقرؤه نائما و يقظانا و إن الله أمرني أن أحرق قريشا فقلت يا رب إذن يثلغوا رأسي فيدعوه خبزة قال: استخرجهم كما استخرجوك و اغزهم نغزك و أنفق فسننفق عليك و ابعث جيشا نبعث خمسة مثله و قاتل بمن أطاعك من عصاك و أهل الجنة ثلاثة: ذو سلطان مقسط متصدق موفق و رجل رحيم رقيق القلب لكل ذي قربى و مسلم و عفيف متعفف ذو عيال ؛ و أهل النار خمسة: الضعيف الذي لا زبر له الذين هم فيكم تبع لا يبتغون أهلا و لا مالا و الخائن الذي لا يخفى له طمع و إن دق إلا خانه و رجل لا يصبح و لا يمسي إلا و هو يخادعك عن أهلك و مالك ؛ و ذكر البخل و الكذب و الشنظير الفحاش (حم م) عن عياض بن حمار

**89.** ئىياز ئىبنى ھەمارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم مېنى بۇگۈنكى مۇنۇ كۈندە ماڭا ئۆگەتكەن، بىلدۈرگەن، سىلەر بىلمەيدىغان ئىلىملەرنى سىلەرگە ئۆگىتىشىمنى بۇيرىدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمگە ئاتا قىلىپ بەرگەن ماللار ھالالدۇر. ھەقىقەتەن مەن ئۇلارنىڭ ھەممىنى ھەقگە مايىل مۇسۇلمان ياراتتىم. ھەقىقەتەن ئۇلارغا شەيتانلار كېلىپ، ئۇلارنى دىنلىرىدىن چىقىرىپ ئازدۇرۇۋېتىدۇ. مەن ئۇلارغا ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋېتىدۇ. ئۇلارنى ماڭا مەن بىرەر ھۆججەت، دەلىل ـ ئىسپات چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرىيدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا زېمىن ئەھلىگە قاراپ ئازغىنا ئەھلى كىتابلارنىڭ قالدۇقلىرىدىن باشقا بارلىق كىشىلەرگە ئەرەپ، ئەجەملەرگە غەزەپ قىلدى. كايىدى ۋە دېدىكى ھەقىقەتەن مەن سېنى سىناپ، ئىمتىھان ئېلىش، سەن بىلەن باشقىلارنى سىناپ، ئىمتىھان ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتىم. ساڭا كىتاب قۇرئاننى نازىل قىلدىم. ئۇنى سۇمۇ يۇيۇپ چىقىرۋېتەلمەيدۇ. يەنى قوغدايمەن. ئۇنى سەن ئۇخلىغان ۋە ئويغاق ھالدا ئوقۇيسەن. (چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىلى ئۇخلىمايتتى) ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مېنى قۇرەيشلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشىمگە بۇيرىدى. مەن ئاندىن ئى رەببىم، ئۇنداقتا ئۇلار بېشىمنى دەسسەپ، يەنجىپ، چەيلەپ بىردانە ياپىلاق تاندەك تاشلاپ قويىدۇ دېدىم. ئاللاھ تائالا، ئۇنداق بولسا، ئۇلار سېنى قوغلاپ چىقارغاندەك، سەنمۇ ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغىن، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىل، بىز ساڭا ياردەم بېرىمىز،

ئاللاھ يولىدا خەۋلە، ساڭمۇ خەۋلىنىدۇ، قوشۇن ئەۋەتكىن، بىزمۇ سېنىڭ قوشۇنىڭدەك بەش ھەسسە قوشۇن ئەۋەتىمىز، ساڭا ئىتائەت قىلغان كىشىلەر بىلەن بىرگە ساڭا ئاسىي بولغان كىشىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغىن.

جەننەت ئەھلى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

**1**. ئادىل، سەممىي، راستچىل، تەۋپىق تاپقان، سۇلتان، پادىشاھ.

**2**. دىلى يۇمشاق، مېھرىبان، ھەرقانداق يېقىن تۇغقان ۋە مۇسۇلمانلارغا قەلبى يۇمشاق، رەھىمدىل كىشىدۇر.

**3**. هارامدىن ساقلانغان ئىپپەتلىك، سائىللىق قىلىشتىنمۇ ئىپپەتلىك، كۆپ ئەھلى بالىلىرى بولغان مۇشەققەتلىك مۇسۇلماندۇر.

دوزاخ ئەھلى بەش تۈرلۈك بولىدۇ؛

**1**.لايىق بولمايدىغان ئىشلاردىن توسۇپ قالغىدەك ئەقىل ــ پاراسەت يوق، دائىم سىلەرگە ئەگىشىۋالىدىغان يا ئەھلى، يا مالنى تەلەپ قىلمايدىغان، دىن، دۇنيادا نەتىجىسى يوق، ئاجىز، دۆت كىشىدۇر.

**2**. كىچىككىنە تاما قىلغۇدەك نەرسە كۆرۈنسىلا خىيانەت قىلىدىغان خائىندۇر.

**3**. تاڭ ئاتقۇزسا، كەچ قىلسا، دائىم دىگۈدەك ئەھلىڭ ۋە مېلىڭ توغرىسىدا سېنى ئالدايدىغان ھىيلە ــ مېكىر قىلىدىغان كىشىدۇر.

**4**. بېخىل ياكى كاززاپ كىشىدۇر.

**5**. ئەخلاقى يامان، ناچار ئەخلاقلىق، پاھىشە ئىشنى قىلغۇچى، پاھىشە سۆزلىگۈچى كىشىدۇر. (چۈنكى، بۇ هاياسىزدۇر) مۇسلىم **5109** ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد **4250** ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە **4169** ــ ھەدىس، ئەھمەد **17616** ــ ھەدىس، سەھىھ.

أتاني الليلة ربي تبارك و تعالى في أحسن صورة فقال: يا محمد هل تدري فيم يختصم الملأ الأعلى ؟ قلت لا فوضع يده بين كتفي حتى وجدت بردها بين ثديي فعلمت ما في السموات و ما في الأرض فقال: يا محمد هل تدري فيم يختصم الملأ الأعلى ؟ قلت: نعم في الكفارات و الدرجات و الكفارات: المكث في المساجد بعد الصلوات و المشي على

الأقدام إلى الجماعات و إسباغ الوضوء في المكاره قال: صدقت يا محمد ! و من فعل ذلك عاش بخير و مات بخير و كان من خطيئته كيوم ولدته أمه و قال: يا محمد إذا صليت فقل اللهم إني أسألك فعل الخيرات و ترك المنكرات و حب المساكين و أن تغفر لي و ترحمني و تتوب علي و إذا أردت بعبادك فتنة فاقبضني إليك غير مفتون و الدرجات: إفشاء السلام و إطعام الطعام و الصلاة بالليل و الناس نيام (عب حم عبد بن حميد ت) عن ابن عباس

**90.** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:، ماڭا بۈگۈن كېچە رەببىم تەبارەك ۋەتائالا ئەڭ گۈزەل سۈرەتتە كېلىپ مۇنداق دېدى، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۈستۈنكى جامائەت، پەرىشتىلەرنىڭ نېمە توغرىسىدا دە ــ تالاش قىلىشىۋاتقىنىنى بىلەمسەن؟ مەن، ياق بىلمەيمەن دېدىم. ئاندىن رەببىم ئاللاھ قولىنى ئىككى تاغىقىم ئارىسىغا قويدى، ئۇ سوغۇق لەززەتنى كۆكسۈم ئارىسىدا تاپتىم، شۇنىڭ بىلەن ئاسمان ــ زېمىن ئارىسىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى بىلدىم، ئاندىن ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەمدى بىلدىڭمۇ؟ دېدى. مەن ھەئە بىلدىم، ئۇلارنىڭ دە ــ تالاش قىلىپ داۋالاشقانلىرى گۇناھلارنى ئۆچۈرىدىغان كەففارەت توغرىسىدا، دەرىجىلەر توغرىسىدا ئىكەن، گۇناھقا كەففارەت بولىدىغان ئىشلار بولسا، مەسجىددە نامازدىن كېيىن ئولتۇرۇش، قەدەملەر بىلەن جامائەتكە مېڭىش، قىيىنچىلىقتىمۇ تاھارەتنى كامىل ئېلىش دېدىم، ئاللاھ راست دېدىڭ، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، كىم يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلسا، ياخشىلىق بىلەن ياشاپ، ياخشىلىق بىلەن ئۆلىدۇ، خاتالىقىدىن ئانىسى تۇغقان كۈندىكىدەك پاك بولۇپ كېتىدۇ. ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ناماز ئوقۇغان چېغىڭدا مۇنداق دۇئا قىل، ئى ئاللاھ، مەن سىلىدىن تۆۋەندىكى ئىشلارنى سورايمەن. ياخشىلىقلارنى قىلىشنى، يامانلىقلارنى تەرك ئېتىشنى، مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرۈشنى، ماڭا مەغپىرەت قىلىشلىرىنى، رەھىم قىلىشلىرىنى، تۆۋبەمنى قوبۇل قىلىشلىرىنى سورايمەن. بەندىلىرىڭگە بىرەر پىتنە، سىناق، ئىرادە قىلسىلا، مېنى پىتنىگە قويماستىن سىلى تەرەپكە ئېلىپ كەتسىلە، بۇ مېنىڭ سورايدىغىنىم، دەرىجىلەر يۇقىرى مەرتىۋىلەر بولسا، سالامنى كەڭرى قىلىش، تائام بېرىش، كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان كېچىلەردە ناماز ئوقۇشتۇر دېدى، ئەھمەد، ئابدۇررازاق، ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيدەتلەر خاتىرلىگەن،

سەھىھ ھەدىستۇر.

أتيت بالبراق و هو دابة أبيض طويل فوق الحمار و دون البغل يضع حافره عند منتهى طرفه فركبته حتى أتيت بيت المقدس فربطته بالحلقة التي تربط بها الأنبياء ثم دخلت المسجد فصليت فيه ركعتين ثم خرجت فجاءني جبريل بإناء من خمر و إناء من لبن فاخترت اللبن فقال جبريل : اخترت الفطرة ؛ ثم عرج بنا إلى السماء فاستفتح جبريل فقيل : من أنت ؟ قال : جبريل قيل : و من معك ؟ قال : محمد قيل : و قد بعث إليه ؟ قال : قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بآدم فرحب بي و دعا لي بخير ؛ ثم عرج بنا إلى السماء الثانية فاستفتح جبريل فقيل : من أنت ؟ قال : جبريل قيل : و من معك ؟ قال : محمد قيل : و قد بعث إليه ؟ قال : قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بابني الخالة : عيسى بن مريم و يحيى بن زكريا فرحبا بي و دعوا لي بخير ؛ ثم عرج بنا إلى السماء الثالثة فاستفتح جبريل فقيل : من أنت ؟ قال : جبريل قيل : و من معك ؟ قال : محمد قيل : و قد بعث إليه ؟ قال : قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بيوسف و إذا هو قد أعطي شطر الحسن فرحب بي و دعا لي بخير ؛ ثم عرج بنا إلى السماء الرابعة فاستفتح جبريل فقيل : من هذا ؟ قال : جبريل قيل : و من معك ؟ قال : محمد قيل : و قد بعث إليه ؟ قال : قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بإدريس فرحب بي و دعا لي بخير قال الله تعالى : (و رفعناه مكانا عليا ؛ ثم عرج بنا إلى السماء الخامسة فاستفتح جبريل فقيل : من هذا ؟ قال : جبريل قيل : و من معك ؟ قال : محمد قيل : و قد بعث إليه ؟ قال : قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بهارون فرحب بي و دعا لي بخير ؛ ثم عرج بنا إلى السماء السادسة فاستفتح جبريل فقيل : من هذا ؟ قال : جبريل قيل : و من معك ؟ قال : محمد قيل : و قد بعث إليه ؟ قال : قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بموسى فرحب بي و دعا لي بخير ؛ ثم عرج بنا إلى السماء السابعة فاستفتح جبريل فقيل : من هذا ؟ قال : جبريل قيل : و من معك ؟ قال : محمد قيل : و قد بعث إليه ؟ قال : قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بإبراهيم مسندا ظهره إلى البيت المعمور و إذا هو يدخله كل يوم سبعون ألف ملك لا يعودون إليه ثم ذهب بي إلى سدرة المنتهى و إذا ورقها كآذان الفيلة و إذا ثمرها كالقلال فلما غشيها من أمر الله ما غشي تغيرت فما أحد من خلق الله

يستطيع أن ينعتها من حسنها فأوحى الله إلي ما أوحى ففرض علي خمسين صلاة في كل يوم و ليلة؛ فنزلت إلى موسى فقال: ما فرض ربك على أمتك قلت: خمسين صلاة قال: ارجع إلى ربك فسله التخفيف فإن أمتك لا تطيق ذلك فإني قد بلوت بني إسرائيل و خبرتهم فرجعت إلى ربي فقلت: يا رب خفف عن أمتي فحط عني خمسا؛ فرجعت إلى موسى فقلت: حط عني خمسا قال: إن أمتك لا يطيقون ذلك فارجع إلى ربك فسله التخفيف؛ فلم أزل أرجع بين ربي و بين موسى حتى قال: يا محمد إنهن خمس صلوات كل يوم و ليلة لكل صلاة عشر فذلك خمسون صلاة و من هم بحسنة فلم يعلمها كتبت له حسنة فإن عملها كتبت له عشرا و من هم بسيئة فلم يعملها لم تكتب شيئا فإن عملها كتبت سيئة واحدة؛ فنزلت حتى انتهيت إلى موسى فأخبرته فقال: ارجع إلى ربك فسله التخفيف فقلت: قد رجعت إلى ربي حتى استحييت منه حم م عن أنس .

**91.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا بۇراق كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئىشەكتىن چوڭراق قېچىردىن كىچىكرەك ئۇزۇن ئاق ھايۋان ئىدى، يۈگۈرسە، قەدىمىنى تۇۋېقىنى كۆزى يەتكەن جايغا قوياتتى، يەنى بىر كۆز يېتىم مىقدارىغا بىر ئاتلايتتى، مەن ئۇنىڭغا مىنىپ بەيتۇلمۇقەددەسكە كەلدىم، ئۇنى پەيغەمبەرلەر ئۇلىغىنى باغلايدىغان ھالقىغا باغلاپ قويۇپ، مەسجىدكە كىرىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇم، ئاندىن چىقسام، ماڭا جىبرىئىل بىر قاچىدا ھاراق، بىر قاچىدا سۈت ئېلىپ كەپتۇ، مەن سۈتنى تاللىدىم، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى، سەن پىترەتنى يەنى دىننى قوبۇل قىلىدىغان تەبىئەتنى، ئىسلام دىنىنى سۈننەتنى، توغرا يولنى تاللىدىڭ، ئاندىن بىز ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، جىبرىئىل ئىشىكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى، كىم سەن؟ دېيىلدى، ئۇ جىبرىئىل دېدى، سەن بىلەن كىم بار؟ دېيىلدى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدى، ئۇ ئۇستىگە چاقىرىلغانمۇ؟ «ئالىملار ئۇلار پەيغەمبەرلىكنى بىلگەچكە ئۇنى سورىمىغان، پەقەت چاقىرىلغانلىقنى سورىغان دېدى» جىبرىئىل ھەئە چاقىرىلغان دېدى، بىزگە ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى، ناگاھان مەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرىمەن، ئۇ، مەرھابا، خۇش كەپسىز دەپ ماڭا ياخشىلىق بىلەن دۇئا قىلدى، يەنى ياخشىلىقنى سورىدى، ئاندىن بىز ئىككىنچى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، جىبرىئىل ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشنى

سورىدى، كىم سەن دىيىلدى؟ جىبرىئىل، سەن بىلەن كىم بار؟ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇستىگە چاقىرىلدىمۇ؟ ھە، بىزگە ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى، ناگاھان مەن، ئاچا ــ سىڭىللارنىڭ ئىككى بالىسى، مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن زەكەرىيا ئوغلى يەھيانىڭ يېنىدا تۇرىمەن، «ئۇلار بىر نەۋرە بولۇپ، ھاممىلارنىڭ ئوغۇللىرى» ئۇلارمۇ مىنى قارشى ئېلىپ، خۇش كەپسىز دەپ مەن ئۇچۇن ياخشىلىقنى سوراپ دۇئا قىلدى. ئاندىن بىز ئۇچىنچى قەۋەت ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، يۇقىرىقىدەك سوئال ــ جاۋابلاردىن كېيىن، ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ جايدا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بار ئىكەن، ئۇنىڭغا بارلىق گۈزەللىكنىڭ يېرىمى بېرىلىپتۇ، ئۇمۇ مەرھابا دەپ مەن ئۇچۇن دۇئا قىلدى، ئاندىن بىز تۆتىنچى قەۋەت ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، جىبرىئىل ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى، كىم بۇ؟ جىبرىئىل، سەن بىللە كىم بار؟ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ يۇقىرىغا چاقىرىلغانمۇ؟ شۇنداق، ئاندىن بىزگە ئىشىك ئېچىلدى، ناگاھان مەن ئىدرىيس ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرىمەن، ئۇمۇ مىنى قارشى ئېلىپ، مەن ئۇچۇن ياخشىلىقنى سوراپ دۇئا قىلدى. ئاللاھ بۇ پەيغەمبەر توغرىسىدا «بىز ئۇنى ئۇستۈن، ئالى ئورۇنغا كۆتۈردۇق» دېگەن. ئاندىن بىز بەشىنچى قەۋەت ئاسمانغا ئۆرلىدۇق، يۇقىرىدەق سوئال ـ جاۋابلاردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ جايدا ھارۇن ئەلەيھىسسالام بار بولۇپ، ئۇمۇ مەرھابا، خۇش كەپسىز دەپ دۇئا قىلدى، ئاندىن بىز ئالتىنچى قەۋەت ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، سوئال ـ جاۋابلاردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ جايدا مۇسا ئەلەيھىسسالام بولۇپ، مىنى قارشى ئېلىپ دۇئا قىلدى. ئاندىن بىز يەتتىنچى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، يۇقىرىقىدەك سوئال ـ جاۋابلاردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، ناگاھان مەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرىمەن، ئۇ ئۇچىسىنى بەيتۇلمەئمۇرغا يۆلىۋاپتۇ، بۇ ئۆيگە ئىبادەت، زىيارەت ئۇچۇن ھەر كۈنى **70000** پەرىشتە كىرىپ تۇرىدىكەن، ئۇلار ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كەلمەيدىكەن، ئاندىن مەن سىدرەتۇلمۇنتەھاغا ئاپىرىلدىم، «بۇنداق ئاتىلىش، پەرىشتىلەر ئىلمى، شۇ جايدا توختايدۇ، چۈشكەن، ئۆرلىگەن نەرسىمۇ شۇنداق، بۇ جايدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەملا ئۆرلىيەلىگەن» ئۇنىڭ قۇلىقى، پىلنىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدىغان، مىۋىسى بولسا چوڭ ـ چوڭ تاۋاقلارغا ئوخشايدىكەن، ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن ئۇنى قورشاشقا تىگىشلىك نەرسە قورشىغان چاغدا، ئۇ ئۆزگىرىپ كەتتى، ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىدىن ھېچبىر كىشى ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى سۈپەتلەپ بېرىشكە قادىر بولالمايدۇ، ئاللاھ ماڭا ۋەھى قىلىشقا تېگىشلىك، ۋەھى قىلماقچى بولغان نەرسىنى ۋەھى قىلدى، ماڭا بىر كېچە ــ

كۈندۈزدە **50** ۋاخ نامازنى پەرىز قىلدى، «ئۈممىتىمگە شۇنىڭ ئىچىدە» ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغىچە چۈشتۈم، ئۇ رەببىڭ ئۈممىتىڭگە نېمىنى پەرىز قىلدى؟ دېدى، مەن **50** نامازنى دېدىم، ئۇ رەببىڭگە قايتىپ، يەڭگىللىتىشنى سورىغىن، ئۈممىتىڭ ھەرگىز قادىر بولالمايدۇ، مەن بەنى ئىسرائىللارنى سىناپ كۆرگەن دېدى، مەن رەببىمنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم، «يەنى مۇناجاتلاشقان جايغا كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم مۇناجات قىلدىم، ئاللاھ ھەممىگە قادىر، خالىسا زىمىندا پەرىز قىلاتتى، لېكىن، ناماز كاتتا ئىبادەت بولغاچقا، ئاسماندا پەرىز قىلىندى، يۇقىرىقى ھەربىر ئاسماندىكى پەيغەمبەرلەر ئەھۋالى ۋە بۇ مۇناجات ئەھۋالى قانداقلىقى، كەيپىياتى بىزگە مەلۇم ئەمەس، بىز ئۇنى بىلمەيمىز، ئەمما، شەكسىز ئىمان كەلتۈرىمىز» مەن كېلىپ، ئى رەببىم، ئۈممىتىمدىن يەڭگىللەتسىلە دەپ سورىدىم، مەندىن بەشنى ئېلىپ تاشلىدى، ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ بەشنى ئېلىپ تاشلاپ يەڭگىللەتتى دېدىم، ئۈممىتىڭ قادىر بولالمايدۇ، يەنە قايتىپ بېرىپ سورىغىن، يەڭگىللىتىشنى سورىغىن دېدى، مەن رەببىم بىلەن مۇسا ئارىلىقىدا چۈشۈپ چىقىپ، يۈردۈم، ئاخىرى ئاللاھ تائالا ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن بۇ بىر كېچە كۈندۈزدىكى بەش ۋاخ نامازدۇر، ھەربىر ۋاخ نامازغا ئونى بېرىلىدۇ، ئۇ بەش ناماز **50** ۋاخ بولىدۇ، كىم بىر ياخشىلىقنى مەقسەت، نىيەت قىلىپ، ئەمەل قىلالمىسا، بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، ئەگەر ئەمەل قىلسا، ئون ياخشىلىق بىرنىڭ بەراۋىرىگە يېزىلىدۇ، ئەگەر يامانلىققا مەقسەت قىلىپ ئەمەل قىلمىسا، ھېچنېمە يېزىلمايدۇ، ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلىپ سالسا، بىر گۇناھ يېزىلىدۇ دېدى، مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا چۈشۈپ، بۇلارنى خەۋەر قىلدىم، ئۇ يەنە قايتىقىن، رەببىڭدىن يەڭگىللىتىشنى سورىغىن دېدى، مەن رەببىمنىڭ قېشىغا بېرىۋېرىپ خىجىل بولۇپ، ھايا قىلىپ، تارتىنىپ قالدىم دېدى. مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىدى، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىكى روھانى ئىشلار، مۇناجات ئىشلىرى، كېلىپ ـ كېتىش، چۈشۈپ ـ چىقىش، ۋەھى ئەھۋاللىرى، ئاللاھقىلا مەلۇم ئىشلاردۇر، بىز ئۇنىڭ كەيپىياتىنى ھەرگىز بىلمەيمىز، بىزنىڭ ئەقلىمىز، قىياس قىلىشىمىز، بۇ ئىشلارغا يەتمەيدۇ، بىز پەقەت ئىمان كەلتۈرىمىز، ئەقىدە قىلىمىز خالاس. بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ھازىرمۇ مۆجىزە ئورۇنىدا تۇرىدۇ، چۈنكى، بۇ ئاسمانغا چىقىش ئىشىدۇر.بۇھەدىستىمۇ الله نىڭ سۆزى بولغاچقا ھەدىس قۇددۇس قاتارىغا

كىرگۈزۈلدى.

خبرني ربي أني سأرى علامة في أمتي فإذا رأيتها أكثرت من قول: سبحان الله و بحمده استغفر الله و أتوب إليه فقد رأيتها (إذا جاء نصر الله و الفتح فتح مكة (و رأيت الناس يدخلون في دين الله أفواجا فسبح بحمد ربك و استغفره إنه كان توابا) . (م) عن عائشة

**92.** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا رەببىم شۇنداق خەۋەر قىلدىكى، ھەقىقەتەن مەن پات يېقىندا ئۇممىتىم ئىچىدە بىر ئالامەتنى كۆرسەم، سۇبھانەللا ۋەبىھەمدىھى ئەستەغفىرۇللاھ ۋە ئەتۇبۇئىلەيھى دېگەن سۆزنى كۆپ دېيىشىم كېرەك، (يەنى، ئاللاھقا تەسبىھ، ھەمدۇسانا ئېيتىپ، ئىستىغفار ئوقۇپ، تۆۋبە قىلىمەن، چۈنكى، بۇ ئەجىلىمنىڭ يېقىنلىشىپ قالغىنىنىڭ ئالامىتىدۇر) شەك ـ شۈبھىسىز مەن ئۇ ئالامەتنى كۆردۈم، ئۇ بولسىمۇ، مۇنۇ سۈرىدىكى ئالامەتتۇر، ﴿ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇ ئېيتقىن، ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر﴾ **110** ـ سۈرە نەسىر، بۇ سۈرىدىكى غەلىبە، مەككىنى ئىشغال قىلىشتۇر، (مەن ئۇنى كۆردۈم) (كىشىلەرمۇ ئىسلام دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەن)، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

# ئەڭ ئىشەنچىلىك مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر

كتاب العلم

## ئىلىمنىڭ كىتابىدىكى مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر

1. (صحيح) متواتر (حم ق ت ن ه) عن أنس (حم خ د ن ه) عن الزبير (م) عن أبي هريرة (ت) عن علي حم ه عن جابر وأبي سعيد (ت ه) عن ابن مسعود (حم ك) عن خالد بن عرفطة وزيد بن أرقم (حم) عن سلمة بن الأكوع وعقبة بن عامر ومعاوية بن أبي سفيان (طب) عن السائب بن يزيد وسلمان بن خالد الخزاعي وصهيب وطارق بن أشيم وطلحة بن عبيدالله وابن عباس وابن عمر وعتبة بن غزوان والعرس بن عميرة وعمار بن ياسر وعمران بن حصين وعمرو بن حريث وعمرو بن عبسة وعمرو بن مرة الجهني والمغيرة بن شعبة ويعلى بن مرة وأبي عبيدة بن الجراح وأبي موسى الأشعري (طس) عن البراء ومعاذ بن جبل ونبيط بن شريط وأبي ميمون (الدارقطني في الأفراد) عن أبي رمثة وابن الزبير وأبي رافع وأم أيمن (خط) عن سلمان الفارسي وأبي أمامة (ابن عساكر) عن رافع ابن خديج ويزيد بن أسد وعائشة (ابن صاعد في طرقه) عن أبي بكر الصديق وعمر بن الخطاب وسعد بن أبي وقاص وحذيفة بن أسيد وحذيفة بن اليمان (أبو مسعود بن الفرات في جزئه) عن عثمان بن عفان (البزار) عن سعيد بن زيد (عد) عن أسامة بن زيد وبريدة وسفينة وأبي قتادة (أبو نعيم في المعرفة) عن جندع بن عمرو وعن سعد بن المدحاس وعبدالله بن زغب (ابن قانع) عن عبدالله بن أبي أوفى (الحاكم في المدخل) عن عفان بن حبيب (عق) عن غزوان وأبي كبشة (ابن الجوزي في مقدمة الموضوعات) عن أبي ذر وعن أبي موسى الغافقي)

(من كذب علي متعمدا فليتبوأ مقعده من النار)

**1.** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا، مەن دېمىگەننى دېدى دەپ قەستەن يالغان سۆزلىسە، (يەنى يالغان ھەدىس سۆزلىسە، ) ئۇ ئورنىنى دوزاخدىن ئېلىۋالسۇن، (يەنە بىر خاتىرىدە ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ دېيىلگەن). بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم، تەبرانى، خەتىيبۇلبەغداد، ئىبنى ئەساكىر، ئىبنى سائىد، ئەبۇ مەسئۇد، بەزار، ئىبنى ئەدى، ئەبۇ نۇئەيم، ئىبنى قانىئ، ھاكىم مەدخەلدە، ئۇقەيلى، ئىبنى جەۋزى، دارمى قاتارلىق **22** كىتاب، ئەنەس، زۇبەير، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەلى، جابىر، ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى، ئىبنى مەسئۇد، خالىد ئىبنى ئەرخەت، زەيىد ئىبنى ئەرقەم، سەلەمەت، ئۇقبەت، مۇئاۋىيە، سائىب، سەلمان، خالىد خۇزائى، سۇھەيىب، تارىق، تەلھە، ئىبنى ئاببااس، ئىبنى ئۆمەر، ئۇتبەت، ئەرىس، ئەممار، ئىمران، ئەمرۇ ئىبنى ھەرىس، ئەمرۇ ئىبنى ئەبەسەت، ئەمرۇ ئىبنى مۇررەت، مۇغەيرە، يەئلا، ئەبۇ ئۇبەيدە، ئەبۇ مۇسا، بەررائى، مۇئاز، نەبىيتە، ئەبۇ مەيمۇنە، ئەبۇرەمسە، ئىبنى زۇبەير، ئەبۇ رافىئ، ئۇممە ئەيمەن، سەلمان پارىسى، ئەبۇ ئۇمامە، رافىئىبنى خەدىجە، يەزىيد، ئائىشە، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، سەئىد ئىبنى ۋەققاس، ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد، ھۇزەيفە ئىبنى يەماني، ئوسمان، سەئىد ئىبنى زەيىد، ئۇسامە، بۇرەيدە، سەپىينە، ئەبۇ قەتادە، جۇندۇئ، سەئىد ئىبنى مىدھاس، ئابدۇللاھ ئىبنى زەغبى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا، ئەففان، غەزۋان، ئەبۇ كەبشە، ئەبۇ زەر، غاپىقى قاتارلىق **68** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىردۇر. ئەڭ ئىشەنچىلىك ھەدىسدۇر.(يەنەبىر خاتىردە **70**دىن **75** كىچەساھابىدىن دېيىلگەن.) مۇتىۋاتىر ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر بولىدۇ.يالغان ھەدىسنى تۇقۇپ چىققۇچى بىر كاززاپ بولسا ، سۆزلەپ يۈرگىچى يەنە بىر كاززاپتۇر.

2. (صحيح) نضر الله امرءا سمع منا حديثا فحفظه حتى يبلغه غيره فرب حامل فقه إلى من هو أفقه و رب حامل فقه ليس بفقيه (ت الضياء) عن زيد بن ثابت

**2.** زەيىد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىزدىن سۆزنى، ھەدىسنى ئاڭلاپ، ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزگەنگە قەدەر شۇ مەقسەتتە يادا ئېلىپ، ئوبدان مۇھاپىزەت قىلغان كىشىگە ، الله نىئمەت ئاتا قىلىدۇ، يۈزىنى نۇرلۇق، گۈزەل قىلىۋېتىدۇ،

كۆپىنچى فىقھىنى ئۆزىدىن فىقھىراق، ئالىمراق كىشىگە يەتكۈزىدىغان كىشى بار. فىقھىنى، ھەدىسنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن كۆپىنچى كىشىلەر، فىقھشۇناس ئالىم ئەمەس. تىرمىزى **2580** ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد **3175** ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە **226** ــ ھەدىس، زىيائۇلمەقدەسى، ئەھمەد **20608** ــ ھەدىس، دارىمى **231** ــ ھەدىس. سەھىھ مۇتىۋاتىر.

نضر الله امرءا سمع منا شيئا فبلغه كما سمعه فرب مبلغ أوعى من سامع (حم ت حب) عن ابن مسعود

**2.** ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىزدىن بىرەر نەرسە ئاڭلاپ ئۇنى ئاڭلىغاندەكلا ئۆزگەرتمەي يەتكۈزگەن كىشىگە، ئاللاھ نېمەت ئاتا قىلىدۇ. يۈزىنى نۇرلۇق گۈزەل قىلىدۇ. كۆپىنچە ھەدىس يەتكۈزۈلگەن كىشى، ھەدىسنى ئاڭلىغۇچىدىن يادا ئالغاقراق كېلىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ مىتىۋاتىر.

2 (صحيح) نضر الله عبدا سمع مقالتي فوعاها ثم بلغها عني فرب حامل فقه غير فقيه و رب حامل فقه إلى من هو أفقه منه (حم ه) عن أنس

**2.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئۇنى يادا ئېلىپ ساقلاپ، ئاڭلىغاندەكلا يەتكۈزگەن كىشىنىڭ يۈزىنى ئاللاھ نۇرلۇق، گۈزەل قىلىۋېتىدۇ. نېمەت ئاتا قىلىدۇ، رازى بولۇپ خۇرسەن بولىدۇ. كۆپىنچە فىقھىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەنلەر فىقھى ئالىم ئەمەس، كۆپىنچە كىشىلەر فىقھىنى ئۆزىدىن فىقھشۇناس ئالىمراق كىشىگە يەتكۈزىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

2 (صحيح) نضر الله عبدا سمع مقالتي فوعاها و حفظها ثم أداها إلى من لم يسمعها فرب حامل فقه غير فقيه و رب حامل فقه إلى من هو أفقه منه ثلاث لا يغل عليهن قلب امرئ مسلم : إخلاص العمل لله و النصح لأئمة المسلمين و لزوم جماعتهم فإن دعوتهم تحوط من وراءهم (حم ه ك) عن جبير بن مطعم (د ه) عن زيد بن ثابت (ت ه) عن ابن مسعود(1) زيد بن ثابت (2) وابن مسعود (3) وجبير بن مطعم (4) والنعمان بن بشير (5) ووالده بشير (6) وسعد بن أبي وقاص (7) وأنس (8) وجابر بن عبد اللّه

(9) وعمير بن قتادة الليثي (10) ومعاذ بن جبل (11) وأبي الدرداء (12) وأبي قرفاصة (13) وأبي سعيد الخدري (14) وربيعة بن عثمان التيمي (15) وابن عمر (16) وزيد بن خالد الجهني ستة عشر نفساً (قلت) ورد أيضاً من حديث عائشة وأبي هريرة وشيبة بن عثمان

**2**. جۇبەير، زەيد ئىبنى سابىت، ئىبنى مەسئۇدقاتارلىق **19**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئۇنى قەلبىدە يادا ئېلىپ، مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاپ ئاندىن ئۇنى ئاڭلىمىغان كىشىگە يەتكۈزۈپ، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان كىشىنىڭ ئالالاھ تائالا مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىدۇ، نېمەت ئاتا قىلىدۇ، يۈزىنى نۇرلۇق، گۈزەل قىلىدۇ، كۆپىنچە فىقھىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەنلەر، ئۆزى ئالىم ئەمەس، كۆپىنچە كىشىلەر فىقھىنى ئۆزدىن ئالىمراق كىشىلەرگە ئاڭلاپ يەتكۈزىدۇ. ئۈچ نەرسىگە مۇسۇلمان كىشىنىڭ قەلبى خىيانەت قىلمايدۇ، ھىقدە ـ ھەسەد قىلمايدۇ، بىرى، ئەمەلنى ئالالاھقىلا ئىخلاس قىلىشتۇر، خالىس ئالالاھ ئۈچۈن قىلىشتۇر. ئىككىنچىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرىغا ۋالىيلىرىغا نەسىھەت قىلىشتۇر. ئۈچىنچىسى، مۇسۇلمانلار جامائىتىنى لازىم تۇتۇشتۇر، چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ دەئۋىتى، چاقىرقى ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ، قوغداپ، قورشاپ تۇرىدۇ**. (ئېزىشىشىدىن، ئايرىلىپ كېتىشىدىن، توپىدىن ئايرىلىپ شەيتاندەك بۆرىگە يەم بولۇپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالىدۇ). تىرمىزى **2582** ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە **226** ھەدىس، ئەھمەد **12871** ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر. يۇقىرىقى ھەدىسلەردىكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزۈمنى، ھەدىسنى فىقھىنى دېگەن سۆزلىرىدىن، «ھەدىس»، «فىقھى»، «مۇھەددىس»، «فىقھشۇناس ئالىم» دېگەن ئاتالغۇلار مەيدانغا كەلگەن. بۇ شارائىتمۇ ھەدىسنىڭ سەھىيلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

[3]. (صحيح) ليبلغ الشاهد الغائب (طب) عن وابصة (1) أبي بكرة (2) وابن عباس (3) وابن شريح الخزاعي الكعبي (4) وابن عمر (5) ووابصة (6) وعبادة بن الصامت (7) وجابر بن عبد الله (8) ومعاوية بن حيدة القشيري (9) والحارث بن البصراء الليثي (10) وعلي بن أبي طالب وغيرهم وأخرجه ابن منده في مستخرجه عن ثمانية عشر

صحابياً

**3.** ۋاسىبەت، ئىبنى ئابباس، ئەلىي....قاتارلىق **18**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇل ۋىدادىكى نۇتۇق خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن: **ھازىر بۇ جايدا بار بولغان كىشىلەر، يوق بولۇپ قالغان كىشىلەرگە مېنىڭ سۆزلىرىمنى يەتكۈزسۇن، (ھازىرقىلار كېيىنكىلەرگە يەتكۈزسۇن، ھازىر بولغانلار غائىپ بولغانلارغا يەتكۈزسۇن).** تەبرانى، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى مۇندىھلار توپلىغان، سەھىھ مۇتەۋاتىر.

**4**· (صحيح) طلب العلم فريضة على كل مسلم

(عد هب) عن أنس (طص خط) عن الحسين بن علي (طس) عن ابن عباس (تمام) عن ابن عمر (طب) عن ابن مسعود (خط) عن علي (طس هب) عن أبي سعيد(1) أنس (2) وجابر (3) وابن عمر (4) وابن مسعود (5) وابن عباس (6) وعلي (7) وأبي سعيد (8) أبي ابن كعب (9) وحذيفة (10) وسلمان (11) وسمرة بن جندب (12) ومعاوية ابن حيدة (13) وأبي أيوب (14) وأبي هريرة (15) وعائشة بنت الصديق (16) وعائشة بنت قدامة (17) وأم هانئ وقد بينت مخارجها في الأحاديث المتواترة اهـ.وزاد في المقاصد الحسنة ممن ورد عنه (18) الحسين بن علي (19) ونبيط بن شريط

**4.** ئەنەس، ھۈسەيىن، ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى مەسئۇد، ئەلى، ئەبۇ سەئىد... قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **ئىلىم تەلەپ قىلىش، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە پەرىزدۇر، (بولۇپمۇ، ئەقىدە، ئىمان، پەرىز ئىلىملىرى زۆرۈر پەرىزدۇر، پەتىۋا ئىلمى پەرىز كۇپايىدۇر)** ئىبنى ئەدى، بەيھەقى، ئىبنى ماجە، بەزار تەبرانى، خەتىبۇلبەغداد، تەبرانى ئەۋسەتتە ئىمام بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ مۇتەۋاتىر. بۇھەدىسنىڭ **20** تابىئىن راۋىسى باردۇر.

[5] . من سئل عن علم فكتمه ألجمه الله يوم القيامة بلجام من نار (حم 4 ك) عن أبي هريرة (2) عبد الله بن عمرو وقال قال الحاكم صحيح لا غبار عليه ومن حديث (3) ابن عباس وقال رواته ثقات محتج بهم في الصحيح ومن حديث (4) أبي سعيد الخدري ثم قال قال الحافظ يعني نفسه وقد روى هذا الحديث عن جماعة من الصحابة غير من ذكر

منهم (5) جابر بن عبد اللّه (6) وأنس بن مالك (7) وعبد اللّه بن عمر (8) وعبد اللّه بن مسعود (9) وعمرو بن عبسة (10) وعلي بن طلق وغيرهم

**5.** ئەبۇ ھۇرەيرە، جابىر، ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس....قاتارلىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمدىن بىرەر ئىلىم توغرىسىدا سورالسا، ئاندىن ئۇ بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرۇۋالسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە ئوتتىن يۈگەن سالىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر.

ئىلىمنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا قۇرئان ئايىتىدىن باشقا سەھىھ ھەدىسلەركۆپتۇر.

مانابۇ مۇتىۋاتىردۇر. ئىلىم ئەمەلنىڭ ئاساسى.

كتاب الإيمان

# ئىماننىڭ كىتابىدىكى مۇتىۋاتىرھەدىسلەر

[6]. (صحيح) من شهد أن لا إله إلا الله دخل الجنة (و جبت له الجنة) (البزار) عن ابن عمر

**6.** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەقىقەتەن ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، (شۇنداق دەپ ئۆلسە)، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. بەزار توپلىغان، سەھىھ.

من شهد أن لا إله إلا الله و أن محمدا رسول الله حرم الله عليه النار (حم م ت) عن عبادة(1) معاذ بن جبل (2) وعتبان بن مالك (3) وأبي ذر (4) وعثمان بن عفان (5) وعبادة بن الصامت (6) وأبي هريرة (7) وأبي بكر الصديق (8) وعمر ابن الخطاب (9) وخريم بن فاتك (10) ورفاعة الجهني (11) وسلمة ابن نعيم الأشجعي (12) وسهيل بن بيضاء (13) وشداد بن أوس (14) وابن عمرو (15) وأبي الدرداء (16) وأبي سعيد الخدري (17) وأبي عمرة الأنصاري (18) وأبي موسى الأشعري (19) وأنس (20) وبلال (21) وجرير بن عبد اللّه (22) وزيد بن أرقم (23) وزيد بن خالد الجهني (24) وسعد ابن عبادة (25) وابن عباس (26) وابن عمر (27) وعقبة بن عامر (28) وعمارة بن رويبة (29) وعمران بن حصين (30) وعياض الأنصاري (31) والنواس بن سمعان (32) وأبي شيبة الخدري (33) وعبد الرحمان بن عوف (34) وجابر بن عبد اللّه أربعة وثلاثين نفساً

**6.**ئۇبادەت، ئۆمەر، جابىر، ئىياز، ئىمران، سەئد......قاتارلىق**36**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: كىم ھەقىقەتەن ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله نىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دوزاخنى ھارام قىلىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

7[7]. أمرت أن أقاتل الناس حتى يشهدوا أن لا إله إلا الله و أني رسول الله فإذا قالوها عصموا مني دماءهم و أموالهم إلا بحقها و حسابهم على الله (ق 4) عن أبي هريرة (1) ابن عمر (2) وأبي هريرة (3) وجابر بن عبد اللّه (4) وأبي بكر الصديق (5) وعمر (6) وأوس بن أوس الثقفي (7) وجرير بن عبد اللّه البجلي (8) وأنس (9) وسمرة بن جندب (10) وسهل بن سعد (11) وابن عباس (12) وأبي بكرة (13) وأبي مالك الأشجعي عن أبيه وهو طارق بن أشيم (14) وعياض الأنصاري (15) والنعمان بن بشير خمسة عشر نفساً (16) معاذ بن جبل (17) سعد ابن أبي وقاص (18) وأوس ابن أبي أوسوهو متواتر

**7.**ئەبۇھۇرەيرە، ئۇمەر، ئەۋس، سەھل، ئىبنى ئابباس... قاتارلىق **18**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، مەن تاكى كىشىلەر ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن مەن يەنى مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ئۇلار شۇنداق گۇۋاھلىق بەرسە، مەندىن قانلىرىنى يەنى جانلىرىنى، ماللىرىنى ساقلاپ قالىدۇ، لېكىن، ئىسلام ھەققى (يەنى جازالار، خۇن تۆلەشلەرنى، ئوغۇرلۇقتا قولنىڭ كېسىلىشىنى) ساقلاپ قالالمايدۇ، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش، ئاللاھقىدۇر، (يەنى مەن تاشقى مۇئامىلىنى بىلسەممۇ ئىچكى سىرىنى ئاللاھى بىلىدۇ) بەيھەقى تۆت كىتاب، يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، ئىمام ئەلبانى، ئىمامسۇيۇتي بۇ ھەدىس سەھىھ، مۇتىۋاتىردۇر دېگەن.

8[8]. المسلم من سلم المسلمون من لسانه و يده (م) عن جابر (1) عبد اللّه بن عمرو بن العاص (2) وأبي موسى (3) وجابر بن عبد اللّه (4) وأنس (5) وفضالة بن عبيد (6) وأبي هريرة (7) ومعاذ (8) وعمرو بن عبسة (9) وبلال بن الحارث (10) وابن عمر (11) وأبي أمامة (12) وواثلة بن الأسقع اثني عشر نفساً (13) النعمان بن بشير (14)

عمير بن قتادة الليثي

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس، ئىبنى ئۇمەر، بىلال...قاتارلىق **14** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشى دېگەن، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىنىڭ، قولىنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن سالامەت قالغان كىشىدۇر ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ مۇتېۋاتىر

**9**. (صحيح) لا يزني الزاني حين يزني و هو مؤمن و لا يسرق السارق حين يسرق و هو مؤمن و لا يشرب الخمر حين يشربها و هو مؤمن و التوبة معروضة بعد (م 3) عن أبي هريرة (1) ابن عباس (2) وأبي هريرة (3) وعبد الله بن أبي أوفى (4) وابن عمر (5) وعائشة (6) وعلي (7) وعبد الله بن مغفل (8) وأبي سعيد الخدري (9) وشريك عن رجل من الصحابة تسعة أنفس.(10) عبد الله بن مسعود

**9**. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە، ئەلى، شەرىيك... قاتارلىق **10** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زىنا قىلغۇچى كىشى، زىنا قىلغان چاغدا مۆئمىن ھالەتتە تۇرۇپ زىنا قىلمايدۇ، ئوغرىلىق قىلغۇچىمۇ مۆئمىن ھالەتتە تۇرۇپ ئوغرىلىق قىلمايدۇ، ھاراق ئىچكۈچىمۇ مۆئمىن ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ، ئاندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا تەۋبە تەگلىنىپ تۇرىدۇ. (يەنى يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلغان كىشى كامىل مۆئمىن بولالمايدۇ، مۆئمىن ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ، شۇنداقلا، ئۇلار تەۋبە قىلسا، تەۋبىسى قوبۇل بولىدۇ). مۇسلىم ۋە كېيىنكى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ مۇتېۋاتىر.

(صحيح) الحياء من الإيمان (م ت) عن ابن عمر (1) أبي هريرة (2) وابن عمر (3) وأبي أمامة (4) وأبي بكرة (5) وعبد الله بن سلام (6) وابن عباس (7) وابن مسعود (8) وعمران بن حصين (9) وأبي موسى (10) وقرة بن إياس عشرة أنفس

**10**. ئىبنى ئۇمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس...قاتارلىق**10**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايا ئىماننىڭ جۇملىسىدىندۇر، (يەنى ھايا ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر) مۇسلىم، بۇخارى، تىرمىزى قاتارلىقلارتوپلىغان، مۇتېۋاتىر.

**11.** سؤال جبريل النبي سس عن الإيمان والإسلام والإحسان

الإيمان : أن تؤمن بالله و ملائكته و كتبه و رسله و اليوم الآخر و تؤمن بالقدر خيره و شره (م 3) عن عمر (1) أبي هريرة (2) وعمر (3) وأبي ذر (4) وأنس (5) وابن عباس (6) وابن عمر (7) وأبي عامر الأشعري (8) وجرير البجلي ثمانية أنفس

**11.** ئۆمەر، ئەنەس، جەرىر... قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىمان، ئىسلام، ئىھسان توغرىسىدا سورىغاندا مۇنداق دېگەن: ئىمان دېگەن ئاللاھقا، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، ئەلچىلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، تەقدىرنىڭ ياخشى ــ يامانلىرىغا شەكسىز ئىشىنىشىڭدۇر.

الإسلام أن تشهد أن لا إله إلا الله و أن محمدا رسول الله و تقيم الصلاة و تؤتي الزكاة و تصوم رمضان و تحج البيت إن استطعت إليه سبيلا (م 3) عن عمر .

ئىسلام دېگەن (يەنى مۇسۇلمانچىلىق دېگەن، ) ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىشىڭ، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشۇڭ، يول جەھەتتە قادىر بولالىساڭ، بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىپ، ھەج قىلىشىڭ ئىسلامدۇر.

الإحسان أن تعبد الله كأنك تراه فإن لم تكن تراه فإنه يراك (م 3) عن عمر (حم ق ه) عن أبي هريرة .

ئىھسان دېگەن ئاللاھ تائالاغا، سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ھالەتتە ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، ئەگەر سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، (ئەگەر سەن ئاللاھنى كۆرگەن چاغدا قانداق ئىبادەت قىلساڭ، ھازىرمۇ سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك شۇنداق ئىبادەت قىل، مانا بۇ ئىھسان، مۇھسىنىنلەر دەرىجىسى، ئەڭ يۇقىرى دەرىجە ھېسابلىنىدۇ) مۇسلىم، نەسئەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر.

**12.** (صحيح) الإيمان يمان (ق) عن أبي مسعود (1) أبي هريرة (2) وأنس (3)

وعمرو بن عبسة (4) وعثمان بن عفان (5) وابن عمر (6) وابن مسعود (7) وعقبة بن عامر (8) وعبد اللّه بن عوف (9) وأبي كبشة الأنماري (10) وابن عباس (11) وروح بن زنباع الجذامي وهو قيل له صحبة وقيل تابعي وهو الحق أحد عشر نفساً .

12. ئەبۇسەئىد، ئەنەس، ئىبنىمەسئۇد، ئۇقبە...قاتارلىق11ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمان يەمەندە يەنى يەمەن ئەھلىدەبولىدۇ، بەيھەقى، مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر.

13. (صحيح) أكمل المؤمنين إيمانا أحسنهم خلقا (حم د حب ك) عن أبي هريرة(1) ابن عمرو بن العاصي (2) وأبي هريرة (3) وعائشة (4) والحسن مرسلاً (5) وعمير ابن قتادة (6) وأبي سعيد الخدري (7) وأنس (8) وجابر بن عبد اللّه (9) وابن عمر تسعة أنفس.(10) أبي ذر (11) وعلي (12) وجابر بن سمرة

13. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە، جابىر... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانى ئەڭ كامىلراقى، ئەخلاقى ياخشىراقىدۇر، ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان، تىرمىزى، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

14. أنه سبحانه وتعالى فوق سماواته على عرشه على حسب ما يليق بكماله من غير حلول ولا كيف ولا تمثيل ولا تشبيه ولا جسمية ولا اتصال ولا انفصال

الله تائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئاسمانلار ئۈستىدە ئەرشى ئۈستىدىنمۇ ئۈستۈندۇر.

ئەزەلىي ، ئەبەدىي، ئەۋۋەل، ئاخىر ئوخشىشى يوقتۇر.ماددىي جىسمغا، مەخلۇققا قەتئىي ئوخشىمايدۇ.ئوخشىشى يوق. ئاللاھسىز ھېچ نەرسەيوقتۇر.الله ھەممىدىن ئۈستۈندۇر. ھەممە نەرسىنى الله ياراتقاندۇر.الله ئاڭلايدۇ، كۆرىدۇ، ئوخشىشى يوق.

مەنىسى مەلۇم، كەيپىياتى بىزگە نامەلۇم، ئىمان كەلتۈرۈش ۋاجىب، سوئال بىدئەتتۇر.

بۇ قۇرئاندا، سەھىھ ھەدىستا، ساھابىلاررەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار، تابىئىنلار ،

بارلىق ئىمامىلار ئەقىدىسى ۋە چۈشەنچىسىدە مۇتىۋاتىردۇر. (تەپسىر، تەبرى، ئىبنى كەسىرنىڭ سۈرەھەدىيدىنىڭ تەپسىرىنى كۆرۈڭ.)

**15.** إنك ستأتي قوما أهل كتاب فإذا جئتهم فادعهم إلى أن يشهدوا أن لا إله إلا الله و أن محمدا رسول الله فإن هم أطاعوا لك بذلك فأخبرهم أن الله قد فرض عليهم خمس صلوات في كل يوم و ليلة فإن هم أطاعوا لك بذلك فأخبرهم أن الله قد فرض عليهم صدقة تؤخذ من أغنيائهم فترد على فقرائهم فإن هم أطاعوا لك بذلك فإياك و كرائم أموالهم و اتق دعوة المظلوم فإنه ليس بينها و بين الله حجاب (حم ق 4) عن ابن عباس عن أنس وأبي أيوب وأبي هريرة...

**15.** ئىبنى ئابباس، ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سەن ئەھلى كىتابلارغا يەنى يەھۇدىي، ناسارالارغا بارىسەن، ئۇلارغا بارغاندا، ئۇلارنى ھەقىقەتەن ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرغىن، ئەگەر ئۇلار ساڭا بۇ ئىشتا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارغا ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى پەرىز قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغىن، ئەگەر ئۇلار ساڭا بۇ ئىشتا ئىتائەت قىلىپ، نامازنى ئوقۇسا ئۇلارغا ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ زاكاتنى پەرىز قىلغانلىقىنى بايلىرىدىن ئېلىنىپ، پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغىن، ئەگەر ئۇلار ساڭا شۇ ئىشلارغا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ئىسىللىرىنى، خىللىرىنى ئېلىۋېلىشتىن ھەزەر قىلغىن، مەزلۇمنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلغىن، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدا ھىجاب، پەردە يوقتۇر، (يەنى تېز ئىجاۋەت بولۇپ، سەن ھالاك بولىسەن) ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇھەدىس لەبزى ئەمەس مەنىسى مۇتىۋاتىر.مەنىۋى مۇتىۋاتىردۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىنىسىزلارنى دەۋەت قىلغاندا شاھادەت كەلىمىسى بىلەن ناماز، زاكات، رۇزلار بىلەن كۆپايىلىنىپ، زاھىرنى قۇبۇل قىلىپ ئىچكى سىرلىرنى الله قا تاپشۇرشى مەنئەن مۇتىۋاتىردۇر.

**16.** افترقت اليهود على إحدى و سبعين فرقة و تفرقت النصارى على اثنتين و سبعين

فرقة و تفرقت أمتي على ثلاث و سبعين فرقة (4) عن أبي هريرة (2) عن عبد اللّه ابن عمرو (3) معاوية بن أبي سفيان (4) سعد بن أبي وقاص (5) كثير بن عبد اللّه (6) أنس (7) عن علي (8) قتادة

**16.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەلى، مۇئاۋىي... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەھۇدىيلار **71** پىرقىگە، ناسارالار **72** پىرقىگە بۆلۈندى، مېنىڭ ئۈممىتىم **73** پىرقىگە بۆلۈنىدۇ، تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئابدۇررەززاق، ھاكىم، توپلىغان، سەھىھ.مەئنەن مۇتىۋاتىردۇر.

**17.** يخرج قوم من أمتي يقرءون القرآن ليس قراءتكم إلى قراءتهم بشيء و لا صلاتكم إلى صلاتهم بشيء و لا صيامكم إلى صيامهم بشيء يقرءون القرآن يحسبون أنه لهم و هو عليهم لا تجاوز صلاتهم تراقيهم يمرقون من الإسلام كما يمرق السهم من الرمية لو يعلم الجيش الذين يصيبونهم ما قضي لهم على لسان نبيهم لاتكلوا عن العمل و آية ذلك أن فيهم رجلا له عضد ليس فيه ذراع على رأس عضده مثل حلمة الثدي عليه شعرات بيض (م د) عن علي (1) علي بن أبي طالب (2) وأبي سعيد الخدري (3) وسهل بن حنيف (4) وأبي ذر الغفاري (5) وسعد بن أبي وقاص (6) وعبد اللّه بن عمر (7) وابن مسعود رضي اللّه عنهم وغير هؤلاء

**17.** ئەلى، سەھلى، ئەبۇزەر، ئىبنى مەسئۇد... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم قەۋملەر چىقىدۇكى، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، سىلەرنىڭ قىرائىتىڭلار، نامىزىڭلار، روزاڭلار ئۇلارنىڭ قىرائىتى، نامىزى، روزىسىغا نىسبەتەن ھېچ نەرسە ئەمەس. (يەنى ئۇلار كۆپ قىلىدۇ. سىلەرنىڭ ئىبادەتلىرىڭلارنى ئاز سانايدۇ)، ئۇلار قۇرئان ئوقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە بولىدى دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە قۇرئان ئۇلارنىڭ زىيىنىغا ھۆججەت بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ناماز، ئىبادەتلىرى گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوق ئېتىلغان نىشانىغا تېگىپ تېزلا چىقىپ كەتكەندەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى ئۆلتۈرىدىغان قوشۇن، پەيغەمبىرىنىڭ تىلى بىلەن ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىنىدىغان پەزىلەت، ئەجىرلەرنى بىلىپ قالسا، شۇ ئەجىر، پەزىلەتكە يۆلىنىۋېلىپ، ئەمەل

قىلمايتتى. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتە شۇنداق كاتتا ئەجىر بار، ئۇلارنىڭ ئالامەت بەلگىسى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلىكى شۇنداق سىمىز، توم بولۇپ، خۇددى سۆڭىكى يوقتەكلا، ئۇنىڭ بىلىكىنىڭ باش تەرىپىدە ئايال كىشىنىڭ ئەمچىكىنىڭ توپچىسىدەك مونەك بار، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاق تۈكلەر باردۇر، (كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، باستۇرۇپ بولۇپ، ئاشۇ بەلگىنى ئىزدەپ تېپىپ، خۇشاللىقىدىن تەكبىر توۋلاپ كەتكەن، ئۇلار خاۋارىجلاردۇر). مۇسلىم **1773** ـ ھەدىس، ئەھمەد **635** ـ **668** ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ۋەباشقىلار توپلىغان، سەھىھ.بۇھەدىسنى شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھ مۇتىۋاتىر دېگەن.

**18**. إن الإسلام بدأ غريبا و سيعود غريبا كما بدأ فطوبى للغرباء

(م ه) عن أبي هريرة (ت ه) عن ابن مسعود (ه) عن أنس (طب) عن سلمان وسهل بن سعد وابن عباس . (1) أبي هريرة (2) وابن مسعود (3) وأنس (4) وسلمان (5) وسهل بن سعد (6) وابن عباس زاد المناوي وغيرهم وأورده في المقاصد بلفظ بدأ الإسلام غريباً وسيعود الخ وقال مسلم في صحيحه من حديث يزيد بن كيسان عن أبي حازم عن أبي هريرة رفعه بهذا ومن حديث عاصم بن محمد العمري عن أبيه (7) عن ابن عمر مرفوعاً أن الإسلام بدأ غريباً وسيعود غريباً كما بدأ وهو يارز بين المسجدين كما تارز الحية إلى جحرها وفي الباب عن أنس (8) وجابر (9) وسعد بن أبي وقاص وسهل بن سعد وسلمان وابن عباس (10) وابن عمرو وابن مسعود (11) وعبد الرحمان بن سنة (12) وعلي (13) وعمرو بن عوف (14) وواثلة (15) وأبي أمامة (16) وأبي الدرداء (17) وأبي سعيد (18) وأبي موسى وغيرهم وللبيهقي في الشعب من حديث (19) شريح ابن عبيد

**18**. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **ھەقىقەتەن** ئىسلام دىنى غېرىپ باشلانغان ئۇ يانا پات پۇرسەتتە غەرىپ باشلانغاندەك، يەنە غېرىپلىققا قايتىدۇ، شۇ چاغدا غېرىپلارغا خۇش مۇبارەك بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، ئىبنى ماجە، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يەنە ئىبنى ماجە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، تەبرانى، سەلماندىن سەھلدىن ئىبنى ئابباس ...... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن

توپلىغان بولۇپ، سەھىھ مۇتېۋاتىر. ئالىملار مۇنداق دېدى، ئىسلام تۇنجى قېتىم ئاشكارا بولغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئازلىقى، ئاجىزلىقى بىلەن غېرىپ كىشىگە ئوخشاش ئىدى، كېيىن كۈچ تاپتى، ئاندىن يەنە ئاخىر زاماندا مۇسۇلمانلار ئاز قالىدۇ ئىسلام ئاجىزلىشىدۇ، مۇسىبەت ئىسلام دىنىغا يېتىدۇ، شۇ چاغدا جەننەت ئاشۇ ئازغىنا مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار دىنسىز زالىملارنىڭ زۇلۇمىغا سەۋرى قىلىدۇ، ئىمانىنى ساقلايدۇ، بەزىلەر بولۇپمۇ تەنتاۋى، باشتىكىدەك غېرىپ بولسا، غېرىپلارغا خۇشمۇبارەك بولسا. ئىسلام يەنە قايتىدىن گۈللىنىدۇ، باشتا كۈچلۈنۈپ، گۈللەنگەندەك قايتا گۈللىنىدۇ. كىشىلەردىن باشتىكىدەك كىشىلەر يەنى سەلەف، سالىھلاردەك كىشىلەر چىقىدىكەن دېگەن.

كتاب الطهارة

## تاھارەتنىڭ كىتابىدىكى مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر

19. (صحيح) إذا دبغ الإهاب فقد طهر (م د) عن ابن عباس (2) والمغيرة (3) وأنس (4) وسلمة بن المحبق (5) وعائشة (6) وأبي أمامة (7) وميمونة (8) وأم سلمة (9) وزينب بنت جحش (10) وزيد بن ثابت (11) وابن عمر (12) وجابر (13) وابن مسعود (14) وسودة وغيرهم وأخرجه الدارقطني من طرق عن عدة من الصحابة بألفاظ مختلفة ثم قال أسانيدها صحاح وذكر المناوي في التيسير أنه متواتر

**19.** ئىبنى ئابباس، ئائىشە، سەلەمەت، جابىر............**14**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تېرە ئاشلانسا، (پىششىقلاپ ئىشلەنسە) جەزمەن پاك بولىدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، دارقۇتنى، توپلىغان، سەھىھ.ئىمام كەتتانى، مەناۋىيلار مۇتەۋاتىر دېگەن.

20. (صحيح) إنهما ليعذبان و ما يعذبان في كبير أما أحدهما فكان لا يستنزه من البول و أما الآخر فكان يمشي بالنميمة (حم ق 4) عن ابن عباس (حم) عن أبي أمامة (1) أبو بكر (2) وعائشة (3) وأبو هريرة (4) وأنس (5) وابن عمر (6) وأبو أمامة (7) وابن عباس (8) ويعلى بن مرة (9) وجابر (10) وعلي

**20.** ئىبنى ئابباس، ئەلى، ئەنەس، ئائىشە ئەبۇ ئۇمامە.......... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئۇ ئىككىسى قەبرىسىدە ئازابلىنىۋاتىدۇ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە چوڭ گۇناھى كەبىير تۇغرىسىدا ئازابلانمايدۇ، بىرسى بولسا، سىيدۈكتىن ساقلانمايتتى، يەنە بىرسى سۇخەنچىلىك قىلىپ، گەپ ـ سۆز توشۇيتتى، مانا بۇلار شۇ سەۋەبتىن ئازابلىنىۋاتىدۇ، ئەھمەد،

بەيھەقى تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

21. هو الطهور ماؤه الحل ميتته (حم 4 حب ك) عن أبي هريرة (حم ه حب ك) عن جابر (ه) عن ابن الفراسي (2) وعلي (3) وجابر بن عبد اللّه (4) وابن عباس (5) وابن عمرو (6) وأبي بكر الصديق (7) وأنس (8) وابن عمر (9) وعبد اللّه المدلجي (10) والفراسي (11) ومرسل سليمان بن موسى (12) ويحيى بن أبي كثير اثني عشر نفساً

**21.** ئەبۇ ھۇرەيرە، جابىر، ئىبنى پىراس...... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دېڭىز سۈيى پاك ــ پاكىزدۇر. ئۇنىڭدىكى ئۆزى ئۆلگەن جانلىقلار ھالالدۇر. (بېلىق ، كىتلارنى سېسىپ كەتمىسلا يەۋېرىڭلار). ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، دارقۇتنى، بەيھەقي توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىربولغاچقا ئۇممەت قوبۇل قىلىپ ئىلىپ فىقھى شۇناسلار بۇھەدىسنى ئاساسى قائىدەقىلغان.

**22.** (صحيح) لا يقبل الله صلاة بغير طهور و لا صدقة من غلول

(م ه) عن ابن عمر (ه) عن أنس وأبي بكرة (د ن ه) عن والد أبي المليح (2) وأسامة بن عمير (3) وأنس (4) وأبي بكرة (5) والزبير بن العوام (6) وابن مسعود (7) وعمران بن حصين (8) وأبي سعيد الخدري (9) وأبي هريرة (10) والحسن بن علي (11) ومرسل الحسن (12) وأبي قلابة (13) وعن عمر (14) وابن مسعود موقوفاً أربعة عشر نفساً

**22.** ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس، ئەبۇ بۇكرەت، ۋالىد........ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا نامازنى تاھارەتسىز قوبۇل قىلمايدۇ، سەدىقە ــ ئېھساننى خىيانەتتىن، ھارامدىن قوبۇل قىلمايدۇ. مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

23. (صحيح) لا وضوء لمن لم يذكر اسم الله عليه

(ت) عن سعيد بن زيد (ت في العلل) عن أبي هريرة (حم ت في العلل ه ك) عن (2) وأبي سعيد (3) وأبي هريرة (4) وأبي سبرة (5) وسهل بن سعد (6) وعائشة (7) وعلي (8) وأم سبرة (9) وأنس تسعة أنفس

**23.** سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلىمىگەن، بىسمىللاھ دېمىگەن كىشى ئۇچۇن تاھارەت يوق. ئەھمەد، ھاكىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ئىمام سۇيۇتي بۇھەدىسنىڭ يوللىرى كۆپىيىپ كۆچلىنىپ مۇتىۋاتىربولىدۇدېگەن.

**24.** (پچيچ) بليكم بالسواك فونھ م□يبه للفم مرگاه للرب (چم) ىن ابن ىمر

**24.** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىسۋاك سېلىشنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى، ئۇ ئېغىزنى پاكلايدۇ، رەبنى رازى قىلىدۇ، ئەھمەد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا قام من الليل يشوص فاه بالسواك (حم ق د ن ه) عن حذيفة (2) وابن عباس (3) وأخيه الفضل (4) وعائشة (5) وأبي هريرة (6) وأبي أيوب (7) وعمار (8) وأم سلمة (9) وأبي الدرداء (10) وأبي أمامة (11) وسهل بن سعد (12) وجبير بن مطعم (13) وأبي الطفيل (14) وأنس (15) والمطلب بن عبد الله (16) وأبي سعيد (17) وابن عمر (18) وجابر (19) وعلي (20) وواثلة بن الأسقع (21) ورافع بن خديج (22) وعامر بن ربيعة (23) وعبد الله بن عمرو (24) والعباس (25) وأبي موسى (26) وابن مسعود (27) وأبي خيرة الصباحي (28) ومعاذ (29) وزيد بن خالد الجهني (30) ومحرز (31) وتمام ابن العباس وغيرهم

**24.** ھۇزەيفە، ئائىشە، ئەممار، ئەنەس........**31**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ناماز ئوقۇش ئۇچۇن تۇرسا، ئاغىزىغا مىسۋاك سالاتتى.( مىسۋاككا كۆپ قېتىم بۇيرىغان.) ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، مالىك، شافىئي، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**25.** كان إذا توضأغسل يديه ثم مضمض واستنشق ثم غسل وجهه ويديه الي مرفقيه ومسح رأسه ثم غسل رجليه الي مرفقيه عن(1) عبد الله بن زيد بن عاصم (2) وعثمان بن عفان (3) وابن عباس (4) والمغيرة بن شعبة (5) وعلي بن أبي طالب (6) والمقدام ابن معدى كرب (7) والربيع بنت معوذ (8) وأبو مالك الأشعري (9) وأبو هريرة (10) وأبو بكرة (11) ووائل بن حجر (12) ونفير بن جبير الكندي (13) وأبو أمامة (14) وعائشة (15) وأنس (16) وكعب ابن عمر واليامي (17) وأبو أيوب الأنصاري (18) وعبد الله بن أبي أوفى (19) والبراء بن عازب (20) وأبو كامل (21) عبد الله بن أنيس عند الطبراني(22) وزاد عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده

**25.** ئائىشە، ئوسمان، ئەممار، بىلال، ئەنەس، بەررائ، ئىبنى ئۇمەر... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالسا، ئىككى قولىنى يۇيۇپ ئاغزى بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ يۈزىنى يۇياتتى، ئاندىن ئىككى قولىنى يۇيۇپ بېشىغا مەسىھ قىلاتتى ئاندىن ئىككى پۇتىنى ئىككى ھۇشقى بىلەن قوشۇپ يۇياتتى. دېگەن بۇ تاھارەتنىڭ سۈپىتىنى **20** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارخەۋەر قىلغان مۇتىۋاتىردۇر.بۇ بارلىق كىتابلاردا باردۇر.

**26.** كان إذا توضأ خلل لحيته بالماء (حم ك) عن عائشة (ت ك) عن عثمان وعن عمار بن ياسر (ك) عن بلال (ه ك) عن أنس (طب) عن أبي أمامة وأبي الدرداء وأم سلمة (طس) عن ابن عمر (2) وعثمان ابن عفان (3) وعلي (4) وعمار (5) وأبي أيوب (6) وعائشة (7) وابن أبي أوفي (8) وابن عباس (9) وابن عمر (10) وأبي أمامة (11) وأبي الدرداء (12) وأم سلمة (13) وجابر بن عبد الله (14) وجرير (15) ومرسل جبير بن نفير خمسة عشر نفساً

**26.** ئائىشە، ئوسمان، ئەممار، بىلال، ئەنەس، ئەبۇ ئۇمامە، ئەبۇ دەردائى، ئۇممە سەلەمەت، ئىبنى ئۇمەر...قاتارلىق **15**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالسا، ساقىلىغا يېڭى سۇ بىلەن خىلال قىلاتتى، يەنى سۇنى ساقىلىنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزەتتى، (چۈنكى، ساقال يۈزنى توسۇۋالىدۇ). ئەھمەد، ھەكىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، تەبرانىلار

توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر.

**27**. (صحيح) الأذنان من الرأس (حم د ت ه) عن أبي أمامة (ه) عن أبي هريرة وعبدالله بن يزيد (قط) عن أنس وأبي موسى وابن عباس وابن عمر وعائشة . (2) عن عبد اللّه بن زيد (3) وابن عباس (4) وأبي هريرة (5) وأبي موسى (6) وابن عمر (7) وأنس (8) وعائشة اهـ وزاد بعضهم (9) وجابر بن عبد اللّه (10) وسمرة ابن جندب (11) وسليمان بن موسى

**27**. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **ئىككى قۇلاق باشنىڭ جۈملىسىدىن، (يەنى يۇيۇلماي مەسىھ قىلىنىدۇ)** تىرمىزى **35** ـ ھەدىستە بۇ ھەدىسنى كەلتۈرۈپ، قۇلاقنا مەسىھ قىلىنىدۇ دېدى، شافىئى رەھمەھۇللا، قۇلاقنا يېڭى سۇ بىلەن مەسىھ قىلىنىدۇ دېگەن، بەزىلەر قۇلاقنىڭ ئالدى تەرىپى، يۈز بىلەن بىللە يۇيۇلىدۇ، ئارقا تەرىپىگە باش بىلەن بىرگە مەسىھ قىلىنىدۇ دېدى، تىرمىزى **35** ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە **438** ـ ھەدىس، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تىرمىزىلار: ئەبۇ ئۇمامە ئەبۇ ھۇرەيرە، ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن دارىقۇتنى: ئەنەس، ئائىشە، ئەبۇ مۇسا، ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۇمەر.... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

**28**. (صحيح) ويل للأعقاب من النار (ق د ن ه) عن ابن عمرو (حم ق ت ه) عن أبي هرير(3) وعائشة (4) وجابر بن عبد اللّه (5) وعبد اللّه بن الحارث بن جزء الزبيدي (6) ومعيقيب (7) وأبي أمامة الباهلي (8) وأخيه (9) وأبي ذر تسعة أنفس.(10) خالد بن الوليد (11) وعمرو ابن العاص (12) ويزيد بن أبي سفيان (13) وشرحبيل بن حسنة

**28**. ئىبنى ئەمرۇ، ئەبۇ ھۇرەيرە، خالىد، جابىر...... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **تاھارەت ئالغاندا يۇيۇلماي قالغان چالا تاپانلارغا دوزاخ ئوتىدىن ۋايدۇر**. بەيھەقى، ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر.

**29**. (صحيح) كان إذا توضأ دلك أصابع رجليه بخنصره (د ت ه) عن المستورد عن(1) عبد الله بن زيد بن عاصم (2) وعثمان بن عفان (3) وابن عباس (4) والمغيرة بن شعبة (5) وعلي بن أبي طالب (6) والمقدام ابن معدى كرب (7) والربيع بنت معوذ (8) وأبو مالك الأشعري (9) وأبو هريرة (10) وأبو بكرة (11) ووائل بن حجر (12) ونفير بن جبير الكندي (13) وأبو أمامة (14) وعائشة (15) وأنس (16) وكعب ابن عمر واليامي (17) وأبو أيوب الأنصاري (18) وعبد الله بن أبي أوفى (19) والبراء بن عازب (20) وأبو كامل (21) عبد الله بن أنيس عند الطبراني(22) وزاد عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده (23) عمر بن الخطاب (24) وابنه عبد الله (25) وأبي بن كعب (26) ومعاوية (27) ومعاذ بن جبل (28) وأبو رافع (29) وجابر بن عبد الله (30) وتميم بن غزية الأنصاري (31) وأبو الدرداء (32) وأم سلمة (33) وعمار (34) وزيد بن ثابت

**29**. مۇستەۋرىد، ئائىشە، ئوسمان، ئەممار، بىلال، ئەنەس، بەرراﺋ، ئىبنى ئۆمەر....رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالسا، پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى چىمچىلاق بارمىقى بىلەن كوچىلاپ، تاتىلاپ يۇياتتى، بارماق ئارىسىنىمۇ يۇياتتى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان. سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى پۇتىنى يۇيغان ھەدىسنى **34**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارسۆزلىگەن مۇتىۋاتىر.

**30**. المسح على الخفين أوردها في الأزهار من حديث (1) المغيرة ابن شعبة (2) وعمر بن الخطاب (3) وعلي بن أبي طالب (4) وسعد بن أبي وقاص (5) وبلال (6) وبريدة (7) وجرير البجلي (8) وحذيفة (9) وعمرو بن أمية الضمري (10) وأبي بن عمارة (11) وأوس بن أبي أوس الثقفي (12) وخزيمة بن ثابت (13) وصفوان بن عسال (14) وجابر بن عبد الله (15) وأبي بكرة (16) وأنس (17) وسهل بن سعد الساعدي (18) وعوف بن مالك الأشجعي (19) وعائشة (20) وميمونة (21) وثوبان (22) وأبي أيوب الأنصاري (23) وأبي هريرة (24) وأسامة بن زيد (25) وأسامة بن شريك (26) وجابر بن سمرة (27) وربيعة بن كعب الأسلمي (28)

والشريد (29) وعبادة بن الصامت (30) وعبد اللّه بن رواحة (31) وابن عباس (32) وابن عمر (33) وابن مسعود (34) وعبد الرحمان بن حسنة (35) وعصمة (36) وعمرو بن حزم (37) وزمسلم والدعوسجة (38) ومعقل بن يسار (39) ويعلى بن مرة (40) وأبي أمامة الباهلي (41) وابن برزة الأسلمي (42) وأبي سعيد الخدري (43) وأبي طلحة (44) وشبيب بن غالب (45) وزيد بن خريم (46) ومرسل الضحاك ستة وأربعين نفساً.

(قلت) أوردها أيضاً الحافظ ابن حجر في تخريج أحاديث الهداية عن مثل هذا العدد إلا أنه ذكر مما لم يذكره في الأزهار (47) أبا بكر الصديق (48) وسلمان (49) ويسار جد عبد اللّه بن مسلم بن يسار (50) وأم أسعد الأنصارية (51) وخالد بن عرفطة (52) وعبد الرحمان بن بلال (53) وعمرو بن بلال (54) والبراء بن عازب (55) ومالك بن سعد (56) ومالك ابن ربيعة السلولي أبا مريم والد بريد (57) وأبا ذر الغفاري فهؤلاء أحد عشر إلى ستة وأربعين بسبع وخمسين وتقدم في الكلام على حديث من كذب علي الخ ويأتي قريباً أيضاً أن ممن رواه أعني حديث المسح هذا العشرة المبشرين بالجنة ولم يذكر منهم هنا (58) عثمان بن عفان (59) وطلحة بن عبيد اللّه (60) وسعيد بن زيد (61) والزبير بن العوام (62) وعبد الرحمان ابن عوف (63) وأبو عبيدة بن الجراح وهم ستة إلى سبع وخمسين بثلاث وستين وعد الكمال ابن الهمام في فتح القدير ممن رواه أيضاً (64) أبا موسى الأشعري (65) وعمرو بن العاص (66) وعبد اللّه بن الحارث بن جزء ثلاثة إلى ثلاث وستين بست وستين وباب الزيادة مفتوح وقد ذكر البزار أنه روى عن المغيرة بن شعبة من نحو ستين طريقاً وذكر ابن منده منها خمسة

وأربعين وقال الإمام أحمد في المسح على الخفين أربعون حديثاً مرفوعة وموقوفة وقال ابن أبي حاتم فيه عن أحد وأربعين وقال ابن عبد البر في الاستذكار رواه عن النبي صلى اللّه عليه وسلم نحو أربعين من الصحابة ونقل ابن المنذر عن الحسن البصري قال حدثني

سبعون من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم أنه كان يمسح على الخفين وذكر أبو القاسم ابن منده أسماء من رواه في تذكرته فبلغ ثمانين صحابياً وسرد الترمذي منهم جماعة والبيهقي في سننه جماعة وابن عبد البر جماعة والكمال بن الهمام في فتح القدير جماعة وفي فتح المغيث للسخاوي جمع بعض الحفاظ رواته من الصحابة فجاوزوا الثمانين قال وصرح جمع من الحفاظ بأن المسح على الخفين متواتر

**30**.رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى ئۆتۈككە مەسىھ قىلغان ھەدىسىنى **40**دىن **70** ھەتتا **80** گىچە ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارسۆزلىگەن مۇتىۋاتىر.

**31**. (صحيح) متواتر (حم م ن) عن علي (حم 4 حب) عن خزيمة بن ثابت (حم تخ) عن عوف بن مالك طب عن أسامة بن شريك والبراء بن عازب وجرير البجلي وصفوان بن عسال والمغيرة بن شعبة ويعلى بن مرة وأبي بكرة (طس) عن أنس وابن عمر (ع) عن عمر (الدارقطني في الأفراد) عن بلال (البزار) عن أبي هريرة (أبو نعيم في المعرفة) عن مالك بن سعد عن ابن مريم (الباوردي) عن خالد بن عرفطة (ابن عساكر) عن يسار (أبو بكر النيسابوري) عن عمرو بن أمية الضمري)

للمسافر ثلاثة أيام و لياليهن و للمقيم يوم و ليلة في المسح على الخفين)

**31**. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇساپىر كىشى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ، مۇقىم يۇرتىدا تۇرغان كىشى بىر كېچە ـ كۈندۈز تاھارەت ئۈستىگە كىيگەن ئۆتۈكنى سالماي مەسىھ قىلالايدۇ. (ئاشۇ مۇددەت توشقاندا، سېلىپ، پۇتىنى يۇيىدۇ) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، مۇسلىم، بۇخارى بۇ ئىككىسىدىن كېيىنكىسى تۆت كىتاب، ئىبنى ھەببان، تەبرانى، ئەبۇ يەئلا، دارىقۇتنى، بەززار، ئەبۇ نۇئەيم، باۋرۇدى، ئىبنى ئەساكىر، ئەبۇ بەكرى نىيسابۇرلار: ئەلى، خۇزەيمە، ئەۋف، ئۇسامە، بەررائى، جەرىر، سەفۋان، مۇغەيرە، يەئلا، ئەبۇ بۇكرەت، ئەنەس، ئىبنى ئۆمەر، ئۆمەر، بىلال، ئەبۇ ھۇرەيرە، مالىك ئىبنى سەئد، ئىبنى مەريەم، خالىد ئىبنى ئەرخەت، يەسسار، ئەمرۇ ئىبنى ئۇمەييە... قاتارلىق**22**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ، مۇتىۋاتىردۇر.

**32.** (صحيح) من مس ذكره فليتوضأ (مالك حم 4 ك) عن بسرة بنت صفوان

**32.** بۇسرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەۋرىتىنى سىلىسا، تاھارەت ئالسۇن. (چۈنكى قولنىڭ ئالقىنى بىلەن شەھۋەت بىلەن سىلىسا تاھارىتى سۇنىدۇ). مالىك، ئەھمەد، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان. سەھىھ.

إذا جاوز الختان الختان فقد وجب الغسل (حم ت) عن عائشة (طب) عن أبي أمامة ورافع بن خديج (الشيرازي) عن معاذ

**32.** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەرنىڭ ئەۋرىتىنىڭ خەتنە قىلىنىدىغان جايى، ئايال ئەۋرىتىنىڭ خەتنە قىلىنىدىغان جايىدىن ئۆتۈپ كەتسە، يەنى زەكەر بېشى ئايال ئەۋرىتىدە غايىپ بولسا، «مەنىي چىقمىسىمۇ» غۇسلى قىلىش، يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولىدۇ. يەنى پەرىزدۇر، ۋاجىپ، پەرىز مەنىسىدە بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، تىرمىزى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، تەبرانى، ئەبۇ ئۇمامەت رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنلاردىن، شىيرازىي، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ ھەدىستۇر، ئەلبانى.

32. (صحيح) من مس فرجه فليتوضأ (ه) عن أم حبيبة وأبي أيوب(1) بسرة بنت صفوان (2) وجابر (3) وأم حبيبة (4) وسعد بن أبي وقاص (5) وأبي هريرة (6) وأم سلمة (7) وزيد بن خالد الجهني (8) وابن عمرو (9) وابن عمر (10) وعائشة (11) وابن عباس (12) وأروى بنت أنيس (13) وأبي بن كعب (14) وأنس (15) وقبيصة (16) ومعاوية بن حيدة (17) والنعمان بن بشير سبعة عشر نفساً

**32.** ئۇممەھەبىبىيە، ئەبۇئەييۇب، ئائىشە، جابىر........قاتارلىق17ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەۋرىتىنى سىلىسا، تاھارەت ئالسۇن، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر. بۇ ھەدىس، ئاياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاياللارمۇ ئەۋرىتىگە قولىنى شەھۋەت بىلەن سالسا، سىلىسا تاھارىتى سۇنىدۇ، ئەگەر مەقسەتكە يېتىپ، مەنىي چىقسا غۇسلى تاھارەت ئالىدۇ. لېكىن، ئەر ــ ئاياللار تاھارىتىنى تەكشۈرۈپ، قاراپ باقسا، بارماق بىلەن تۇتۇپ تەكشۈرۈپ باقسا بۇنىڭغا تاھارەت سۇنمايدۇ. چۈنكى ئەۋرەتمۇ ئۆزىڭدىن بىر پارچە گۆشتۇر، بۇمۇ

ھەدىستۇر، لېكىن، شەھۋەت بىلەن سىلاپ، قولىنى سىلىپ ھېسسىياتىنى قوزغىسا، بۇنىڭ ھۆكمى يۇقىرىقىدەك بولىدۇ، ھېسسىياتى قوزغۇلۇپ، مەزى ئاق سۇ كېلىپ قالسا، كىچىك تاھارەت ئالىدۇ. قالغان مەسىلىلەرگە فىقھى كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىڭلار، ھەممىسى تەپسىلىي باردۇر، ئۇششاق ئىختىلاپلارغا كۆڭلۈڭلار يېرىم بولمىسۇن، چۈنكى شەرىئەتتە ئىختىلاپ يوق، لېكىن ئالىملار چۈشەنچىسىدە، ئىجتىھادلاردا ئىختىلاپ باردۇر.

**33.** توضئوا مما مست النار

(1) زيد بن ثابت (2) وأبي هريرة (3) وعائشة (4) وأبي أيوب الأنصاري (5) وأبي طلحة (6) وأنس (7) وسهل بن الحنظلية (8) وأبي موسى (9) وأم سلمة (10) وابن عمر (11) وعبد الله بن زيد (12) وأبي سعد الخير (13) ومعاذ (14) وأم حبيبة أربعة عشر نفساً .

**33.**ئوت تەككەن نەرسىدىن يەنى (گوش ــ كاۋاپلاردىن)تاھارەت ئېلىڭلار دېگەن ھەدىس يۇقىرىقى **14**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن

سۆزلەنگەن بولۇپ مۇتەۋاتىر. لىكىن مەنسۇخ ئەمەلدىن قالغان.

كۆچكە ئىگە ھەدىس تۆۋەندىكىسىدۇر.

**34.** ترك الوضوء مما مست النار أخرجه الترمذي عن (1) جابر ثم قال وفي الباب عن (2) أبي بكر الصديق ولا يصح حديث أبي بكر في هذا الباب من قبل إسناده ثم وجهه ثم قال وفي الباب عن (3) ابن عباس (4) وأبي هريرة (5) وابن مسعود (6) وأبي رافع (7) وأم الحكم (8) وعمرو بن أمية (9) وأم عامر (10) وسويد بن النعمان (11) وأم سلمة اهـ

**34.**(ئىككى ئىشنىڭ ئاخىرقىسى) ئوت تەككەن نەرسىدىن يەنى (گوش ــ كاۋاپلاردىن)تاھارەت ئېلىشنى تەرك ئېتىش بولدى.

تىرمىزي، ئەبۇداۋۇد، نەسەئى، قاتارلىقلار:جابىر، ئەبۇرافىئ، سۇۋەيد، ئەبۇھۇرەيرە... قاتارلىق **11** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان مۇتەۋاتىر.

**35.** ينضح بول الغلام و يغسل بول الجارية (ت ك) عن علي (1) أم قيس بنت

محصن وفي الباب عن (2) علي (3) وعائشة (4) وزينب يعني ابنت جحش (5) ولبابة هي ابنت الحارث وهي أم الفضل بن العباس بن عبد المطلب (6) وأبي السمح (7) وعبد اللّه ابن عمرو (8) وأبي ليلى (9) وابن عباس اهـ. (10) عن أنس (11) وأم سلمة (12) وامرأة من أهل البيت (13) ومخارق (14) وأم كرز

**35.** ئەلى، ئائىشە، ئەبۇلەيلا، ئىبنى ئاببا‍س....**14**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **تاماق يىمىگەن، سۈت ئەممىگەن ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىگە سۇ چېچىلسا بولىدۇ، قىز بالىنىڭ سۈيدۈكى يۇيۇلىدۇ.** تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، ئىبنى خۇزەيملەر توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

**36.** (صحيح) إنما الماء من الماء (م د) عن أبي سعيد (حم ن ه) عن أبي أيوب (1) أبي سعيد (2) وأبي بن كعب (3) ورافع بن خديج (4) ورفاعة بن رافع (5) وعتبان الأنصاري (6) وأبي أيوب (7) وعبد الرحمان بن عوف (8) وجابر (9) وابن عباس (10) وأبي هريرة (11) وأنس أحد عشر نفساً

**36.** ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ئەبۇ ئەييۇپ، جابىر، ئەنەس...**11**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **ھەقىقەتەن سۇنى ئىستېمال قىلىپ، يۇيۇنۇش، سۇ يەنى مەنىي چىققاندا بولىدۇ،** مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ سەھىھ ، مۇتىۋاتىرھەدىس مەنسۇخ يەنى ئەمەلدىن قالغان كۈچكە ئىگە ئەمەس، كۈچكە ئىگە ھەدىس بولسا، خەتنە قىلىنىدىغان جاي خەتنە قىلىنىدىغان جاي بىلەن ئۇچراشسا، يەنى ئىككى ئەۋرەت ئۇچراشقان ھامان غۇسلى قىلىش، يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولىدۇ، كىشى ئايالىنىڭ چاتىرقىدا ئولتۇرۇپ، تىرىشچانلىق قىلغان ھامان غۇسلى ۋاجىپ بولىدۇ دېگەن سەھىھ ھەدىسلەردۇر.

**37.** كان إذا أراد أن ينام و هو جنب غسل فرجه و توضأ للصلاة (ق د ن ه) عن عائشة عن (1) ابن عمر (2) وعمار بن يسار (3) وأبي سعيد الخدري وغيرهم وقد قال الطحاوي في شرح معاني الآثار بعد ذكره لأحاديث هؤلاء الثلاثة فقد تواترت الأخبار عن رسول اللّه صلى اللّه عليه وسلم في الجنب إذا أراد النوم بما ذكرناه اهـ وراجعه

**37.** ئائىشە، ئىبنى ئۆمەر، ئەممار، ئەبۇسەئىد...قاتارلىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇنۇپ ھالەتتە ئۆخلاشنى مەقسەت قىلسا، ئەۋرىتىنى يۇيۇۋېتىپ، نامازغا ئالغاندەك كىچىك تاھارەت ئالاتتى. (ھەم شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان.)بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.ئىمام تەھاۋي بۇ ھەدىسنى مۇتەۋاتىر دېگەن.

**38**. (صحيح) إن الماء ليس عليه جنابة و لا ينجسه شيء (حم) عن ميمونة

**38.** مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بۇ ئايال يۇيۇنۇپ، داستا ئازىراق سۇ ئېشىپ قالىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ سۇدا يۇيۇنماقچى بولغاندا، مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ سۇدا مەن يۇيۇنغان، بۇ مەندىن ئېشىپ قالغان سۇ دېدى، دەل شۇ چاغدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن سۇ جۇنۇپ بولمايدۇ، ياكى داستا، چەينەكتە ئېشىپ قالغان پاكىز سۇ نىجىس بولمايدۇ دېگەن: ئەھمەد **2954** ـ ھەدىس، تىرمىزى، نەسەئىدىمۇ باردۇر، سەھىھ. ئايال كىشىدىن ئېشىپ قالغان پاكىز سۇدا تاھارەت ئالسا بولىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرى بىلەن بىرگە يۇيۇنغان ھەدىسلەر سەھىھ، ئۇنىڭغا زىت، خىلاپ ھەدىسلەر بولسا، زەئىپتۇر.

38 إن الماء لا يجنب (د ت ه حب ك هق) عن ابن عباسقال الترمذي حديث حسن صحيح قال وفي الباب عن علي وعائشة وأنس وأم هانئ وأم حبيبة وأم سلمة وابن عمر اه

**38.** ئىبنى ئابباس علي وعائشة وأنس وأم هانئ وأم حبيبة وأم سلمة وابن عمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سۇ جۇنۇپ بولمايدۇ، (يەنى جۇنۇپ يۇيۇنۇپ، چەينىكىدە ئېشىپ قالغان پاك سۇ، نىجىس ئەمەس پاكتۇر، دېگەن بولىدۇ) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ ئىمام زۇرقانى بۇ بارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن تابىئىنلاردىن كەلگەن ئەسەردېگەن يەنى مۇتەۋاتىر.

ئىبنى ئابدۇلبەررىمۇ بۇھەدىسنى مۇتەۋاتىر ئەسەردېگەن.

كتاب الأذان

# ئەزاننىڭ كىتابىدىكى مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر

39. (صحيح) كان له مؤذنان : بلال و ابن أم مكتوم الأعمى (م) عن ابن عمر

39. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى مۇئەززىنى بار ئىدى، بىرى بىلال، يەنە بىرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممە مەكتۇم، بۇ ئەما كىشى ئىدى. ئىمام مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) يا بلال ! أقم الصلاة أرحنا بها (حم د) عن رجل

39. ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى بىلال! نامازغا تەكبىر ئېيتقىن، بىزنى شۇ ناماز بىلەن راھەتلەندۈرگىن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

ئىبنى رەشىد: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەزان تولاشقا بۇيرىشى مۇتەۋاتىر. زۇرزۇر، قەتئى ئىلمنى پايدا بىرىدىغان ئەسەر دېگەن.

40. قصة عبد الله بن زيد بن عبد ربه بن ثعلبة الأنصاري الخزرجي الحارثي في بدء الأذان قال الزرقاني في شرح الموطأ قال ابن عبد البر روى قصة عبد الله بن زيد هذه في بدء الأذان جماعة من الصحابة بألفاظ مختلفة ومعان متقاربة والأسانيد في ذلك متواترة وهي من وجوه حسان اهـ

40.ئابدۇللاھ ئىبنى زەيدنىڭ دادىسى ئەزان كەلىمىللىرىنى چۈشىدە كۆرۈپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلسا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە ئەزان تولاشقا بۇيرىغان ، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق چۈش كۆرگەن قىسسىنى ئىمام زۇرقاني ، ئىبنى ئابدۇلبەرر مەئنەن مۇتەۋاتىر دېدى.بۇھەدىس تىرزى 184 ـ ئەبۇداۋۇد430 ـ دارىمي 1163 ـ ئەھمەد 15882 ـ ھەدىسلەر.

41. فعل الأذان للصلوات الخمس والجمعة دون ما عداهما ذكر صاحب الهداية من

الحنفية أنها متواترة ونصه الأذان سنة للصلوات الخمس والجمعة دون ما سواهما للنقل المتواتر اهـ قال الزيلعي في تخريج أحاديثها قلت هذا معروف اهـ وقال الحافظ ابن حجر هو مأخوذ بالاستقراء اهـ

«إذا أذنت المغرب فاحدرها مع الشمس حدرا» (طب) عن أبي محذورة

**41.** ئەبۇ مەھزۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شام نامىزىغا ئەزان توۋلىغان چېغىڭدا، قۇياش كىرىشكە ئالدىرىغانىدەك، سەنمۇ ئۇ نامازغا ئالدىراپ تېز تەكبىر ئوقۇغىن، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ھىدايىنىڭ ساھىبى قۇدۇرى ۋە زەيلەئى، ئىبنى ھەجەرلەر:

بەش ۋاقىت ناماز بىلەن جۈمئە نامىزىغائەزان تولاش، بارلىق ساھابە تابىئىنلاردىن كەلگەن مۇتىۋاتىر ئەڭ ئىشەنچىلىك خەۋەردىدى.

بۇ مەسئەلە ھەم بارلىق سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا باردۇر.

**42.** (صحيح) المؤذنون أطول الناس أعناقا يوم القيامة (حم م ه) عن معاوية (2) وأنس (3) وبلال (4) وزيد بن أرقم (5) وابن الزبير (6) وعقبة بن عامر (7) وأبي هريرة (8) وابن عمر (9) ورجل من الصحابة لم يسم تسعة أنفس

**42.** مۇئاۋىي، ئەنەس، بىلال، ئۇقبە... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەززىنلەر قىيامەت كۈنى كىشلەرنىڭ ئەڭ بوينى ئېگىز، ئۇستۇنلىرىدۇر. بېشىنى تىك تۇتۇپ ماڭالايدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر. (يەنى، قورقۇنچىدىن، خىجىللىقدىن ئەمىندۇر.ئۇسمايدۇ.)

**43.** (صحيح) المؤذن يغفر له مد صوته و أجره مثل أجر من صلى معه(طب) عن أبي أمامة

**43.** ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەززىن ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاۋازى يەتكەن مۇساپە مىقداردا مەغپىرەت قىلىنىدۇ. (چۈنكى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بارلىق نەرسە مەغپىرەت سورايدۇ.) مۇئەززىنىنىڭ ئەجرى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ناماز

ئوقۇغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش بولىدۇ. (چۈنكى، شۇلارنىڭ ئەجرى مۇئەززىنگىمۇ ئوخشاش بولىدۇ). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

43 (صحيح) المؤذن يغفر لـه مدى صوته و يشهد لـه كل رطب و يابس و شاهد الصلاة يكتب له خمس و عشرون صلاة و يكفر عنه ما بينهما (حم د ن ه حب) عن أبي هريرة(1) أبي هريرة (2) والبراء (3) وأبي سعيد (4) وابن عمر (5) وأنس (6) وأبي أمامة (7) وجابر .قلت) رواه أيضاً أحمد من حديث (8) حذيفة و صححه ابن خزيمة وابن حبان

**43.** ئەبۇ ھۇرەيرە ، بەرائى ، ئەنەس، جابىر... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەززىن ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ يەتكەن يىراقلىقتىكى مۇساپە مىقدارىدا مەغپىرەت قىلىنىدۇ. (قانچىلىك يىراققا يەتسە، شۇنچىلىك كۆپ ھەم زور مەغپىرەت قىلىنىدۇ). ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ھۆل، قۇرۇق، جانلىق، جانسىز ھەممە نەرسە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. نامازغا ھازىر بولۇپ جامائەت بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇغان كىشىگە **25** ناماز يېزىلىدۇ، ئۇ كىشىدىن ئىككى ناماز ئارىسىدىكى گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، مۇتېۋاتىر.

44. (صحيح) الأذان تسع عشرة كلمة و الإقامة سبع عشرة كلمة (ن) عن أبي محذورة

**44.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەزان **19** كەلىمە، تەكبىر بولسا، **17** كەلىمىدۇر. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

({ئاللاھۇ ئەكبەر» دىن تۆتى تۆت كەلىمە} ئىككى قېتىملىق شاھادەت كەلىمىلىرى «ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ، ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» تۆتتىن سەككىز كەلىمە، ھەييە ئەلەسسالات، ھەييە ئەلەلفەلاھ ئىككىدىن تۆت كەلىمە، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللا، ئۈچ كەلىمە جەمئى **19** كەلىمە، مۇشۇ ئەزانغا ئىماملار ئىتتىپاقا كەلگەن. بامداتتا ئەسسالاتۇ خەييرۇن مىنەننەۋمىدىن ئىككىنى زىيادە قىلىنىدۇ. مەنىسى، ناماز ئۇيقىدىن ياخشى دېگەن بولىدۇ. تەكبىرگە كەلسەك، مۇشۇنىڭدەك، سەھىھ ھەدىسكە تايىنىپ، ئىمام مالىك بىلەن ئەبۇ ھەنىيفە جۈپ ئېيتىشنى دېدى، ئىمام شافئى بىلەن ھەمبەلى تاق ئېيتىشنى دېدى. تەكبىرنى تاق ئېيتىش

مۇئــداق: ئاللاھــۇ ئەكبــەر، ئاللاھــۇ ئەكبــەر، ئەشــھەدۇئەللا ئىلاھــە ئىلللــەللاھ، ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ، ھەيیە ئەلەسسالات، ھەيیە ئەلەلفەلاھ، قەد قامەتىسسالات، قەد قامەتىسسالات، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەرلا ئىلاھە ئىللەللاھ.مانا بۇ تاق تەكبىر، بۇنداق تەكبىر ئېيتىشقىمۇ بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلاردا سەھىھ ھەدىسلەر باردۇر، بۇئىختىيارلىق بىرىلگەن ئىش، تەكبىر ئېيتىسلا ياخشىسى شۇدۇر، ئىختىلاپ يوقتۇر.

الأذان وإيتار الإقامة ذكره ابن حجر في أماليه المخرجة على مختصر ابن الحاجب الأصلي من طرق من حديث (1) أنس ثم قال وفي الباب عن (2) عبد اللّه بن زيد (3) وبلال (4) وسعد القرظ (5) وأبي محذورة المؤذنين (6) وعلي (7) وابن عمر (8) وسلمة بن الأكوع (9) وجابر (10) وأبي هريرة (11) وأبي جحيفة (12) وأبي رافع ثم ساق أحاديثهم كلها فانظره.

قلت) وحديث أنس متفق عليه

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەزاننى جۈپ تەكبىرنى تاق ئەيتىشقا بۇيرىغان ھەدىسى مۇتتەپەق ھەم مۇتىۋاتىردۇر.

بۇ بارلىق سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا باردۇر.

كتاب الصلاة

# نامازنىڭ كىتابىدىكى مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر

**45.** الإسلام أن تشهد أن لا إله إلا الله و أن محمدا رسول الله و تقيم الصلاة و تؤتي الزكاة و تصوم رمضان و تحج البيت إن استطعت إليه سبيلا (م 3) عن عمر .

ئىسلام دېگەن (يەنى مۇسۇلمانچىلىق دېگەن، ) ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىشىڭ، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشۇڭ، يول جەھەتتە قادىر بولالىساڭ، بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىپ، ھەج قىلىشىڭ ئىسلامدۇر.

(صحيح) بني الإسلام على خمس : شهادة أن لا إله إلا الله و أن محمدا رسول الله و إقام الصلاة و إيتاء الزكاة و حج البيت و صوم رمضان (حم ق ت ن) عن ابن عمر

**45.** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلدى:

**1.** ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ئىسلام دىنىغا كىرىش.

**2.** ناماز ئوقۇش، **3.** زاكات بېرىش.

**4.** بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش، **5.** رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) ما من مسلم يتطهر فيتم الطهور الذي كتب الله عليه فيصلي هذه الصلوات الخمس

إلا كانت كفارة لما بينهن (م) عن عثمان

**45.** ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان، تاھارەت ئېلىپ، ئاللاھ ئۈنىڭغا پەرىز قىلىپ پۈتكەن تاھارەتنى ياخشى، كامىل قىلىپ، ئاندىن مۇشۇ بەش نامازنى كامىل ئوقۇسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئاشۇ بەش نامازلار ئارىسىدىكى بارلىق گۇناھلارغا كەففارەتتۇر، گۇناھلىرى ئۆچۈرلىدۇ. مۇسلىم توپلىغان. سەھىھ.

ئالىملار : بەش نامازنىڭ پەرزلىكىنى ۋەئۇنىڭدىن باشقا ئاساسلىق ئەركان پەرزلەرنى مۇتىۋاتىر، مەنىۋى مۇتىۋاتىر دۇر دېدى. بۇلارنىڭ ھەدىسلىرى بارلىق ھەدىس كىتابلىرىدا باردۇر.بۇشەكسىز قەتئى ئىشەنچلىكتۇر.

**46.**بەش نامازنىڭ رەكئەت سانى، سەجدە - رۇكۇلىرى، تەرتىپلىرىگە يەنى بۇمداتنىڭ پەرزى ئىككى رەكئەت، پىشىنىنىڭ تۆت ، ئەسىرنىڭ تۆت، شامنىڭ ئۈچ رەكئەت، خۇپتەن تۆت رەكئەت، بىر رۇكۇ ئىككى سەجدە بىر رەكئەت نامازبولىدۇ. دېگەنگە بارلىق ساھابىلار رەز تابىئىنلار رەھ ئىجمائىقا كەلگەن . بۇ ئەك ئىشەنچىلىك مۇتىۋاتىر خەۋەردۇر.

بۇمۇ بارلىق ھەدىس ۋە فىقھى كىتابلىرىدابادۇر.

**47.** أمني جبريل عند البيت مرتين فصلى بي الظهر حين زالت الشمس و كانت قدر الشراك و صلى بي العصر حين كان ظله مثله و صلى بي المغرب حين أفطر الصائم و صلى بي العشاء حين غاب الشفق و صلى بي الفجر حين حرم الطعام و الشراب على الصائم فلما كان الغد صلى بي الظهر حين كان ظله مثله و صلى بي العصر حين كان ظله مثليه و صلى بي المغرب حين أفطر الصائم و صلى بي العشاء إلى ثلث الليل و صلى بي الفجر فأسفر ثم التفت إلي و قال: يا محمد هذا وقت الأنبياء من قبلك و الوقت ما بين هذين الوقتين (حم د ت ك) عن ابن عباس (2) وجابر (3) وأبي هريرة (4) وأنس (5) وابن عمر (6) وأبي سعيد (7) وعمرو بن حزم (8) وأبي مسعود الأنصاري (9) ومرسل رجل من ولد عمر تسعة أنفس (1) أبي مسعود عند الدارقطني والطبراني في الكبير وابن عبد البر في التمهيد من طريق أيوب بن عتبة عن أبي بكر بن حزم عن عروة بن الزبير ووقع في رواية مالك في الموطأ لحديث أبي مسعود هذا اختصار وثبت أيضاً صلاته به مرتين (2) عن ابن

عباس عند أبي داود والترمذي (3) وجابر بن عبد اللّه في الترمذي والنسائي والدارقطني وابن عبد البر فيب التمهيد (4) وأبي سعيد الخدري عند أحمد والطبراني في الكبير وابن عبد البر (5) وأبي هريرة أخرجه البزار (6) وابن عمر أخرجه الدارقطني

**47.** ئىبنى ئابباس، ئەنەس، جابىر، ئەبۇ سەئىد... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل ماڭا بەيتۇللاھدا ئىككى قېتىم ئىمام بولدى، ماڭا پېشىننى كۈن قايرىلغان چاغدىلا ئوقۇپ بەردى، بۇ چاغ بولسا، كىشىنىڭ سايىسى قۇياشقا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرسا، ئوڭ ئايىغىنىڭ شوينىسى ئۈستىگە چۈشەتتى. ماڭا ئەسىر نامىزىنى كىشىنىڭ سايىسى ئۆزىدەكلا بىر ئوخشاش كەلگەندە ئوقۇپ بەردى، شام نامىزىنى روزا تۇتقۇچى، ئىپتار قىلغاندا ئوقۇپ بەردى، خۇپتەن نامىزىنى شەپەق، يەنى قىزىللىق يوقىغاندا ئوقۇپ بەردى، بامدات نامىزىنى روزا تۇتقۇچىغا تائام، شاراپ هارام بولىدىغان چاغدا يەنى سۈبھى يۇرىغاندىلائوقۇپ بەردى.ئەتىسى ماڭا پېشىننى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىدەك بىر ئوخشىشىغا يەتكەندە، ئوقۇپ بەردى، ئەسىرنى بولسا، نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىدەك ئىككى ئوخشىشىغا يەتكەندە ئوقۇپ بەردى، شامنى يەنىلا ئوخشاش كۈن كىرىشىگە ئوقۇدى، خۇپتەننى بولسا، كېچىنىڭ ئەۋۋەلقى ئۈچدەن بىرىدە ئوقۇپ بەردى، بامداتنى بولسا، سۈبھىنى ئاقارتىپراق ئوقىدى، ئاندىن ماڭا قاراپ، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مانا بۇ سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ناماز ئوقۇيدىغان ۋاختى ئىدى، نامازنىڭ ۋاختى مۇشۇ ئىككى كۈندىكى ئىككى خىل ۋاقىتنىڭ ئارىسىدىكى ۋاقىتتۇر دېدى، ئەھمەد، نەسەئي، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، دارقۇتنىي، مالىكلەر توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر.

**48.** (صحيح) كان إذا كان صائما أمر رجلا فأوفى على شيء فإذا قال غابت الشمس أفطر (ك) عن سهل بن سعد (طب) عن أبي الدرداء

**48.** سەھلى ئىبنى سەئد، ئەبۇددەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا تۇتقان بولسا، بىر كىشىنى بۇيرۇيتتى، ئۇ بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، كۈن كىرىپتۇ دېسە، ئىپتار قىلاتتى. ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بىر ھەدىستە تاغ ئۈستىگە چىقىرىپ قويغان كىشى تېخى كۈن كىرمىدى دېسىمۇ «چۈش تالقان چال دەپ» پەستىكى كىشلەرگە كۈن كىرىپ بولغاچقا ئىپتار قىلىۋەرگەن، سەھىھ.

أنه عليه الصلاة والسلام كان يصلي المغرب إذا توارت الشمس بالحجاب

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شام نامىزىنى كۈن كىرىپ پەردىلىنىپ غائىپ بولغان ھامان ئوقۇيتتى.

ئىمام تەھاۋىي مەئانىلئاسار دېگەن كىتابىنىڭ شەرھىسىدە بۇھەدىسنى مۇتىۋاتىر دېگەندۇر.بۇ بارلىق ھەدىس كىتابلىرىنىڭ ناماز ۋاقىتلىرىدابار.

**49.** (صحيح) صلاة الوسطى صلاة العصر

(حم ت) عن سمرة (ش ت حب) عن ابن مسعود (ش) عن الحسن مرسلا (هق) عن أبي هريرة (البزار) عن ابن عباس (الطيالسي) عن عليعن (1) حفصة (2) وعائشة (3) وعلي (4) وعبد اللّه بن مسعود (5) وابن عباس (6) وابن هاشم بن عتبة بن ربيعة بن عبد شمس (7) وأبي هريرة (8) والحسن عن سمرة بن جندب وقد رواها بأسانيده الطحاوي في شرح معاني الآثار وقال بعدها ما نصه فهذه الآثار قد تواترت وجاءت مجيئاً صحيحاً عن رسول اللّه صلى اللّه عليه وسلم أن الصلاة الوسطى هي العصر وقد قال بذلك أيضاً أجلة من أصحاب رسول اللّه صلى اللّه عليه وسلم اهـ.

(قلت) وممن روى عن النبي صلى اللّه عليه وسلم أنها العصر (9) أم سلمة (10) وابن عمر (11) وأبو مالك الأشعري (12) وجابر (13) وحذيفة وغيرهم وانظر الدر المنثور لدى قوله والصلاة الوسطى

**49.** سۇمرەت ئىبنى مەسئۇد، ھەسەن بەسرى، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس، ئەلى...... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان) ۋۇستا نامىزى، ئەسىر نامىزىدۇر، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ شەيبە، ئىبنى ھەببان، بەيھەقى، بەزار، تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر.دۇررۇلمەنسۇردىن.

**50.** (صحيح) ما بين المشرق و المغرب قبلة (ت م ك) عن أبي هريرة

**50.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىلىقى قىبلىدۇر، (بۇ جەنۇپ ياكى شىمالدىكى كىشىگە دېيىلگەن، شەرىق ياكى غەرىپتىكى

كىشىگە جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ئارىلىقى قىبلىدۇر). تىرمىزى 313 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1001 ــ ھەدىس، ھاكىم، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ئىمام ئىبنى رەشد: نامازدا قىبلىگە قاراش، قۇرئاندا كىلىشىدىن سىرىت، بارلىق ھەدىس كىتابلىرىدا بىردەك كەلگەن مۇتىۋاتىر خەۋەر دېگەن.

كان يصلي على راحلته حيثما توجهت به فإذا أراد أن يصلي المكتوبة نزل فاستقبل القبلة (حم ق) عن جابر

**50**. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەپلە ناماز ئوقۇسا، ئۇلىغىنىڭ، تۆگىسىنىڭ ئۇستىدىلا ئوقۇيتتى، ئۇلىغى قاياققا قاراپ قالسا ئۇقۇۋېرەتتى، (چۈنكى، ئاللاھ ھەممە جايدا ھەممە تەرەپتە بار، ئاللاھنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق ) پەرىز نامازنى ئوقۇشنى ئىرادە قىلسا، ئۇلىغىدىن چۈشۈپ، قىبلىگە قاراپ ئوقۇيتتى، (چۈنكى، قادىر بولسىلا پەرىز نامازدا قىبلىگە قاراش پەرىزدۇر)، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**51**. أن النبي صلى الله عليه وسلم صلى في جوفها عن (1) ابن عمر (2) وعنه أيضاً عن بلال وعن (3) أسامة بن زيد ورويت أيضاً عن (4) عمر بن الخطاب (5) وجابر ابن عبد الله (6) وشيبة بن عثمان (7) وعثمان بن طلحة وفي شرح معاني الآثار للطحاوي ما نصه وقد رويت عن رسول الله صلى الله عليه وسلم آثار متواترة أنه صلى فيها يعني الكعبة

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەئبە ئىچىدە ناماز ئوقۇشىمۇ مۇتىۋاتىردۇر. بۇنى تەھاۋي مۇتىۋاتىر دەپ ئىسپاتلىدى.

ئىمام كەتتانى قاتارلىقلار قۇشۇلغان. بۇ بىلال، ئۇسامە، ئۆمەر، جابىر، ئۇسمان... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن خاتىرلەنگەن.

**52**. (صحيح) إن الفخذ عورة (ك) عن جرهد (2) وابن عباس (3) وعلي (4) ومحمد بن عبد الله بن جحش وغيرهم

**52**. جەرھەد، ئىبنى ئابباس، ئەلى، مۇھەممەد... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

ھەقىقەتەن يوتا، يەنى ئىنسان يوتىسى ئەۋرەتتۇر، ھاكىملەر توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر. (يوتىڭىزنى ئوچۇق قويماڭ)

53.(صحيح) من بنى لله مسجدا بنى الله له بيتا في الجنة (ه) عن علي

**53.** ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا مەسجىد سالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ. (يەنى جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن بولىدى) ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

من بنى لله مسجدا و لو كمفحص قطاة أو أصغر بنى الله له بيتا في الجنة (ه) عن جابر

**53.** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ ئۈچۈنلا بىر مەسجىد سالسا، گەرچە ئۇ مەسجىد، كەپتەرگە ئوخشاش قەتات ئىسىملىك قۇشنىڭ ئۇۋىسىچىلىك بولسىمۇ ياكى بۇ قۇشلارنىڭ ئۆيىدىن كىچىك بولسىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ. ئىبنى ماجە **730** ـ ھەدىس، ئەھمەد **2059** ـ ھەدىس، سەھىھ.

(صحيح) من بنى مسجدا يبتغي به وجه الله بنى الله له مثله في الجنة (حم ق ت ه) عن عثمان(2) وأنس (3) وعمرو ابن عبسة (4) وعمر (5) وعلي (6) وجابر بن عبد اللّه (7) وابن عباس (8) وابن عمر (9) وواثلة (10) وأسماء بنت يزيد (11) وأبي بكر الصديق (12) وابن عمرو (12) ونبيط ابن شريط (14) وأبي أمامة (15) وأبي ذر (16) وأبي قرصافة (17) وأبي هريرة (18) وعائشة (19) وعبد اللّه بن أبي أوفى (20) ومعاذ بن جبل (21) وأم حبيبة أحد وعشرين نفساً (22) أسماء بنت أبي بكر الصديق

**53.** ئوسمان (2) وأنس (3) وعمرو ابن عبسة (4) وعمر (5) وعلي (6) وجابر بن عبد اللّه ... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھنىڭ جامالىنى، رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ، ئاللاھ ئەسلىنىپ تۇرىدىغان مەسجىد سالسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە جەننەتتە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئۆي بىنا قىلىپ بېرىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.ئىمام سۇيۇتى ، ئىبنى ھەجەرلەربۇھەدىس مۇتلەق

مۇتىۋاتىر دېگەن.

**54.** (صحيح) من أكل من هذه الشجرة الخبيثة شيئا فلا يقربنا في المسجد : يا أيها الناس إنه ليس لي تحريم ما أحل الله و لكنها شجرة أكره ريحها (حم م) عن أبي سعيد

**54.** ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **كىم مۇشۇ نىجىس، سېسىق دەرەخ، ئۈسۈملۈكلەردىن (يەنى خام سامساقتىن) يىسە مەسجىدلەردە بىزگە يېقىن كەلمىسۇن، ئى ئىنسانلار! ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىلەرنى مېنىڭ ھارام قىلىش ھوقۇقۇم يوق، لېكىن مەن بۇ ئۈسۈملۈك، كۆكتاتنىڭ پۇرىقىنى ياقتۇرمايمەن. (خام يېيىش مەكرۇھ پىششىق ھالەتتە پۇرىقىنى يوقۇتۇپ يىسە دۇرۇس بولىدۇ).** ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

من أكل من هذه الشجرة الخبيثة فلا يقربن مصلانا حتى يذهب ريحها (حم د حب) عن المغيرة بن شعبة

**54.** مۇغەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **كىم مۇشۇ سېسىق كۆكتاتتىن(يەنى خام پىياز، خام ساقساقتىن) يەپ قالسا، ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقى يوقاپ كەتمىگىچە نامازگاھىمىزغا يەنى مەسجىدلىرىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن.** ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

من أكل من هذه الشجرة فلا يقربن مسجدنا و لا يؤذينا بريح الثوم(م ه) عن أبي هريرة (1) أنس (2) وجابر بن عبد الله (3) وابن عمر (4) وأبي هريرة (5) ومعقل بن يسار (6) وأبي بكر الصديق (7) وبشير بن معبد الأسلمي (8) وخزيمة بن ثابت (9) وعبد الله بن زيد (10) وأبي ثعلبة (11) وأبي سعيد (12) وجابر بن سمرة اثني عشر نفساً .

عن (13) قرة بن إياس المزني (14) والمغيرة بن شعبة (15) وابن عباس (16) وثوبان (17) ومعبد الأسلمي (18) وشريك بن شرحبيل (19) والعلاء بن خباب (20) وعلي بن أبي طالب فبلغت العدة عشرين نفساً

**54.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس، جابىر، ئەلى...قاتارلىق **20**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇشۇ خام سامساقتىن ئىبارەت سەي ـ كۆكتاتنى يېگەن بولسا، ئۇ مەسجىدلىرىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن، بىزگە سامساقنىڭ سېسىق پۇرىقى بىلەن ئازار بەرمىسۇن. مۇسلىم، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

(صحيح) من أكل من هذه الشجرة فلا يقربنا و لا يصلين معنا (ق) عن أنس

**54.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇشۇ خام سامساقتىن ۋە باشقا سېسىق پۇراقلىق كۆكتاتتىن يەپ سالسا، ئۇ بىزگە يېقىن كەلمىسۇن، بىز بىلەن بىرگە نامازمۇ ئوقۇمىسۇن.بەيھەقى توپلىغان مۇتىۋاتىر.

**55.** إذا صلى أحدكم في ثوب واحد فليخالف بطرفيه على عاتقيه (حم د حب) عن أبي هريرة (حم) عن أبي سعيد

**55.** ئەبۇ ھۇرەيرە ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار بىرلا كىيىمدە ناماز ئوقۇسا، كىيىمنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئىككى مۈرىسىگە ئالماش ئارتىپ، ئەۋرىتىنى يېپىپ ناماز ئوقۇسۇن، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

صلاة النبي صلى اللّه عليه وسلم في ثوب واحد متوشحاً به وفي لفظ مخالفاً بين طرفيه عن (1) أم هانئ بنت أبي طالب (2) وابن عباس (3) وعمار بن ياسر (4) وأبي سعيد الخدري (5) وجابر بن عبد اللّه (6) وعمر بن أبي سلمة (7) وأنس

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر كىيىمدە ئىككى تەرىپىنى ئىككى مۈرىسىگە ئارتىپ ناماز ئوقۇشىنى ۋە شۇنىڭغا بۇيرىشىنى ئىمام تەھاۋى مۇتىۋاتىر دېگەن. بۇ ھەدىس ئەبۇھۇرەيرە، ئەممار، جابىر، ئەنەس.... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلانغان.

**56.** صلاة في مسجدي هذا أفضل من ألف صلاة فيما سواه من المساجد إلا المسجد الحرام (حم ق ت ن ه) عن هريرة (حم م ن ه) عن ابن عمر (م) عن ميمونة (حم) عن جبيربن مطعم وسعد والأرقم (2) ومسلم عن ابن عمر وعن (3) ميمونة (4) وأحمد

عن جبير بن مطعم وعن (5) سعد بن أبي وقاص وعن (6) الأرقم بن أبي الأرقم وعن (7) جابر بن عبد اللّه وعن (8) عبد اللّه بن الزبير وفي الباب أيضاً كما في الترمذي عن (9) علي (10) وأبي سعيد وفيه أيضاً كما في غيره عن (11) عبد الرحمان بن عوف (12) وعائشة (13) وعبد اللّه بن عثمان

**56.** بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىز، نەسەئى، ئىبنى ماجە، مۇسلىم قاتارلىقلار، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۇمەر، مەيمۇنە، جۇبەير، سەئىد، ئەرقەم... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان بولۇپ، «مېنىڭ مەدىنىدىكى مۇشۇ مەسجىدىمدىكى بىر ناماز، ئۇنىڭدىن باشقا مەسجىدلەردىكى **1000** نامازدىن ئەۋزەلدۇر، مەسجىدى ھەرەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا (مەدىنىدىكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدىدىكى بىر ناماز، ھەرەمدىن باشقا بارلىق جايدىكى **1000** نامازدىن ئەۋزەل، ھەرەم مۇستەسنا دېيىلگەن)، سەھىھ، مۇتىۋاتىردۇر.

بۇ مەككە ـ مەدىنىنىڭ پەزىلىتى

**57.** (صحيح) جعلت لي الأرض مسجدا و طهورا (ه) عن أبي هريرة (د) عن أبي ذر . (1) أبي هريرة (2) وأبي ذر وبلفظ جعلت لي كل الأرض طيبة مسجداً وطهوراً من حديث (3) أنس قال في التيسير وإسناده صحيح وأخرج مسلم من حديث (4) حذيفة وأخرج الطبراني في الكبير عن (5) السائب بن يزيد مرفوعاً وأخرج أيضاً عن (6) أبي الدرداء مرفوعاً وأخرج البيهقي في الشعب عن (7) أبي أمامة الباهلي مرفوعاً وأخرج الترمذي عن أبي (8) سعيد الخدري ثم قال وفي الباب عن (9) علي (10) وعبد اللّه ابن عمرو وأبي هريرة (11) وجابر (12) وابن عباس وحذيفة وأنس وأبي أمامة وأبي ذر قالوا أن النبي صلى اللّه عليه وسلم قال جعلت لي الأرض مسجداً وطهوراً

**57.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ زەر، ئەلى، سەئىد، جابىر...قاتارلىق **12**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئۈچۈن (ئۈممىتىم ئۈچۈن) زىمىن مەسجىد ۋە پاك قىلىندى (يەنى بارلىق جايدا ناماز ئوقۇسا بولىدىغان تەيەممۇم قىلسا بولىدىغان قىلىندى) ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) جعلت لي كل أرض طيبة مسجدا و طهورا (حم الضياء) عن أنس

**57.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئۈچۈن زېمىننىڭ ھەممە جايلىرى پاك ـ پاكىز مەسجىد قىلىندى، پاكلىغۇچى يەنى تەيەممۇم قىلسا بولىدىغان قىلىندى. ئەھمەد، بىلەن زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان. سەھىھ.

**58.** بشر المشائين في الظلم إلى المساجد بالنور التام يوم القيامة (د ت) عن بريدة (ه ك) عن أنس (3) وسهل بن سعد (4) وزيد بن حارثة (5) وابن عباس (6) وابن عمر (7) وأبي أمامة (8) وأبي الدرداء (9) وأبي هريرة (10) وعائشة (11) وأبي موسى (12) وأبي سعيد (13) وحارثة بن وهب (14) وحطيم الحداني مرسلاً (15) وعطاء بن يسار

**58.** بۇرەيدەت، ئەنەس، سەھلى، ئىبنىسەئىد... قاتارلىق **15** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زۇلمەتلىك قاراڭغۇ كېچىلەردە مەسجىدلەرگە كۆپ ماڭغۇچىلارغا قىيامەت كۈنىدىكى كامىل نۇر بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە، ئىبنى خۇزەيم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ئىمام سۇيۇتىي، مەناۋىيلار مۇتىۋاتىر دېگەن.

**59.** (صحيح) أسفروا بالفجر فإنه أعظم للأجر (ت ن حب) عن رافع (2) ومحمود بن لبيد (3) وبلال (4) وابن مسعود (5) وأبي هريرة (6) وحواء (7) وأنس (8) وقتادة (9) ورجل من الصحابة تسعة أنفس10- ئەبۇبەرزەت

**59.** رافىئ، بىلال، ئەنەس، قەتادە... قاتارلىق **10** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بامدات نامىزىنى، سۈبھىنى ئاقارتىپ ئوقۇڭلار، ئۇنىڭ ساۋابى، ئەجرى كاتتا بولىدۇ. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان. مۇتىۋاتىر. ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا، قاراڭغۇدا ھەتتا ئاياللار نامازدىن قايتقاندا بىر ـ بىرىنى تونىيالمىغۇدەك ھالەتتە ئوقۇغان ھەدىسمۇسەھىھ. سەھىھ ئىككى ھەدىس تاقىشىپ، زىتلىشىپ قالسا، سۆزلىگۈچىنىڭ ئىشەنچىلىكرەكىنى ئالىمىز. بولۇپمۇ تۆت خەلىپە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرى، مەسىلەن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ

ئەنھانىڭ ھەدىسلىرىنى ئالىمىز. ھەدىسلەرنى ياراشتۇرىدىغان 70 نەچچە يول بار، بۇ يوللارنى ھەدىس ئىلمى تەتقىقاتىنى ئوقۇغانلار ئوبدان بىلىدۇ دېگەن.

**60.** إذا اشتد الحر فأبردوا بالصلاة فإن شدة الحر من فيح جهنم (حم ق 3) عن أبي هريرة (حم ق د ت) عن أبي ذر (ق) عن ابن عمر (1) أبي ذر (2) وأبي هريرة (3) وابن عمر (4) وأبي سعيد (5) وأبي موسى (6) والمغيرة بن شعبة (7) وعائشة (8) وصفوان والد القاسم (9) وعبد الرحمان ابن جارية (10) وعمرو بن عبسة (11) ورجل لم يسم أراه عبد اللّه (12) وعمر (13) وابن عباس (14) وعبد الرحمان ابن علقمة (15) وأنس (16) ومرسل عطاء بن يسار (17) وحجاج الباهلي وله صحبة سبعة عشر نفساً .

قلت) ورد أيضاً من حديث (18) ابن مسعود (19) وجابر بن عبد اللّه وفي فيض القدير قال السيوطي حديث متواتر رواه بضعة عشر صحابياً

**60.** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاۋا بەك قىززىپ كەتسە، نامازنى (يەنى پېشىننى) ھاۋا سوۋىغاندا ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن قىززىق ھارارەت، دوزاخنىڭ زەھىرىدۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەبۇ زەردىن، ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس، ئۆمەر... قاتارلىق **19**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ ئىمام سۇيۇتي ، كەتتاني مۇتىۋاتىر دېدى.

**61.** (صحيح) خير صفوف الرجال أولها و شرها آخرها و خير صفوف النساء آخرها و شرها أولها (م 4) عن أبي هريرة (طب) عن أبي أمامة وابن عباس(2) جابر (3) وابن عباس (4) وأبي سعيد (5) وأبي (6) وعائشة (7) والعرباض ابن سارية (8) وأنس اهـ وقال المنذري في الترغيب بعد أن أورده من حديث أبي هريرة وروى عن جماعة من الصحابة منهم ابن عباس وعمر بن الخطاب وأنس بن مالك وأبو سعيد وأبو أمامة وجابر بن عبد اللّه وغيرهم اهـ فزاد (9) عمر (10) وأبا أمامة (11) فاطمة بنت قيس

**61.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ ئۇمامە، ئىبنى ئاببىاس، ئۆمەر، فاتىمە... **11**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: ئەرلەرنىڭ سەپلىرىنىڭ ياخشىسى بىرىنچى سەپ، يامىنى بولسا، ئاخىرقىدۇر، ئاياللارنىڭ سەپلىرىنىڭ ياخشىسى ئاخىرقى، يامىنى بولسا ئەۋۋەلقىدۇر، (ئۆز ۋاختىدا ئاياللار جامائەتكە قاتنىشاتتى) مۇسلىم، ئەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**62.** أقيموا الصفوف فإنما تصفون بصفوف الملائكة وحاذوا بين المناكب وسدوا الخلل لينوا بأيدي إخوانكم و لا تذروا فرجات للشيطان و من وصل صفا وصله الله و من قطع صفا قطعه الله عز و جل (حم د طب) عن ابن عمر

**62.** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپلەرنى تۈزلەڭلار، ھەقىقەتەن سىلەر پەرىشتىلەر سەپلەردە تۇرغاندەك سەپلەردە تۇرىسىلەر. مۈرىلەر ئارىسىنى يېقىن بەراۋەر قىلىڭلار، بوشلۇقنى ئېتىڭلار، قېرىنداشىڭلارنىڭ قوللىرىغا قوللىرىڭلارنى يۇمشاق تۇتۇڭلار، «يەنى ئۇلار سەپكە كىرمەكچى بولغاندا، قولۇڭلارنى مۇلايىم تۇتۇپ، جەينەكلىرىڭلارنى يىغىپ تۇرۇڭلار» شەيتانغا بوشلۇق قالدۇرماڭلار، كىم سەپلەرنى ئۇلاپ، تۈز تۇرسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمىتىنى ئۇلاپ يەتكۈزىدۇ، سەپلەرنى ئۈزۈپ، بوشلۇق قالدۇرسا، ئاللاھمۇ رەھمىتىنى ئۈزۈۋېتىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أقيموا الصفوف في الصلاة فإن إقامة الصف من حسن الصلاة (م) عن أبي هرير

**62.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدا سەپلەرنى تۈزلەڭلار، ھەقىقەتەن سەپنى تۈزلەش، نامازنى ياخشى ئادا قىلغانلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.بۇھەدىسنى ئىبنى خۇزەيمە، ھاكىم قاتارلىقلار

زەيد ئىبنى مالىك ، نۇئمان، عن جابر بن سمرة والبراء وجابر بن عبد اللّه وأنس وأبي هريرة وعائشة... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن توپلىغان بولۇپ ئىبنى ئابدۇلبەرر، ئىبنى ھەجەر، كەتتانىيلەر مۇتىۋاتىر دېدى.

توت خەلىپىدىن باشلاپ ھەممىسى ئەمەل قىلىپ كەلگەن.

**63.** (صحيح) لولا أن أشق على أمتي لأمرتهم بالسواك عند كل صلاة (مالك حم ق ت ه) عن أبي هريرة (حم د ن) عن زيد بن خالد الجهني (2) وزيد بن خالد الجهني (3) وأبي

سعيد (4) وعلي (5) وتمام بن العباس (6) وأخيه قيم (7) ورجل من الصحابة لم يسم (8) وزينب بنت جحش (9) وأم حبيبة (10) وجعفر بن أبي طالب (11) والعباس بن عبد المطلب (12) وابن عباس (13) وابن عمرو (14) وعائشة (15) وأنس (16) وجابر (17) وسهل بن سعد (18) وابن عمر (19) وأسامة بن زيد (20) وابن الزبير (21) وعبد الله بن حنظلة بن أبي عامر (22) وأبي بكر الصديق (23) وحذيفة (24) وواثلة (25) وأبي أمامكة (26) وأبي أيوب (27) وأبي موسى (28) وأم سلمة ثمانية وعشرين نفساً.

(قلت) ورد أيضاً عن (29) مكحول مرسلاً بلفظ لامرتهم بالسواك والطيب عند كل صلاة أخرجه ابن أبي شيبة في المصنف وعن (30) حسان بن عطية أخرجه ابن أبي شيبة أيضاً وممن صرح بأنه متواتر المناوي في التيسير

**63.** ئەبۇ ھۇرەيرە، زەيد ئىبنى خالد... **30** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن ئۇممىتىمگە مۇشەققەت سېلىپ قويمايدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھەر نامازدا مىسۋاك سېلىشقا بۇيرىغان بولاتتىم. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

لولا أن أشق على المؤمنين لأمرتهم بتأخير العشاء و بالسواك عند كل صلاة (د ن) عن أبي هريرة

**63.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن مۆئمىنلەرگە جاپا ـ مۇشەققەت سېلىپ قويمايدىغان بولسام، ئەلۋەتتە مەن ئۇلارنى خۇپتەن نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشقا ھەربىر نامازغا مىسۋاك سېلىشقا بۇيرىغان بولاتتىم. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىلار توپلىغان، سەھىھ.

لولا أن أشق على أمتي لأمرتهم بالسواك مع كل وضوء (مالك الشافعي هق) عن أبي هريرة (طس) عن علي

**63.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۇممىتىمگە مۇشەققەت سېلىپ قويۇشۇم بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن ئۇلارنى نامازغا ئالغان ھەربىر تاھارەت بىلەن بىللە مىسۋاك سېلىشقا بۇيرۇيتتىم، مالىك، شافىئى، بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**64**. (صحيح) مفتاح الصلاة الطهور و تحريمها التكبير و تحليلها التسليم (حم د ت ه) عن علي (2) وجابر (3) وأبي سعيد (4) وعبد الله بن زيد (5) وابن عباس (6) وابن مسعود (7) وأنس سبعة أنفس عن 8 - عائشة

**64**. ئەلى، جابىر، ئائىشە، ئەنەس... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەتتۇر، تەھرىم باغلاپ باشلىنىشى تەكبىردۇر، نامازدىن ھالال بولۇپ چىقىش بولسا، سالام بېرىشتۇر، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.ئىبنى تەيمىييە.

**65**. رفع اليدين في الصلاة في الإحرام والركوع والاعتدا ل أورده فيها أيضاً من حديث (1) ابن عمر (2) ومالك ابن الحويرث (3) ووائل بن حجر (4) وعلي (5) وسهل بن سعد (6) وابن الزبير (7) وابن عباس (8) ومحمد بن مسلمة (9) وأبي أسيد (10) وأبي حميد (11) وأبي قتادة (12) وأبي هريرة (13) وأنس (14) وجابر بن عبد الله (15) وعمر الليثي (16) والحكم بن عمير (17) والأعرابي (18) وأبي بكر الصديق (19) والبراء (20) وعمر بن الخطاب (21) وأبي موسى الأشعري (22) وعقبة بن عامر (23) ومعاذ بن جبل ثلاثة وعشرين نفساً .أنه روى رفع اليدين عن النبي صلى الله عليه وسلم في هذه المواطن الثلاثة نحو من ثلاثين نفساً واتفق على روايتها العشرة

**65**. (صحيح) كان إذا قام إلى الصلاة رفع يديه مدا (ت) أبي هريرة

**4761**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇرسا، ئىككى قولىنى سوزۇپ ئېگىز كۆتۈرەتتى، يەنى قولىنى كۆتۈرۈپ، تەكبىر ئېيتاتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامازغا ئىھرام باغلىغاندا تۇنجى قېتىم ئىككى قولنى كۆتىرشى، رۇكۇغا بارغاندا ۋە رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە كۆتۈرشى، ئىككى رەكئەت نامازنى ئۇقۇپ بولۇپ ئۇچۇنجى رەكئەتكە تەشەھھۇدتىن تۇرغاندا يەنە ئىككى قولنى كۆتۈرشى 30 دىن 50 كىچە ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن خاتىرلەنگەن مۇتىۋاتىر خەۋەردۇر.ئون ساھابە لەبزەن ۋە مەئنەن ئىتتىپاقلا كەلگەن. ئىمام بۇخاري، ئىبنى ھەجەر، سۇيۇتي، ئىبنى جەۋزي، ئىبنى ھەزىم، ساخاۋي قاتارلىقلار بۇھەدىسنى مۇتىۋاتىر دېگەن. تۆت خەلىپىدىن، جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىدىن، كېيىنكى مەشھۇر ئىماملاردىن خاتىرلەنگەن ئەڭ ئىشەنچىلىك ھەدىستۇر.

بۇ بارلىق ھەدىس كىتابلىرىدا مەخسۇس باب بىلەن باردۇر.

**66**. ثلاث من أخلاق النبوة :تعجيل الإفطار و تأخير السحور و وضع اليمين على الشمال في الصلاة (طب) عن الدرداء

**66**. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ نەرسە، پەيغەمبەرلەر ئەخلاقلىرىدىندۇر، رامىزاندا ئىپتارنى بۇرۇن قىلىش، زوھۇرلۇقنى كېيىن يېيىش، (يەنى سۇبھىگە قىستاپ يېيىش) نامازدا ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇش. تەبرانى توپلىغان. سەھىھ.

66 . وضع اليدين أحداهما على الأخرى في الصلاة عن (1) سهل بن سعد الساعدي (2) ووائل بن حجر الحضرمي (3) وعبد الله بن مسعود (4) وهلب الطاءي (5) وعلي بن أبي طالب (6) وابن الزبير (7) وأبي هريرة (8) وجابر ابن عبد اللّه (9) والحارث بن غطيف الثمالي ويقال أنه غضيف بن الحارث بالضاد المعجمة وقيل غطيف بالطاء المهملة (10) وعمرو بن حريث المخزومي (11) ويعلى بن مرة الثقفي (12) وعبد اللّه بن عمر (13) وأبي الدرداء (14) وحذيفة (15) وعائشة (16) وابن عباس (17) وأنس (18) وشداد بن شرحبيل (19) ومعاذ بن جبل (20) وسفيان الثوري من غير واحد من الصحابة ومرسل (21) أبي أمية عبد الكريم بن أبي المخارق البصري (22) وطاوس (23) والحسن البصري (24) وعطاء بن أبي رباح (25) وإبراهيم النخعي

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نازدا ئوڭ قولىنى سولام قولىنىڭ ئۈستىگە قويىشى، 20 يىگىرمە نەچچە ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن خاتىرلەنگەن مۇتىۋاتىر خەۋەردۇر.بۇمۇھەم بارلىق كىتابتا بار.

67 . القراءة بالبسملة في الصلاة

عن (1) ابن عباس (2) وعلي (3) وأم سلمة (4) وأبي هريرة (5) وابن عمر (6) وبريدة وغيرهم ونص غير واحد على أن قراءة النبي صلى الله عليه وسلم لها في الصلاة قطعي إلا أنه جهر تارة وذلك قليل وأخفى أخرى وهو الغالب من حاله

**67**.رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامازدا بسم الله الرحمن الرحيم نى سۈرە پاتىھەدىن بۇرۇن قىرائەت قىلىشى ئىبنى ئابباس، ئەلى، ئۇممە سەلەت، ئەبۇھۇرەيرە، ئىبنى ئۇمەر، بۇرىيدە... قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن خاتىرلەنگەن مۇتىۋاتىر خەۋەردۇر.

بۇئايەتنىڭ قىرائىتى قەتئى ئىشەنچىلىك. لىكىن بەزىدە جەھري ئاشكارابولغان بۇناھايىتى ئازدۇر.مەخفي ئوقۇغىنى كۆپتۇر.

**68**. ترك الجهر بها في الصلاة ذكر الطحاوي في شرح المعاني الآثار أن الآثار بذلك متواترة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم وأبي بكر وعمر وعثمان انظره في باب قراءة بسم الله الرحمان الرحيم في الصلاة

**68**. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نازدا بسم الله الرحمن الرحيم نى سۈرە پاتىھەدىن بۇرۇن ئاشكارا ئوقىماي مەخفي ئوقىغانلىقىنى ئىمام تەھاۋىيى مۇتىۋاتىر خەۋەردۇردىگەن. شۇنداقلا ئەبۇبەكرى، ئۇمەر، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارمۇ مەخپي قىرائەت قىلغان ئەسەر ئەڭ ئىشەنچىلىكتۇر.

**69**. (صحيح) لا صلاة لمن لم يقرأ بفاتحة الكتاب (حم ق 4) عن عبادة

**69**. ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىتاب ئاچقۇچى بولغان سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشى ئۇچۇن ناماز يوق. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان. سەھىھ. ھەر قانداق كىشى

نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭدا قىلغۇچى مەخپى نامازدا ئوقۇيدۇ.

(صحيح) لا صلاة لمن لم يقرأ بأم القرآن فصاعدا(م د ن) عن عبادة بن الصامت

**69.** ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇممۇلقۇرئاننى يەنى قۇرئاننىڭ ئاساسى بولغان سۈرە فاتىھەنى ۋە ئۇنىڭدىن زىيادە ئايەتلەرنى ئوقۇمىغان كىشىگە ناماز يوق، يەنى دۇرۇس ئەمەس. مۇسلىم **597** _ ھەدىس، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) كل صلاة لا يقرأ فيها بأم الكتاب فهي خداج

(حم ه) عن عائشة (حم ه) عن ابن عمرو (هق) عن علي (خط) عن أبي أمامة (1) عبادة بن الصامت (2) وأبي هريرة (3) وعائشة (4) وأنس (5) وأبي قتادة (6) وابن عمر (7) وابن عمرو (8) وعلي (9) وأبي أمامة (10) وأبي سعيد (11) وعمران بن حصين (12) ورفاعة بن رافع (13) وابن مسعود وغيرهم

**69.** ئائىشە، ئىبنى ئەمرۇ، ئەلى، ئەبۇ ئۇمامە... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرە فاتىھە ئوقۇلمىغان ھەر قانداق ناماز ناقىستۇر، كامىل ئەمەس. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، بەيھەقى، خەتىيبلەر توپلىغان، سەھىھ.مۇتەۋاتىر يالغۇز ھالەتتە ناماز ئوقۇغۇچى ھەر بىر رەكئەتتە سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيدۇ، ئىمامنىڭ شۇنداق، ئىمامغا ئىقتىدا قىلغۇچى، جەھرى نامازدا يەنى قىرائەت ئاشكارا ئوقۇلغاندا ئوقمىسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئاڭلاپ تۇرۇپ ئاخىرىدا ئامىن! دەيدۇ، مەخپى نامازدا بولسا، مەسىلەن: پېشىن، ئەسىردەك ياكى جەھرىدىن كېيىنكى رەكئەتتىكى نامازدا يەنىلا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيدۇ.

**70.** وضع اليدين على الركبتين في الركوع عن (1) عمر (2) وأبي مسعود البدري (3) وأبي حميد الساعدي في عشرة من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم منهم أبو أسيد وسهل ابن سعد ومحمد بن مسلمة وأبو قتادة وعن (13) وائل بن حجر (14) وأبي هريرة

**70.**رۇكۇ قىلغاندا ئىككى قولىنى ئىككى تىزىغا قويۇش يۇقىرىقى **14** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن خاتىرلەنگەن مۇتەۋاتىر خەۋەردۇر.بۇ بارلىق ھەدىس

كىتابلىرىدا باردۇر.ھازىرمۇ شۇنداق.

**71**. إذا قال الإمام: سمع الله لمن حمده فقولوا: اللهم ربنا لك الحمد فإنه من وافق قوله قول الملائكة غفر له ما تقدم من ذنبه (مالك ق 3) عن أبي هريرة

**71**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە دېسە، سىلەر ئاللاھۇممە رەببەنا لەكەلھەمدۇ دەڭلار، ھەقىقەتەن كىمنىڭ شۇ سۆزى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. يەنى كەچۈرۈلىدۇ. ئۆتتۈرۈلىدۇ، ئۆتۈۋېتىلىدۇ، مالىك، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا قال الإمام: سمع الله لمن حمده فقولوا: اللهم ربنا و لك الحمد (ه ك) عن أبي سعيد (ه حب) عن أنس (حب) (1) أبي هريرة (2) وابن عمر (3) وعلي بن أبي طالب (4) وعبد الله بن أبي أوفى (5) وأبي سعيد الخدري (6) ورفاعة بن رافع الزرقي (7) وأنس (8) وابن عباس (9) وأبي جحيفة (10) وأبي موسى الأشعري عشرة أنفس وفي الباب أيضاً عن (11) عائشة وأبي جحيفة

**71**. ئەبۇ سەئىد، ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام: «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە» دېسە، سىلەر: «ئاللاھۇممە رەببەنا ۋەلەكەلھەمدۇ» دەڭلار. ھاكىم، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق دېگەنلىكى ۋەشۇنىڭغا بۇيرىشى **11**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن مۇتىۋاتىردۇر.

**72**. إذا صليتم فأقيموا صفوفكم ثم ليؤمكم أحدكم فإذا كبر فكبروا و إذا قرأ فأنصتوا و إذا قال (غير المغضوب عليهم و لا الضالين فقولوا: آمين يجبكم الله و إذا كبر و ركع فكبروا و اركعوا فإن الإمام يركع قبلكم و يرفع قبلكم فتلك بتلك و إذا قال: سمع الله لمن حمده فقولوا: اللهم ربنا لك الحمد يسمع الله لكم و إذا كبر و سجد فكبروا و اسجدوا فإن الإمام يسجد قبلكم و يرفع قبلكم فتلك بتلك و إذا كان عند القعدة فليكن من أول قول أحدكم التحيات الطيبات الصلوات لله السلام عليك أيها النبي و رحمة الله و

بركاته السلام علينا و على عباد الله الصالحين أشهد أن لا إله إلا الله و أشهد أن محمد عبده و رسوله) . (حم م د ن ه) عن أبي موسى

**72.** ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناماز ئوقىغاندا، سەپلەرنى رۇس تۈزلەڭلار، ئاندىن سىلەرگە بىرسى ئىمام بولسۇن، ئىمام تەكبىر ئېيتسا، سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىڭلار، ئۇ قىرائەت قىلغاندا سىلەر جىم تۇرۇڭلار، ئىمام، سۈرە فاتىھەنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ۋەلەززاللىين دېسە، ئامىين! دەڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىمام تەكبىر ئېيتىپ، رۇكۇ قىلسا، سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلىڭلار، ئىمام سىلەردىن بۇرۇنراق رۇكۇ قىلىدۇ، بېشىنى كۆتۈرىدۇ، بۇ ئىككىسى نەخمۇنەخ بولسۇن، يەنى سىلەر كېيىنرەك قىلىڭلار، ئەگىشىڭلار، ئىمام سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە دېسە، يەنى ئاللاھ ھەمدە ئېيتقان كىشىگە قۇلاق سالدى، ئاڭلىدى دېسە، سىلەر رەببەنا لەكەلھەمدۇ دەڭلار، يەنى ئى رەببىمىز، بارلىق ھەمدۇسانا سىلىگە خاس دېسەڭلار، ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن ئاڭلايدۇ، ئىمام تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلسا، سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلىڭلار، ئىمام سىلەردىن بۇرۇنراق قىلىپ، بۇرۇنراق بېشىنى كۆتۈرىدۇ، سىلەر شۇنى باراۋەر قىلىپ ئەگىشىڭلار، ئەتتەھىياتۇدا ئولتۇرغاندا، مۇنداق دەڭلار: «ئەتتەھىياتۇ لىللاھى ۋەسسەلۋاتۇ ۋەتتەييىباتۇ، ئەسسالامۇ ئەلەيكە، ئەييۇھەننەبىييۇ ۋەرەھمەھۇتللاھى ۋەبەركاتۇھۇ، ئەسسالامۇ ئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللاھىسسالىھىين ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللاللاھۇ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ»، تەرجىمىسى: ئىختىسادى، جىسمانى، ئىددىيىۋى ئىبادەت، مالدىكى، دىلدىكى، بەدەندىكى ئىبادەت بىر ئاللاھقا خاستۇر، سالام ساڭا ئى پەيغەمبەر، ئاللاھنىڭ رەھمىتى، بەرىكىتى ساڭا بولسۇن، سالامەتچىلىك، تېنچلىق بىزگە، ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ، ياخشى بەندىلىرىگە بولسۇن، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

إن الله هو : السلام فإذا قعد أحدكم في الصلاة فليقل : التحيات لله و الصلوات و الطيبات السلام عليك أيها النبي و رحمة الله و بركاته السلام علينا و على عباد الله الصالحين فإنكم إذا قلتموها أصابت كل عبد لله صالح في السماء و الأرض أشهد أن لا

إله إلا الله و أشهد أن محمدا عبده و رسوله ثم ليتخير من المسألة ما شاء (حم ق) عن ابن مسعود (2) وابن عباس (3) وأبي موسى (4) وعمر (5) وجابر (6) وابن عمر (7) وسمرة بن جندب (8) وعائشة (9) وعلي (10) وابن الزبير (11) ومعاوية ابن أبي سفيان (12) وسلمان (13) وأبي حميد الساعدي (14) وأبي بكر الصديق (15) وطلحة بن عبيد الله (16) وأنس (17) وحذيفة (18) والحسين بن علي (19) وابن أبي أوفى (20) والفضل ابن العباس (21) والمطلب بن ربيعة (22) وأبي سعيد (23) وأبي هريرة (24) وأم سلمة أربعة وعشرين نفساً

**72.** ئىبنى مەسئۇد، ئۆمەر، ئەنەس، سۇپيان... قاتارلىق **24**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن**:** ھەقىقەتەن، ئاللاھ ئۆزى سالامدۇر، سالامەتتۇر، بىرىڭلار نامازدا، تەشەھھۇدتا ئولتۇرسا، مۇنداق دېسۇن، «ئەتتەھىيياتۇلىللاھى ۋەسسەلەۋاتۇ ۋەتتەييىباتۇ، ئەسسالامۇ ئەلەيكە، ئەييۇھەننەبىييۇ ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ، ئەسسالامۇ ئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللاھىسسالاھىين، ئەشھەدۇئەن لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ» دېۋىتىپ، ئاندىن ئۆزى خالىغانچە ئاللاھتىن سوراشنى، دۇئالارنى تاللىسۇن، (لېكىن، قۇرئاندىن، سەھىھ ھەدىستىن، ساھابە، تابىئىنلاردىن ئېلىنسۇن) سىلەر يۇقىرىقى سالام ۋە بەرىكەتلەرنى دېسەڭلار، بۇ دۇئايى ـ سالام، بەرىكەت، ئاسمان ـ زېمىندىكى ئاللاھنىڭ بارلىق سالىھ، ياخشى بەندىلىرىگە يېتىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، بارلىق كىتابلار توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**73**. (صحيح) كان يشير في الصلاة (حم) عن أنس (1) عبد اللّه ابن عمر (2) وعبد اللّه بن الزبير (3) ووائل بن حجر (4) ونمير بن أبي نمير الخزاعي (5) وأبي هريرة (6) وسعد بن أبي وقاص (16) وأبي حميد الساعدي في عشرة من الصحابة منهم أبو أسيد وسهل بن سعد ومحمد بن سلمة وأبو قتادة وعن (17) معاذ بن جبل (18) وجابر بن سمرة (19) وشهاب بن المجنون الجومي وهو جد عاصم بن كليب راويه عن أبيه عن جده (20) وأنس بن مالك (21) وخفاف ابن إيماء الغفاري (22) وعقبة بن عامر (23) وابن عباس (24) وعبد الرحمان بن أبزي (25) وأسماء بن حارثة (26)

وعائشة أم المؤمنين موقوفاً عليها ستة وعشرين نفساً من الصحابة

**73.** ئەنەس، مۇئاز، جابىر، ئائىشە... قاتارلىق**26**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا ئىشارەت قىلاتتى، (يەنى ئەتتەھىياتۇدىكى تەشەھھۇددا كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى، ). ئەھمەد **11958** _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد **806** _ ھەدىس، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

تەشەھھۇددا ئولتۇرغاندا، بىر بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىشى يەنى ئوڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچى بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىشى، ئىككى بارماق بىلەن ئىشارەت قىلىشدىن چەكلىشى: نەسەئى **1253** _ ھەدىس، ئىشارەت قىلىپ ھەرىكەتلەندۈرمەسلىكى نەسەئى **1254** _ ھەدىس، ئوڭ قولىدىكى بارماققا: ئەبۇ داۋۇد **839** _ ھەدىس، ئىشارەت بار ھەرىكەت يوق: ئىبنى ماجە **901** _ ھەدىس، ئىشارەت، ئەھمەد **14826** _ ھەدىس، **14827** _ ھەدىس، كۆرسەتكۈچ بارماقتا ئىشارەت قىلىش تىرمىزى **3480** _ ھەدىستە ئىككى بارماقدىن توسۇپ، بىردە ئىشارەت قىلىش، بۇ ئىشارەت تەشەھھۇددا، ئەتتەھىياتۇ بولىدۇ.

**74**. إذا صليتم علي فقولوا : اللهم صل على محمد النبي الأمي و على آل محمد كما صليت على إبراهيم و على آل إبراهيم و بارك على محمد النبي الأمي و على آل محمد كما باركت على إبراهيم و على آل إبراهيم إنك حميد مجيد (حم حب قط هق) عن أبي مسعود

**74.** ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ماڭا دۇرۇت سالام يوللىماقچى بولساڭلار، مۇنداق دەڭلار، «ئى ئاللاھ، ئۇرۇك، ساۋاتسىز پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە رەھىم قىلسىلا، ئىبراھىمغا ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھىم قىلغاندەك ئۇنىڭ ئائىلىسىگىمۇ رەھمەت قىلسىلا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت بەرگەندەك مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە. ئائىلىسىگە بەرىكەت بەرسىلە، سىلى ھەقىقەتەن بارلىق تىللاردا مەدھىيلەنگۈچى. ئۇلۇغ. كاتتا زات»، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، دارىقۇتنى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھگە يېقىن ھەسەن.

صلوا علي و اجتهدوا في الدعاء و قولوا : اللهم صل على محمد و على آل محمد و بارك على محمد و آل محمد كما باركت على إبراهيم و آل إبراهيم إنك حميد مجيد (حم ن ابن سعد سمويه البغوي الباوردي ابن قانع طب) عن زيد بن خارجة

**74.** زەيد ئىبنى خارجەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا دۇرۇت، سالام يوللاڭلار، دۇئادا تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭلار، مۇنداق دەڭلار، «ئاللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەدىن ۋەبارىك ئەلا مۇھەممەد ۋە ئالى مۇھەممەد كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىم ۋە ئەلائالي ئىبراھىم ئىننەكە ھەمىدۇممەجىيد» تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ، خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت، بەرىكەت ئاتا قىلغانىدەك رەھمەت قىلسىلا، بەرىكەت ئاتا قىلسىلا دەڭلار، ، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى سەئىد، سەمۇيىھ، بەغۇى، بارۇدى، ئىبنى قانىئ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

قولوا : اللهم صل على محمد و على آل محمد كما صليت على إبراهيم و على آل إبراهيم إنك حميد مجيد اللهم بارك على محمد و على آل محمد كما باركت على إبراهيم و آل إبراهيم إنك حميد مجيد(حم ق د ن ه) (1) كعب بن عجرة (2) وأبي حميد الساعدي (3) وأبي سعيد (4) وأبي مسعود الأنصاري (5) وطلحة بن عبيد اللّه (6) وزيد بن خارجة (7) وبريدة (8) وأبي هريرة (9) وسهل بن سعد (10) ورويفع بن ثابت (11) وجابر (12) وابن عباس (13) والنعمان ابن أبي عياش ثلاثة عشر نفساً

**74.**كەئىبى ئىبنى ئۇجرەت، ئەبۇ ھۇرەيد، ئەبۇ سەئىد، جابىر، نۇئمان... 13ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەڭلار دېگەن: «ئاللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەد ۋە ئالا ئالى مۇھەممەد كەما سەللەيتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋە ئەلا ئالى ئىبراھىمە ئىننەكە ھەمىدۇممەجىيد، ئاللاھۇممە بارىك ئەلا مۇھەممەد ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەد كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋە ئەلا ئالى ئىبراھىيمە ئىننەكە ھەمىدۇممەجىيد» تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا خۇددى ئىبراھىمغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا رەھىيم قىلغانىدەك رەھىيم قىلسىلا، مەغپىرەت قىلسىلا، ھەقىقەتەن سىلى

ھەممە تىللاردا مەدھىيىلىنىپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ زات، ئى ئاللاھ! مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە خۇددى ئىبراھىيم ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغاندەك بەرىكەت ئاتا قىلسىلا. ھەقىقەتەن سىلى ھەممە تىللاردا مەدھىيىلىنىپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ زات» ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، مۇتېۋاتىر.

**75**. أنه صلى اللّه عليه وسلم كان يسلم عن يمينه السلام عليكم ورحمة اللّه حتى يرى بياض خده الأيمن ويسلم على يساره السلام عليكم ورحمة اللّه حتى يرى بياض خده الأيسر أورده فيها أيضاً من حديث (1) سعد بن أبي وقاص (2) وجابر بن سمرة (3) ووائل ابن حجر (4) وابن مسعود (5) وعمار بن ياسر (6) وحذيفة (7) وعدي بن عميرة الحضرمي (8) وسهل بن سعد (9) وطلق بن علي (10) والمغيرة بن شعبة (11) وأبي رمثة البلوى (12) وواثلة بن الأسقع (13) والبراء بن عازب (14) ويعقوب بن الحصين أربعة عشر نفساً . (15) أبا موسى الأشعري (16) وعبد اللّه بن عمر (17) وأبا مالك الأشعري (18) وأوس ابن أوس (19) جابر بن عبد اللّه قال والعمل عليه عند أكثر أهل العلم من أصحاب النبي صلى اللّه عليه وسلم ومن بعدهم وهو قول سفيان الثوري وابن المبارك وأحمد وإسحاق

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن پارىغ بولغاندا ئوڭ ۋەسول تەرىپىگە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ سالام بىرەتتى. ھەتتا مەڭزىنىڭ ئاقلىقى كۆرۈنۈپ قالاتتى. بۇھەدىسنى سەئد، جابىر، ۋائىل، ئەۋس قاتارلىق **19** ساھابە سۆزلىگەن مۇتېۋاتىر.

**76**. يقطع الصلاة المرأة و الحمار و الكلب و يقي من ذلك مثل مؤخرة الرحل (م) عن أبي هريرة

**76**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازنى بالاغەتكە يەتكەن ئايال كىشى، ئېشەك، ئىت ئۈزۈپ قويىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ نامازنى بۇزۇۋېتىشىدىن پەقەت ئىگە كاجۇنىڭ يۆلەنچۈكچىلىك بىر گەز نەرسىنى سانجىپ قويۇش ساقلاپ قالىدۇ. (يەنى ئالدىغا سۇترە قىلىپ ساقلاپ قالسۇن). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) يقطع صلاة الرجل إذا لم يكن بين يديه كمؤخرة الرحل المرأة و الحمار و الكلب الأسود الكلب الأسود شيطان (حم 4 حب) عن أبي ذر

**76.** ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ نامىزىنى ئۇنىڭ ئالدىدا ئىگەرنىڭ يۆلەنچۈكچىلىك بىر گەز نەرسە سانجىقلىق بولمىسا، ئايال كىشى، ئىشەك، قارا ئىت ئۈزۈپ قويىدۇ، قارا ئىت شەيتاندۇر. (بولۇپمۇ تۆت كۆزلۈك قارا ئىت شەيتاندۇر). ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

أن بني آدم لا يقطعون الصلاة إذا مروا بين يدي المصلي أو كانوا في جهة صلاته عن (1) المطلب بن أبي وداعة (2) وعائشة (3) وأم سلمة (4) وميمونة بنت الحارث (5) وعلي ابن أبي طالب وغيرهم

ناماز ئوقۇغۇچى كىشى ئالدىغا سۇترە قويۇپ قويسا، ئۇنىڭ نامىزىنى ئالدىدىن ئۆتكەن كىشى ئۈزۈپ بۇزىۋەتەلمەيدۇ دېگەن ھەدىس ئەبۇزەر، ئەبۇھۇرەيرە، ئەلى... قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن،

مۇتىۋاتىر يول بىلەن خاتىرلەنگەن.

**77.** (صحيح) كان يصلي في نعليه (حم ق ت) عن أنس (1) عبد الله بن مسعود (2) وأنس بن مالك (3) وأبي هريرة (4) وعبد الله بن أبي جحيفة (5) وعمرو بن شعيب عن أبيه عن جده (6) وعمرو بن حريث (7) وأوس ابن أبي أوس (8) وأوس بن أوس (9) ووفد ثقيف وغيرهم

**77.** ئەنەس، ئەۋس، ئەبۇ ھۇرەيرە، سۇقەيپ ئەلچىللىرى... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ئايىغى بىلەن ناماز ئوقۇيتتى، (ئەگەر پاكىز بولسا). ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر.

**78.** نومه صلى الله عليه وسلم عن صلاة الصبح في الوادي الحديث بطوله أورده في الأزهار عن (1) عمران بن حصين (2) وأبي قتادة (3) وأبي هريرة (4) وذي مخبر (5) وعمرو بن أمية الضمري (6) وجبير بن مطعم (7) وأبي مريم السلولي (8) وابن

مسعود (9) وابن عباس (10) وبلال (11) وجندب (12) وابن عمرو (13) وأبي أمامة (14) وأبي جحيفة (15) وأنس خمسة عشر نفساً

(صحيح) تحولوا عن مكانكم الذي أصابتكم فيه الغفلة (د هق) عن أبي هريرة

**78.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە غەپلەت يەتكەن ئورۇن، ماكانلىرىڭلاردىن باشقا جايغا يۆتكىلىپ كېتىڭلار. ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنى بامدات نامىزىدىن ئۇخلاپ قالغان چاغدا، شۇ جايدىن يۆتكىلىپ كېتىش توغرىسىدا دېگەن بۇ ھەدىس ئەبۇ داۋۇدنىڭ **371** ـ ھەدىس سەھىھ.مۇسلىم**1098** ـ تىرمىزي**3087** ـ

نەسەئي **614** ـ ئىبنى ماجە**689** ـ مالىك**22** ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىرقېتىم بومداتتىن ئۇخلاپ قېلىپ كېيىن ئۇقغانلىقى **15**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سۆزلەنگەن مۇتىۋاتىردۇر.

**79**.(صحيح) لا صلاة بعد الصبح حتى ترتفع الشمس و لا صلاة بعد العصر حتى تغرب الشمس(ق ن ه) عن أبي سعيد (حم د ه) عن عمر (2) وأبي هريرة (3) وعمر (4) وابن عمر (5) وعمرو بن عبسة (6) وعقبة بن عامر (7) وعائشة (8) ومعاوية (9) وأنس (10) وابن مسعود (11) وزيد بن ثابت (12) وسعد بن أبي وقاص (13) وسمرة (14) وكعب بن مرة أو مرة بن كعب (15) وأبي أمة (16) وصفوان بن المعطل (17) وأبي ذر سبعة عشر نفساً. (18) معاذ بن عفراء (19) وابن عمرو (20) وسلمة بن الأكوع (21) وجندب (22) وعبد اللّه الصنابحي

**79.** ئەبۇ سەئىد، ئومەر، ئۇقبە، ئەنەس، جۇندۇپ... **22** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بامدات نامىزىدىن كېيىن كۈن كۆتۈرۈلمىگىچە، ئەسىردىن كېيىن كۈن كىرىپ بولمىغىچە ناماز يوق. **(يەنى بۇ چاغدا نەپلە سۈننەت ئوقۇلمايدۇ).** بەيھەقى، ئەھمەد، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

**80**.(صحيح) زادني ربي صلاة و هي الوتر وقتها ما بين العشاء إلى طلوع الفجر

(حم) عن معاذ

**80.** مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەببىم، ماڭا بىر نامازنى زىيادە قىلىپ بەردى، ئۇ بولسىمۇ ۋىتىردۇر. ئۇنىڭ ۋاختى خۇپتەن نامىزى بىلەن سۈبھى يورىغانغىچە بولغان ئارىلىقتۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن ۋىتىر ۋاجىپتۇر دېگەن.

(صحيح) إن الله زادكم صلاة فحافظوا عليها و هي الوتر (حم) عن ابن عمرو (1) خارجة بن حذافة (2) وأبي بصرة الغفاري (3) ومعاذ بن جبل (4) وابن عمرو (5) وابن عباس (6) وعقبة بن عامر الجهني (7) وعمرو بن العاصي (8) وابن عمر ثمانية أنفس

**80.** ئىبنى ئەمرۇ، خارىجەت، مۇئاز، ئىبنى ئۆمەر...... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ سىلەرگە بىر نامازنى زىيادە، ئارتۇق قىلىپ بەردى، سىلەر ئۇنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار، ئۇ بولسا، ۋىتىر نامىزىدۇر، ئەھمەد توپلىغان، مۇتىۋاتىر. بۇ ھەدىسىدىن ۋىتىر نامىزى بەش نامازغا زىيادە قىلىنغان، ۋىتىر ۋاجىپ دېگەنلەر بار. ۋىتىرنىڭ رەكئەت سانى بىر رەكئەتمۇ، ئۈچمۇ، بەشمۇ، يەتتە رەكئەتمۇ باردۇر.

**81.** إن الشمس و القمر لا ينكسفان لموت أحد و لا لحياته و لكنهما آيتان من آيات الله يخوف الله بهما عباده فإذا رأيتم ذلك فصلوا و ادعوا حتى ينكشف ما بكم (خ ن) عن أبي بكرة (ق ن ه) عن أبي مسعود (ق ن) عن ابن عمر (ق) عن المغيرة (2) وابن عمر (3) وأبي بكرة (4) وابن مسعود (5) وعائشة (6) وعبد الله بن عمرو (7) وابن عباس (8) وأسماء بنت أبي بكر (9) وأبي موسى الأشعري (10) وبلال (11) وأبي برزة (12) وعقبة بن عامر (13) ومحمود بن لبيد (14) وقبيصة بن مخارق الهلالي (15) وابن مسعود (16) وجابر (17) وسمرة بن جندب (18) وأبي هريرة (19) والنعمان بن بشير وغيرهم وفي عمدة القارئ في الكلام على صلاة الكسوف قال رويت عن أربعة وعشرين من الصحابة وهم (1) أسماء بنت أبي بكر (2) وابن عباس (3) وعلي بن أبي طالب (4) وعائشة (5) وعبد الله بن عمرو (6) والنعمان بن بشير (7)

والمغيرة بن شعبة (8) وأبي مسعود (9) وأبي بكرة (10) وسمرة بن جندب (11) وابن مسعود (12) وابن عمر (13) وقبيصة الهلالي (14) وجابر (15) وأبي موسى (16) وعبد الرحمان بن سمرة (17) وأبي بن كعب (18) وبلال (19) وحذيفة (20) ومحمود بن لبيد (21) وأبي الدرداء (22) وأبي هريرة (23) وأم سفيان (24) وعقبة بن عامر

**81.** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قۇياش بىلەن ئاي بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھاياتى تۇغۇلۇشى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ، لېكىن ئۇ، ئاللاھنىڭ مۆجىزە، ئالامەتلىرىدىن ئىككى ئالامەتتۇر، ئاللاھ بۇ ئىككى ئالامەت بىلەن بەندىلىرىنى قورقۇتۇپ تۇرىدۇ، سىلەر شۇنداق ئەھۋالنى كۆرگەندە، ناماز ئوقۇڭلار، سىلەرگە يۈز بەرگەن بۇ كۈن ـ ئاي تۇتۇلۇش رۇشەن ئېچىلغىچە كۆتۈرۈلۈپ كەتكىچە الله قا دۇئا قىلىڭلار، بۇ ھەدىسنى بۇخارى بىلەن نەسەئى، ئەبۇ بۇكرەتتىن، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ مەسئۇددىن، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ئۆمەردىن، بەيھەقى، يەنە مۇغەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ.بۇھەدىس **24**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن توپلانغان مۇتىۋاتىر.

إنه عرضت علي الجنة و النار فقربت مني الجنة حتى لقد تناولت منها قطفا قصرت يدي عنه و عرضت علي النار فجعلت أتأخر رهبة أن تغشاني و رأيت امرأة حميرية سوداء طويلة تعذب في هرة لها ربطتها فلم تطعمها و لم تسقها و لم تدعها تأكل من خشاش الأرض و رأيت فيها أبا ثمامة عمرو بن مالك يجر قصبه في النار و إنهم كانوا يقولون : إن الشمس و القمر لا ينكسفان إلا لموت عظيم و إنهما آيتان من آيات الله يريكموها فإذا انكسفا فصلوا حتى تنجلي (م) عن جابر

**81.** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ماڭا جەننەت، دوزاخ تەڭلىنىپ كۆرسىتىلدى، ماڭا جەننەت شۇنداق يېقىن قىلىندىكى، مەن جەننەتتىن بىر ساپاق ئۈزۈم ئېلىشنى مەقسەت قىلسام، قولۇم قىسقا كېلىپ قالدى، ماڭا دوزاخ تەڭلەنگەن ئىدى، دوزاخنىڭ مىنى قورشىۋېلىشىدىن قورقۇپ، كەينىمگە قاچتىم، مەن دوزاختا ھەمرىيە قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان قارا تەنلىك ئېگىز بىر ئايالنى كۆردۇم، بۇ

ئايال ئۆزىنىڭ مۈشۈكى توغرىسىدا ئازابلىنىۋېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇ ئايال مۈشۈكنى باغلاپ قويۇپ، تائام بەرمەپتۇ، سۇ بىلەن سۇغارماپتۇ. يا ئۇنى قويۇپ بەرمەپتۇ، قويۇپ بەرگەن بولسا، مۈشۈك زېمىنىنىڭ ئوت ـ چۆپلىرىنىمۇ بولسا يىگەن بولاتتى. مەن دوزاختا ئەبۇ سۇمامەت ئەمرۇ ئىبنى مالىكنى كۆردۈم. ئۇ دوزاخ ئىچىدە ئۈچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرىيدۇ (بۇ كىشى بۇتقا چوقۇناتتى. نۇرغۇن ھارام قىلىش قانۇن ئادىتىنى يولغا قويغان) ھەقىقەتەن ئەرەبلەر قۇياش بىلەن ئاي پەقەت ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈنلا تۇتۇلىدۇ دەيتتى. (ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس) ھەقىقەتەن بۇ ئىككىسى، ئاللاھنىڭ مۆجىزە، ئالامەتلىرىدىن ئىككى ئالامەتتۇر. ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرگە پات ـ پات كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، قۇياش بىلەن ئاي تۇتۇلۇپ قالسا، تاكى ئۇ رۇشەن ئېچىلغىچە كۇسۇپ نامىزى ئوقۇڭلار. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**82.** (حسن) لا يحافظ على صلاة الضحى إلا أواب و هي صلاة الأوابين (ك) عن أبي هرير

**82.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چاشكا نامىزىنى پەقەت ئاللاھقا تۆۋبە قىلىپ قايتقۇچى، سالىھ ياخشى بەندە مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئۇ ناماز شۇنداق بەندىلەرنىڭ نامىزىدۇر. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من صلى الضحى أربعا و قبل الأولى أربعا بني له بيت في الجنة (طس) عن أبي موسى

**82.** ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم چاشكا ۋاختىدا تۆت رەكئەت ناماز ۋە تۇنجى نامازدىن يەنى پېشىندىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىنىپ بېرىلىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) كان يصلي الضحى ست ركعات (ت في الشمائل) عن أنس

**82.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاشكا نامىزىنى ئالتە رەكئەت ئوقۇيتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.يەنە بىر خاتىرىدە سەككىز رەكئەت سۆزلىنىدۇ. ئەڭ تۆۋىنى ئىككى رەكئەت، يۇقىرىسى سەككىز رەكئەت. ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ئوقۇسا دۇرۇس.

(صحيح) كان يصلي الضحى أربعا و يزيد ما شاء الله(حم م) عن عائشة عن (1) أبي سعيد

(2) وأبي ذر (3) وزيد بن أرقم (4) وأبي هريرة (5) وبريدة الأسلمي (6) وأبي الدرداء (7) وعبد اللّه بن أبي أوفى (8) وعثمان بن مالك (9) وعتبة بن عبد السلمي (10) ونعيم بن همار (11) وأبي أمامة الباهلي (12) وعائشة بنت أبي بكر (13) وأم هانئ (14) وأم سلمة (15) وجبير بن مطعم (16) وأنس (17) وعلي (18) وأبي بكرة (19) وجابر (20) وابن عباس (21) وحذيفة (22) وعائذ بن عمرو (23) وسعد بن أبي وقاص (24) وعبد اللّه بن بشر (25) وقدامة (26) وحنظلة الثقفيين (27) وعبد اللّه بن عمرو بن العاص (28) وعقبة بن عامر الجهني (29) وأبي مرة الطائفي (30) ومعاذ بن أنس الجهني (31) وعبد اللّه بن عمر (32) وأبي موسى (33) والنواس بن سمعان فهؤلاء ثلاث وثلاثون صحابياً

**82.** ئائىشەدىن نەۋۋاسكىچە 33ساھابەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇھا يەنى چاشكا نامىزىنى تۆت رەكئەت ئوقۇيتتى، ئاندىن ئاللاھ خالىغان نامازلارنى زىيادە قىلاتتى، (يەنى تۆتتىن زىيادىمۇ ئوشۇق ئوقۇيتتى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىردۇر.

**83.** إذا قرأ ابن آدم السجدة فسجد اعتزل الشيطان يبكي يقول: يا ويله أمر ابن آدم بالسجود فسجد فله الجنة و أمرت بالسجود فعصيت فلي النار (حم م ه) عن أبي هريرة

**83.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسى سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ، سەجدە قىلسا، شەيتان ئۇنىڭدىن يىغلىغان ھالەتتە ئايرىلىپ مۇنداق دەپ كېتىدۇ، ئىسىت! ۋايجان ــ ۋايەي! ئاھ! پاھ! ئادەم بالىسى سەجدىگە بۇيرۇلۇپ، سەجدە قىلدى ــ دە، ئۇنىڭغا جەننەت بېرىلدى، مەن سەجدىگە بۇيرۇلۇپ سەجدە قىلماي ئاسىي بولۇپ، ماڭا دوزاخ بولدى، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن ناماز سەجدىسىنى قىلمىسا، يەنىلا دوزاخقاكىرىدۇ، دېگەن چىقىدۇ.

السجدة التي في (ص سجدها داود توبة و نحن نسجدها شكرا) (طب خط) عن ابن

عباس

**83.** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ساد سۈرىسىدىكى سەجدىنى داۋۇد ئەلەيھىسسالام تۆۋبە قىلىش يۈزىسىدىن قىلدى، بىز بولساق شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن سەجدە قىلىمىز. تەبرانى، خەتىبۇلبەغداد توپلىغان. سەھىھ.

ما من عبد يسجد لله سجدة إلا رفعه الله بها درجة و حط عنه بها خطيئة(حم ت ن حب) عن ثوبان

**83.** سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندە ئاللاھ تائالاغا بىر سەجدە قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى شۇ سەجدىنىڭ بارابىرىدە بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان. سەھىھ.

(1) أبي الدرداء (2) وابن العباس (3) وابن مسعود (4) وابن عمر (5) وأبي هريرة (6) والمطلب بن أبي وداعة كلهم في النجم وعن أبي هريرة وعمرو بن العاص في {إذا السماء انشقت} {واقرأ باسم ربك} عن ابن عباس

**83.** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىسمىللاھى كۆپ كىلىدىغان مۇفەسسەل ئۇششاق سۈرىلەردە سەجدە قىلىشى يەنى سەجدە قىلىش بەلگىلەنگەن جايلاردا سەجدە قىلىشى يۇقىرىقى ساھابىلەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن خاتىرلەنگەن مۇتىۋاتىر.

**84.** (حسن) كان إذا جاءه أمر يسر به خر ساجدا شكرا لله تعالى (د ه) عن أبي بكرة

**84.** ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خۇشال، خۇرسەن قىلىدىغان ئىش يېتىپ كەلسە، ئاللاھ تائالاغا شۈكرى قىلىپ، دەرھال سەجدىگە يىقىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان. ھەسەن، بۇ سەجدە، شۈكرى سەجدىسى دەپ ئاتىلىدۇ

(2) والبراء بن عازب أنه عليه السلام سجد حين جاءه كتاب علي من اليمن بإسلام

همدان أخرجه البيهقي وقال إسناده صحيح (3) وعبد الرحمان ابن عوف أنه صلى اللّه عليه وسلم سجد فأطال فلما رفع قيل له في ذلك فقال أخبرني جبريل أن من صلى علي مرة صلى اللّه عليه عشراً فسجدت شكراً للّه أخرجه البزار وأحمد والحاكم وغيرهم (4) وأبي جعفر محمد بن الباقر مرسلاً أنه عليه الصلاة والسلام رآ نغاشياً بضم النون وبغين وشين معجمتين أي قصيراً جداً ضعيف الحركة ناقص الخلق فخر ساجداً ثم قال أسأل اللّه العافية أخرجه الدارقطني والبيهقي من حديث جابر الجعفي عنه قال الحافظ في تخريج أحاديث الرافعي قال البيهقي وفي الباب عن (5) جابر (6) وابن عمر (7) وأنس (8) وجرير (9) وأبي جحيفة اهـ قال بعضهم وفيه أيضاً عن (10) أبي موسى الأشعري (11) ومعاذ بن جبل (12) وعبد الرحمان بن أبي بكر (13) وسعد بن أبي وقاص كلهم عن النبي صلى اللّه عليه وسلم

يۇقىرىقى **13** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن خاتىرلەنگەن مۇتەۋاتىر خەۋەردۇر. خۇشاللىق ئىشقا شۈكىر سەجدىسى قىلاتتى.

**85.** إن الله وضع عن المسافر الصوم و شطر الصلاة (حم 4) عن أنس بن مالك القشيري وماله غيره .نەسەئى **2232** ـ هـ

**85.** ئەنەس ئىبنى مالىك قوشەيرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ مۇساپىرلاردىن روزا تۇتۇشنى، نامازنىڭ يېرىمىنى (يەنى تۆت رەكئەتنىڭ ئىككى رەكئىتىنى) ئېلىپ تاشلىدى، (مۇساپىر نامازنى قەسىر قىلىدۇ، روزا تۇتۇشدا ئىختىيار) ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

عن (1) عمر (2) وابنة عبد اللّه (3) وحارثة بن وهب الخزاعي (4) وابن عباس (5) وابن مسعود (6) وعمران بن حصين (7) وأنس بن مالك (8) وأبي جحيفة (9) وجابر (10) وأبي سعيد وغيرهم

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەپەردە تۆت رەكئەت نامازنى قەسىر قىلىپ ئىككى رەكئەت ئوقىشى، شۇنىڭغا بۇيرىشى، قۇرئان

ئايىتىدىن باشقا **10**دىن كۆپ ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن خاتىرلەنگەن

مۇتىۋاتىرخەۋەردۇر.100كىلو مىتىر ئەتراپىدىكى سەپەردە تۆت رەكئەتلىك نامىز ئىككى رەكئەت ئوقىلىدۇ.(15كۈن18كۈندىن ئارتۇق مۇقىم تۇردىغانلار كامىل ساق ئوقىيدۇ.)

كتاب الجمعة والعيد

# جۇمئە نامىزى ۋە ھېيت نامىزى توغرىسىدىكى مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر

**86.** من ترك الجمعة ثلاث مرات متواليات؛ من غير ضرورة طبع الله على قلبه(حم ك) عن أبي قتادة (حم ن ه ك) عن جابر

**86.** ئەبۇ قەتادە، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۈچ جۇمئە نامىزىنى كەينى ــ كەينىدىن تەرك ئېتىپ، زۆرۈرىيەتسىز، ئۆزرىسىز ئوقۇمىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىگە پېچەت ئۇرۇۋېتىدۇ. مۆھۈر بېسىۋېتىدۇ. ئەھمەد، ھاكىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من ترك ثلاث جمع تهاونا بها طبع الله على قلبه (4 حم ك) عن أبي الجعد (2) وجابر (3) وأبي قتادة (4) وأسامة (5) وحارثة بن النعمان (6) وابن عمر (7) وأبي هريرة (8) وابن أبي أوفى (9) وأبي عبس بن جبر (10) وابن عباس (11) وابن أسعد بن زرارة (12) وصفوان ابن سليم ً اثني عشر نفساً .عن (13) عائشة (14) وكعب بن مالك (15) ومحمد ابن عباد بن جعفر

**86.**ئەبۇلجەئدى، جابىر، ئائىشە، كەئبى....قاتارلىق**15**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۈچ جۇمئە نامىزىنى ھورۇنلۇق قىلىپ تەرك ئەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىگە مۆھۈر بېسىپ، پېچەت ئۇرۇۋېتىدۇ. ئەھمەد، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

(صحيح) من ترك ثلاث جمعات من غير عذر كتب من المنافقين (طب) عن أسامة بن

زيد

**86.** ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۈچ جۈمئە نامىزىنى ئۆزرىسىز تەرىك ئېتىپ ئوقۇمىسا، ئۇ مۇناپىقلارنىڭ جۈملىسىدىن مۇناپىق دەپ يېزىلىدۇ، (ئۇ راستىنلا مۇناپىق، چۈنكى، ئۇ ئۆزرىسىزلا ھاكىمىيەتتىن، دىنىسىزلاردىن مائاشىدىن ئەنسىرەپ جۈمئەنى ئوقۇمايدۇ، ھەي مۇناپىق). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**87.** (صحيح) إذا جاء أحدكم الجمعة فليغتسل (مالك ق ن) عن ابن عمر

**87.** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار، جۈمئە نامىزىغا كەلسە، غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسۇن، مالىك، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) إذا راح أحدكم إلى الجمعة فليغتسل (خ) عن عمر

**87.** ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار جۈمئە نامىزىغا ماڭغاندا، غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسۇن، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ «راھە دېگەن سۆز، مەشا، زەھەبى» يەنى ماڭسا دېگەن مەنىدە، ئىبنى ئەسىرنىڭ غەرىبۇلھەدىس دېگەن كىتابىدىن).

اغتسلوا يوم الجمعة و اغسلوا رءوسكم و إن لم تكونوا جنبا و مسوا من الطيب

(حم حب) عن ابن عباس

**87.** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گەرچە جۇنۇپ بولمىساڭلارمۇ جۈمئە كۈنى يۇيۇنۇڭلار، بېشىڭلارنى، چېچىڭلارنى يۇيۇڭلار، خۇشپۇراق ئەتىرلەرنى سېپىڭلار، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

(صحيح) ثلاث حق على كل مسلم: الغسل يوم الجمعة و السواك و الطيب (ش) عن رجل (2) ابن أبي أوفى (3) وجابر بن عبد اللّه اهـ. (4) ابن عباس (5) وعلي (6) وأبي بن كعب (7) وأبي ذر (8) وأبي الدرداء وغيرهم

**87.** يۇقىرىقى ساھابەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ نەرسە مۇسۇلمانلار ئۈستىگە ھەق بولىدى،

**1**. جۇمئە كۈنى يۇيۇنۇش، **2**. مىسۋاك سىلىش، **3**. خۇشپۇراق ئەتىر ئىستېمال قىلىش، بۇ ئۈچ نەرسە، مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر، ئەبۇ شەيبە توپلىغان، سەھىھ مۇتەۋاتىر.

**88**. أنه عليه الصلاة والسلام كان يقول أما بعد في خطبه وشبهها عن (1) زيد بن أرقم (2) وجابر (3) وعمرو بن تغلب (4) وابن عباس (5) وعائشة (6) وأسماء بنت أبي بكر (7) وأبي حميد الساعدي (8) والمسور بن مخرمة (9) ومحمود بن لبيد (10) وابن مسعود (11) وأبي سعيد (12) وعدي بن حاتم (13) وأبي بكرة (14) وعقبة بن عامر الجهني (15) وأبي الدرداء (16) وسعد بن أبي وقاص (17) وابن عمر (18) وابن عمرو (19) والفضل بن العباس (20) وأبي هريرة (21) وسمرة بن جندب (22) والطفيل بن سخبرة (23) وجرير بن عبد اللّه (24) وأبي سفيان بن حرب (25) وأنس بن مالك (26) وزيد بن خالد (27) وقرة بن دعموص (28) وجابر بن سمرة (26) وعمرو بن ثعلبة (30) ورزين بن أنس السلمي (31) والأسود بن سريع (32) وأبي شريح بن عمرو (33) وعمرو بن حزم (34) وعبد اللّه بن عليم (35) وعقبة بن مالك انظر عمدة القاري وغيرها وفي فتح الباري ما نصه

**88**. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆز خۇتبىسىدە ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشىدا «ئەمما بەئدۇ» يەنى ھەمدە دۇرۇت سالامدىن كېيىن دېيىشى يۇقىرىقى **35** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن سۆزلەنگەن.

بۇ مۇتەۋاتىردۇر.ئەمما بەئدۇ دېگەن بۇسۆزى ئىمام ئەلبانىنىڭ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» نىڭ**1351** ـ ھەدىسىدىن باشلاپ **1359** ـ كىچەبار.

**89**. (صحيح) كان إذا خرج يوم العيد في طريق رجع في غيره (ت ك) عن أبي هريرة (1) جابر (2) وابن عمر (3) وأبي هريرة (4) وسعد القرظ (5) وأبي رافع (6) وسعيد (7) وعبد الرحمان بن حاطب سبعة أنفس

**89**. ئەبۇ ھۇرەيرە... قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھېيت كۈنى نامازغا بىر يول بىلەن چىققان بولسا، ئۇنىڭدىن باشقا يول بىلەن قايتاتتى. تىرمىزى، ھاكىملەر توپلىغان،

سەھىھ. مۇتىۋاتىر. چۈنكى، شۇنداق قىلغاندا، بىخەتەر بولىدۇ ھەم باشقىلارغا سالام قىلىدۇ، ئەسىھەت قىلىۋالىدۇ ۋە باشقىلار.

**90.** إذا قلت لصاحبك و الإمام يخطب يوم الجمعة: أنصت فقد لغوت (مالك حم ق د ن ه) عن أبي هريرة . (2) ابن أبي أوفى (3) وجابر بن عبد الله اهـ. عن (4) ابن عباس (5) وعلي (6) وأبي بن كعب (7) وأبي ذر (8) وأبي الدرداء وغيرهم

**90.** ئەبۇ ھۇرەيرە... قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمئەدە، ئىمام خۇتبە سۆزلەۋاتقاندا، سۆز قىلغان ھەمراھىڭغا سۆز قىلماي جىم تۇر! دېسەڭ، چەزمەن سەنمۇ جۈمئەنى بۇزغان بولىسەن. مالىك ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان. سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

(صحيح) من قال لصاحبه يوم الجمعة و الإمام يخطب: أنصت فقد لغا (ت ن) عن أبي

هرير

**90.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم: جۈمئە كۈنى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا ھەمراھىغا :گەپ سۆز قىلماي جىم تۇرغىن! دېسە، ھەقىقەتەن ئۇ جۈمئەنى بۇزغان بولىدۇ. تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

كتاب المرضى والجنائز وأحوال الموتى

# كېسەللىك، مېيت ئەھۋالى، جىنازا توغرىسىدىكى مۇتېۋاتىر ھەدىسلەر

**91** . (صحيح) من عاد مريضا لم يزل في خرفة الجنة حتى يرجع (م) عن ثوبان

**91.** سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كېسەل يوقلىسا، ئۇيگە قايتىپ كەلگىچە جەننەتنىڭ باغلىرى ئىچىدە تۇرىدۇ. مۇسلىم توپلىغان. سەھىھ.چۈنكى ياخشىلىق جەننەتكە ئاپىرىدۇ ـ دە!

من أتى أخاه المسلم عائدا مشى في خرافة الجنة حتى يجلس فإذا جلس غمرته الرحمة فإن كان غدوة صلى عليه سبعون ألف ملك حتى يمسي و إن كان مساء صلى عليه سبعون ألف ملك حتى يصبح (ه ك) عن علي (1) جابر بن عبد الله (2) وأنس (3) وكعب بن مالك (4) وأبي أمامة (5) وعبد الرحمان بن عوف (6) وعمرو بن حزم (7) وابن عباس (8) وصفوان بن عسال (9) وأبي الدرداء (10) وأبي هريرة عشرة أنفس

**91.** ئەلى، جابىر، ئەنەس... قاتارلىق **10**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كېسەلدىن يوقلاپ كەلسە، ئولتۇرغانغا قەدەر جەننەتنىڭ باغلىرىدا ماڭغان بولىدۇ، ئولتۇرغاندا بولسا، ئۇنى رەھمەت قورشايدۇ، ئەگەر ئۇ يوقلىغان ۋاقىت ئەتىگەن تەرەپ بولسا، كەچ كىرگىچە، كەچ تەرەپ بولسا، تاڭ ئاتقىچە، **70000** پەرىشتە ئۇنىڭغا رەھمەت يوللاپ، مەغپىرەت سورايدۇ. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.مۇتېۋاتىر.

**92.** (صحيح) الحمى من فيح جهنم فأبردوها بالماء (حم خ) عن ابن عباس (حم ق ن ه) عن ابن عمر (ق ن ه) عن عائشة (حم ق ت ن ه) عن رافع بن خديج (ق ت ه) عن أسماء بنت أبي بكر (6) أبي بشير الحارث بن خزمة الأنصاري (7) وسمرة (8) وأبي

هريرة (9) وثوبان (10) وعبد اللّه بن رافع وغيرهم

**92.** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىزىتما كېسەل، جەھەننەمنىڭ زەھەرلىك قىززىق ئوتى. ئۇنى سۇ بىلەن سويىتىڭلار، (سۇ بىلەن ئۆچۈرۈڭلار) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، تىرمىزى، ئىبنى ئۆمەر، ئائىشە، رافىئ ئىبنى خەدىچە، ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى... قاتارلىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

(صحيح) الحمى كير من جهنم وهي نصيب المؤمن من النار (طب) عن أبي ريحانة .

**92.** ئەبۇ رەيھانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىزىتما كېسەل، جەھەننەمدىن بولغان كورەك ئوتى، ئۇ مۆئمىننىڭ دوزاخدىن بولغان نىسۋىسىدۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**93.** يقول الله تعالى: من أذهبت حبيبتيه فصبر واحتسب لم أرض له ثوابا دون الجنة (ت) عن أبي هرير (1) أبي سعيد (2) وأنس (3) وأبي هريرة (4) وأبي أمامة (5) وعائشة بنت قدامة بن مظعون (6) وابن عمر (7) وزيد بن أرقم (8) وجرير بن عبد اله البجلي (9) والعرباض بن سارية (10) وابن عباس (11) وعائشة بنت الصديق (12) وسمرة بن جندب (13) وابن مسعود (14) وبريدة

**93.** ئەبۇ ھۇرەيرە... قاتارلىق **14**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بىرەر كىشىنىڭ ئىككى كۆزىنى يوق قىلىۋېتىپ، ئەما قىلىپ قويسام، ئۇ سەۋرە قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلسا، مەن ئۇ كىشىگە جەننەتتىن باشقا ساۋابقا رازى بولمايمەن، پەقەت جەننەتنىلا بېرىمەن. تىرمىزىلەر توپلىغان، سەھىھ ھەدىس قۇددۇس مۇتىۋاتىر.

إن الله تعالى يقول: إذا أخذت كريمتي عبدي في الدنيا لم يكن له جزاء عندي إلا الجنة (ت) عن أنس .

**93.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇ دۇنيادا

بەندەمنىڭ ئىككى كۆزىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنى ئەما قىلىپ قويغان بولسام، ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ نەزلىمدە جەننەتتىن باشقا مۇكاپات يوق، پەقەت جەننەتلا بېرىلىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. (شەرت مۇسۇلمان بولۇش).

**94.** لقنوا موتاكم لا إله إلا الله (حم م 4) عن أبي سعيد (م ه) عن أبي هريرة (ن) عن عائشة(1) أبي سعيد (2) وأبي هريرة (3) وعبد اللّه بن جعفر (4) وعائشة (5) وابن عباس (6) وابن مسعود (7) وجابر بن عبد اللّه (8) وعروة بن مسعود (9) وحذيفة (10) وعمر (11) وعثمان (12) وأنس اثني عشر نفساً .(13) واثلة بن الأسقع (14) وابن عمر

**94.** ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە... قاتارلىق **14**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئۆلۈۋاتقان كىشىلىرىڭلارغا «لا ئىلاھە ئىللەللاھ»!، نى ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دېيىشنى تاشلاپ، ئۆگىتىڭلار، دېگۈزۈڭلار، ئەھمەد، مۇسلىم، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.مۇتېۋاتىر.

(صحيح) لقنوا موتاكم لا إله إلا الله فإنه من كان آخر كلامه لا إله إلا الله عند الموت دخل الجنة يوما من الدهر و إن أصابه قبل ذلك ما أصابه (حب) عن أبي هريرة

**94.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جان ئۈزۈۋاتقان ئۆلۈش ئالدىدىكى كىشىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگۈزۈڭلار، ئۆگىتىڭلار، ھەقىقەتەن زامانلاردىن بىر كۈن ئەڭ ئاخىرقى سۆزى لا ئىلاھە ئىللەللاھ بولغان كىشى ئۆلۈش ئالدىدا شۇنداق دېگەن كىشى گەرچە شۇنىڭدىن بۇرۇن نۇرغۇن گۇناھلارنى قىلغان بولسىمۇ دىنسىز ياشىغان بولسىمۇ، شۇ شاھادەت كەلىمىسى سەۋەبلىك جەننەتكە كىرىدۇ، (دوزاخدىن گۇناھىغا كۆيۈپ چىقىپمۇ بولسا جەننەتكە كىرىدۇ). ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**95.** (صحيح) من لقي الله لا يشرك به شيئا دخل الجنة (حم خ)عن أنس

**95.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۇچراشسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. (چۈنكى ئۇ مۆئمىن). ئەھمەد، بۇخارى

توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من مات لا يشرك بالله شيئا دخل الجنة (حم ق) عن ابن مسعودعن (1) ابن مسعود عند أحمد والشيخين بهذا اللفظ (2) ومعاذ بن جبل عند أحمد وأبي داود والحاكم بلفظ من كان آخر كلامه لا إله إلا اللّه دخل الجنة ووهم من عزاه للصحيحين نعم في أحمد ومسلم من حديث (3) عثمان بن عفان من مات وهو يعلم أن لا إله إلا اللّه دخل الجنة وفي الباب عن (4) أبي هريرة (5) وأبي سعيد أخرجه الطبراني في الأوسط عنهما بلفظ من قال عند موته لا إله إلا اللّه واللّه أكبر ولا حول ولا قوة إلا باللّه لا تطعمه النار أبداً (6) وأبي ذر عند مسلم بلفظ ما من عبد قال لا إله إلا اللّه ثم مات على ذلك إلا دخل الجنة الحديث وعثمان عن (7) عمر عند الحاكم بلفظ إني لأعلم كلمة لا يقولها عبد حقاً من قلبه فيموت على ذلك إلا حرم على النار لا إله إلا اللّه (8) وأبي الدرداء (9) وعبادة بن الصامت (10) وطلحة (11) وحذيفة (12) وجابر (13) وابن عمر وغيرهم

**95.** ئىبنى مەسئۇد، جابىر، ئۆمەر، تەلھە... قاتارلىق13ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، مۆئمىن ھالەتتە ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

من مات لا يشرك بالله شيئا دخل الجنة و من مات يشرك بالله شيئا دخل النار (حم م) عن جابر

**95.** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، مۇسۇلمان ھالەتتە ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. كىم ئاللاھقا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆلسە، ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ مىزاندۇر. ھەق، باتىلنىڭ ئۆلچىمى. ئىمان ۋە كۇفرى، ياخشى ۋەياماندۇر.

(صحيح) من مات و هو يعلم أن لا إله إلا الله دخل الجنة (حم م) عن عثمان

**95.** ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دەپ ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**96.** أن النبي صلى اللّه عليه وسلم كفن في ثلاثة أثواب ليس فيها قميص ولا عمامة. قال البيهقي في الخلافيات قال أبو عبد اللّه يعني الحاكم تواترت الأخبار عن علي بن أبي طالب وابن عباس وعائشة وابن عمر وجابر وعبد اللّه بن مغفل في تكفين النبي صلى اللّه عليه وسلم في ثلاثة أثواب ليس فيها قميص ولا عمامة

**96.** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈچ كىيىمگە كېپەنلىنىشى بىر ئۈچ كىيىمدە كۆكلەك بىلەن سەللىسىنىڭ يوقلۇقى. ئەلى، ئىبنى ئابباس ئائىشە، جابىر...قاتارلىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن خاتىرلەنگەن مۇتېۋاتىر. ئەڭ ئىشەنچىلىكتۇر. بۇخارى، مۇسلىملاردىلار

**97.** وجبت أنتم شهداء في الأرض (ت ه حب) عن أنس (حم ه حب) عن أبي هريرة (1) أنس (2) وعمر (3) وأبي هريرة (4) وأبي قتادة (5) وأبي زهير (6) وسلمة بن الأكوع (7) وكعب بن عجرة (8) وعامر بن ربيعة (9) وابن عمر تسعة أنفس

**97.** ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۇمەر، كەئبى... قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، ساھابىلار، بىر مېيىتكە ياخشى باھا بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولدى، سىلەر زېمىندىكى گۇۋاھچىلار دېگەن. (يانا بىركىشىگىمۇ دوزاخنى ۋاجىپ بولدى دەپ سىلەر، الله نىڭ زېمىندىكى گۇۋاھچىلىرى دېگەن). تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ئەھمەدلەر توپلىغان، سەھىھ مۇتېۋاتىر.

**98.** لا يموت لمسلم ثلاثة من الولد فيلج النار إلا تحلة القسم (ق ت ن ه) عن أبي هريرة (1) أنس (2) وأبي هريرة (3) وأبي سعيد (4) وبريدة (5) وابن مسعود (6) وأبي ذر (7) ومعاذ (8) وعتبة بن عبد السلمي (9) وعقبة بن عامر (10) وعمرو بن عبسة (11) وعبد الرحمان بن بشير (12) وجابر بن عبد اللّه (13) وجابر بن سمرة (14) وعمر بن الخطاب (15) وحبيبة بنت سهل (16) وأم سليم بنت ملحان (17) وأم مبشر الأنصارية (18) وأم أيمن (19) وعائشة (20) وأم هانئ (21) وابن عباس

(22) وقرة بن إياس المزني (23) وأبي ثعلبة الأشجعي

**98.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس، مۇئاز، قۇررەت....قاتارلىق**23**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باللىرىدىن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمان كىشى دوزاخقا كىرمەيدۇ، پەقەت سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكىچە ئازلا ۋاقىتتا دوزاخنى كۆرىدۇ. (سىلەردىن ھەر بىر كىشى دوزاخقا بارماي قالمايدۇ دېگەن ئايەت ئەنە شۇدۇر). بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان. سەھىھ.ئىسنگلاردابولسۇن مۇتىۋاتىر دىگىنى ئىمام سۇيۇتي

بىلەن شەيخ كەتتانىيدۇر.

**99.** (پچيچ) ذراري المسلمين يكفلهم وبراهيم ۰ (أبو بكر بن أبي داود في

البعث) عن أبي هريرة

**99.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلارنىڭ كىچىك چاغدىلا ئۆلۈپ كەتكەن سەبىي باللىرىغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېپىل بولۇپ تۇرىدۇ، ئەبۇ بەكرى توپلىغان، سەھىھ.

أطفال المؤمنين في جبل في الجنة يكفلهم إبراهيم و سارة حتى يردهم إلى آبائهم يوم القيامة (حم ك هق في البعث) عن أبي هريرة وعلي وبن عمر عائشة وسمرة

**99.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەلى ئائىشە، ئىبنى ئۆمەر، سۇمرەت.... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەرنىڭ كىچىك باللىرى (يەنى روھلىرى) جەننەتتىكى بىر تاغدا بولۇپ، ئۇلارغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن سارە، كېپىل بولۇپ تۇرۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى ئاتا ـ ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، ئەھمەد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.ئىمام كەتتانى: مۆئمىنلەرنىڭ كىچىك ئۆلۈپ كەتكەن باللىرىنىڭ جەننەتكە كىرشگە بارلىق ئەھلى ئىلىم ئىتتىپاقلىقاكەلگەن بۇمۇتىۋاتىر خەۋەر. ھەتتا ئاتائانىسىنىمۇ ئەكىردۇدىدى.

**100.**(صحيح) إن الميت ليعذب ببكاء الحي (ق) عن عمر

**100.** ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مېيىت، تېرىكلەرنىڭ يىغا-زارا قىلىشى سەۋەبلىك ئازابلىنىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار ئەگەر مېيىت رازى بولسا، ۋەسىيەت قىلسا، يىغلاش ئۇنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بولسا، ئازابلىنىدۇ دېدى. تەنتاۋى مېيىت يىغلاش ئىشىنى بىلگەندىكىن ئازابلىنىدۇ دېدى.

(صحيح) إن الميت ليعذب ببكاء أهله عليه (حم ق 3) عن ابن عمر (2) وابن عمر (3) وحفصة (4) وأنس (5) وعمران بن حصين (6) وأبي موسى (7) وأبي بكر الصديق (8) وأبي هريرة (9) وسمرة تسعة أنفس.(10) المغيرة بن شعبة بلفظ من نيح يعذب بما نيح عليه وهو في الصحيحين وغيرهما وفي الباب أيضاً عن (11) صهيب

**100**. ئىبنى ئۆمەر، ھەپسە، ئەنەس......**11**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مېيىت، ئەھلىنىڭ، ئۇنىڭغا يىغا ـ زارە قىلىشى سەۋەبلىك ئازابلىنىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.مۇتەۋاتىر.

**1**. ئازابلىنىدۇ دېدى، ئازابلىنىدۇ.

**2**. يىغا ـ زارنى قەبرەئىچىدە بىلسە، ئازابلىنىدۇ، كۆڭلى يېرىم بولىدۇ.

**3**. ۋەسىيەت قىلسا، رازى بولسا، ئازابلىنىدۇ.

**4**. يىغا ـ زارە قىلىش مېيىتنىڭ ھايات چاغدىكى ئادىتى، ئارزۇسى بولسا، ئازابلىنىدۇ.

**5**. ئۇ ئالىم، تەقۋا، ياخشى كىشى بولۇپ، بۇ ئىشىدىن توسۇپ تۇرسا، رازى بولمىسا، ۋەسىيەت قىلمىسا، ئازابلانمايدۇ، يىغلىغۇچى ئۆزى ئازابلىنىدۇ، بىر گۇناھ قىلغۇچىنىڭ گۇناھىنى، جىنايىتىنى يەنە بىر كىشى ئۈستىگە ئالمايدۇ، ئاۋازلىق يىغلىغۇچى تۆۋبە قىلماي ئۆلۈپ كېتىپ، ھاياتى بەرزەختە قەبرىدە ئازابلانسا، بۇرۇن كەتكەن ئېنىڭ يېقىنى بولغان مېيىت، شۇنى بىلىپ يەنىلا كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئازابلىنىشى مۇمكىن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ دېگەن يەھۇدىيلارغا، دىنسىزلارغا دېيىلگەن سۆز ئىدى دېگەن، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

**101**. أنه عليه الصلاة والسلام مر بقبر دفن ليلاً فقال متى دفن هذا قالوا البارحة قال أفلا آذنتموني قالوا كرهنا أن نوقظك فصلى عليه أورده فيها أيضاً من حديث (1)

ابن عباس (2) وأبي هريرة (3) وعقبة بن عامر (4) وزيد بن ثابت (5) وعبد اللّه بن عامر بن ربيعة (6) وأبي سعيد (7) وابن عمر (8) وعمران ابن حصين (9) وعمرو بن عوف (10) وأنس بن مالك (11) وأبي أمامة بن سهل (12) وبريدة (13) وعامر بن ربيعة (14) وعبادة (15) وأبي قتادة خمسة عشر نفساً

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىدە دەپنە قىلىنغان بىر كىشىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، بۇكىشى قاچان دەپنە قىلىنغان؟دىدى، ئۇلار تۈنۈگۈن ئاخشام دەپ جاۋاپ بەردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:نىمەئۈچۈن ماڭا خەۋەر قىلمىدىڭلار؟دىدى. ئۇلار: سىلىنى ئويغىتىشنى ياقتۇرمىدۇق دېدى.

ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ قەبرە ئىچىدىكى مېيتكە ناماز ئۇقىدى.بۇھەدىس يۇقىرىقى **15** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن سۆزلەنگەن مۇتىۋاتىردۇر.

102. (صحيح) كنت نهيتكم عن زيارة القبور ألا فزوروها فإنها ترق القلب و تدمع العين و تذكر الآخرة و لا تقولوا هجرا (ك) عن أنس

**102.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشدىن توسقان ئىدىم، ئاگاھ بولۇڭلار، ئەمدى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلساڭلار بولىدۇ، ھەقىقەتەن بۇ زىيارەت قەلبنى يۇمشىتىدۇ، كۆزنى ياش تۆككۈزىدۇ، ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ، لېكىن، پاھىشە، بەزەپ سۆزلەرنى چەكلەنگەن سۆزلەرنى قىلماڭلار. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ زىيارەتتە، ئەھلىگە مەغپىرەت سوراپلا يانسا بولىدۇ، سالام قىلىپ دەيدىغان سۆزلەر يۇقىرىدا ئۆتتى.

نهيتكم عن زيارة القبور فزوروها فإن لكم فيها عبرة (طب) عن أم سلمة (1) بريدة (2) وأبي سعيد الخدري (3) وعلي بن أبي طالب (4) وأم سلمة (5) وزيد بن الخطاب (6) وابن عباس (7) وثوبان (8) وعائشة ثمانية أنفس. عن (9) ابن مسعود (10) وأنس (11) وواسع ابن حبان الأنصاري (12) وأبي هريرة (13) وأبي ذر

**102.** ئۇممە سەلەمەت، ئەلى سەۋبان......قاتارلىق **13**ساھابە رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشدىن توسقان ئىدىم، ئەمدى زىيارەت قىلساڭلار بولىدۇ، قەبرىنى زىيارەت قىلىشدا ئىبرەت باردۇر. تەبرانى توپلىغان. سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**103.** (صحيح) لعن الله اليهود و النصارى اتخذوا قبور أنبيائهم مساجد (حم) عن أسامة بن زيد (حم ق ن) عن عائشة وابن عباس معا (م) عن أبي هريرة (3) جندب (4) أسامة والشيخان والنسائي عن عائشة وابن عباس ومسلم عن (5) أبي هريرة

**103.** ئاللاھ تائالا يەھۇدىي ناسارالارغا لەنەت قىلدى، چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالدى. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئۇسامەدىن، بەيھەقى، نەسەئى: ئائىشە ئىبنى ئاباس.....قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، مۇسلىم، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ، مۇتىۋاتىر.

**104.** إن العبد المؤمن إذا كان في انقطاع من الدنيا و إقبال من الآخرة نزل إليه من السماء ملائكة بيض الوجوه كأن وجوههم الشمس معهم كفن من أكفان الجنة و حنوط من حنوط الجنة حتى يجلسوا منه مد البصر ثم يجيء ملك الموت حتى يجلس عند رأسه فيقول: أيتها النفس الطيبة اخرجي إلى مغفرة من الله و رضوان فتخرج فتسيل كما تسيل القطرة من في السقاء فيأخذها فإذا أخذها لم يدعوها في يده طرفة عين حتى يأخذوها فيجعلوها في ذلك الكفن و في ذلك الحنوط و يخرج منها كأطيب نفحة مسك وجدت على وجه الأرض فيصعدون بها فلا يمرون على ملأ من الملائكة إلا قالوا ما هذا الروح الطيب؟ فيقولون: فلان بن فلان بأحسن أسمائه التي كانوا يسمونه بها في الدنيا حتى ينتهوا به إلى سماء الدنيا فيستفتحون له فيفتح له فيشيعه من كل سماء مقربوها إلى السماء التي تليها حتى ينتهي إلى السماء السابعة فيقول الله عز و جل: اكتبوا كتاب عبدي في عليين و أعيدوا عبدي إلى الأرض فإني منها خلقتهم و فيها أعيدهم و منها أخرجهم تارة أخرى؛ فتعاد روحه فيأتيه ملكان فيجلسانه فيقولان له: من ربك؟ فيقول: ربي الله فيقولان له: ما دينك؟ فيقول: ديني الإسلام فيقولان له: ما هذا الرجل الذي بعث فيكم؟ فيقول: هو

رسول الله فيقولان له: و ما علمك ؟ فيقول: قرأت كتاب الله فآمنت به و صدقت فينادي مناد من السماء: أن صدق عبدي فأفرشوه من الجنة و ألبسوه من الجنة و افتحوا له بابا إلى الجنة فيأتيه من روحها و طيبها و يفسح له في قبره مد بصره و يأتيه رجل حسن الوجه حسن الثياب طيب الريح فيقول: أبشر بالذي يسرك هذا يومك الذي كنت توعد فيقول له: من أنت ؟ فوجهك الوجه يجيء بالخير فيقول: أنا عملك الصالح فيقول: رب أقم الساعة رب أقم الساعة ؟ حتى أرجع إلى أهلي و مالي ؛ و إن العبد الكافر إذا كان في انقطاع من الدنيا و إقبال من الآخرة نزل إليه من السماء ملائكة سود الوجوه معهم المسوح فيجلسون منه مد البصر ثم يجيء ملك الموت حتى يجلس عند رأسه فيقول: أيتها النفس الخبيثة ! اخرجي إلى سخط من الله و غضب فتفرق في جسده فينتزعها كما ينتزع السفود من الصوف المبلول فيأخذها فإذا أخذها لم يدعوها في يده طرفة عين حتى يجعلوها في تلك المسوح و يخرج منها كأنتن ريح جيفة وجدت على وجه الأرض فيصعدون بها فلا يمرون بها على ملأ من الملائكة إلا قالوا ما هذا الروح الخبيث ؟ ! فيقولون: فلان بن فلان بأقبح أسمائه التي كان يسمى بها في الدنيا فيستفتح له فلا يفتح له ثم قرأ: (لا تفتح لهم أبواب السماء فيقول الله عز و جل: اكتبوا كتابه في سجين في الأرض السفلى فتطرح روحه طرحا فتعاد روحه في جسده ؛ و يأتيه ملكان فيجلسانه فيقولان له: من ربك ؟ فيقول: هاه هاه لا أدري فيقولان له: ما دينك ؟ فيقول: هاه هاه لا أدري فيقولان له: ما هذا الرجل الذي بعث فيكم ؟ فيقول: هاه هاه لا أدري فينادي مناد من السماء: أن كذب عبدي فأفرشوه من النار و افتحوا له بابا إلى النار فيأتيه من حرها و سمومها و يضيق عليه قبره حتى تختلف أضلاعه و يأتيه رجل قبيح الوجه قبيح الثياب منتن الريح فيقول: أبشر بالذي يسوؤك هذا يومك الذي كنت توعد فيقول: من أنت فوجهك الوجه يجيء بالشر ؟ فيقول: أنا عملك الخبيث فيقول: رب لا تقم الساعة) (حم د ابن خزيمة ك هب الضياء) عن البراء

**104**. بەررا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مۆئمىن بەندىنىڭ دۇنيادىن

ئايرىلىدىغان، ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلىنىدىغان ۋاقتى كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئاسماندىن خۇددى يۈزلىرى قۇياشتەك نۇرلۇق، ئاپئاق يۈزلۈك پەرىشتىلەر چۈشىدۇ، ئۇلار بىلەن بىللە جەننەتنىڭ كېپىنەكلىرى، جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرىدىن خۇشپۇراق ئەترلەر باردۇر، بۇ پەرىشتىلەر مۆئمىندىن بىر كۆز يېتىم مىقداردا ئولتۇرىدۇ، (يەنى كۆرگىلى بولغۇدەك يىراقلىقتا ئولتۇرىدۇ) ئاندىن ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىدۇ، ئۇ مۆئمىننىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئەي پاك، ئېسىل روھ، جان! ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە رازىلىقىغا چىققىن! ئاندىن روھ، جان خۇددى تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن بىر تامچە سۇ تامغاندەكلا شۇنداق ئاسان چىقىدۇ، ئۆلۈم پەرىشتىسى روھنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئالغاندا، قولىدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىكمۇ قويماي تۇرسا، پەرىشتىلەر ئېلىپ، بۇ پاك روھنى ئاشۇ كېپەنلەردە ئاشۇ ئەترلەردە قىلىدۇ، بۇ روھدىن مىسكىدىنمۇ خۇشپۇراقراق پۇراق چىقىدۇ، بۇ خۇشپۇراقلار يەر يۈزىدە تېپىلىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇ روھنى ئېلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، ئۇلار پەرىتىشلەرنىڭ جامائەتلىرىدىن ئۆتسىلا، بۇ پاك، ئېسىل روھ كىم بولىدۇ؟ دەپ سورىشىدۇ، يۇقىرىغا ئۆرلەۋەتقانلار، ئۇ بەندىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىپ، پالانىنىڭ بالىسى، پالانى بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇنى دۇنيا ئاسمىنىغا ئاپىرىپ، ئاسمان ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇ مۆئمىن روھى ئۈچۈن ئىشىكى ئېچىلىدۇ، ئاندىن بۇ ئېسىل روھقا ھەربىر ئاسماننىڭ ئەڭ يېقىن مۇقەررەپ پەرىشتىلىرى ئەگىشىۋالىدۇ، ئۇلار يەنە بىر ئاسمانغىچە ئەگىشىپ بارىدۇ، تاكى بۇ مۆئمىننىڭ روھى يەتتىنچى ئاسمانغىچە ئاپىرىلىدۇ، (ھەربىر ئاسماننىڭ مۇقەررەپ پەرىشتىلىرى يەنە بىر ئاسمانغىچە ئەگىشىۋالىدۇ) ئاندىن، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ بۇ بەندەمنىڭ كىتابىنى، ئىللىيىن دەرىجىلىك ئەڭ يۇقىرى ئالى مەرتىبە قاتارىدا يېزىڭلار! بۇ بەندەمنى زىمىنغا قايتۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن مەن ئۇلارنى زىمىندىن ياراتتىم، ئۇلارنى زىمىنغا قايتۇرىمەن، ئۇلارنى زىمىندىن يەنە بىر قېتىم يارىتىپ چىقىرىمەن، ئاندىن مۆئمىننىڭ روھى ئۆزىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن، ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ،

رەببىڭ كىم؟ دەپ سورايدۇ:

مۆئمىن، رەببىم ئاللاھ دەيدۇ.

پەرىشتىلەر: دىنىڭ نېمە؟ دەيدۇ:

مۆئمىن بەندە، دىنىم ئىسلام دىنى دەيدۇ.

پەرىشتىلەر ئاراڭلارغا ئەۋەتىلگەن بۇ كىشى قانداق كىشى بولىدۇ؟ دەيدۇ:

ئۇ بەندە، ئۇ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبىرىدۇر دەيدۇ.

پەرىشتىلەر: سىنىڭ ئىلمىڭ قانداق؟ سەن بۇنى نەدىن بىلدىڭ؟ دەيدۇ:

مۆئمىن بەندە، مەن ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇدۇم، بۇ كىتابقا شەكسىز ئىمان كەلتۈردۇم، ۋە تەستىقلىدىم دەيدۇ، ئاندىن ئاسماندىن بىر توۋلىغۇچى، نىدا قىلىپ، بەندەم راست دېدى، ئۇنىڭغا جەننەتتىن كۆرپە سېلىڭلار! جەننەت كىيىملىرىدىن كىيىم كىيدۈرۈڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەت تەرىپىگە بىر ئىشىك ئېچىپ بېرىڭلار دەيدۇ، ئاندىن ئۇ بەندىگە جەننەتنىڭ راھەتلىرى، رىزىقلىرى، پاك، مول تۇرمۇشلىرى، خۇشپۇراقلىرى يېتىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن قەبرىسى بىر كۆز يېتىم مىقدارى شۇنداق كەڭ كەڭرىتىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا يۈزى گۈزەل، كىيىمى گۈزەل، خۇشپۇراق بىر كىشى كېلىپ، سىنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلار بىلەن خۇش بېشارەت ئالغىن، مانا بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغان، سېنىڭ كۈنۈڭدۇر، دەيدۇ، بەندە ئۇنىڭغا سەن كىم؟ سېنىڭ يۈزىڭ ياخشىلىقنى ئېلىپ كېلىدىغان يۈزكەن دەيدۇ، ئۇ كىشى مەن سېنىڭ سالىھ، ياخشى ئەمەللىرىڭ بولىمەن دەيدۇ، ئاندىن بەندە خاتىرجەم بولۇپ، ئى پەرۋەردىگارىم، قىيامەتنى قوزغىتىپ بەرگىن، ئى رەببىم، قىيامەتنى قايىم قىلىپ بەرگىن، مەن ئەھلىمگە، مال ـ مۈلۈكلىرىمگە قايتاي دەيدۇ، (مانا بۇ مۆئمىن كىشىنىڭ ئاقىۋىتى بولىدۇ). ھەقىقەتەن كاپىر، دىنسىز بەندىنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدىغان، ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلىدىغان ۋاختى كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئاسماندىن يۈزلىرى قاپقارا، تەلەتى سەت، قەبىھ پەرىشتىلەر چۈشىدۇ، ئۇنى كىپەنلەشكە ئەسكى كىگىز، تاشلاندۇق پالاسلارنى ئېلىۋالىدۇ، پەرىشتىلەر بۇ كاپىردىن بىر كۆز يېتىم مىقداردا ئولتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئى نىجىس، سېسىق جان، ئاللاھنىڭ كايىشىغا، غەزەپ ـ نەپرىتىگە چىققىن! دەيدۇ: ئاندىن ئۇنىڭ روھى، جېنى پۈتۈن بەدەنلىرىگە تارقاپ كېتىدۇ، ئاندىن پەرىشتە ئۇ جاننى خۇددى قوينىڭ يول يۇڭىدىن شوخلۇق شاخنى تارتىپ ئالغاندەك، قاتتىق تارتىپ ئالىدۇ، ئۇنى ئېلىپ، قولىدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك مىقداردا قويمايلا، ساقلاپ تۇرغان پەرىشتىلەر ئېلىپ، ھېلىقى كىگىز پالاسنىڭ ئىچىگە سالىدۇ، بۇ نىجىس، سېسىق جاندىن تاپىنىڭ پۇرىقىدىنمۇ سېسىق پۇراق چىقىدۇ، بۇ سېسىق پۇراق يەر يۈزىدە تېپىلىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇنى ئېلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، ئۇلار ھەربىر پەرىشتە جامائەتلىرىدىن ئۆتسە، ئۇلار بۇ نىجىس، سىسىق جان، روھ كىم

بولىدۇ؟ دەيدۇ: ئۇرلەۋاتقانلار، ئۇ دىنىسزنىڭ دۇنيادىكى كىشلەر ئاتايدىغان ئەڭ قەبىھ، سەت ئىسىملىرى بىلەن ئاتاپ، پالانىنىڭ بالىسى، پالانى بولىدۇ دەيدۇ. ئاندىن ئاسمان ئىشكىنىڭ ئېچىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، لېكىن ئىشىك ھەرگىز ئېچىلمايدۇ. ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى. «ئۇلارغا ئاسمان ئىشكلىرى ھەرگىز ئېچىلمايدۇ» سۇرە ئەئراب، 4 - ئايەت. ئاندىن، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ كىتابىنى ئەڭ تۆۋەن زىمىننىڭ ئىچىدىكى سىججىيىن. ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك چوڭقۇر مەنزىللىك قىلىپ يېزىڭلار. ئاندىن ئۇنىڭ روھى قاتتىق تاشلىنىدۇ. جەسىتىگە قايتۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، مۇنداق سوئال سورايدۇ.

رەببىڭ كىم؟

ئۇ، ھا! ھا! مەن بىلەيمەن دەيدۇ.

ئۇلار، دىنىڭ نېمە؟ دېسە:

ئۇ ھا ھا مەن بىلمەيمەن دەيدۇ.

ئاراڭلارغا ئەۋەتىلگەن ماۋۇ كىشى كىم؟ دېسە:

ئۇ، ھا! ھا! مەن مەن بىلمەيمەن دەيدۇ. ئاندىن، ئاسماندىن مۇنداق نىدا كېلىدۇ، ئۇ يالغان سۆزلىدى، ئۇنىڭغا دوۋزاختىن، ئوتتىن كۆرپە سېلىڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن دوزاخ تەرىپىگە بىر ئىشىك ئېچىڭلار! ئاندىن ئۇنىڭغا دوزاخنىڭ ھارارەتلىرى، قىززىقلىرى، زەھەرلىرى كېلىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسى شۇنداق تار قىلىنىدۇكى، قوۋۇرغىلىرى بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ، گىرەلىشىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا، يۈزى، كىيىمى قەبىھ سەت، سېسىق پۇراقلىق بىر كىشى كېلىپ، سىنى خاپا قىلىدىغان، غەم قىلدۇرىغان نەرسە بىلەن بېشارەت ئال، مانا بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغان سېنىڭ كۈنۈڭدۇر دەيدۇ. ئۇ، سېنىڭ يۈزۈڭ يامانلىقنى ئېلىپ كېلىدىغان يۈز ئىكەن، سەن زادى كىم؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ، مەن سېنىڭ نىجىس، يامان ئەمەللىرىڭ بولىمەن دەيدۇ. ئاندىن ئۇ، ئى پەرۋەردىگارىم، ھەرگىز قىيامەتنى قايىم قىلمىغىن دەپ كېتىدۇ، ( مانا بۇ دىنىسىزنىڭ ئاقىۋىتى، ئى ئاللاھ، بىزلەرنى مۆئمىن قىلىپ، بۇنداق يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىسىلا، ئامىن!) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى خۇزەيمە، ھاكىم، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. بىر قىسىم جايلىرى مۇتىۋاتىر.

إن أرواح الشهداء في جوف طير خضر لها قناديل معلقة تحت العرش تسرح من الجنة حيث شاءت ثم تأوي إلى تلك القناديل فاطلع إليهم ربهم اطلاعة فقال: هل تشتهون شيئا ؟ قالوا: أي شيء نشتهي و نحن نسرح من الجنة حيث شئنا ؟ فيفعل ذلك بهم ثلاث مرات فلما رأوا أنهم لم يتركوا من أن يسألوا قالوا: يا رب نريد أن ترد أرواحنا في أجسادنا حتى نرجع إلى الدنيا فنقتل في سبيلك مرة أخرى! فلما رأى أن ليس لهم حاجة تركوا(م ت) ابن مسعود

**104**. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن شېھىدلارنىڭ روھلىرى، يېشىل قۇشنىڭ پوكانلىرىدا بولىدۇ، بۇ قۇشلارنىڭ قەپەزلىرى ئەرشى تەھتىدە ئېسىقلىق تۇرىدۇ، قۇشلار بىلەن ئۇ روھ جەننەتنىڭ خالىغان يېرىدە يايراپ، ئوتلاپ، ئۇچۇپ يۈرىدۇ، ئاندىن قەپەزلىرىگە قايتىشىدۇ، رەببى ئۇلارغا ئاشكارا بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ: يەنە بىرەر نەرسە ئارزۇ قىلامسىلەر؟ ئۇلار بىز جەننەتتە خالىغان يېرىمىزدە يايراپ، ئۇچۇپ يۈرسەك، يەنە قانداق نەرسىنى ئارزۇ ۋە ئىشتىھا قىلارمىز؟ دەيدۇ. بۇ سوئال ــ جاۋابلار ئۇلارغا ئۈچ قېتىم قىلىنىدۇ، ئۇلار زادى بىرەر نەرسە سورىمىغىچە تەرك ئېتىلمەيدىغىنىنى بىلگەندە، مۇنداق دەپ سورايدۇ. ئى رەببىمىز ئاللاھ، بىز سىلىنىڭ روھلىرىمىزنى جانلىرىمىزنى، جەسەدلىرىمىزگە قايتۇرۇشلىرىنى مەقسەت قىلىمىز. دۇنياغا قايتىپ، سىلىنىڭ يوللىرىدا يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلسەك، شېھىد بولساق دەيمىز. ئاللاھ ئۇلار ئۈچۈن ھېچبىر ھاجەتنىڭ يوقلىقىنى كۆرگىنىدە، ئۇلار سوئال سوراشتىن تەرك ئېتىلىدۇ، (ئاللاھ ئالدىن بىلىپ تۇراتتى ، بۇنى بىزلەرگە شېھىد بولسۇن دەپ سۆزلەتتى) مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ئىمام سەبكي، قۇرتەبي ، كەتتانىيلەر: رۇھنىڭ مەڭگۈلىكلىكىنى

قۇرئاندىن ۋە نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەردىن دەلىل كەلتۈرۈپ مۇتىۋاتىر دېدى.

**105**. (صحيح) إنه أوحي إلي أنكم تفتنون في القبور (ن) عن عائشة

**105**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ماڭا جەزمەن سىلەر قەبرىلەردە سوئال ــ سوراق قىلىنىسىلەر، ئازابلىنىسىلەر دەپ ۋەھىي قىلىندى، نەسەئى توپلىغان،

سەھىھ

إذا أقعد المؤمن في قبره أتي ثم شهد أن لا إله إلا الله و أن محمد رسول الله فذلك قوله: (يثبت الله الذين آمنوا بالقول الثابت) (خ) عن البراء

**105.** بەررا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن قەبرىسىدە ئولتۇرغۇزۇلغاندا، ئۇنى ياكى ئۇنىڭغا سوئال سورايدىغان پەرىشتەكەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئۇ مۇنداق گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر. ئاشۇنىڭغا ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر، «ئاللاھ ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەرگە مۇقىم سۆز كەلىمە تەييىبنى مۇقىم ئىسپاتلاپ بېرىدۇ» بۇخارى توپلىغان، سەھىھ

إذا قبر الميت أتاه ملكان أسودان أزرقان يقال لأحدهما المنكر و للآخر النكير فيقولان: ما كنت تقول في هذا الرجل؟ فيقول: ما كان يقول هو: عبد الله و رسوله أشهد أن لا إله إلا الله و أن محمد عبده و رسوله فيقولان: قد كنا نعلم أنك تقول ثم يفسح له في قبره سبعون ذراعا في سبعين ثم ينور له فيه ثم يقال: نم فيقول: أرجع إلى أهلي فأخبرهم فيقولان: نم كنومة العروس الذي لا يوقظه إلا أحب أهله إليه حتى يبعثه الله من مضجعه ذلك و إن كان منافقا قال: سمعت الناس يقولون قولا فقلت مثله لا أدري فيقولان: قد كنا نعلم أنك تقول ذلك فيقال للأرض: التئمي عليه فتلتئم عليه فتختلف أضلاعه فلا يزال فيها معذبا حتى يبعثه الله من مضجعه ذلك (ت) عن أبي هريرة. (1) أنس (2) وأسماء بنت أبي بكر (3) وعمرو بن العاص (4) والبراء بن عازب (5) وعثمان بن عفان (6) وأبي هريرة (7) وجابر بن عبد اللّه (8) وابن عمرو (9) وأبي سعيد الخدري (10) وعائشة (11) وابن عباس (12) وابن مسعود (13) وعمر بن الخطاب (14) وأبي الدرداء (15) وأبي رافع (16) وأبي موسى (17) وعطاء ابن يسار مرسلاً (18) وتميم الداري (19) وعبادة بن الصامت (20) وبشير بن أكال (21) وأبي أمامة (22) وثوبان (23) وحمزة بن حبيب مرسلاً (24) وابن عمر (25) ومعاذ ابن جبل (26) وأبي قتادة ستة وعشرين نفساً (27) عبد اللّه بن رواحة (28) وحذيفة

**105**. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس، ئەتائ، ئۇمەر...قاتارلىق **28**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىيىت قەبرىگە قويۇلغاندا، ئۇنىڭغا قاپقارا، كۆك كۆز ئىككى پەرىشتە كېلىدۇ، بىرنى مۇنكەر يەنە بىرنى نەكىير دېيىلىدۇ، بۇ مۇنكەر ـ نەكىير ئىككى پەرىشتە مۇنداق دەيدۇ: سەن بۇ كىشى توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ ئۇ بەندە ئادىتى بويىچە ئۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ھەققەتەن مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بەندىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن دەيدۇ، پەرىشتىلەر بىز سېنىڭ شۇنداق دېيىشىڭنى بۇرۇنلا بىلەتتۇق دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ قەبرىسى **70** گەزدە **70** گەز كەڭرى قىلىنىپ، نۇرلىنىدۇ، ئاندىن ئۇخلا! دېيىلىدۇ، ئۇ مەن قايتىپ ئەھلى باللىرىمغا خەۋەر قىلىمەن دەيدۇ، ئۇلار ئۇخلا دېگەندىكىن، يېڭىدىن توي قىلغان، بەختلىك كىشى ئۇخلىغاندەك ئۇخلا!، ئۇنى پەقەت ئەھلىدىن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشى ئويغۇتىدۇ، ئاللاھ سېنى بۇ جايىڭدىن تىرىلدۈرۈپ قوپارغانغا قەدەر شۇنداق، بەختلىك ھالەتتە ئۇخلا! دېيىلىدۇ.

ئەگەر ئۇ كىشى مۇناپىق بولسا، مەن كىشىلەرنىڭ بىر سۆزىنى دەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ شۇنداق دەپ قويغان، مەن بىلمەيمەن دەيدۇ، ئۇ ئىككى پەرىشتىلەر بىز سېنىڭ شۇنداق دېيىشىڭنى بىلەتتۇق دەيدۇ، ئاندىن زېمىنغا تارايغىن، گىرەلەشكىن دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسىدىن ئىبارەت زېمىن شۇنداق تارىيدۇكى، قوۋۇرغىلىرى بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ، ئاللاھ ئۇنى شۇ جايىدىن تىرىلدۈرگەنگە، يەنى قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇ شۇنداق ئازابلىنىدۇ، بۇتوغرىدىكى ھەدىسنى مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزىلەر توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

106. عود الروح للبدن وقت السؤال نقل السيوطي في شرح الصدور عن ابن تيمية أن الأحاديث متواترة بذلك

ئىمام سۇيۇتىي شەرھىسسۇدۇر دېگەن كىتابتا شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ قەبرە ئىچىدە مىيىتتىن سوئال ـ سوراق قىلىنغاندا روھنىڭ تەن جەسەدكە قايتىشى توغرىسىدىكى ھەدىسلەر مۇتىۋاتىر دېگەنلىكىنى يازغان. دەلىلى:يۇقىرىقى **103** ـ ھەدىستا ئۆتتى.

**107**. إذا فرغ أحدكم من التشهد الأخير فليتعوذ بالله من أربع يقول: اللهم إني أعوذ بك من عذاب جهنم و من عذاب القبر و من فتنة المحيا و الممات و من شر فتنة

المسيح الدجال (حم م د ه) عن أبي هريرة . أنس ابن مالك روى عنه من طرق (2) وأبو هريرة روى عنه من طرق (3) وعبد اللّه ابن عمرو بن العاص (4) وأسماء بنت أبي بكر الصديق روي عنها من طرق (5) وعائشة روى عنها من طرق (6) والبراء بن عازب روى عنه من طرق (7) وعمر بن الخطاب (8) وعبد اللّه بن مسعود (9) وزيد بن أرقم (10) وميمونة بنت سعد (11) وميمونة زوج النبي صلى اللّه عليه وسلم (12) وزيد بن ثابت (13) وأبو أيوب (14) وعبد اللّه بن عباس (15) وأبو سعيد الخدري روى عنه من طرق (16) وعبد الرحمان بن سمرة (17) وأبو قتادة الأنصاري (18) وعبد اللّه بن عمر (19) وسعد (20) وأبو بكرة (21) وعلي بن أبي طالب (22) وابن أبي أيوب (23) وأم خالد (24) وجابر بن عبد اللّه (25) وأم مبشر (26) وعبد الرحمان بن حسنة اهـ.وعد منهم (27) أسماء بنت يزيد وعد منهم في موضع آخر (28) عبادة بن الصامت (29) وأبا موسى (30) وأبا أمامة (31) وأبا رافع (32) وعثمان

**107.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەلى، ئوسمان، سەئد، ئۇمەر... قاتارلىق **32**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاخىرقى تەشەھھۇددىن پارىغ بولغاندا، يەنى ئاخىرقى ئەتتەھىيياتۇدىن كېيىن ئاللاھقا سېغىنىپ تۆت نەرسىدىن پاناھ تىلەڭلار، ئى ئاللاھ، سىلىگە سېغىنىپ، دوزاخ ئازابىدىن قەبرە ئازابىدىن ھاياتلىق ـ ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن مەسىھ، دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دىسۇن، يەنى شۇنداق دەڭلار، مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، سەھىھ.مۇتېۋاتىر.

استجيروا بالله من عذاب القبر فإن عذاب القبر حق (طب) عن أم خالد بنت خالد بن سعيد بن العاص .

**107.** ئۇممە خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا سېغىنىپ ئاللاھتىن قەبرە ئازابىدىن، قۇتقۇزۇشنى سوراڭلار، ئۇ ئازابدىن پاناھ تىلەڭلار، ھەقىقەتەن قەبرە ئازابى ھەقتۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) أكثر عذاب القبر من البول (حم ه ك) عن أبي هريرة

**107**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەبرە ئازابىنىڭ كۆپىنچىسى سۈيدۈكتىن بولىدۇ. «ھاجەتخانىغا كىرىپ ــ چىقىشتا سۈيدۈكتىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭ» ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

لو نجا أحد من ضمة القبر لنجا سعد بن معاذ و لقد ضم ضمة ثم روخي عنه (طب) عن ابن عباس

**107**. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىر كىشى قەبرىنىڭ تارىيىپ سىقىشىدىن نجات تېپىپ قۇتۇلالىغان بولسا، ئەلۋەتتە سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نجات تېپىپ قۇتۇلغان بولاتتى، ھەقىقەتەن قەبرە ئۇنىڭغىمۇ قاتتىق سىقىلىپ، ئاندىن كەڭرىتىلدى، قويۇپ بېرىلدى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح)لو نجا أحد من ضمة القبر لنجا هذا الصبي(ع الضياء)عن أنس

**107**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىر كىشى قەبرىنىڭ سىقىشىدىن، تارىيىشىدىن قۇتۇلالىغان بولسا، چوقۇم مۇشۇ سەبىي، كىچىك بالا قۇتۇلغان بولاتتى، لېكىن، ئۇمۇ قۇتۇلالمىدى، (شېھىد قۇتۇلۇپ قالىدۇ)، ئەبۇ يەئلا زىيائولمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ پەيغەمبەر، سىددىق، شېھىدلار قۇتۇلالايدۇ.ئالىملار قەبرە ئازابى ھەق راس دەپ ئىجمائ ئىتتىپاقتا كەلگەن.ئىبنى مۇنزىرنىڭ ئىجماغ دېگەن كىتابىغا قاراڭ.

**108**. اللهم إني أعوذ بك من عذاب القبر و أعوذ بك من عذاب النار و أعوذ بك من فتنة المحيا و الممات و أعوذ بك من فتنة المسيح الدجال (خ ن) عن أبي هريرة

**108**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق تۆت نەرسىدىن دائىم پاناھ تىلەيتتى، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، دوزاخ ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، ھاياتلىق ــ ماماتلىق پىتنىسىدىن، مەسىھ دەججال پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

استعيذوا بالله من عذاب القبر إنهم يعذبون في قبورهم عذابا تسمعه البهائم (حم

طب) عن أم مبشر

**108.** ئۇممەت مۇبەششەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەڭلار، ھەقىقەتەن كىشىلەر قەبرىلىرىدە ئازابلىنىدۇ، بۇ ئازابنى ھايۋانلار ئاڭلىيالايدۇ. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إذا فرغ أحدكم من التشهد الأخير فليتعوذ بالله من أربع يقول: اللهم إني أعوذ بك من عذاب جهنم و من عذاب القبر و من فتنة المحيا و الممات و من شر فتنة المسيح الدجال (حم م د ه) عن أبي هريرة .

**108.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاخىرقى تەشەھھۇددىن پارىغ بولغاندا، يەنى ئاخىرقى ئەتتەھىياتۇدىن كېيىن ئاللاھقا سېغىنىپ تۆت نەرسىدىن پاناھ تىلەڭلار، ئى ئاللاھ، سىلىگە سېغىنىپ، دوزاخ ئازابىدىن قەبرە ئازابىدىن ھاياتلىق ـ ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن مەسىھ، دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دىسۇن، يەنى شۇنداق دەڭلار. مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، سەھىھ.

ئالىملار: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرە ئازابىدىن الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلىشى ۋەشۇنىڭغا بۇيرىشى نۇرغۇن ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن سۆزلەنگەن مۇتىۋاتىر ھەدىس دېدى.

**109.** إن من أفضل أيامكم يوم الجمعة فيه خلق آدم و فيه قبض و فيه النفخة و فيه الصعقة فأكثروا علي من الصلاة فيه فإن صلاتكم معروضة علي إن الله حرم على الأرض أن تأكل أجساد الأنبياء (حم د ن ه حب ك) عن أوس بن أوس .

**109.** ئەۋس ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كۈنلىرىڭلارنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى، جۈمئە كۈنىدۇر، ئادەم جۈمئە كۈنىدە يارىتىلىپ، يەنە جۈمئە كۈنىدە ۋاپات تاپتۇرۇلدى، كىشىلەر ئۆلتۈرۈلۈش، تىرىلدۈرۈلۈش ئۈچۈن، جۈمئە كۈنىدە سۈر چېلىنىدۇ، قىيامەت، جۈمئە كۈنىدە بولىدۇ، بارلىق مەخلۇق جۈمئە كۈنىدە ئۆلىدۇ، يەنى قىيامەتتە. جۈمئە كۈنىدە ماڭا كۆپ دۇئايى ـ سالام يوللاڭلار،

ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ دۇرت، سالاملىرىڭلار ماڭا تەڭلىنىپ يەتكۈزۈلىدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا زېمىنغا پەيغەمبەرلەرنىڭ جەسەدلىرىنى چىرىتىش، يەۋېتىشنى ھارام قىلدى، ئەھمەد، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ما من أحد يسلم علي إلا رد الله علي روحي حتى أرد عليه السلام (د) عن أبي هريرة

**109**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ماڭا سالام قىلسا، ئاللاھ تائالا ماڭا روھىمنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، مەن ئۇ كىشىگە سالام قايتۇرۇۋالىمەن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان (بۇ دۇئايى سالامنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ھەسەن.

(صحيح) الأنبياء أحياء في قبورهم يصلون (ع) عن أنس

**2790**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەرلەر قەبرىلىرىدە ھاياتتۇر، ئۇلارغا دائىم دۇرۇت، سالاملار يوللىنىپ تۇرىدۇ، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

ئىمام ئىبنى قەييۇم، سۇيۇتي قاتارلىق ئالىملار:

پەيغەمبەرلەر نىڭ قەبرىللىرىدە ھايات تۇرشى مۇتىۋاتىر دېگەن.

دەلىل يۇقىرىقى ھەدىس ۋە مىئراجدىكى ھەدىستۇر.

(صحيح) مررت ليلة أسري بي على موسى قائما يصلي في قبره (حم م ن) عن أنس

**109**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى سەيرە قىلدۇرۇلغان كېچىسى مەن مۇسانىڭ ئۈستىدىن ئۆتتۇم، ئۇ قەبرىدە ئۆرە تۇرۇپ، ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

پەيغەمبەرلەر نىڭ قەبرىللىرىدە ھايات تۇرشى، نۇرغۇن ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن شۆزلەنگەن مۇتىۋاتىر.

كتاب الزكاه والپدقه والمروف

زاكاتىنىڭ كىتابىدىكى مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر

**110.** (پچيچ) لا زكاه في مال چتۇ يچول بليه الچول (ھ) بن بابشه (**1**) بلي (**2**) وبابشه (**3**) وۆنس (**4**) وابن بمر (**5**) وۆم سىد الۆنپاريه

**110.** ئائىشە، ئەنەس، ئەلى، ئىبنى ئۇمەر....قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مالغا كامىل بىر يىل ئۆتمىگىچە زاكات يوق. (يەنى پۇل ـ مال زاكات ئايرىش ئۆلچىمىگە يېتىپ بىر يىل توشسا، زاكات ئايرىيدۇ، ھەم ھەر يىلدا بىر قېتىم ئايرىيدۇ). ئىبنى ماجەلەر توپلىغان مۇتىۋاتىر.

**111**. (صحيح) مولى القوم من أنفسهم (خ) عن أنس

**111.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋمنىڭ ئازادكەردە قۇللىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) إن الله تعالى اصطفى كنانة من ولد إسماعيل و اصطفى قريشا من كنانة و اصطفى من قريش بني هاشم و اصطفاني من بني هاشم (م ت) عن واثلة

**111.** ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا كەنانە قەبىلىسىنى ئىسمائىلنىڭ بالىلىرىدىن تاللىدى، قۇرەيشنى كەنانەدىن تاللىدى، قۇرەيشلەردىن ھاشىم جەمەتىنى تاللىدى، ھاشىم جەمەتىدىن مىنى تاللىدى. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) كخ كخ ارم بها أما شعرت أنا لا نأكل الصدقة ؟ (ق م) عن أبي هريرة

**111.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سەدىقە خورمىسىدىن بىر تال ئېلىپ، ئاغزىغا ئاپارغىنىنى كۆرۈپ، پارسى تىلى بىلەن كايىپ تۇرۇپ، كخ، كخ يەنى ھاي! ئۇنى تاشلا! ھەقىقەتەن بىزنىڭ سەدىقە، زاكات يېمەيدىغىنىمىزنى سەن بىلمەمسەن؟ دېگەن، مۇسلىم **1778** ـ ھەدىس، بۇخارى، ئەھمەد **8899** ـ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) إنا آل محمد لا تحل لنا الصدقة و إن مولى القوم من أنفسهم (حم د ن

حب ك) عن أبي رافع عن (1) ابن عباس (2) وأبي رافع مولى رسول اللّه صلى اللّه عليه وسلم (3) ومولى لام كلثوم بنت علي اسمه هرمز أو كيسان وغيرهم تحريم الصدقة على موالي بني هاشم كتحريمها عليهم

**111** ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىز، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىلىسىگە ئۆشرە ـ زاكات ھالال ئەمەس، ھەقىقەتەن قەۋمىلەرنىڭ ئازاد قىلغان قۇلمۇ ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ، (شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئازاد قىلغان قۇللارغىمۇ ئۆشرە ـ زاكات دۇرۇس ئەمەس) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاشىم جەمەتىگە ئۆشرە ـ زاكاتنى ھارام قىلغاندەك ئۇلارنىڭ قۇللىرىغىمۇ زاكاتنى ھارام قىلىشى مۇتەۋاتىر دېدى.تەھاۋي سۆزى.

**112**. «اتقوا النار و لو بشق تمرة» (2) وابن مسعود (3) وعائشة (4) وأبي بكر الصديق (5) وأنس (6) والنعمان بن بشير (7) وأبي هريرة (8) وابن عباس (9) وأبي أمامة (10) وعبد اللّه بن مخمر (11) وفضالة بن عبيد (12) وابن عمر (13) ومرسل عروة بن الزبير (14) وقتادة (15) ومرسل الحسن خمسة عشر نفساً

**112**. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گەرچە بىر تال خورمىنىڭ يېرىمىنى سەدىقە قىلىش بىلەن بولسىمۇ دوزاخ ئۆتىدىن ساقلىنىڭلار، بۇ ھەدىسنى نەسەئى، بەيھەقى، ئەدى ئىبنى ھاتەمدىن، ئەھمەد، ئائىشەدىن، ئەۋسەت، زىيائولمەقدەس، ئەنەسدىن بەزار، نۇئمان ئەبۇ ھۇرەيرە، .....قاتارلىق **15**ساھابە رەزىيەللاملاردىن توپلىدى. سەھىھ.مۇتەۋاتىر.

اتقوا النار و لو بشق تمرة فإن لم تجدوا فبكلمة طيبة (حم ق) عن عدي

**112**. ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بىلەن بولسىمۇ دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىڭلار، ئەگەر تاپالمىساڭلار، ياخشى سۆز قىلىش بىلەن ساقلىنىڭلار، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىدى، سەھىھ.

**113.** (صحيح) كل معروف صدقة (حم خ) عن جابر (حم م د) عن (1) جابر بن عبد الله (2) وحذيفة (3) وعبد الله ابن يزيد الخطمي (4) وابن مسعود (5) ونبيط بن شريط (6) وأبي مسعود الأنصاري (7) ووالد ثابت (8) ووالد أبي مالك الأشجعي ثمانية أنفس. (قلت) ورد أيضاً من حديث (9) بلال (10) وابن عباس (11) وابن عمر (12) وعدي بن حاتم (13) وأبي أمامة الباهلي (14) وعائشة

**113.** جابىر، ھۇزەيفە، بىلال، ئائىشە....قاتارلىق **14**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **ھەر قانداق ياخشىلىق سەدىقىدۇر، (يەنى، ياخشىلىقتا بۇيرۇش ۋە ياخشىلىق قىلىش سەدىقە)**. ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇدلەر توپلىغان، سەھىھ. مۇتېۋاتىر.

كتاب الصيام

**روزا تۇتۇشنىڭ كىتابىدىكى مۇتېۋاتىر ھەدىسلەر**

**114**.(صحيح) صوموا لرؤيته و أفطروا لرؤيته فإن حال بينكم و بينه سحاب فأكملوا عدة شعبان و لا تستقبلوا الشهر استقبالا و لا تصلوا رمضان بيوم من شعبان (حم ن هق) عن ابن عباس

**114.** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **يېڭى ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئاخىرىدا يەنە يېڭى ئاينى كۆرۈپ ھېيت نامىزى ئوقۇڭلار، يەڭلار، ئەگەر سىلەردىن ئاينى بۇلۇت توسۇۋالسا، شەئبانىنىڭ سانىنى تولۇق قىلىڭلار، (يەنى 30 كۈن) رامىزان ئېيىدىن بۇرۇن روزا تۇتۇش بىلەن بۇ ئاينى كۈتىۋالماڭلار، رامىزان ئېيىغا شەئباندىن بىرەر كۈن روزىنى ئۇلاپ تۇتماڭلار**، ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، روزىنىڭ، ھېيتنىڭ، ھەجنىڭ ۋاقىتلىرى ئاي كۆرۈش بىلەن بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلگەن.

(صحيح) صوموا لرؤيته و أفطروا لرؤيته فإن غم عليكم فأكملوا شعبان ثلاثين (ق ن)

عن أبي هريرة (ن) عن ابن عباس (طب) عن البراء

**114.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس، بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، يېڭى ئاينى كۆرۈپ ھېيت نامىزى ئوقۇپ يەڭلار، ئەگەر سىلەرگە ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قالسا، شەئباننىڭ **30** كۈننى تولۇق قىلىڭلار، بەيھەقى، نەسەئى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) صوموا لرؤيته و أفطروا لرؤيته و انسكوا لها فإن غم عليكم فأتموا ثلاثين فإن شهد شاهدان مسلمان فصوموا و أفطروا (حم ن) عن رجال من الصحابةعن (1) أبي هريرة (2) وابن عباس (3) والبراء بن عازب (4) وابن عمر (5) وجابر بن عبد الله (6) وقيس بن طلق عن أبيه (7) ورجال من الصحابة (8) ووالد أبي المليح

**114.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس، بەررائ، جابىر، .....قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېڭى ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار ئاينى كۆرۈپ يەڭلار، ھەج ئىبادەتلىرىڭىزنى ئاينى كۆرۈپ قىلىڭلار، سىلەرگە ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قالسا، **30** كۈننى تولۇق قىلىڭلار، ئەگەر ئىككى مۇسۇلمان كىشى ئاينى كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە، شۇ گۇۋاھلىق بويىچە روزا تۇتساڭلار، بۇزساڭلار بولىدۇ، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.تەھاۋي

**115.** ثلاث من أخلاق النبوة :تعجيل الإفطار و تأخير السحور و وضع اليمين على الشمال في الصلاة طب)عن الدرداء

**115.** ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ نەرسە، پەيغەمبەرلەر ئەخلاقلىرىدىندۇر، رامزاندا ئىپتارنى بۇرۇن قىلىش، زوھۇرلۇقنى كېيىن يېيىش، (يەنى سۈبھىگە قىستاپ يېيىش) نامازدا ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇش، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) عجلوا الإفطار و أخروا السحور (طب) عن أم حكيم (1) أبي هريرة (2) وسهل بن سعد (3) وأبي ذر (4) وعدي بن حاتم (5) وأنس (6) وابن عمر (7) وابن

عباس (8) ويعلى بن مرة الثقفي (9) وأبي الدرداء (10) وعائشة (11) وأم حكيم بن حزام و غيرهم

**115.** ئۇممە ھەكىيم، ئەبۇزەر، يەئلا، ئائىشە....قاتارلىق **11**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىپتارنى بۇرۇنراق قىلىپ، زوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈپ يەڭلار، (يەنى ئىپتارنى كۈن كىرىش بىلەنلا قىلىڭلار، زوھۇرلۇقنى بولسا، سۈبھىگە قىستاپ يېسەڭلارمۇ بولىدۇ)تەبرانىلەر توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر.

تزال أمتي بخير ما عجلوا الإفطار (و أخروا السحور) (حم) عن أبي ذر

**115.** ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىم ئىپتارنى تېز، ئالدىراپ بۇرۇن قىلسىلا، زوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈپ يېسىلا ياخشىلىقتا داۋام قىلىۋېرىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، . سەھىھ.

(صحيح) بكروا بالإفطار و أخروا السحور (عد) عن أنس

**115.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىپتارنى بالدۇر قىلىڭلار، زوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈپ يەڭلار، (يۇقىرىدا يۇلتۇز كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن بۇرۇن شامغا ئالدىراڭلار دېگەن، ئىپتار شامدىن بۇرۇن قىلىنىدۇ، ئىپتار يۇلتۇزى يوق.) ئىبنى ئەدى توپلىغان، سەھىھ.

**116.** (صحيح) إن السحور بركة أعطاكموها الله فلا تدعوها (حم ن) عن رجل

**116.** ساھابىنىڭ بىرسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن روزىدا، سوھۇرلۇق يېيىش، ئاللاھ سىلەرگىلا بەرگەن بەرىكەتتۇر، سىلەر زوھۇرلۇق يېيىشنى تەرك ئەتمەڭلار، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

تسحروا فإن في السحور بركة (حم ق ت ن ه) عن أنس (ن) عن أبي هريرة وابن مسعود (حم) عن أبي سعيد (1) أنس (2) وابن مسعود (3) وأبي هريرة (4) وأبي سعيد (5) وجابر بن عبد اللّه (6) وعبد اللّه بن سراقة (7) وعمرو بن العاص (8)

والحسين بن علي (9) وأبيه علي (10) وأبي سويد وهو من الصحابة (11) وعتبة بن عبد (12) وأبي الدرداء (13) وميسرة الفجر من أعراب البصرة (14) وابن عباس (15) والعرباض بن سارية (16) وأبي ليلى الأنصاري (17) وقرة بن إياس المزني (18) وابن عمر (19) وأبي أمامة (20) والسائب بن يزيد وغيرهم.

**116**. ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ سەئىد... قاتارلىق **20**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا تۇتقاندا زوھۇرلۇق يەڭلار، ھەقىقەتەن زوھۇرلۇق يېيىشتە بەرىكەت باردۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىردۇر.

(صحيح) تسحروا و لو بالماء (ابن عساكر) عن عبدالله بن سراقة

**116**. ئابدۇللاھ ئىبنى سوراقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گەرچە سۇ ئۇتلاپمۇ بولسا زوھۇرلۇق يەڭلار، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) تسحروا و لو بجرعة من ماء (ع) عن أنس

**116**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا تۇتقاندا گەرچە سۇ ئۇتلاش بىلەن بولسىمۇ زوھۇرلۇق يەڭلار، (چۈنكى، ئۇنىڭدا بەرىكەت بار) ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) عليكم بهذا السحور فإنه هو الغداء المبارك (حم ن) عن المقدام

**116**. مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا تۇتقاندا مۇشۇ زوھۇرلۇق يېيىشنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ، بەرىكەتلىك غىزادۇر، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان.

**117**. كان يدركه الفجر و هو جنب من أهله ثم يغتسل و يصوم (مالك ق 4) عن عائشة وأم سلمة عن (1) عائشة (2) وأم سلمة (3) وابن عمر وقد أسنده الطحاوي في شرح معاني الآثار عن الأولين من طرق كثيرة ثم ذكر أنه تواترت الآثار به عن رسول الله صلى الله عليه وسلم وفي فتح الباري ما نصه حديث عائشة وأم سلمة في ذلك جاء

عنهما من طرق كثيرة جداً بمعنى واحد حتى قال ابن عبد البر أنه صح وتواتر

**117.** ئائىشە، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەھلىدىن جۇنۇپ ھالەتتە سۈبھى تاپاتتى، يەنى ئايالىدىن جۇنۇپ ھالەتتە سۈبھى، رامىزان كۈنلىرىمۇ يۇرۇپ قالاتتى، ئاندىن غۇسلى قىلىپ، يۈيۈنۈپ، روزا تۇتتۇپەرەتتى. مالىك، بەيھەقى تۆت كىتاب يەنى نەسەئى، تىرمىزي، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.ئىمام سۇيۇتي، كەتتاني، تەھاۋي، ئىبنى ھەجەر، زۇرقاني، ئىبنى ئابدۇلبەرلەر بۇ ھەدىسنى مۇتەۋاتىر دېدى.

بۇ سەھىھ ھەدىسدىن، جۇنۇپ ھالدا تاڭ ئېتىپ، سۈبھى يورۇپ قالسا، ياكى يۇيۇنۇش بىلەن تاماق يېيىشكە ۋاقىت قىستاپ قالسا، تاماق يېۋېلىپ ئاندىن يۇيۇنۇپ، غۇسلى قىلىپ، روزا تۇتىدۇ، ئەگەر يۇيۇنغاندا سۈبھى يورۇپ قالسا، تاماق يىمەي، زوھۇرلۇقسىز تۇتىدۇ، سۈبھىدىن كېيىن تاماق يېيىش رامىزاندا ھارام بولىدۇ، يۇيۇنۇش بولسا، دۇرۇستۇر، ئامال بار سۈبھىدىن بۇرۇن تاماق يەپ يۇيۇنۇپ تۇتۇش لازىم، بۇ ئەۋزەل.

**118.** (صحيح) كان يقبل و هو صائم(حم ق 4) عن عائشةعن (1) ابن عباس (2) وأم سلمة (3) وحفصة (4) وعائشة وفي شرح معاني الآثار للطحاوي ما نصه وقد جاءت الآثار عن رسول الله صلى الله عليه وسلم متواترة

**118.** ئائىشە، ئىبنى ئابباس، ھەپسە، ئۇممە سەلەمەت......، رەزىيەللاھۇ ئەنھالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا تۇتقان ھالەتتە روزىدار تۇرۇپمۇ، ئايالىنى سۆيۈپ قوياتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.ئىمام تەھاۋي بۇھەدىسنىمۇ مۇتەۋاتىر دېدى. ئايالنى سۆيسە روزا بۇزۇلمايدۇ، لېكىن، ياشلار ھەزەر قىلسۇن.

**119.** (صحيح) أفطر الحاجم و المحجوم (حم د ن ه حب ك) عن ثوبان وهو متواترأورده في الأزهار من حديث (1) ثوبان (2) وشداد ابن أوس (3) ورافع ابن خديج (4) وعلي (5) وأسامة بن زيد (6) وبلال (7) ومعقل بن يسار (8) وأبي موسى (9) وأبي هريرة (10) وعائشة (11) وأنس (12) وجابر بن عبد الله (13) وسمرة بن جندب (14) وابن عباس (15) وابن عمر خمسة عشر نفساً .قلت) ورد أيضاً من

حديث (16) أبي زيد الأنصاري (17) وسعد بن أبي وقاص (18) وابن مسعود (19) والحسن

**119**. سەۋبان، رافىئ، ئەلى، ئەنەس، ئائىشە...قاتارلىق **19**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قان ئالغان ۋە قان ئالدۇرغان كىشى ھەر ئىككىلىسى ئىپتار قىلغان بولۇپ، روزىسى سۇنۇپ كېتىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، نەسەئى، ھاكىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، سۇيۇتى، ئەلبانى بۇ ھەدىس مۇتىۋاتىر دېگەن، شۇنداق مەرتىبىسى مۇتىۋاتىرغا يەتكەن يەنى ئەڭ ئىشەنچىلىك، قۇرئان بىلەن تەڭ تۇرىدىغان، تانسا كاپىر بولىدىغان بارلىق جايلاردىن بارلىق كىشىلەردىن كۆپ كىشىلەردىن سۆزلەنگەن ھەدىستۇر، تىرمىزى مۇنداق دېگەن: ئالىملار بۇ ئىشنى مەكرۇھ دېدى، لېكىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەججەتۇل ۋىدادا ئىھرام باغلاپ روزا تۇتقان ھالدا قان ئالدۇرغان ھەدىسى بىلەن رۇخسەت قىلغانلىقلىرىكۆپ، دېگەن، تىرمىزى**705**ـھەدىستە تەپسىلاتى باردۇر. ئەبۇ داۋۇتتىمۇ رۇخسەت قىلىنغان سەھىھ ھەدىس بار. ئىمام شاپىئى، ئىبنى ئابدۇلبەرر، ئىبنى ھەزىم، قاتارلىقلار بۇ ھەدىس مەنسۇخ ئەمەلدىن قالغان دېدى.

**120**. أتاني جبريل فقال: يا محمد ! من أدرك أحد والديه فمات فدخل النار فأبعده الله قل: آمين فقلت: آمين قال: يا محمد من أدرك شهر رمضان فمات فلم يغفر له فأدخل النار فأبعده الله قل: آمين فقلت: آمين قال: و من ذكرت عنده فلم يصل عليك فمات فدخل النار فأبعده الله قل: آمين فقلت: آمين (طب) عن جابر بن سمرة (1) كعب بن عجرة وابن حبان في صحيحه بنحوه من حديث مالك (2) بن الحسن بن مالك بن الحويرث عن أبيه عن جده وهو وابن خزيمة من حديث (3) أبي هريرة والطبراني بإسناد لين من حديث (4) ابن عباس وبأسانيد أحدها حسن من حديث (5) جابر بن سمرة وهو البزار من حديث (6) عبد الله ابن الحارث بن جزء الزبيدي وهو ابن النجار من حديث (7) أنس والبزار من حديث (8) عمار بن ياسر والبخاري في الأدب والبيهقي من حديث (9) جابر بن عبد الله

**120**. جابىر ئىبنى سۇمرەت، كەئبە، ئەممار....ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا

جىبرىئىل كېلىپ مۇنداق دېدى، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، كىم ئاتا ــ ئانىسىنىڭ بىرەرسىنى تېپىپ ياخشىلىق قىلالماي ئۆلۈپ، دوزاخقا كىرسە، ئاللاھ ئۇنى رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن، ئامىن دېگەن دېدى. مەن ئامىن دېدىم، كىم رامىزان ئېيىنى تېپىپ مەغپىرەت قىلىنماي ئۆلۈپ دوزاخقا كىرسە، ئاللاھ ئۇنىمۇ رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن، ئامىن دېگىن دېدى. مەن ئامىين دېدىم، كىم ئالدىدا سەن تىلغا ئېلىنىپ ساڭا رەھمەت، دۇرۇت، سالام يوللىماي ئۆلۈپ دوزاخقا كىرسە، ئاللاھ ئۇنىمۇ رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن، ئامىن دېگىن دېدى، مەن ئامىن دېدىم، تەبرانى، ھاكىملەر توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

بۇ ھەدىسنىڭمۇ دەرجىسى مۇتېۋاتىرغا يېتىدۇ.

**121.** ليس من البر الصيام في السفر فعليكم برخصة الله التي رخص لكم فاقبلوها

(ن حب) عن جابر

**121.** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپەردە روزا تۇتۇشدا ياخشىلىق يوق، ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە قىلىپ بەرگەن رۇخسىتىنى چىڭ تۇتۇڭلار، بۇ رۇخسەت سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىڭلار. نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

ئاللاھ تائالا بىز ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن رۇخسەتكە بىزنىڭ كېلىشىمىزنى ياخشى كۆرىدۇ.

(پچىچ) ليس من البر الپيام في السفر (چم ق د ن) ىن جابر (ھ) ىن ابن ىمر(2) وكىب بن ىاپم الۆشري (3) وۆبي برزه الۆسلمي (4) وابن ىباس (5) وابن ىمر (6) وىمار بن ياسر (7) وۆبي الدردا۶

**121.** جابىر، ئىبنى ئۆمەر، كەئبى، ئەممار......قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپەردىكى روزا تۇتۇشدا، ياخشىلىق يوق، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ مۇتېۋاتىر.

بۇ ھەدىسنى قاتتىق مۇشەققەتتە قېلىپ تۇرۇپ، يەنىلا سەپەردە روزا تۇتقانلارنى كۆرۈپ دېگەن، ئەمما، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ۋە ساھابىلار روزا تۇتۇپ ماڭغان سەپەرلەر كۆپ، تۇتقانلار، تۇتمىغانلار بىر ــ بىرىنى ئەيىبلىمىگەن، سەپەردە روزا تۇتۇش، تۇتماسلىق ئىختىيار، مۇشەققەت

بولمىسا تۇتقان ياخشى، نامازنى بولسا قەسىر قىلىپ ئوقۇيدۇ، دەلىللىنى بىلىپ، ئىختىلاپلاشماي، كامىل ئوقۇسا، نەپلە، سۈننەتنىمۇ ئوقۇسا بولۇۋېرىدۇ.

**122.** من صام رمضان و أتبعه ستا من شوال كان كصوم الدهر (حم م 4) عن أبي أيوب (1) أبي أيوب (2) ثوبان (3) وجابر بن عبد الله (4) وأبي هريرة (5) وابن عباس (6) وابن عمر (7) وغنام (8) والبراء بن عازب

**122.** ئەبۇ ئەييۇب، سەۋبان، غەننام، بەررائ....قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئۇلاپ، كېيىنكى شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن روزا تۇتسا، ئۇ پۈتۈن زامان روزا تۇتقان بولىدۇ، **(36** كۈن **360** كۈنگە تەڭ. **)**. ئەھمەد، مۇسلىم بۇنىڭدىن كېيىنكى **4** كىتاب توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

من صام ستة أيام بعد الفطر كان تمام السنة (من جاء بالحسنة فله عشر أمثالها) (ه) عن ثوبان

**122.** سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇپ، ئاندىن روزا ھېيتتىن كېيىن شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن روزا تۇتسا، ئۇ تولۇق بىر يىل روزا تۇتقان بولىدۇ، «كىم بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ياخشىلىق بېرىلىدۇ». ئايەت، يەنى **36** كۈن **360** كۈنگە تەڭدۇر، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**123.** صيام يوم عرفة إني أحتسب على الله أن يكفر السنة التي قبله و السنة التي بعده و صيام يوم عاشوراء إني أحتسب على الله أن يكفر السنة التي قبله (ت حب) عن أبي قتادة

**123.** ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاراپات كۈنىنىڭ روزىسىنى مەن ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بىر يىللىق ۋە كېيىنكى بىر يىللىق، ئىككى يىللىق گۇناھنى كەففارەت قىلىپ ئۈچۈرۈۋېتىدۇ دەپ گۇمان قىلىمەن، ئاشۇرا كۈنىنىڭ روزىسىنى بولسا، بىر يىللىق گۇناھقا كەففارەت قىلىپ، بىر يىللىق گۇناھلارنى ئۈچۈرۈۋېتىدۇ دەپ ھېسابلايمەن، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان ، سەھىھ.

(صحيح) صوم يوم عرفة كفارة السنة الماضية و السنة المستقبلة (طس) عن أبي سعيد

**123.** ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاراپات كۈنى روزا تۇتۇش، (يەنى ئەتە قۇربان ھېيت كۈنى بولىدۇ دېگەن، ھەج ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى)روزا تۇتۇش ئۆتكەنكى بىر يىل ۋە كەلگۈسىدىكى بىر يىللىق گۇناھلارغا كەففارەت ھېسابلىنىدۇ.تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

صوم يوم عرفة يكفر سنتين ماضية و مستقبلة و صوم عاشوراء يكفر سنة ماضية (حم م ت) عن أبي قتادة (2) وقتادة بن النعمان (3) وابن عمر (4) وأبي سعيد (5) وعائشة (6) وزيد بن أرقم (7) وسهل بن سعد

**123.** ئەبۇ قەتادە، ئىبنى ئۆمەر، ئائىشە، زەيد، سەھل... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاراپات كۈنىنىڭ روزىسى ئۆتكەنكى بىر يىل ۋە كەلگۈسىدىكى بىر يىلدىن ئىبارەت ئىككى يىللىق گۇناھقا كەففارەت بولىدۇ، ئاشۇرا كۈنىنىڭ يەنى مۇھەررەمنىڭ **10** ـ (ياكى **9** ـ توققۇزىنچى) كۈنى روزا تۇتۇش بىر يىللىق گۇناھلارغا كەففارەت بولۇپ، گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزىلەر توپلىغان، سەھىھ،مۇتىۋاتىر.

**124.** (صحيح) أيام التشريق أيام أكل و شرب و ذكر الله (حم م) عن نبيشة(1) كعب بن مالك (2) ونبيشة الهذلي (3) وعقبة بن عامر (4) وعلي ابن أبي طالب (5) وأم مسعود بن الحكم الزرقي (6) وعبد اللّه بن حذافة السهمي (7) وأم الفضل بنت الحارث (8) وأبي هريرة (9) وبشر بن سحيم الغفاري (10) وسعد بن أبي وقاص (11) وابن عمر (12) وبديل بن ورقاء (13) وابن عباس (14) ومعمر بن عبد اللّه العدوي (15) وعمر بن الخطاب (16) وأسامة الهذلي ستة عشر نفساً .قلت ورد أيضاً من حديث (17) حمزة بن عمرو الأسلمي وصرح بتواتره أيضاً في التيسير وفي فيض القدير نقلاً عن السيوطي واللّه سبحانه وتعالى أعلم.

**124.** نەبىيشەت، كەئبە، بەشر، سەئىدە...قاتارلىق **17**ساھابە رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇمىلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (قۇربان ھېيتنىڭ ئەتىسى، ئۆگىنى يەنە بىر كۈندىن ئىبارەت ئۈچ كۈن تەشرىق كۈنلەر) مانا شۇ ھېيت كۈندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن يەپ ـ ئىچىش، ئاللاھنى ئەسلەش، تەكبىر ئېيتىش كۈنلىرىدۇر، (روزا تۇتۇشقا بولمايدۇ) ئەھمەد، مۇسلىملەر توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزاتۇتۇش پۈتۈن زامان روزا تۇتقانلىق بولىدىغان ھەدىسمۇ ئىنتايىن كۆپ ساھابىلاردىن كۆپ كىلىدۇ.

كتاب الحج والعمرة

ھەجنىڭ كىتابىدىكى مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر

**125**. (صحيح) من أحرم بالحج و العمرة أجزأه طواف واحد و سعي واحد منهما و لم يحل حتى يقضي حجه و يحل منهما جميعا (ت ه) عن ابن عمر

**125**. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم پەرىز ھەجگە ئۆمرە ھەجگە بىرلا ئىھرام باغلىسا، ئۇ كىشىگە بىرلا تاۋاپ كۇپايە، ساپا ـ مەرۋە ئېغىدىمۇ بىرلا سەئيي قىلسا كۇپايە، ھەجنى تولۇق ئادا قىلىپ بولمىغىچە ئىھرامدىن چىقمايدۇ، ھەر ئىككى ھەجدىن بىراقلا ئىھرامدىن چىقىپ ھالال بولىدۇ. (ئىھرامنى ئايرىم ـ ئايرىم باغلىسا، تەمەتتۇئ ھەج بولىدۇ، بىرلا باغلىسا قىران ھەج بولىدۇ). تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) تابعوا بين الحج و عمرة فإنهما ينفيان الفقر و الذنوب كما ينفي الكير خبث الحديد و الذهب و الفضة و ليس للحجة المبرورة ثواب إلا الجنة (حم ت ن) عن ابن مسعود

**125**. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەرىز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجنى بىرلەشتۈرۈپ قىلىڭلار، ھەقىقەتەن بۇ ئىككى ھەج، خۇددى كورەك ئوتى، تۆمۈر، ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ كىرلىرىنى تازىلاپ، يوق قىلغاندەك، پېقىرلىق بىلەن گۇناھلارنى تازىلاپ يوق قىلىۋېتىدۇ، قوبۇل بولغان ياخشى ھەج ئۈچۈن پەقەت جەننەتلا

بىرىلىدۇ، جەننەتتىن باشقا ساۋاب يوق، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

أنه عليه السلام عام حجة الوداع أحرم بالحج قارنا(.

ذكر في المواهب نقلاً عن الحافظ ابن حجر أن رواية القِران جاءت عن بضعة عشر صحابياً زاد في شرحها نقلاً عنه بأسانيد جياد ثم قال في المواهب وعدهم ابن القيم سبعة عشر (1) عائشة أم المؤمنين (2) وعبد الله بن عباس (3) وعمر بن الخطاب (4) وعلي بن أبي طالب (5) وعثمان بن عفان بإقراره لعلي (6) وعمران بن حصين (7) والبراء بن عازب (8) وحفصة أم المؤمنين (9) وأبو قتادة (10) وابن أبي أوفى (11) وأبو طلحة (12) والهرماس بن زياد (13) وأم سلمة (14) وأنس بن مالك (15) وسعد بن أبي وقاص (16) وجابر (17) وابن عمر فهؤلاء سبعة عشر صحابياً منهم من روى فعله ومنهم من روى لفظ إحرامه ومنهم من روى خبره عن نفسه ومنهم من روى أمره به اهـ. قال شارحه وبقي عليه حديث (18) سراقة أنه صلى الله عليه وسلم قَرَنَ في حجة الوداع رواه أحمد ومثله (19) عن أبي سعيد عند الدارقطني

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەججەتۇلۋىدادا پەرزھەج بىلەن ئۆمرە ھەجگە بىراقلا ئىھرام باغلاپ، قىران ھەج قىلغانلىقى يۇقىرىقى 19ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن سۆزلەنگەن مۇتىۋاتىرھەدىستۇر.

**126.** (صحيح) لو أني استقبلت من أمري ما استدبرت لم أسق الهدي و لجعلتها عمرة فمن كان منكم ليس معه هدي فليحل و ليجعلها عمرة (م د) عن جابر

**126.** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن كېيىن قىلماقچى بولغان ئىشمنى ئالدىن، غەيىبدىن بىلەلىگەن بولسام، ھەدىي، قۇربانلىق ھەيدەپ كەلمىگەن بولاتتىم، بۇ ھەجنى ئۆمرە ھەج قىلغۇەتكەن بولاتتىم، سىلەردىن كىم بىلەن بىرگە ھەدىي بولمىسا، ئۇ ئىھرامدىن چىقىپ، ھالال بولسۇن، بۇ ھەججنى ئۆمرە ھەج قىلۋەتسۇن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

أمره أصحابه عام حجة الوداع بفسخ الحج إلى العمرة).

ذكر في شرح المواهب أنه رواها أحد وعشرون صحابياً لكن مذهب مالك والشافعي وأبي حنيفة والجماهير أن ذلك مختص بأصحاب رسول الله في تلك السنة وأنه لا يجوز بعدها وقد ورد التصريح بالخصوصية في حديث بلال بن الحارث المزني

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرىنى ھەجنى بۇزۇپ ئۆمرە ھەج قىلىۋېتىشكە بۇيرىشىنى ئالىملار 20 ساھابىدىن سۆزلەنگەچكە مۇتىۋاتىر دېدى. لېكىن ئىمام مالىك، شاپىئي، ئەبۇھەنىيپەۋە

جۇمھۇر ئالىملاربۇنىش رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ساھابىللىرىغاخاستۇر.ھازىر بۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس دېدى.

127. حجه راكباً أنه عليه السلام حج عام حجة الوداع راكباً

نقل الشيخ علي العدوي في حواشيه في شرح مختصر خليل للعلامة الخرشي عند قول خليل أول الحج وركوب عن الشيخ علي الأجهوري أنها متواترة

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋىدالىشىش ھەججىنى تۆگىگە مىنىپ ئۆلاغلىق قىلغىنىنى شەيخ ئەلى ئەدۋي قاتارلىق ئالىملار مۇتىۋاتىر خەۋەر دېدى . بۇ ھەممە كىتابتا باردۇر.

128. (صحيح) هذه عرفة و هو الموقف و عرفة كلها موقف (ت)عن علي

128. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارپات تېغىدا ۋۇقۇپ قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: بۇ ۋۇقۇپ قىلىپ تۇرىدىغان ئاراپات تېغىدۇر، ئاراپات تېغىنىڭ ھەممە يېرى ۋۇقۇپ قىلىدىغان جايدۇر.ئىبنى ماجە، تىرمىزى توپلىغان. سەھىھ.

(صحيح) نحرت هاهنا و منى كلها منحر فانحروا في رحالكم و وقفت هاهنا و عرفة كلها موقف و وقفت هاهنا و جمع كلها موقف (م د) عن جابر

128. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن مۇشۇ يەردە قۇربانلىقنى بوغۇزلىدىم، مىنا تېغىنىڭ ھەممە يېرى قۇربانلىق بوغۇزلايدىغان جايدۇر، قۇربانلىقنى ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا بوغۇزلاڭلار، مەن مۇشۇ يەردە يەنى ئاراپاتتا ۋۇقۇپ قىلىپ تۇردۇم، ئاراپات تېغىنىڭ ھەممە يېرى ۋۇقۇپ قىلىدىغان جايدۇر، مەن مۇشۇ

يەردىمۇ ۋوقۇف قىلدىم، جەمئە تېغىنىڭ بارلىق يېرى ۋوقۇف قىلىدىغان جايدۇر. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

وقوفه عليه السلام بعرفة في حجة الوداع كان يوم الجمعة

رتسذلذللاه سةللةللاهذ ظةلةيهع ؤةسةللةمنعث هةججةتذلؤعدادا ظارصات تئغعدا جذمظة كىنع ؤذقذف قعلعص تذرعشعنع ظالعملار مذتئؤاتعردعدع .

حىنكع بذ خةؤةرمذ نذرغذن كعشعلةردعن ، هةرقايسع جايدعن كةلدع .

**129**. يا أيها الناس ! أي يوم أحرم ؟ أي يوم أحرم ؟ أي يوم أحرم ؟ قالوا : يوم الحج الأكبر قال : فإن دماء كم و أموالكم و أعراضكم عليكم حرام كحرمة يومكم هذا في بلدكم هذا في شهركم هذا ألا لا يجني جان إلا على نفسه ألا و لا يجني والد على ولده و لا ولد على والده ؛ألا إن الشيطان قد أيس أن يعبد في بلدكم هذا أبدا و لكن ستكون له طاعة في بعض ما تحتقرون من أعمالكم فيرضى بها ألا إن المسلم أخو المسلم فليس يحل لمسلم من أخيه شيء إلا ما أحل من نفسه ألا و إن كل ربا في الجاهلية موضوع لكم رءوس أموالكم لا تظلمون و لا تظلمون غير ربا العباس بن عبد المطلب فإنه موضوع كله و إن كل دم كان في الجاهلية موضوع و أول دم أضع من دم الجاهلية دم الحارث بن عبد المطلب ألا و استوصوا بالنساء خيرا فإنما هن عوان عندكم ليس تملكون منهن شيئا غير ذلك إلا أن يأتين بفاحشة مبينة فإن فعلن فاهجروهن في المضاجع و اضربوهن ضربا غير مبرح فإن أطعنكم فلا تبغوا عليهن سبيلا ألا و إن لكم على نسائكم حقا و لنسائكم عليكم حقا فأما حقكم على نسائكم فلا يوطئن فرشكم من تكرهون و لا يأذن في بيوتكم لمن تكرهون ألا و إن حقهن عليكم أن تحسنوا إليهن في كسوتهن و طعامهن (ت ن ه) عن عمرو بن الأحوص (1) أبي بكرة ومن حديث (2) ابن عباس (3) وابن عمر بنحوه قال العيني في عمدة القاري وله طرق تأتي قال وذكره ابن منده في مستخرجه من حديث سبعة عشر صحابياً

**129**. ئەمرۇ ئىبنى ئەھۋەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلـەيھى ۋەسـەللەم مۇنـداق دېگـەن: ئـى ئىنسـانلار! مـەن قايسـى كۈننـى ھـارام قىلدىم؟ قايسى كۈن ھارام قىلىنغان كۈنى دېدى، ئۇلار:چوڭ ھەج كۈنـى دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتـەن قـانلىرىڭلار، جـانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار، يۈز ـ ئابرۇيلىرىڭلار بەزىڭلارغا خۇددى مۇشۇ شەھىرىڭلاردا مۇشۇ ئېيىڭلاردا، مۇشۇ كۈنىڭلار ھـارام بولغانـدەك( مۇشۇكۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىـش ھـارام بولغانـدەك ) ھارامـدۇر، ئاگـاھ بولـۇڭلار، ھـەر قانـداق جىنايـەتچى ئۆزىنىـڭ زىيىنىغـا جىنايـەت ئۆتكۈزىـدۇ، ئاتـا بالىغـا، بـالا ئاتىغـا جىنايـەت ئۆتكۈزمەيـدۇ، جىنايـەتچى ئۆزى تۇتۇلـۇپ ئازابلىنىـدۇ، ئۇنىڭ ئورنىـدا باشقىلار تۇتۇلمايدۇ، ئاگاھ بولۇڭلار شەيتان بۇ شەھىرىڭلاردا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىنىشىدىن مەڭگـۈلۈك ئۈمىـد ئـۈزدى. لـېكىن، سـىلەر ھاقارەتلـەپ كىچىـك سـانايدىغان ئەمـەللىرىڭلارنىڭ بىـر قىسـمىدا شـەيتانغا ئىتائـەت بولـۇپ قالـىدۇ، شـەيتان مۇشـۇنىڭغا رازى بولـىدۇ، ئاگـاھ بولـۇڭلار، مۇسـۇلمان دېگـەن مۇسـۇلماننىڭ قېرىنداشىدۇر، بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ نەرسىسىدىن ھېچ نەرسە ھـالال ئەمـەس، پـەقەت ئـۇ رازى بولـۇپ بەرسـە، ھـالال بولـىدۇ، ئاگـاھ بولۇڭلار، جاھالىيەتتىكى جازانە، ئۆسۈمنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالـدى، سىلەر ماللىرىڭلارنىـڭ ئەسلىنى ئۆسۈمسىـز ئالساڭلار بولـىدۇ، زىيـادە ئېلىپ، زۇلـۇم قىلماڭلار، سىلەرگىمۇ زۇلۇم قىلىنمايدۇ، لېكىن، ئابباسنىڭ جازانـە، ئۆسۈملىرى پۈتۈنلەي ئەمەلـدىن قالـدى، ئـۇ مېلىنىـڭ ئەسـلىنىمۇ ئالالمايـدۇ، ھەقىقەتـەن جاھالىيەتتىكى خۇن داۋاسىمۇ ئەمەلـدىن قالـدى، ئەمدى ئۇ سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ، جاھالىيەتتىكى خۇن، تۆلەمدىن تۈنجى بولۇپ ئەمەلدىن قالدۇرغىنىم، ھارىسنىڭ قېنىـدۇر، يـەنى خۇنـدۇر، ئاياللارغـا ياخشـىلىقنى كـۆپ تەۋسـىيە قىلىـڭلار، (تەۋسىيەمنى قوبۇل قىلىڭلار) ئۇلار سىلەرگە ياخشى ياردەمچى بولىدۇ. سىلەر ئۇلاردىن ئۇنىڭدىن باشقىغا ئىگە بولالمايسىلەر، لېكىن، ئۇلار ئۈچۈق رەشەن پاھىشىگـە كەلسـە، پاھىشـە ئىشـىنى قىلسـا، ئـۇلار بىلـەن ياتـاق ئـايرىڭلار، جاراھەتلەندۈرمـەي يەڭگىـل ئـۇرۇڭلار، ھەيۋىسـى چـوڭ، زەربىسـى كىچىـك ئۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇلار ئىتائەت قىلسا، ئۇلارغا زىيانلىق يول تەلەپ قىلماڭلار، ئاگـاھ بولـۇڭلاركى، سـىلەرنىڭ ئايـاللىرىڭلار ئۈسـتىدە ھـەققىڭلار بـار، ئۇلانىڭمۇ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ھەققى بـار، سىلەرنىڭ ھـەققىڭلار بولسا، ئاياللىرىڭلار، كۆرپە، ئورنۇڭلاردا سىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىلەرنى ياتقۇزماسلىقىدۇر، پاھىشە قىلماسلىقىدۇر، سىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارغا كىرىشىگە ئىزنى، ئىجازەت بەرمەسلىكىدۇر، ئاگاھ بولۇڭلار، ئۇلارنىڭ ھەققى بولسا، ئۇلارغا تاماق بېرىشتە، كىيىم ـ كېچەك ئېتىپ بېرىشتە، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلار،

ياخشى ئەخلاقتا بولىشىڭلاردۇر.بۇخاري، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

ئەمدەتۇلقاري:ئىبنى مۇندىھ بۇھەدىسنى 17 ساھابىدىن خاترلىگەن دېدى دىمەك رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇكۈنى تۇگسى ئۇستىدە ۋۇقۇف قىلىشى ۋە بۇ ھەدىسمۇ مۇتىۋاتىردۇر.چۈنكى ئۇ چوڭ ھەج كۈنىدۇر ھەممە كىشى كۆرگەندۇر.

**130.** (صحيح) كان إذا رمى جمرة العقبة مضى و لم يقف (ه) عن ابن عباس

**130.** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەمرۇلئەقبە دېگەن تاشنى شەيتانغا ئېتىپ بولسا، ئۇ جايدا تۇرماستىن، ۋوقۇف قىلماستىن يۇرۇپ كېتەتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) كان إذا رمى الجمار مشى إليه ذاهبا و راجعا (ت) عن ابن عمر

**130.** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلغاندا جەمر تېشىنى ئاتقاندا، ئالدىغا مېڭىپ ئاتاتتى، ئاندىن يەنە قايتىپ كېلىپ، يەنە مېڭىپ ئاتاتتى، ئالدىغا مېڭىپ كەينىگە يېنىپ تۇرۇپ ئاتاتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) عليكم بحصى الخذف الذي ترمى به الجمرة (حم ن حب) عن الفضل بن عباس

**130.** پەزلى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، ھەجدىكى جەمرە تېشىنى ئاتقاندا، بارماقلار بىلەن ئېتىشنى لازىم تۇتۇڭلار، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

رمي الجمار في الحج بسبعين حصاة

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەج كۈنى شەيتانغا تاش ئېتىشى، نەھرى كۈنى ئەقبى تېشىدىن يەتتە تال ، تەشرىق كۈنلىرى ھەركۈنى **21** تال ئاتقانلىقىنى ئالىملار مۇتىۋاتىر دېدى.جەمئى**70**تال.

**131.** أنه عليه الصلاة والسلام لم يزل يلبي بعد عرفة إلى أن رمى جمرة العقبة

عن (1) علي بن أبي طالب (2) والفضل بن العباس (3) وأخيه عبد اللّه (4) وأسامة بن زيد (5) وعبد اللّه بن مسعود وفي شرح معاني الآثار للطحاوي ما نصه وقد جاءت عن رسول اللّه صلى اللّه عليه وسلم آثار متواترة بتلبيته بعد عرفة إلى أن رمى جمرة العقبة

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەج كۈنى جەمرە ئەقبەتىشنى ئاتقانغا قەدەر ئارىپاتتىن كېيىن دائىم تەلبىي ئەيتىپ تۇرىشىنى ئىمام تەھاۋى مۇتىۋاتىر دېدى. بۇ ئەلى، پەزل، ئابدۇللاھ، ئۇسامە...قاتارلىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن سۆزلەنگەن

132. أمره عليه السلام لأصحابه بالاعتمار قضاء عن عمرة الحديبية

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرىنى ھۇدەيبىييە يىلى تۇلۇق ئورۇندالمىغان ئۆمرە ھەجىنىڭ كىلەر يىلى قازاسىنى قىلىشقا بۇيرىشىنى ئالىملار مۇتىۋاتىر دېگەن . بۇمۇ بارلىق كىتابلاردا باردۇر.

133. (صحيح) عمرة في رمضان تعدل حجة (حم خ ه) عن جابر (حم ق د ه) عن ابن عباس (د ت ه) عن أم معقل (ه) عن وهب بن خنبش (طب) عن ابن الزبير (1) جابر بن عبد اللّه (2) ويوسف بن عبد اللّه ابن سلام (3) وأم معقل (4) وابن عباس (5) ووهب بن خنبش أو هرم بن خنبش وهو خطأ (6) وأبي معقل (7) وعلي (8) وأنس (9) وابن الزبير (10) وعروة البارقي (11) وأبي طليق (12) والأحمري (13) وبكر بن عبد اللّه المزني مرسلاً (14) ومرسل عكرمة (15) ومرسل مجاهد (16) والفضل بن العباس تسعة عشر نفساً

**133.** جابىر، ئىبنى ئابباس، ئۇممە مەئقەل، ۋەھبى، ئىبنى زۇبەير .... قاتارلىق **16**ساھابەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامىزان ئېيىدىكى ئۆمرە ھەج، پەرىز ھەجگە تەڭدۇر. ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىردۇر.

(صحيح) عمرة في رمضان كحجة معي (سمويه) عن أنس

**133.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامىزاندىكى ئۆمرە ھەج مەن بىلەن بىرگە پەرىز ھەج قىلغانغا ئوخشاشتۇر. سەمۇيە توپلىغان. سەھىھ.

ھەجگە رامىزاندا يۈرۈنراق بېرىپ، بۇ ئايدا ئۆمرە، نەپلە ھەج قىلىش مۇھىمدۇر.

134 .أنه عليه الصلاة والسلام تزوج ميمونة وهو حلال

قال الزرقاني في شرح الموطأ في نكاح المحرم من كتاب الحج قال ابن عبد البر الرواية بأنه تزوجها وهو حلال متواترة عن (1) ميمونة نفسها وعن (2) أبي رافع أي مولاه عليه الصلاة والسلام وعن (3) سليمان بن يسار مولاها وعن (4) يزيد الأصم وهو ابن أختها وما أعلم أحداً من الصحابة روى أنه نكحها وهو محرم إلا ابن عباس (5) صفية بنت شيبة أخرجه ابن سعد والله سبحانه وتعالى أعلم

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئىككى ھەيتنىڭ ئارىسىدا ھەج ئىيىدا ئىھرام باغلاغلىق ئەمەس بەلكى ھالال ھالىتىدە نىكاھلاپ ئېلىشنى ئىمام كەتتانى، ئىبنى ئابدۇلبەرر مۇتىۋاتىر دېدى . بۇ يۇقىرىقى ساھابىلاردىن خاتىرلەنگەن.

كتاب الذكاة

**چارۋامال بوغۇزلاشنىڭ كىتابىدىكى مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر**

**135.** نحر الإبل وذبح البقر والغنم) .

ذكر في الهداية أنها متواترة ونصه والمستحب في الإبل النحر وفي البقر والغنم الذبح لموافقة السنة المتواترة ويكره العكس مخالفة السنة

ھىدايىدە تۆگىنى نەھرى قىلىپ ئىككى جايدىن بوغۇزلاش ، كالا قوينى بىرلا جايدىن بوغۇزلاشنىڭ مۇتىۋاتىرلىقى، سۈننەتكە مۇۋاپىقلىقى، ئەكسىچە بولغاندا سۈننەتكە خىلاپ مەكرۇھ بولىشى سۆزلەنگەن.

اذبحوا لله في أي شهر كان و بروا لله و أطعموا (د ن ه ك) عن نبيشة

**135**. ئەبىيشەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى ئاي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھ ئۈچۈنلا بوغۇزلاڭلار، ئاللاھ يولىدا ياخشىلىق قىلىپ، تائام بېرىڭلار، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.الله نىڭ غەيرىگە بۇغۇزلاش ، قان قىلىشلار شىرىك ئەقيدىدۇر.

(صحيح) ما أنهر الدم و ذكر اسم الله عليه فكلوه ليس السن و الظفر و سأحدثكم عن ذلك أما السن فعظم و أما الظفر فمدى الحبشة (حم ق 4) عن رافع بن خديج

**135**. رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھالال قىلىنغان ھايۋانغا ئاللاھنىڭ ئىسمى ئەسلىنىپ، بىسمىللاھ دېيىلىپ قان تۆكۈلسىلا ئۇنى يېگىن، لېكىن، قان تۆككەن نەرسە چىش بىلەن تىرناق بولماسلىقى كېرەك، مەن سىلەرگە بۇ ئىككىسى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەي، ئەمما چىش بولسا، سۆڭەكتۇر، تىرناق بولسا ھەبەشىي، ئەجەملەرنىڭ پىچىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلاردا قان تۆكسە، يېگىلى بولمايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) أنهر الدم بما شئت و اذكر اسم الله عليه (ن) عن عدي بن حاتم (1) عدي بن حاتم (2) وأبي ثعلبة الخشني (3) ورافع بن خديج وغيرهم

**136**. ئەدىي ئىبنى ھاتەم، رافىئ، ئەبۇ سوئلەبە ۋە باشقا ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قاننى سەن خالىغان نەرسە بىلەن تۆككىن، بوغۇزلىماقچى بولغان نەرسىگە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلىگىن، بىسمىللاھ دېگىن، (ھايۋاننى بوغۇزلىماقچى بولغان نەرسىدىن تىرناق بىلەن سۆڭەك چەكلىنىدۇ، باشقىسى دۇرۇس) ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزي، ئىبنى ماجە، نەسەئىلەر توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر، بۇئايەتتىمۇ باردۇر.

**137**. 3431 (صحيح) ذكاة الجنين ذكاة أمه . (د ك) عن جابر (حم د ت ه حب قط ك) عن أبي سعيد (ك) عن أبي أيوب وأبي هريرة (طب) عن أبي أمامة وأبي الدرداء وكعب بن مالك(2) جابر (3) وأبي أمامة (4) وأبي الدرداء (5) وأبي هريرة قاله الترمذي وفيه أيضاً عن (6) علي بن أبي طالب (7) وابن مسعود (8) وأبي أيوب (9)

والبراء بن عازب (10) وابن عمر (11) وابن عباس (12) وكعب بن مالك ورواه البيهقي عن جماعة من الصحابة

**137.** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايۋاننىڭ ئىچىدىكى تۆرەلمىسىنىڭ بوغۇزلىنىشى، ئانىسىنىڭ بوغۇزلىنىشى بىلەن كۇپايە بولىدۇ. (يەنى ئانىسىنى بوغۇزلىسا، ئىچىدىكى بالىسىنى بوغۇزلىماي يېگىلى بولىدۇ) بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم، دارىقۇتنى، تەبرانىيلار، ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ئەييۇب، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ ئۇمامە، ئەبۇددەردائى، كەئبە......قاتارلىق**12**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ، مۇتىۋاتىر. بەزىلەر بۇ ھەدىسنى تۆرەلمىنى ئانىدەك بوغۇزلاش كېرەك دېگەن. لېكىن، ساھابىلار، تابىئىنلار ئۇنداق چۈشەنمىگەن، ئانىسىنى بوغۇزلىسا شۇ كۇپايە دېگەن.

**138.** تسموا باسمي و لا تكنوا بكنيتي (حم ق ت ه) عن أنس (حم ق ه) عن جابر (1) أنس بن مالك (2) وجابر ابن عبد الله قال في التيسير وفي الباب عن (3) ابن عباس وغيره اهـ.(4) أبو هريرة............

**138..** ئەنەس، جابىر، ئىبنى ئابباس ۋەباشقاساھابەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويۇڭلار، لېكىن، مېنىڭ كىنايە ئىسمىم بىلەن كىنايە قىلماڭلار، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.تەھاۋي سۆزى.

تسموا باسمي و لا تكنوا بكنيتي فإنما أنا أبو القاسم أقسم بينكم (م) عن جابر

**138.** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويساڭلار بولىدۇ، لېكىن، كىنايە ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويماڭلار، كىنايە قىلماڭلار، ھەقىقەتەن مەن ئەبۇلقاسىم، مەن ئاراڭلارغا (ئىلىم، غەنىيمەت ۋە باشقىلارنى) تەقسىم قىلىمەن، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لا تجمعوا بين اسمي و كنيتي (حم) عن عم عبدالرحمن بن أبي عمرة

**138.** ئابدۇرەھماننىڭ تاغىسىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: مېنىڭ كىنايە ئىسمىم بىلەن ئىسمىمنى بىرلەشتۈرۈپ ئىسىم قويماڭلار. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

كتاب الجهاد

جىھادنىڭ كىتابىدىكى مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر

**139.** يخرج قوم من أمتي يقرءون القرآن ليس قراءتكم إلى قراءتهم بشيء و لا صلاتكم إلى صلاتهم بشيء و لا صيامكم إلى صيامهم بشيء يقرءون القرآن يحسبون أنه لهم و هو عليهم لا تجاوز صلاتهم تراقيهم يمرقون من الإسلام كما يمرق السهم من الرمية لو يعلم الجيش الذين يصيبونهم ما قضى لهم على لسان نبيهم لاتكلوا عن العمل و آية ذلك أن فيهم رجلا له عضد ليس فيه ذراع على رأس عضده مثل حلمة الثدي عليه شعرات بيض (م د) عن علي (1) علي بن أبي طالب (2) وأبي سعيد الخدري (3) وسهل بن حنيف (4) وأبي ذر الغفاري (5) وسعد بن أبي وقاص (6) وعبد اللّه بن عمر (7) وابن مسعود رضي اللّه عنهم وغير هؤلاء

**139.** ئەلى، سەھلى، ئەبۇزەر، ئىبنى مەسئۇد...رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم قەۋملەر چىقىدۇكى، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، سىلەرنىڭ قىرائىتىڭلار، نامىزىڭلار، روزاڭلار ئۇلارنىڭ قىرائىتى، نامىزى، روزىسىغا نىسبەتەن ھېچ نەرسە ئەمەس. (يەنى ئۇلار كۆپ قىلىدۇ، سىلەرنىڭ ئىبادەتلىرىڭلارنى ئاز سانايدۇ)، ئۇلار قۇرئان ئوقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە بولىدى دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە قۇرئان ئۇلارنىڭ زىيىنىغا ھۆججەت بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ناماز،

ئىبادەتلىرى گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوق ئېتىلغان نىشانىغا تېگىپ تېزلا چىقىپ كەتكەندەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى ئۆلتۈرىدىغان قوشۇن، پەيغەمبىرىنىڭ تىلى بىلەن ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىنىدىغان پەزىلەت، ئەجىرلەرنى بىلىپ قالسا، شۇ ئەجىر، پەزىلەتكە يۆلىنىۋېلىپ، ئەمەل قىلمايتتى. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتە شۇنداق كاتتا ئەجىر بار، ئۇلارنىڭ ئالامەت بەلگىسى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلىكى شۇنداق سىمىز، توم بولۇپ، خۇددى سۆڭىكى يوقتەكلا، ئۇنىڭ بىلىكىنىڭ باش تەرىپىدە ئايال كىشىنىڭ ئەمچىكىنىڭ توپچىسىدەك مونەك بار، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاق تۈكلەر باردۇر، (كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، باستۇرۇپ بولۇپ، ئاشۇ بەلگىنى ئىزدەپ تېپىپ، خۇشاللىقىدىن تەكبىر توۋلاپ كەتكەن، ئۇلار خاۋارىجلاردۇر). مۇسلىم **1773** ـ ھەدىس، ئەھمەد **635** ـ **668** ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ۋەباشقىلار توپلىغان، سەھىھ.بۇھەدىسنى شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھ مۇتەۋاتىر دېگەن.بارلىق ھەدىس كىتابلىرىدا باردۇر.

(صحيح) الخوارج كلاب النار (حم ه ك) عن ابن أبي أوفى (حم ك) عن أبي أمامة .

**139.** ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **خاۋارىجلار دوزاخنىڭ ئىتلىرىدۇر، (يەنى خەلىپە ئىمامغا قارشى چىققۇچىلار)** ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**140.** لا تزال طائفة من أمتي ظاهرين على الحق لا يضرهم من خذلهم حتى يأتي أمر الله و هم كذلك(م ت ه) عن ثوبان (1) معاوية بن أبي سفيان (2) والمغيرة بن شعبة (3) وجابر بن سمرة (4) ومعاذ بن جبل (5) وجابر بن عبد اللّه (6) وزيد بن أرقم (7) وأبي أمامة (8) وعمر (9) وأبي هريرة (10) ومرة البهوي (11) وشرحبيل بن السمط أحد عشر نفساً .

(قلت) ورد أيضاً من حديث (12) عقبة بن عامر (13) وثوبان (14) وسعد بن أبي وقاص (15) وسلمة ابن نفيل الحضرمي (16) وعمران بن حصين

**140.** سەۋبان، مۇئاۋىي، جابىر، ئۆمەر...**16**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **ئۈممىتىمدىن بىر**

تائىپە بىر بۆلۈك كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر غەلىبە قىلغان ھالدا ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىدۇ، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلغان ئاسىي بولغان كىشىلەر ھەرگىز زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرى، قىيامەت ياكى ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدىغان شامال كەلگەندىمۇ غالىپ ھالەتتە تۇرىدۇ.(ئاندىن ئۇلىدۇ) مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.ئىبنى تەيمىيە :مۇتىۋاتىردۇردىدى.

تزال طائفة من أمتي يقاتلون على الحق ظاهرين إلى يوم القيامة فينزل عيسى بن مريم فيقول أميرهم: تعال صل لنا فيقول: لا إن بعضكم على بعض أمير تكرمة الله لهذه الأمة (حم م) عن جابر

**140.** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇممىتىمدىن بىر بۆلەك كىشىلەر قىيامەت كۈنىگىچە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، غەلىبە قىلغان ھالدا دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى تائىپە ئارىسىغا مەريەم ئوغلى ئەيسا چۈشىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئەمرى، خەلىپىسى بۇياققا كەل! بىزگە ناماز ئوقۇپ بەرگىن دەيدۇ. ئەيسا: ياق، ھەقىقەتەن بەزىڭلار بەزىڭلارغا ئەمىر، ئىمام بولىسىلەر، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئۇممەتنى ھۆرمەتلىشىدۇر دەيدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لا تزال طائفة من أمتي يقاتلون على الحق ظاهرين على من ناوأهم حتى يقاتل آخرهم المسيح الدجال (حم د ك) عن عمران بن حصين

**140.** ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇممىتىمدىن بىر تائىپە كىشىلەر، تاكى ئۇلارنىڭ ئاخىرى دەججالغا قارشى ئۇرۇش قىلغانغا قەدەر، ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، غەلىبە قىلغان ھالدا، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلغان قارشى كىشىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ تائىپە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىنى، خەلىپىلەر سۈننىتىنى چىڭ چىشلىگەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ساھابىلار، تابىئىنلارنىڭ ئەقىدىسىدىكى، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە ئەقىدىسىدىكى توغرا يولنى يول تۇتقان، سەلەف، سالىھلار يولىدىكى

ھەقىقەتچى، سۆيۈنەتچى، ئەسلىيەتچىلەردۇر. ئۇلارنىڭ شۇئارى، لا ئىلاھە ئىللەللاھ!، قۇرئان كالامۇللاھ، ھەدىسى رەسۇلۇللاھ، ساھابىلار، تابىئىنلار دەپ تۇۋلاشتۇر، ئى ئاللاھ، بىزلەرنى ساھابىلار، تابىئىنلار، سەلەف، سالىھلار ئاشۇ بىر تائىپە غالىبلار قاتارىدىن قىلسىلا ئامىن!

**141.** الخيل معقود بنواصيها الخير إلى يوم القيامة الأجر و المغنم (حم ق ت ن) عن عروة البارقي(حم م ن)عن جرير

**141.** ئۇرۋەت، جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتنىڭ چېكىسىگە قىيامەت كۈنىگىچە ئەجىر، غەنىيمەتتىن ئىبارەت، ياخشىلىق چېگىلگەندۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) الخيل معقود في نواصيها الخير إلى يوم القيامة

(مالك حم ق ن ه) عن ابن عمر (حم ق ن ه) عن عروة بن الجعد (خ) عن أنس (م ت ن ه) عن أبي هريرة (حم) عن أبي ذر وأبي سعيد (طب) عن سوادة بن الربيع والنعمان بن بشير وأبي كبشة

(1) ابن عمر (2) وأبي هريرة (3) وأنس (4) وعروة البارقي (5) وجرير (6) وجابر بن عبد الله (7) وأبي ذر (8) وأبي سعيد (9) وأسماء بنت يزيد (10) وحذيفة (11) وسوادة بن الربيع (12) وسهل بن الحنظلية (13) وعريب المليكي الشامي (14) والنعمان بن بشير (15) وأبي كبشة (16) وأبي أمامة (17) وجسر بن وهب (18) ومرسل مكحول ثمانية عشر نفساً .(19) عتبة بن عبد

**141.** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتنىڭ چېكىسىگە قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق چېگىلگەندۇر، (بۇ ياخشىلىق ئەجىر بىلەن غەنىيمەتتۇر) بۇ ھەدىسنى مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، تەبرانىيلار، ئىبنى ئۆمەر، ئۇرۋەت، ئەنەس، ئەبۇ زەر، ئەبۇسەئىد، سەۋادەت، نۇئمان، ئەبۇ كەبشە.......19ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ، مۇتىۋاتىردۇر.

**142**. ركوبه صلى الله عليه وسلم البغال في الحرب وغيرها الدال على إباحة ركوبها مطلقاً عن (1) علي بن أبي طالب (2) والبراء بن عازب (3) والعباس بن عبد المطلب (4) وابن مسعود (5) وأم سليمان بن عمرو بن الأحوص (6) وعبد اللّه بن بشر عن أبيه (7) وأنس بن مالك (8) وإياس بن سلمة عن أبيه (9) وعقبة بن عامر وغيرهم وفي شرح معاني الآثار للطحاوي ما نصه تواترت الآثار عن رسول اللّه صلى اللّه عليه وسلم بإباحة ركوب الخيل اهـ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جەڭدە ۋە باشقا ۋاقىتلاردا خەچىر ئاتنى، مىنىشى، ئەلى، بەرراڭ، ئاببىاس، ئەنەس، ئىياس، ئۇقبە...قاتارلىق تۇققۇزدىن ئارتۇق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلانغان مۇتىۋاتىر.

143 . (صحيح) الحرب خدعة (متواتر)

(حم ق د ت) عن جابر (ق) عن أبي هريرة (حم) عن أنس (د) عن كعب بن مالك (ه) عن ابن عباس وعائشة (البزار) عن الحسين (طب) عن الحسين وزيد بن ثابت وعبدالله بن سلام وعوف بن مالك ونعيم بن مسعود والنواس بن سمعان (ابن عساكر) عن خالد بن الوليد . أورده في الأزهار من حديث (1) أبي هريرة (2) وعلي (3) وابن عباس (4) وأنس (5) والحسن بن علي (6) وزيد بن ثابت (7) وعوف بن مالك (8) ونبيط بن شريط (9) والنواس بن سمعان (10) والحسين بن علي (11) وابن عمر (12) وعبد اللّه بن سلام (13) وخالد بن الوليد (14) وجابر أربعة عشر نفساً . (قلت) ورد أيضاً من حديث (15) كعب بن مالك (16) وعائشة (17) ونعيم بن مسعود وفي التيسير وفيض القدير أيضاً أنه متواتر

**143**. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **جەڭ دېگەن ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن بولىدۇ،** ( مەسىلەن؛ شەرىقدىن شەپە بېرىپ، غەرىپكە ھۇجۇم قىلىش ) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخاري، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بەزار، تەبراني، ئىبنى ئەساكىرلار، جابىر، ئەبۇھۇرەيرە، ئەنەس، كەئبى ئىبنى مالىك، ئىبنى ئاببىاس، ھۇسەيىن، زەيىد

ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، ئەۋپ ئىبنى مالىك، نۇئەيم، ئىبنى مەسئۇد، نەۋۋاس، خالىد ئىبنى ۋەلىد... قاتارلىق 17ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

144 . (صحيح) (غدوة في سبيل الله أو روحة خير من الدنيا و ما فيها) حم ق ه عن أنس (ق ت ن) عن سهل بن سعد (م ه) عن أبي هريرة (ت) عن ابن عباس (2) وأبي أيوب (3) وسهل بن سعد (4) وابن عباس (5) وأبي هريرة (6) ومعاوية بن خديج (7) وابن الزبير (8) وعمران بن حصين ثمانية أنفس.

(قلت) ورد أيضاً من حديث (9) سفيان ابن وهب الخولاني وغيره ونقل المناوي أيضاً في التيسير وفي فيض القدير عن السيوطي أنه متواتر

**144.** ئەنەس، سەھلى ئىبنى سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس... قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **ئاللاھ يولىدا جىھاد ئۈچۈن ئەتىگەن يا كەچتە بىرىپ كېلىش، تەييارلىق قىلىش، دۇنيادىن ۋە دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر.** ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر.

145 . ما بال أقوام جاوز بهم القتل اليوم حتى قتلوا الذرية ؟ ألا إن خياركم أبناء المشركين ألا لا تقتلوا ذرية ألا لا تقتلوا ذرية كل نسمة تولد على الفطرة فما يزال عليها حتى يعرب عنها لسانها فأبواها يهودانها أو ينصرانها (حم ن حب ك) عن الأسود بن

**145.** ئەسۋەد، ئىبنى سەرىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر جەڭدە مۇنداق دېگەن: **قەۋملەرنىڭ ھالىغا نېمە بولغاندۇ؟ بۈگۈن ئۇلاردا ئۆلتۈرۈش ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ، ھەتتا ئۇلار كىچىك باللارنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلارمۇ بۇرۇن مۇشرىكلارنىڭ باللىرى ئىدى. ئاگاھ بولۇڭلاركى، كىچىك باللارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ھەرگىز ئۆلتۈرمەڭلار. ھەربىر جان ئىگىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغۇدەك تەبىئەت، ئىسلام ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. (ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى مۇسۇلمان قىلالايدۇ) ئۇ ئاشۇ تەبىئەت ئۈستىدە ئۇنى سۆزلەپ تىل چىققانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى يەھۇدىي، ياكى ناسارا قىلىۋېتىدۇ.**

(چۈنكى، ئاتا ــ ئانىسى شۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ). ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) نهى عن قتل النساء و الصبيان (ق) عن ابن عمر

(2) وكعب بن مالك (3) وعبد الله بن عتيك (4) وأبي ثعلبة الخشني (5) وأبي سعيد خمسة أنفس.(6) بريدة (7) ورباح بن الربيع أخي حنظلة الكاتب وممن صرح بتواتره الطحاوي في شرح معاني الآثار فراجعه

**145**. ئىبنى ئۆمەر، كەئبى، بۇرەيدە، رېباھ....قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەڭ قىلىش جەريانىدا ئاياللارنى، سەبىي باللارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشدىن توسقان. بەيھەقى ۋە باشقا بارلىق سەھىھ كىتابلاردا بار، سەھىھ،مۇتىۋاتىر. (ھەر قانداق دۆلەت ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا ئاياللارنى، سەبىي باللارنى ئۆلتۈرمەيدۇ، لېكىن، ئايال ئەسكەر بولسا ئۆلتۈرىدۇ.)

146 . (صحيح) نهيت عن المصلين (طب) عن أنس

**146**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ناماز ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈشتىن ھەتتا ئۇرۇشتىنمۇ چەكلەندىم، (ناماز ئوقۇغۇچى كىشىنى ئۇرۇش ھارام). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ألا شققت عن قلبه حتى تعلم من أجل ذلك قالها أم لا ؟ من لك بلا إلا الله يوم القيامة (حم ق د ه) عن أسامة

**146**. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ، لائىلاھە ئىللەللاھ دېگەن كىشىنى ئۆلۈمدىن قورقۇپ، شۇنداق دېدى دەپ ئۆلتۈرگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئۇنىڭ ئۇ سۆزنى ئۆلۈمدىن قورقۇپ قېلىچدىن قورقۇپ شۇنداق دېگەن ياكى دىمىگەنلىكىنى بىلىشىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىنى يېرىپ كۆرۈپ باقمىدىڭمۇ؟ نېمىشقا يېرىپ باقمىدىڭ؟ قىيامەت كۈنى لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەن بۇ شاھادەت سۆزى بىلەن قانداقمۇ قىلارسەن؟ كىممۇ ساڭا كېپىل بولۇپ ياردەم بېرەر؟ دەپ تاپا قىلدى. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لا يحل دم امرئ مسلم إلا بإحدى ثلاث: رجل زنى بعد إحصان أو ارتد بعد إسلام أو قتل نفسا بغير حق فيقتل به (حم ت ن ه ك) عن عثمان (حم ن) عن عائشة

**146.** ئوسمان، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان ئىنساننىڭ قېنىنى تۆكۈش پەقەت ئۈچ ئىشنىڭ بىرى بىلەن ھالال بولىدۇ. توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشى رىجىم قىلىنىدۇ، يەنى تاش ـ بوران قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. مۇسۇلمان بولۇپ بولغاندىن كېيىن دىنىدىن قايىپ مۇرتەد بولغان كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ھەقسىزلا گۇناھسىز كىشىنى زۇلۇم قىلىپ ئۆلتۈرگەن قاتىل، ئۇنىڭ بارابىرىگە ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار بۇھەدىسنى مەئنەن مۇتېۋاتىر دېدى.شاھادەت ئەيتىپ نامازئوقىغان زاكات بەرگەن كىشى قەتئى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.

**147.** ذكر تواترها ابن تيمية في رسالته في الاحتجاج بالقدر ونصه أثناء كلام كما أن سنة رسول الله صلى الله عليه وسلم المتواترة عنه مضت بأن الكفار إذا قتلوا بعض المسلمين وأتلفوا أموالهم ثم أسلموا لم يضمنوا ما أصابوه من النفوس والأموال

ئىبنى كەسىرنىڭ ئۇستازى شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىييە مۇنداق دېگەن: كاپىر ھالىتىدە مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆلتۈرۈپ، مال ـ مۈلكىنى ھالاك قىلىۋېتىپ ئاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان كىشى ئۇ جاندىن ، مالدىن ھېچ نەرسىگە ئىگە بولمايدۇ، تۆلەم بەرمەيدۇ.

بۇئىشلار بارلىق ھەدىس كىتابلىرىدا باردۇر.بۇمۇتېۋاتىر خەۋەردۇر.مىسالى:

يضحك الله إلى رجلين يقتل أحدهما الآخر يدخلان الجنة يقاتل هذا في سبيل الله فيقتل ثم يتوب الله على القاتل فيسلم فيقاتل في سبيل الله فيستشهد (حم ق ن ه) عن أبي هريرة

**147.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا، بىرسى يەنە بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ ھەر

ئىككىلىسى جەننەتكە كىرگەن ئىككى كىشىدىن كۆلۈپ كېتىدۇ، بۇ بىرسى، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ تائالا قاتىلنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىپ شېھىد بولىدۇ. (خۇددى ۋەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرۈپ، كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ، يالغان پەيغەمبەر مۇسەيلىمەت كاززاپنى ئۆلتۈرگەندەك). ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇنداق مىساللار بەك كۆپ، ھەم شۇ ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

**148**. (صحيح) من قتل كافرا فله سلبه (ق د ت) عن قتادة (حم د) عن أنس (حم ه) عن سمر

**148**. قەتادە، ئەنەس، سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم (جەڭ مەيدانىدا)بىر كاپىرنى يەنى دىنسىزنى ئۆلتۈرسە، ئۇ كىشىگە ئۇ كاپىرنىڭ كىيىم ــ كېچەكلىرى، يېنىدا بار بولغان بارلىق نەرسىلىرى، قۇراللىرى بېرىلىدۇ. (لېكىن، گۇۋاھچى، دەلىل ــ ئىسپات كەلتۈرۈشى لازىم). بۇ ھەدىس ئۇرۇش ۋاختىدا ئۇرۇش مەيدانىدا دېيىلگەن). بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من أقام البينة على أسير فله سلبه (هق) عن أبي قتادة (2) أنس (3) وسمرة (4) وعوف بن مالك (5) وخالد بن الوليد زاد العراقي في شرحه وعن (6) ابن عباس (7) وسلمة بن الأكوع (8) وجابر (9) وحبيب بن مسلمة وزاد ابن حجر في أماليه المخرجة على مختصر ابن الحاجب الأصلي وعن (10) عبد الرحمان بن عوف (11) وسعد بن أبي وقاص (12) وأبي هريرة (13) وابن عمر (14) وحاطب بن أبي بلتعة

**148**. ئەبۇ قەتادە، ئەنەس، ئەۋف، خالىد...قاتارلىق **14**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر ئەسىرگە(ياكى ئۆلتۈرگەن كىشىسىگە) گۇۋاھچى، دەلىل ــ ئىسپات تۇرغۇزالىسا، ئۇ ئەسىرنىڭ (ياكى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ) بارلىق كىيىملىرى، ئۇچىسىدىكى نەرسىلەر شۇ كىشىگە بېرىلىدۇ. (بۇ، مۇجاھىدنى تارتۇقلاشتۇر).

بەيھەقى توپلىغان. سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**149.** من جهز غازيا في سبيل الله فقد غزا و من خلف غازيا في سبيل الله في أهله بخير فقد غزا(حم ق 3) عن زيد بن خالد

**149.** زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىر غازىينى جابدۇتسا، تەييارلىقىنى قىلىپ بەرسە، ھەقىقەتەن ئۇ ئاللاھ يولىدا غازات قىلغان بولىدۇ. كىم ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىۋاتقان ئۇرۇشقا ماڭغان غازىي، جەڭچىنىڭ ئائىلىسىدە ياخشى ئىز باسار بولۇپ، ياردەم بىرىپ ياخشىلىق قىلسا، جەزمەن ئۇمۇ ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغان بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى ئۈچ كىتاب توپلىغان. سەھىھ.

من جهز غازيا في سبيل الله كان له مثل أجره من غير أن ينقص من أجر الغازي شيئا (ه) عن زيد بن خالد

**149.** زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا غازات قىلغۇچى غازىينى جابدۇتۇپ، تەييارلىقىنى قىلىپ بەرسە، ئۇ كىشىگە شۇ غازىينىڭ ئەجرى، ساۋابلىرىدىن ھېچ نەرسە كاملىماستىن، ئوخشاش ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ. ئۇمۇ غازى ھېسابلىنىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان. سەھىھ. جەڭ تەييارلىقى جەڭدىن بۇرۇنقى پەرىزدۇر.

(صحيح) إن بالمدينة أقواما ما سرتم مسيرا و لا أنفقتم من نفقة و لا قطعتم واديا إلا كانوا معكم فيه و هم بالمدينة حبسهم العذر (حم خ د ه) عن أنس (م ه) عن جابر

**149.** ئەنەس جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەدىنىدە بىر تۈركۈم قەۋملەر باركى، سىلەر بىرەر ئۇرۇش مەيدانىغا سەيرە قىلساڭلار، بىرەر نەپىقە، چىقىم، سەدىقە قىلساڭلار، بىرەر يېزا ــ قىشلاقلارنى بېسىپ ئۆتسەڭلار، ئۇلار سىلەر بىلەن شۇ ئىشلاردا ئەجىردە بىللە بولىدۇ. ئۇلار مەدىنىدە بولغان بولسىمۇ، ئۇلارغا ئۆزرىسى كۈپايە بولىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، مۇسلىملار توپلىغان. سەھىھ.

ئىمام زۇرقانى، كەتتانى، ئىبنى ئابدۇلبەرلەر: مۇجاھىد ئەسكەرنى جابدۇتۇپ

تەييارلىقنى قىلىپ بەرگەن كىشىمۇ مۇجاھىد ھېساپلىنىدۇ، ئۇنىڭغىمۇ كاملىماستىن ئەجىر بولىدۇدېگەننى مۇتىۋاتىر خەۋەر دېدى.

150 .من قتل دون ماله فهو شهيد (حم ق ت ن) عن ابن عمرو (ت حب) عن سعيد بن زيد (ن) عن بريد (1) ابن عمرو (2) وأبي هريرة (3) والحسين بن علي (4) وابن عباس (5) وسعد بن أبي وقاص (5) وأنس (7) وابن الزبير (8) وابن مسعود (9) وعبد اللّه بن عامر بن كريز (10) وشداد بن أوس (11) وعلي ابن أبي طالب (12) وجابر بن عبد اللّه (13) وسويد بن مقرن ثلاثة عشر نفساً. (14) بريدة (15) وابن عمر بن الخطاب (16) وسعيد بن زيد

**150.** ئىبنى ئەمرۇ، سەئىد، بۇرەيدە، جابىر، سەئىد... قاتارلىق **16** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېلىنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىپ ئۆلسە، ئۇ شېھىد بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

كتاب النكاح

نىكاھنىڭ كىتابىدىكى مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر

**151.** (صحيح) انكحوا فإني مكاثر بكم (ه) عن أبي هريرة

**151.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نىكاھلىنىڭلار، توي قىلىڭلار، ھەقىقەتەن مەن كۆپلىكىڭلار بىلەن پەزىلەتكە ئېرىشىمەن، پەخىرلەنگىدەك بولىمەن، سىلەرنىڭ توي قىلىشىڭلار بىلەن ئۈممىتى كۆپ پەيغەمبەر بولالايمەن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) تزوجوا الودود الولود فإني مكاثر بكم (د ن) عن معقل بن يسار عن (1) أنس (2) وابن عمر (3) وأبي أمامة (4) والصنابح بن الأعسر (5) ومعقل بن يسار (6) وسهل بن حنيف (7) وحرملة بن النعمان (8) وعائشة (9) وعياض بن غنم (10) ومعاوية بن حيدة (11) وجابر (12) وأبي هريرة وغيرهم

**151.** مەئقەل ئىبنى يەسار، ئەنەس، ئائىشە، جابىر... قاتارلىق **12**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنىلا ياخشى كۆرىدىغان سىلەرگە مۇھەببىتى بار، كۆپ تۇغىدىغان، تۇغۇش قابىلىيىتى بار ئاياللارنى ئېلىڭلار، شۇلار بىلەن توي قىلىڭلار، چۈنكى، مەن سىلەرنىڭ كۆپلىكىڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن، سىلەرنىڭ توي قىلىشىڭلار سەۋەبىدىن ئۈممىتىم كۆپىيىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. مۇتەۋاتىر.

تزوجوا فإني مكاثر بكم الأمم و لا تكونوا كرهبانية النصارى (هق) عن أبي أمامة

**151.** ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: توي قىلىڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ توي قىلىشىڭلار سەۋەبىدىن ئۈممىتى كۆپ بولغان كىشى بولىمەن، سىلەرنىڭ كۆپلىكىڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن، ناسارلارنىڭ راھىبلىرىدەك بولۇۋالماڭلار، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار خۇسۇسەن تۈت مەزھەپ ئالىملىرى بو بۇيرۇق مۇستەھەپ ياكى سۈننەت ئۈچۈن، چۈنكى، نىكاھ سۈننەت، ئەگەر ئەر ياكى ئايال كىشى ئىلىم، ئىبادەت، جىھاد ئۈچۈن توي قىلماي ئۆتسە دۇرۇس، بۇ ئەۋزەل دېگەن، پەقەت ئەبۇ ھەنىفەلا توي قىلىش ئەۋزەل دېگەن، بۇ مەسىلىلەر ھەر قايسى ھەدىس كىتابلىرىنىڭ نىكاھ بابىدا، تۆت مەزھەپ فىقھىسى دېگەن كىتابتا بار، تەپسىلى كۆرۈڭلار.

**152.** (پچيچ) لا نكاچ ۋلا بولي (چم 4 ك) ىن ۋبي موسۇ (ه) ىن ابن ىباس (1) أبي موسى (2) وابن عباس (3) وجابر (4) وأبي هريرة (5) وأبي أمامة (6) وعائشة (7) وعمران بن حصين سبعة أنفس.

(قلت) ذكره ابن حجر في أماليه من حديث أبي موسى ثم قال قال الترمذي وفي الباب عن عائشة وأبي هريرة وابن عباس وعمران ابن حصين (8) وأنس وكذا قال الحاكم وزاد عن (9) علي (10) ومعاذ (11) وابن مسعود (12) وأبي ذر (13) والمقداد (14) والمستورد وجابر (15) وابن عمر (16) وابن عمرو (17) وأم سلمة (18) وزينب بنت جحش

**152.** ئەبۇ مۇسا، ئىبنى ئابباس، جابىر.....قاتارلىق**18**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋەلىيسىز يەنى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان كىشىسىز نىكاھ قىلىش يوق. ئەھمەد، ھاكىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

(صحيح) لا نكاح إلا بولي و السلطان ولي من لا ولي له (حم ه) عن عائشة

**152.** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋەلىيسىز نىكاھ يوق، سۇلتان، ۋەلىسى يوق كىشىگە ۋەلى بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لا نكاح إلا بولي و شاهدي عدل (هق) عن عمران وعائشة

**152.** ئىمران، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋەلىيسىز، ئادىل ئىككى گۇۋاھچىسىز نىكاھ قىلىش يوق. نىكاھ پەقەت ئايال كىشىگە ئىگە بولىدىغان ۋەلى ۋە ئادىل ئىككى گۇۋاھچىنىڭ ھازىر بولۇشىدا قىلىنىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لا نكاح إلا بولي و شاهدين (طب) عن أبي موسى

**152.** بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، نىكاھنىڭ شەرتى قىزچاققا ئىگە بولغىدەك دادىسى، تاغىسى، قېرىندىشى، ھېچقايسى بولمىسا، سۇلتان، ئىمام ۋەلى بولسا ئادىل ئىككى گۇۋاھچى ھازىر بولسا تويلۇق مېھرى بېرىلسە ياكى ۋەدە قىلىنسا، توي قىلغان ئايال بولۇپ قالسا، ئىددىتى توشقان بولسا، ئاندىن نىكاھ قىلىنىدۇ. تۇل ئايال ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولالايدۇ، لېكىن، ئەقلى كام، مىيىپ، ئاجىز بولسا، يەنىلا ۋەلى بولۇشى لازىم. چۈنكى، ۋەلىيسىز نىكاھ يوق، ۋەلىيسىز نىكاھ باتىل.

**153.** (صحيح) لا تنكح العمة على ابنة الأخ و لا ابنة الأخت على الخالة (م) عن أبي هريرةعن (2) وجابر (3) وعلي (4) وابن مسعود (5) وابن عمر (6) وابن عباس (7) وأنس (8) وأبي سعيد (9) وعائشة (10) وأبي موسى (11) وأبي أمامة (12) وسمرة (13) وأبي الدرداء (14) وعتاب بن أسيد (15) وسعد بن أبي وقاص (16) وزينب امرأة أبي سعيد

**153.** ئەبۇ ھۇرەيرە، جابىر، ئەلى، ئەنەس...قاتارلىق **16** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دادا تەرەپ ھاما ئانىنى شۇ ھاما ئانىنىڭ قېرىنداشىنىڭ قىزى ئۈستىگە جۈپلەپ نىكاھلانمايدۇ، قىزچاقنى ئۇنىڭ ئانا تەرەپ ھاممىسى ئۈستىگە جۈپلەپ نىكاھلانمايدۇ. (يەنى، ھەر قانداق بىر ئايالنى ئۇ ئايالنىڭ دادا تەرەپ ياكى ئانا تەرەپ ھاممىسى بىلەن جۈپلەپ نىكاھلاشقا، توي قىلىپ ئېلىشقا بولمايدۇ). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ،مۇتېۋاتىر.

لا تنكح المرأة على عمتها و لا العمة على ابنة أخيها و لا المرأة على خالتها و لا الخالة على بنت أختها لا الكبرى على الصغرى و لا الصغرى على الكبرى (د) عن أبي هريرة

**153.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشىنى ئۇنىڭ دادا تەرەپ ھاممىسى ئۈستىگە جۈپلەپ نىكاھلانمايدۇ، دادا تەرەپ ھاما ئانىسىمۇ قېرىنداشىنىڭ قىزى يەنى جىيەن قىزى ئۈستىگە جۈپلەپ نىكاھلانمايدۇ. ئايال كىشىنى ئانا تەرەپ ھاما ئانىسىنىڭ ئۈستىگە جۈپلەپ نىكاھلانمايدۇ، ئانا تەرەپ ھاما ئانىسىمۇ ھەمشىرىسىنىڭ قىزى ئۈستىگە جۈپلەپ ئېلىنمايدۇ. چوڭ ئايال كىچىكنىڭ ئۈستىگە، كىچىك ئايال چوڭنىڭ ئۈستىگە جۈپلەپ نىكاھلانمايدۇ. (يەنى يۇقىرىقى جۈپلەپ ئېلىش ھارامدۇر). ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ.

**154.** (صحيح) لا ينظر الله إلى رجل أتى رجلا أو امرأة في الدبر (ت) عن ابن عباس

**154.** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشىنىڭ ئارقا مەقئىتىگە ياكى ئايال كىشىنىڭ ئارقا مەقئىتىگە كەلگەن يەنى جىنسى ئالاقە قىلغان كىشىگە ئاللاھ رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ. يەنى قاتتىق غەزەپ قىلىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لا ينظر الله إلى رجل جامع امرأته في دبرها (ه) عن أبي هريرة

**154.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايالىنىڭ ئارقا مەقئىتىگە جىمائ يەنى جىنسى ئالاقە قىلغان ئەرگە ئاللاھ تائالا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ. ئىبنى ماجە

توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) ملعون من أتى امرأة في دبرها (حم د) عن أبي هريرة

**154.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشىنىڭ ئارقا مەقئەتىگە جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان كىشى مەلئۇندۇر، (لەنەت قىلىنغان يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغاندۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى لا يستحي من الحق لا تأتوا النساء في أدبارهن (ن ه) عن خزيمة بن ثابت (2) وأبي هريرة (3) وابن عباس (4) وعلي بن طلق (5) وعمرو بن شعيب عن أبيه عن جده (6) وأنس (7) وأبي بن كعب (8) وابن مسعود (9) وعقبة بن عامر (10) وعمر (11) وجابر بن عبد الله وغيرهم

**154.** خۇزەيمەت ئىبنى سابىت....قاتارلىق**11**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ھەقىقەتنى بايان قىلىشدىن تارتىنىپ تۇرمايدۇ، سىلەر ھەرگىز ئاياللارنىڭ ئارقا مەقئەتىگە كەلمەڭلار، يەنى مەقئەتكە جىنسى مۇناسىۋەت قىلماڭلار. نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

كتاب اللباس

كىيىم _ كېچەكنىڭ كىتابىدىكى مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر

**155.** إن هذين حرام على ذكور أمتي حل لإناثهم - يعني الذهب و الحرير -

(حم د ن ه) عن علي (ه) عن ابن عمر

**155.** ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئابدۇللاھ ئىبنى رەزىيەللاھۇ، ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بۇ ئىككىسى يەنى ئالتۇن بىلەن يىپەك رەخت، ئۇممىتىمنىڭ ئەر كىشىلىرىگە ھارام قىلىندى، ئايال كىشىلىرىگە ھالال قىلىندى. ئەھمەد، ئەبۇ

داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇ سەھىھ ھەدىستىن، ئالتۇن بىلەن يىپەك رەخت، ئەر كىشىلەرگە ھارام، چۈنكى، ھەدىستە ئۈچۈقلا ھارام دېگەن. ئاياللارغا ھالالدۇر.

(صحيح) حرم لباس الحرير و الذهب على ذكور أمتي و أحل لإناثهم (ت) عن أبي موسى (2) عمر (3) وعلي (4) وعقبة بن عامر (5) وأنس (6) وحذيفة (7) وأم هانئ (8) وعبد اللّه بن عمرو (9) وعمران بن حصين (10) وعبد اللّه ابن الزبير (11) وجابر (12) وأبي ريحانة (13) وابن عمر (14) وواثلة بن الأسقع اهـ.(15) زيد بن أرقم (16) وابن عباس (17) والبراء بن عازب وغيرهم

**155.** ئەبۇ مۇسا، ئەلى، ئۇقبە، ئەنەس...قاتارلىق **17** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يىپەك رەختنىڭ كىيمى بىلەن ئالتۇن، ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە ھارام قىلىندى، ئاياللىرىغا ھالال قىلىندى، تىرمىزىلەر توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

كتاب الأطعمة والأشربة

يىمەك-ئىچمەكنىڭ كىتابىدىكى مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر

**156.** أنه عليه الصلاة والسلام كان قليل الأكل وأنه كان إذا تغذى لم يتعش وعكسه وأنه ربما طوى أياماً) . ذكر الشيخ عبد الرءوف المناوي في فيض القدير في الكلام على حديث أتاني جبريل بقدر فأكلت منها الحديث أنها متواترة تواتراً معنوياً

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ناھايىتى ئاز تاماق يېيىشىنى، تاماق يىسە، قورسىقىنى بەك تويغۇزۇۋەتمەيدىغانلىقىنى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تاماق ئەكىلىپ بېرىشىنى ئىمام ئابدۇ رەئۇف مەناۋي مەئنىۋي مۇتىۋاتىر دېدى.

**157.** (صحيح) أيام التشريق أيام أكل و شرب و ذكر الله (حم م) عن نبيشة(1) كعب بن مالك (2) ونبيشة الهذلي (3) وعقبة بن عامر (4) وعلي ابن أبي طالب (5) وأم مسعود بن الحكم الزرقي (6) وعبد اللّه بن حذافة السمهي (7) وأم الفضل

بنت الحارث (8) وأبي هريرة (9) وبشر بن سحيم الغفاري (10) وسعد بن أبي وقاص (11) وابن عمر (12) وبديل بن ورقاء (13) وابن عباس (14) ومعمر بن عبد اللّه العدوي (15) وعمر بن الخطاب (16) وأسامة الهذلي ستة عشر نفساً .قلت ورد أيضاً من حديث (17) حمزة بن عمرو الأسلمي وصرح بتواتره أيضاً في التيسير وفي فيض القدير نقلاً عن السيوطي واللّه سبحانه وتعالى أعلم.

**157**. نەبىيشەت، كەئبە، بەشر، سەئدە... قاتارلىق **17** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (قۇربان ھېيتنىڭ ئەتىسى، ئۆگىنى يەنە بىر كۈندىن ئىبارەت ئۈچ كۈن تەشرىق كۈنلەر) مانا شۇ ھېيت كۈندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن يەپ ـ ئىچىش، ئاللاھنى ئەسلەش، تەكبىر ئېيتىش كۈنلىرىدۇر، (روزا تۇتۇشقا بولمايدۇ) ئەھمەد، مۇسلىملەر توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**158**. (صحيح) كل ذي ناب من السباع فأكله حرام (م ن) عن أبي هريرة

**158**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق مەگىنىلىك، يىرتقۇچى، گۆشخور ھايۋانلارنى يېيىش ھارامدۇر، (مەسىلەن: شىر، يولۋاس، ئىت، بۆرە، مۈشۈك قاتارلىق). مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) نهى عن أكل كل ذي ناب من السباع(ق 4) عن أبي ثعلب

**158**. ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مەگىنى بار يىرتقۇچى، گۆشخور ھايۋانلارنى يېيىشدىن توسقان. بەيھەقى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

نهى عن أكل كل ذي ناب من السباع و عن أكل ذي مخلب من الطير (حم م د ن) عن ابن عباس (1) علي بن أبي طالب (2) وابن عباس (3) وأبي ثعلبة الخشني (4) وأبي هريرة (5) وخالد بن الوليد (6) والمقدام بن معدى كرب الكندي (7) وجابر بن عبد اللّه (8) والعرباض ابن سارية (9) وأبي أمامة الباهلي ومكحول مرسلاً وغيرهم

**158**. ئىبنى ئاببىاس، ئەلى، خالىد....قاتارلىق توققۇزدىن ئارتۇق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قانداق

مەگىنى بار يىرتقۇچى گۆشخور ھايۋاننى يېيىشدىن، ھەر قانداق ئىلمەك تىرنىقى بار گۆشخور قۇشلارنى يېيىشدىن توسقان. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر. ( مەسىلەن: شىر، يولۋاس، ئىت، يىلپىز، بۆرە، تۈلكە، مۈشۈك ھارام، ئۈۋچى قۇش، قارىغۇجا، قارچۇغا، بۈركۈت ھارام. ئۈسەيمىن رەھمەھۇللا، پىلمۇ ھارام دېگەن، چۈنكى مەگىنى بار. ۋەللاھۇ ئەئلەم )

**159**. نهى عن أكل لحوم الحمر الأهلية (ق) عن البراء وجابر وعلي وابن عمر وأبي ثعلبة نقل في فتح الباري في باب لحوم الحمر الأهلية من كتاب الصيد والذبائح عن الطحاوي أنها متواترة ونص الطحاوي وقد جاءت الآثار عن رسول الله صلى الله عليه وسلم مجيئاً متواتراً بنهيه عن أكل لحوم الحمر الأهلية ثم ذكرها بأسانيده من حديث (1) علي ابن أبي طالب (2) وابن عباس (3) وابن عمر (4) وأبي سليط البدري (5) وجابر بن عبد الله (6) والبراء بن عازب (7) وابن أبي أوفى (8) والحكم بن عمرو الغفاري (9) وأبي هريرة (10) وأنس بن مالك (11) وأبي ثعلبة الخشني (12) وسلمة بن الأكوع اثني عشر نفساً ثم قال فكانت هذه الآثار قد تواترت عن رسول الله صلى الله عليه وسلم بالنهي عن أكل لحوم الحمر الأهلية

**159**. بەررائى، جابىر، ئەلى، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ سۇئلەبە...قاتارلىق **12** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھلى ئىشەكنى يەنى ئىنسانلار ئۆيلىرىدە ئىشلىتىۋاتقان ئىشەكنى يېيىشدىن توسقان. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. مۇتىۋاتىر.

ساھابىلار، تابىئىنلار، ئىشەك گۆشى ھارام دېگەنگە ئىجمائقا كەلگەن، ئىشەك سۈتمۇ ھارامدۇر، چۈنكى سۈت ، گوش بىلەن قاندىن كىلىدۇ .بىرھەدىستە ئىشەكنى رىجسۇن يەنى نىجىس دېگەن بار.

**160**. أتاني جبريل فقال: يا محمد ! إن الله عز و جل لعن الخمر و عاصرها و معتصرها و شاربها و حاملها و المحمولة إليه و بائعها و مبتاعها و ساقيها و مسقيها (طب ك هب الضياء ) عن ابن عباس

**160**. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق دېدى، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ھاراققا، ئۇنى سىقىپ چىقارغۇچىغا، ۋە ئىشلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچىغا، ئىچكۈچىگە، كۆتۈرۈپ ئاپارغۇچىغا ۋە ئاپىرىلغان كىشىگە، ساتقۇچىغا، سېتىۋالغۇچىغا، ئۇنى قۇيۇپ بەرگەن ساقىيغا، سۇغارغۇچى ساھىبخانىغا لەنەت قىلدى. يەنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئازابقا يېقىن قىلدى، ھاكىم تەبرانى، بەيھەقى زىيائولمەقدەسى توپلىدى، سەھىھ.

169 . (صحيح) إن الذي حرم شربها حرم بيعها - يعني الخمر - (حم م ن) عن ابن عباس .

**160**. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھاراقنى ئىچىشنى ھارام قىلغان زات ئاللاھ، سېتىشىنىمۇ ھارام قىلغاندۇر، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله حرم الخمر و حرم الميتة و ثمنها و حرم الخنزير و ثمنه (د) عن أبي هريرة

**160**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ھاراقنى ھارام قىلدى، ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنى ۋە ئۇنىڭ پۇلىنى ھارام قىلدى، توڭگۇز، چوشقىنى ۋە ئۇنىڭ پۇلىنى ھارام قىلدى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. تۆگە، ئات، كالا، قويلار ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ئۆلۈكنى ساتسا، پۇلىمۇ ھارام بولىدۇ، دەلىل ئەنە!

إن الله و رسوله حرم بيع الخمر و الميتة و الخنزير و الأصنام (حم ق 4) عن جابر

**160**. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ھاراقنى سېتىشنى، ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنى، توڭگۇزنى، بۇتلارنى سېتىشنى ھارام قىلدى، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەن، ھارام بولۇپ كەتكەن قوي ـ كالىلارنى سېتىش ھارام، پۇلىمۇ ھارامدۇر.

(صحيح) إنها ليست بدواء و لكنها داء - يعني الخمر - (ن) عن وائل بن حجر

**160**. ۋائىل ئىبنى ھەجەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھاراق داۋا ئەمەس، كېسەلدۇر، شىپا ئەمەس، دەرت ـ ئەلەمدۇر، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

ثلاثة لا ينظر الله إليهم يوم القيامة: العاق لوالديه و المرأة المترجلة المتشبهة بالرجال و الديوث و ثلاثة لا يدخلون الجنة: العاق لوالديه و المدمن الخمر و المنان بما أعطى (حم ن ك) عن ابن عمرو .

**160.** ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا قارىمايدۇ، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋارقىراپ، گەردەن قاقىقۇچى، ئەرلەرگە ھەر جەھەتتىن ئوخشۇالغۇچى ئايال، ئەھلىنى كۈنلىمەس، كۈندەشلىكى يوق دەيۈز، ئۈچ تۈرلۈك كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋارقىرىغۇچى قوپال سۆزلىگۈچى، ھاراقنى دائىم ئىچكۈچى زاباي، بەرگەن نەرسىگە مىننەت قىلغۇچى مىننەتخور. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.ساھىبۇلھىدايە، ئىبنى ھەجەر قاتارلىق ئالىملار:ھاراقنى ئىچىشتىن سېتىشتىن توسقان ھەدىسلەرنى مەئنەن مۇتىۋاتىر دېدى.

ھاراقنىڭ ھاراملىقىغا ئىجمائقا كىلىنگەن.

**161.** كل مخمر خمر و كل مسكر حرام و من شرب مسكرا بخست صلاته أربعين صباحا فإن تاب تاب الله عليه فإن عاد الرابعة كان حقا على الله أن يسقيه من طينة الخبال صديد أهل النار و من سقاه صغيرا لا يعرف حلاله من حرامه كان حقا على الله أن يسقيه من طينة الخبال(د) عن ابن عباس

**161.** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق ئەقلنى يېپىۋالغان ئەقلىنىڭ تەگىپۇگىلىقىنى يوقاتقان نەرسە ھاراقتۇر، ھەر قانداق مەسىت قىلغۇچى ھارامدۇر، كىم مەسىت قىلغۇچى ھاراقنى ئىچسە، ئۇنىڭ **40** كۈنلۈك نامىزىنىڭ ساۋابى كامىلايدۇ، ئەگەر تۆۋبە قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەگەر تۆتىنچى قېتىم قايتا ھاراق ئىچسە، ئۇنى تىينەتۇلخەبىال دېيىلىدىغان دوزاخ ئەھلىنىڭ يىرىڭ، زەرداپلىرى بىلەن سۇغۇرۇشنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالدى، كىم ھاراقنىڭ ھالال يا ھارام ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان كىچىك بالىغا ھاراق ئىچۈرۈۋەتسە، ئۇنىمۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ يىرىڭ، زەرداپلىرى بىلەن سۇغۇرۇشنى ئاللاھ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئەھمەد **3195** ـ ھەدىس، ئەھمەد **2494** ـ ھەدىس، سەھىھ.

161. كل مسكر حرام (حم ق د ن ه) عن أبي موسى (حم ن) عن أنس (حم د ن ه) عن ابن عمر (حم ن ه) عن أبي هريرة (ه) عن ابن مسعود أورده في الأزهار من حديث (1) عائشة (2) وأبي موسى (3) وابن عباس (4) وأبي هريرة (5) وابن عمر (6) وابن مسعود (7) ومعاوية ابن أبي سفيان (8) وأنس (9) وعمر (10) وخوات بن جبير (11) وزيد بن ثابت (12) وقيس ابن سعد (13) وأبي سعيد (14) وقرة بن إياس أربعة عشر نفساً.

(قلت) ورد أيضاً من حديث (15) ابن عمرو بن العاص (16) وجابر بن عبد اللّه (17) وعلي (18) وأم مغيث وغيرهم ونقل المناوي وغيره عن السيوطي أنه متواتر

**161.** ئەبۇ مۇسا، ئەنەس، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد....قاتارلىق **18**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر، (چۈنكى، مەست قىلغۇچى ھاراقتۇر، ئەقىلنى يوقىتىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**162.** (صحيح) كل مسكر حرام و ما أسكر منه الفرق فملء الكف منه حرام (د ت) عن عائشة

**162.** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر، بىر پەرەق، يەنى ئۈچ سا، يەنى **16 - 18** جىڭ ئىچسە، مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ بىر ئالقان چاغلىق ياكى بىر ئوتلام چاغلىق ئازىراقمۇ ھارامدۇر، بىر ئوتلاممۇ ھارام. تىرمىزى **1789** ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد **3197** ــ ھەدىس. سەھىھ.

(صحيح) ما أسكر كثيره فقليله حرام (حم د ت حب) عن جابر (حم ن ه) عن ابن عمرو (1) جابر (2) وابن عمرو (3) وعائشة وفي الباب أيضاً عن (4) ابن عمر (5) وسعد بن أبي وقاص (6) وعلي (7) وخوات ابن جبير (8) وزيد بن ثابت

**162.** جابىر، ئىبنى ئەمرۇ، ئائىشە.....قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆپ

ئىچسە، مەستت قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئازىراقىمۇ ھارامدۇر، (چۈنكى، ھەر قانداق مەستت قىلغۇچى ھارام، ھەرقانداق مەستت قىلغۇچى ھاراقتۇر، ھاراق ھارامدۇر، 500 گرام ئىچسىمۇ مەستت قىلىدىغان نەرسىنىڭ بىر تامچىسىمۇ ھارامدۇر، ھارامنىڭ جايى دوزاختۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

(صحيح) ما أسكر منه الفرق فملء الكف منه حرام (حم) عن عائشة

**162.** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (6 كىلوگرام) 12 جىڭ ئىچسە مەستت قىلىدىغان نەرسىنىڭ بىر ئالقىنىمۇ ھارامدۇر، (يەنى بىر ئالقان ئىچسىمۇ ھارام، بىر تامچىسىمۇ ھارام. مەستت قىلغۇچىنىڭ ئېزىمۇ، كۆپىمۇ، شارابىمۇ، تامىقىمۇ، يېيىشىمۇ، ئىچىشىمۇ ھارامدۇر). ئەھمەد 23287 ـ ھەدىس، بۇخارى 5158 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3728 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1789 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3202 ـ ھەدىس، سەھىھ.

163 .(صحيح) المؤمن يأكل في معى واحد و الكافر يأكل في سبعة أمعاء (حم ق ت ه) عن ابن عمر (حم م) عن جابر (حم ق) عن أبي هريرة (م ه) عن أبي موسى (1) ابن عمر (2) وأبي هريرة (3) وأبي بصرة (4) ونضلة بن عمرو الغفاري (5) ورجل من جهينة له صحبة (6) وميمونة بنت الحارث (7) وأنس (8) وسمرة (9) وسكين الضمري (10) وجهجاه الغفاري (11) وابن الزبير (12) وابن عمرو (13) وأبي سعيد (14) وأبي موسى أربعة عشر نفساً . (قلت) ورد أيضاً من حديث (15) جابر بن عبد اللّه عند أحمد ومسلم وفي رواية لها عن أبي هريرة يشرب بدل يأكل في الموضعين واللّه سبحانه وتعالى أعلم .

**163.** ئىبنى ئۆمەر، جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ مۇسا...قاتارلىق 15ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن بىرلا ئۈچەيگە يەيدۇ، كاپىر يەتتە ئۈچەيگە يەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسنى بىر كىشى كېلىپ كەچتە يەتتە قاچا سۈت ئىچىپ بولۇپ، ئەتىسى مۆئمىن بولۇپ، مۇسۇلمان

بولغان چاغدا ئاران بىر قاچا سۈت ئىچىپ تويۇپ قالغاننى كۆرۈپ دېگەندۇر. بۇ ھەدىستە مۆجىزە بار بولۇپ، بۇنى سىز تور بېتىدە كۆرۈڭ.

المؤمن يشرب في معى واحد و الكافر يشرب في سبعة أمعاء (حم م ت) عن أبي هريرة

**163**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن بىر ئۈچەيگە ئىچىدۇ، كاپىر يەتتە ئۈچەيگە ئىچىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

كتاب البيوع

**ئېلىم-سېتىم، سودا-سېتىقنىڭ كىتابىدىكى مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر**

**164**. (صحيح) من غش فليس منا (ت) عن أبي هريرة

**164**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھىيلە ــ مىكىر قىلىپ، ئالدامچىلىق قىلسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس. مۇسلىم **147** ــ ھەدىس، تىرمىزى **1236** ـ ھەدىس، سەھىھ.

(صحيح) من غشنا فليس منا (ه) عن أبي الحمراء وفي لفظ من غش وفي أكثر طرقه أن ذلك بسبب طعام رآه في السوق مبتلاً داخله

أورده في الأزهار في كتاب الأدب من حديث (1) أبي هريرة (2) وابن عمر (3) وأبي بردة بن نيار (4) وأنس (5) والبراء بن عازب (6) وحذيفة (7) وابن عباس (8) وابن مسعود (9) وقيس ابن أبي غرزة (10) وأبي موسى (11) وعائشة (12) والحارث بن سويد اثني عشر نفساً. قلت) ورد أيضاً من حديث (13) عبد الله بن أبي ربيعة المخزومي (14) وبريدة (15) وأبي الحمراء (16) وأبي سعيد (17) وعلي وفي الزواجر لابن حجر المكي أنه جاء من رواية بضعة عشر صحابياً

**164**. ئەبۇلھۇمەيرائ، ئەنەس، قىيس، ئەلى...قاتارلىق**17**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بازاردا ئاشلىقنى

نەمدەپ ساتقان كىشىنى كۆرۈپ، كىم بىزنى ئالدىسا، ساختىپەزلىك قىلسا، نەمدەپ ساتسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس دېگەن. ئىبنى ماجە **2216** ـ ھەدىس ۋەباشقىلارتوپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

(صحيح) من غشنا فليس منا و المكر و الخداع في النار (طب حل) عن ابن مسعود

**164.** ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىزنى ئالدىسا، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتسە، ئۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، ھىيلە ـ مىكىر، ئالداشلار شۇ ئىشنى قىلغانلار دوزاختا بولىدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن بىزدىن ئەمەس دېگەن، يەنى بىزنىڭ ئەخلاقىمىزدا ئەمەس، يولىمىزدا، ھەتتا دىنىمىزدا ئەمەس دېگەن بولىدۇ). تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

**165.** (حسن) من باع دارا ثم لم يجعل ثمنها في مثلها لم يبارك له فيها (ه الضياء) عن حذيفة (1) حذيفة بن اليمان (2) وسعيد ابن حريث (3) وسعيد بن زيد (4) وعمران بن حصين (5) وعمرو بن حريث (6) ومعقل بن يسار (7) وأبي ذر سبعة أنفس

**165.** ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆي، ھويلا، تۇرالغۇ جايلىرىنى سېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ پۇلىغا شۇ جاينىڭ ئوخشىشىنى قىلىپ قويمىسا، (تۇرالغۇ جايسىز قالسا) ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۇ پۇلدا بەرىكەت بېرىلمەيدۇ. ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

(حسن) من باع منكم دارا أو عقارا فليعلم أنه مال قمن أن لا يبارك له فيه إلا أن يجعله في مثله (حم ه) عن سعيد بن حريث

**165.** سەئىد ئىبنى ھەرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى ھويلا ـ ئارام، تۇرالغۇ جاينى ياكى بىرەر زېمىننى ساتسا، شۇنى بىلىپ قالسۇنكى، ئۇنىڭ پۇلىغا شۇ جاينىڭ ئوخشىشىنى قىلىپ قويمىسا، ئۇ پۇلغا قەتئىي بەرىكەت بېرىلمەيدۇ. (بۇرۇنقى جاينىڭ ئوخشىشى بار بولسا، تۇرالغۇ جايسىز قالمىسا، بۇ مۇستەسنادۇر خۇددى ئۆي ـ زېمىن تىجارەتى دۇرۇس بولغاندەك). ئەھمەد،

ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**166**. الذهب بالذهب مثلا بمثل و الفضة بالفضة مثلا بمثل و التمر بالتمر مثلا بمثل و البر بالبر مثلا بمثل و الملح بالملح مثلا بمثل و الشعير بالشعير مثلا بمثل فمن زاد أو ازداد فقد أربى بيعوا الذهب بالفضة كيف شئتم يدا بيد و بيعوا الشعير بالتمر كيف شئتم يدا بيد (ت) عن عبادة بن الصامت

**166**. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتۇن، ئالتۇن بىلەن ئوخشاش مىقداردا ئالماشتۇرۇلىدۇ، كۈمۈش كۈمۈش بىلەن، خورما خورما بىلەن، بۇغداي بۇغداي بىلەن، تۇز تۇز بىلەن، ئارپا ئارپا بىلەن ئوخشاش، باراۋەر ئالماشتۇرۇلىدۇ، كىم زىيادە بەرسە، زىيادە ئالسا، جەزمەن جازانە، ئۆسۈم يېگەن بولىدۇ، ئالتۇننى كۈمۈشكە قولدىن ــ قولغا نەخ ھالەتتە خالىغانچە سېتىڭلار، ئارپىنى خورمىغا (ياكى تۇرنىى ئالماشتۇرۇپ) نەخ ھالەتتە خالىغانچە سېتىڭلار، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

لا تبتاعوا الذهب بالذهب إلا مثلا بمثل و لا زيادة بينهما و لا نظرة (ه) عن عبادة بن الصامت

**166**. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتۇننى ئالتۇننىڭ باراۋىرىگە، زىيادە ــ كام قىلماي ئېلىم ــ سېتىم قىلماڭلار، لېكىن، ئوخشاش باراۋەر ھالەتتە ئالماشتۇرۇڭلار، ئارىلىقدا زىيادىلىك بولمىسۇن، ھەم كېچىكتۈرۈش، مۆھلەت بېرىش، نىسى بولمىسۇن. (زىيادە بەرسە ياكى ئالسا، نىسى قىلسا جازانە ئۆسۈم بولىدۇ). ئىبنى ماجە **18** ــ ھەدىس، سەھىھ.

لا تبيعوا الذهب بالذهب إلا مثلا بمثل و لا تشفوا بعضها على بعض و لا تبيعوا الورق بالورق إلا مثلا بمثل و لا تشفوا بعضها على بعض و لا تبيعوا منها غائبا بناجز(حم ق ت ن) عن أبي سعيد (2) وعثمان بن عفان (3) وابن عمر (4) وعبادة بن الصامت (5) ورافع بن خديج (6) وعمر بن الخطاب (7) وفضالة بن عبيد (8) وأبي بكرة (9) وأبي هريرة (10) وأبي أسيد الساعدي (11) وعلي بن أبي طالب وغيرهم

**166.** ئەبۇ سەئىد، ئوسمان، ئۆمەر، ئەلى.....قاتارلىق **11** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتۇننى ئالتۇنغا زىيادە، كەم قىلىشىپ ساتماڭلار، لېكىن، ئوخشاش بارابەر ھالەتتە ئالماشتۇرساڭلار بولىدۇ، بەزىسىنى بەزىسىنىڭ ئۈستىگە پەزىلەتلىك، ئارتۇق قىلىۋالماڭلار، كۈمۈشنى كۈمۈشكە ساتماڭلار، لېكىن، ۋەزنىدە ئوخشاش، بارابەر، قولمۇ ــ قول ئالماشتۇرۇڭلار، بەزىسىنى بەزىسىگە ئارتۇق بىلمەڭلار، ئالتۇن ــ كۈمۈشتىن يوق، غائىپ نىسىنى، ھازىر بار نەخكە ساتماڭلار. (ئالتۇننى كۈمۈشكە نەخ، قولمۇ ــ قول ئالماشتۇرۇڭلار، ئۆزئارا جىنسى ئوخشاش نەرسىلەردە زىيادە بەرسە يا ئالسا جازانە ئۆسۈم بولىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**167.** (صحيح) نهى عن بيع الحصاة و عن بيع الغرر (م 4) عن أبي هريرة(1) ابن مسعود (2) وسهل بن سعد (3) وابن عباس (4) وابن عمرو (5) وعتاب بن أسيد (6) وابن عمر (7) وأنس سبعة أنفس. (قلت) أخرج الترمذي حديث (8) أبي هريرة نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن بيع الغرر وبيع الحصاة ثم قال وفي الباب عن ابن عمر وابن عباس (9) وأبي سعيد وأنس وحديث أبي هريرة حديث حسن صحيح اهـ. وفي الجامع الصغير حديث نهى عن بيع الحصاة وعن بيع الغرر أحمد ومسلم والأربعة عن أبي هريرة وفيه أيضاً حديث نهى عن بيع المضطر وبيع الغرر وبيع الثمرة قبل أن تدرك أحمد وأبو داود عن (10) علي

**167.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەتتاب، سەھل، ئەلى.....**10** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاش ئېتىش ئارقىلىق سودا قىلىشدىن (يەنى ئۈستىگە تاش چۈشكەن نەرسىنى سېتىپ بېرىش سودىسىدىن)، ھىيلە ــ مىكىر، ئالداش، ساختىپەزلىك ئارىلاشقان سودىدىن، مۈجمەللىك، نامەلۇملۇق ئارىلاشقان سودىدىن توسقان. مۇسلىم **2783** ــ ھەدىس، ئەھمەد **7104** ــ ھەدىس، زىيائۇلمەقدەسى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**168.** (صحيح) نهى عن المحاقلة و المخاضرة و الملامسة و المنابذة و المزابنة(خ) عن أنس

**168.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشاقچىدىكى شاخدىكى ئاشلىقنى تەييار ئاشلىققا، بۇغدايغا سېتىشتىن، مىۋە ـ چىۋە، ئاشلىقلارنى پىشىپ يېتىلىشتىن بۇرۇن سېتىشتىن، سودا قىلغۇچى كىشىنىڭ مالنى سىلاپ، تۇتۇپ قويۇشى بىلەنلا بەيئى سودىنى ۋاجىپ قىلىشتىن، ئىككى نەرسىنى تەكشۈرۈپ باقماستىنلا بىرسى ـ بىرسىگە تاشلاپ بېرىپلا سودا قىلىشتىن، خورما شېخى ئۈستىدىكى ھۆل، توك خورمىنى پىششىق، قۇرۇق خورمىغا سېتىشتىن توسقان. بۇخارى **2055** ـ ھەدىس، سەھىھ.

(صحيح) نهى عن المزابنة (ق ن ه) عن ابن عمر (1) أبي هريرة (2) وابن عمر (3) وابن عباس (4) وجابر (5) وزيد بن ثابت (6) وسعيد بن زيد (7) ورافع بن خديج (8) وسهل بن أبي حثمة (9) وأبي سعيد (10) وسعد بن أبي وقاص (11) وأنس بن مالك وغيرهم وصرح الطحاوي في شرح معاني الآثار بأنها متواترة

**168.** ئىبنىئۆمەر، جابىر، زەيد، ئەنەس......قاتارلىق **11**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شاخ ئۈستىدىكى خورمىنىڭ ھۆل مۇئىسىنى قۇرۇق خورمىغا، ھۆل ئۈزۈمنى قۇرۇق ئۈزۈمگە يەنى يىمىشكە سېتىشتىن توسقان. ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ. مۇتەۋاتىر.

**169.** الترخيص في بيع العرايا بخرصها

عن (1) زيد بن ثابت (2) وابن عمر (3) وجابر بن عبد اللّه (4) وسهل بن أبي حثمة (5) وأبي هريرة وغيرهم

**169.**رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، بايلار نامراتلارغا پايدىلانسۇن ئۈچۈن ئارىيەتكە ئۆتنىگە بەرگەن خورما شېخى ئۈستىدىكى يۆل خورمىنى قۇرۇق خورمىغا تىگىشىپ يەپ تۇرشىغا رۇخسەت قىلغان ھەدىسنى، ئىمام تەھاۋي، ئەبۇجەئپەر: مۇتەۋاتىردىدى.

بۇ ھەدىس بۇخاري، مۇسلىملاردا بار، زەيد، ئىبنى ئۆمەر، جابىر، سەھل، ئەبۇ ھۇرەيرە، قاتارلىقلاردىن توپلانغان. ئۇ ئارايا دېيىلىدۇ.

**170.** (صحيح) قاتل الله اليهود إن الله عز و جل لما حرم عليهم الشحوم جملوها ثم

باعوها فأكلوا أثمانها (حم ق 4) عن جابر (ق) عن أبي هريرة (حم ق ن ه) عن عمر (1) جابر (2) وعمر (3) وأبي هريرة (4) وابن عمر (5) وابن عمرو (6) وأسامة بن زيد (7) وأنس (8) وتميم الداري (9) وخالد بن العاصي (10) وابن عباس والله سبحانه وتعالى أعلم.

**170.** جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۆمەر.....قاتارلىق**10**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **ئاللاھ** تائالا يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن، رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن، ھەقىقەتەن، ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ئۇلارغا قوي يېغىنى ھارام قىلسا، ئۇلار ياغنى كۆيدۇرۇپ، ئېرىتىپ ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى سېتىپ، بۇ ھارام نەرسىنىڭ پۇلىنى يەپ كەتتى، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ، مۇتىۋاتىر.ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنىڭ پۇلى ھارامدۇر، تېرىسىنى ئېلىۋېلىشقا ئوچۇق ھەدىس باردۇر، لېكىن، ئۈچەيلىرىنى ئېلىۋېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ، ئۆلۈكنى دىنسىزلارغا ساتساق بۇ دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى، مۇسلىم قاتارلىق سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنى سېتىشتىن توسقان سەھىھ ھەدىس بار، بۇ يۇقىرىدا ئۆتتى.

كتاب الإمامة

# ئىمام خەلىپىلىكنىڭ كىتابىدىكى مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر

171 . الأئمة من قريش و لهم عليكم حق و لكم مثل ذلك ما إن استرحموا رحموا و إن استحكموا عدلوا و إن عاهدوا وفوا فمن لم يفعل ذلك منهم فعليه لعنة الله و الملائكة و الناس أجمعين لا يقبل منه صرف و لا عدل (حم ن الضياء) عن أنس

**171.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خەلىپە ئىماملار قۇرەيشلەردىن بولىدۇ، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ئۇلارنىڭ ھەققى بار، سىلەر ئۈچۈنمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ھەققىڭلار بولىدۇ، (بۇ خەلىپە، ئىمام بىلەن جامائەت، خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ھەق) قۇرەيشلەردىن بولغان ياخشى ئىماملار رەھىمدىللىك تەلەپ قىلىنسا، رەھىم قىلىدۇ، ھۆكۈم تەلەپ قىلىنسا، ئادىل ھۆكۈم قىلىدۇ، ئەھدە، توختام، كېلىشىم تۈزسە، ۋاپا قىلىدۇ، كىم ئۇلاردىن شۇنداق قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ بارلىق ئىنسانلارنى لەنەتلىرى ياغىدۇ، ئۇنىڭدىن پەرز، نەپلە ئىبادەتلەر تۆۋبە، سەدىقىلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ،

ئەھمەد **12433** ــ ھەدىس، نەسەئى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

الأئمة من قريش أبرارها أمراء أبرارها و فجارها أمراء فجارها و إن أمرت عليكم قريش عبدا حبشيا مجدعا فاسمعوا له و أطيعوا ما لم يخير أحدكم بين إسلامه و ضرب عنقه فإن خير بين إسلامه و ضرب عنقه فليقدم عنقه (ك هق) عن علي

**171.** ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام خەلىپىلەر، قۇرەيشلەردىن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ياخشى ئەمىر، خەلىپە بولغانلاردۇر، ئەڭ يامىنىمۇ، يامان، پاجىر، ئەمىر باشلىق بولغانلاردۇر، ئەگەر سىلەرگە ئى قۇرەيش، پۇت ــ قوللىرى كېسىۋېتىلگەن، چولاق، ھەبەشىستانلىق قارا تەنلىك بىر قۇل باشلىق، ئەمىر قىلىنسا، ئۇ بىرىڭلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىش بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئارىلىقىدا

ئىختىيارلىق بەرمىسىلا ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر ئۇ باشلىق بىرىڭلارغا ئىسلام دىنىنى تاللاش بىلەن كاللىسى ئېلىنىشىنىڭ بىرىنى تاللا دەپ ئىختىيارلىق بەرسە، ئىسلام دىنىنى تاللاپ، كاللىسىنى تەقدىم قىلىپ، بويىنىنى مانا چاپە! دەپ تۇتۇپ بەرسۇن، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن خەلىپە، قۇرەيىش بولۇش ئاندىن كېيىن مەيلى قۇرەيىش بولسۇن، مەيلى باشقا مۇسۇلمانلار بولسۇن، قۇل، باشلىق، خەلىپە قىلىنسا، ھەق، ھەقىقەتكە بۇيرىسىلا ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىش، گۇناھقا، مەئسىيەتكە بۇيرىسا، ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ، مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق، مۇھىم بولغان بىر ئاقىۋەت، جاننى تەقدىم قىلىپمۇ بولسا، ئىسلام دىنىنى، ئىماننى ساقلاپ قېلىشتۇر، بۇ ئاساسى نىشان، مەخسۇتتۇر، ھازىر يەرشارىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك بىر خەلىپە بەكمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى.

(صحيح) الأمراء من قريش ما عملوا فيكم بثلاث: ما رحموا إذا استرحموا و أقسطوا إذا قسموا و عدلوا إذا حكموا (ك) عن أنس

**171.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرەيىشلەر ئاراڭلاردا ئۈچ ئىشنى قىلسىلا، ئەمىر، خەلىپىلىك قۇرەيىشلەردىن سايلىنىدۇ، رەھىمدىللىك تەلەپ قىلىنسا، رەھىم ـ شەپقەت قىلسا، تەقسىم قىلسا، ئادىل تەقسىم قىلسا، ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلسا، (ئەگەر ئۇلار بۇنداق قىلمىسا، لەنەتكە قېلىپ، خەلىپىلىك باشقىلارغا يۆتكىلىپ كېتىدۇ) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) الخلافة في قريش و الحكم في الأنصار و الدعوة في الحبشة و الجهاد و الهجرة في المسلمين و المهاجرين بعد (حم طب) عن عتبة بن عبد

**171.** ئۇتبەت ئىبنى ئابدۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خەلىپىلىك قۇرەيىشلەردە بولىدۇ، ھاكىملىق، ھۆكۈم قىلىش ئەنسارىلاردا بولىدۇ، دەئۋەت ھەبەشىستانلىقتا بولىدۇ، جىھاد بىلەن ھىجرەت قىلىش، مۇسۇلمانلاردا مۇندىن كېيىنكى مۇھاجىرلاردا بولىدۇ، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان.

إن هذا الأمر في قريش لا يعاديهم أحد إلا كبه الله على وجهه ما أقاموا الدين (حم خ) عن معاوية .

**171.** مۇئاۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مۇشۇ ئىش يەنى ئىسلام خەلىپىلىكى، قۇرەيشلەردە بولىدۇ، قۇرەيشلەر خەلىپىلىكنى لايىقىدا قىلىپ، ئىسلام دىنىنى مۇقىم تۇتۇپ تۇرسىلا، ئىسلام دىنىنى ھەقىقى لايىقىدا بەرپا قىلسىلا، ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلغان كىشىنى، ھۇجۇم قىلغان كىشىنى ئاللاھ يۈزىچە دۈم سېلىپ ھالاك قىلىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لا يزال هذا الأمر في قريش ما بقي من الناس اثنان(حم ق) عن ابن عمرأورده في الأزهار من حديث (1) أبي برزة (2) وأنس (3) وعلي ثلاثة أنفس.

(قلت) أخرجه أيضاً أحمد من حديث (4) أبي هريرة (5) وأبي بكر الصديق من حديث أبي برزة وأنس (6) وكعب بن عجرة وفي رواية عن علي ألا إن الأمراء من قريش الحديث (7) ابن عمر مرفوعاً لا يزال هذا الأمر في قريش ما بقي منهم اثنان وأخرج أحمد والترمذي والنسائي بسند صحيح عن (8) عمرو بن العاص مرفوعاً قريش ولاة الناس في الخير والشر أي في الإسلام والجاهلية إلى يوم القيامة وأخرج البخاري عن (9) معاوية مرفوعاً أن هذا الأمر في قريش وأخرج أحمد عن أبي بكر الصديق وسعد بن (10) أبي وقاص رفعاه قريش ولاة هذا الأمر فبر الناس تبع لبرهم وفاجرهم تبع لفاجرهم وورد أيضاً من حديث (11) جبير بن مطعم (12) وعبد الله بن السائب (13) وعبد الله بن حنطب وأبي هريرة وعلي (14) وابن شهاب بلاغاً (15) وأبي بكر بن سليمان (16) جابر مثله قال ابن حجر في تخريج أحاديث الرافعي وقد جمعت طرقه في جزء مفرد عن نحو من أربعين صحابياً اهـ.

**171.** ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس، جابىر...قاتارلىق**16**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشۇ ئىش يەنى خەلىپىلىك، كىشىلەردىن ئىككى كىشى قىلىپ قالسىلا، قۇرەيشلەردە داۋام قىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقىلەر توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

**172.** (صحيح) إنما الطاعة في المعروف (حم ق) عن علي .

**172.** ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئىتائەت قىلىش دېگەن ياخشىلىقتا ياخشى ئىشلاردا بولىدۇ، (يامانلىقتا گۇناھ ــ مەئسىيەتتە بولمايدۇ. ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ، مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوقتۇر) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أوصيكم بتقوى الله و السمع و الطاعة و أن أمر عليكم عبد حبشي فإنه من يعش منكم بعدي فسيري اختلافا كثيرا فعليكم بسنتي و سنة الخلفاء المهديين الراشدين تمسكوا بها و عضوا عليها بالنواجذ و إياكم و محدثات الأمور فإن كل محدثة بدعة و كل بدعة ضلالة (حم د ت ه ك) عن العرباض بن سارية

**172.** ئىرباز ئىبنى سارىيەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئاللاھ تائالاغا تەقۋادار بولۇشۇڭلارغا گەرچە سىلەرگە ھەبەشىستانلىق قارا تەنلىك قۇل باشلىق بولسىمۇ، (بۇيرىغىنى ھەق، ياخشىلىق بولسىلا) ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىشىڭلارغا ۋەسىيەت قىلىمەن، ھەققەتەن سىلەردىن بىر كىشى مەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، ياشاپ قالسا، نۇرغۇن ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ، زىددىيەت، توقۇنۇشلارنى كۆرىدۇ. شۇ چاغدا سىلەر مېنىڭ سۈننەت، ھەدىسلىرىمنى، توغرا يول تاپقان ھىدايەت تاپقان يېتەكچى بولۇپ، توغرا يولغا باشلىغۇچى خەلىپىلەرنىڭ سۈننەتلىرىنى لازىم تۇتۇڭلار، سىلەر ئۇ سۈننەتكە مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار، ئۇنى ئېزىق چىشىڭلار بىلەن مەھكەم چىشلەڭلار، ئىشلارنىڭ يېڭىدىن پەيدا بولغانلىرىدىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەققەتەن ھەرقانداق يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلار بىدئەتتۇر، ھەرقانداق بىدئەت، زالالەت، ئازغۇنلۇق، بۇ بولسا، دوزاختا بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، بۇ ھەدىس سەھىھ، يۇقىردا سەھىھ مۇسلىم توپلىغان سەھىھ ھەدىس ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

**1.** ئاللاھ يولىدا ھەققەتكە ۋەسىيەت قىلىش.

**2.** تەقۋالىققا ۋەسىيەت قىلىش.

**3.** قۇل ياكى تۆۋەن تەبىقىدىكى ياكى پېقىر ياكى بىر ياش بالا بولسىمۇ ھەققەتنى سۆزلىسە، ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىش بۇ بەك مۇھىم.نۇرغۇن ئىختىلاپ ئىنسانلار تەرىپىدىن يۈز بېرىدۇ.

**4**. ئىختىلاپ ئاز ئەمەس، ئۇ ئورغۇندۇر.

**5**. ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئوبدان چارىسى قۇرئان، سەھىھ ھەدىس، سۈننەت، تولۇق ئىلىمدۇر.

**6**. خەلىپىلىك تۈزۈمى، ئىسلام ئۈممىتىگە مۇھىمدۇر.

**7**. خەلىپە توغرا يول تاپقان بۇلىشى، توغرا يولغا باشلىشى لازىم.

**8**. سۈننەتنى، ھەقىقەتنى بىرلىكنى، ئىتتىپاقلىقنى چىڭ تۇتۇش، مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش.

**9**. بىدئەت ئىشلاردىن ھەزەر قىلىش.

**10**. ئەقىدە ۋە ئىبادەتلەردە يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلار بىدئەت، زالالەت بولۇپ، ئۇ، دوزاختا بولىدۇ، ئەقىدىمىزنى، ئىبادەتلىرىمىزنى توغرا، رۇس قىلايلى!

(صحيح) السمع و الطاعة حق على المرء المسلم فيما أحب أو كره ما لم يؤمر بمعصية فإذا أمر بمعصية فلا سمع عليه ولا طاعة (حم ق عق) عن ابن عمر

**172**. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە ياخشى كۆرگەن ياكى ياقتۇرمىغان ھەرقانداق ئىشلاردا گۇناھ ـ مەئسىيەتكە بۇيرۇلمىسىلا ۋاجىپ بولىدۇ، ئەگەر مەئسىيەتكە، ئاللاھقا ئاسىي بولۇشقا بۇيرۇلسا، بۇ چاغدا ئاڭلاشمۇ يوق، ئىتائەت قىلىشمۇ يوقتۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ئۇقەيلى توپلىغان، سەھىھ.

طاعة الإمام حق على المرء المسلم ما لم يأمر بمعصية الله فإذا أمر بمعصية الله فلا طاعة له (هب) عن هرير

**172**.ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خەلىپە، ئىمامغا ئىتائەت قىلىش ، ئاللاھقا ئاسىي بولۇشقا، گۇناھ، مەئسىيەتكە بۇيرىمىسىلا ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە ۋاجىپتۇر، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا بۇيرىسا، ئۇنداق ئىمام ئۈچۈن ئىتائەت قىلىش يوقتۇر، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

(صحيح) الخوارج كلاب النار (حم ه ك) عن ابن أبي أوفى (حم ك) عن أبي أمامة .

**172.** ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **خاۋارىجلار دوزاخنىڭ ئىتلىرىدۇر، (يەنى خەلىپە ئىمامغا قارشى چىققۇچىلار)** ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار: ئىمام خەلىپىگە ئىتائەت قىلىشنى ، ئاسىيلىق قىلماسلىقنى قۇرئاندا، سەھىھ ھەدىسلەردە مۇتىۋاتىر ھالەتتە كەلگەن دېدى.

**173.** (صحيح) إن الدين النصيحة لله و لكتابه و لرسوله و لأئمة المسلمين و عامتهم (حم م د ن) عن تميم الداري (ت ن) عن أبي هريرة (حم) عن ابن عباس

**173.** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **ھەقىقەتەن دىن دېگەن ئاللاھ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كىتابى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرى، باشلىقلىرى ئۈچۈن ۋە ئومۇميۈزلۈك مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن نەسىھەت قىلىشتۇر،** بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تەممۇددارىدىن، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەھمەد يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار:ئىماملارغا ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت قىلىش ھەدىسى مەنىۋي تۈتىۋاتىر دېدى.

بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا مۇنداق دېگەن: **ئاللاھ ئۈچۈن نەسىھەت قىلىش، ئاللاھ ئۈچۈن ئىبادەت قىلىش، ئىخلاس قىلىش توغرىسىدا بولىدۇ، شۇنداقلا، ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكى، رەبلىكى، ئىسىم ــ سۈپىتى، ئەقىدە، تەۋھىد مەسىلىلىرى توغرىسىدا بولىدۇ، كىتابى ئۈچۈن بولىدىغان نەسىھەت بولسا، قۇرئاننى قوغداش، خاتا تەئۋىلىدىن بۇرمىلاشلاردىن قوغداش، ئۇنى ئۆگىنىپ، ئىسلام نۇرىنى ساقلاپ قوغداشتۇر، ئۇنىڭ خەۋەرلىرىگە شەكسىز ئىشىنىش توغرىسىدا بۇيرۇقلىرىغا شەرتسىز ئەمەل قىلىش، چەكلىگەن نەھلىرىدىن يېنىش توغرىسىدا قۇرئاننى قانۇن قىلىش، ئۇنىڭ ئەھكامى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش توغرىسىدا، قۇرئان ئاللاھنىڭ كالامى، سۆزى دەپ ئېتىقاد قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبىرى ئۈچۈن**

بولىدىغان نەسىھەت؛ پەقەت ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئەگىشىش، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئىمان كەلتۈرۈش سۆزلىرىنى تەستىقلاش، سۈننىتىگە ئەگىشىش، خەۋەرلىرىگە ئىشىنىش، راستچىل، سەممىي دېيىش، بۇيرۇغىنى قىلىپ توسقىنىدىن يېنىش، ئۇنىڭ ئىزباساردىن بولۇپ، شەرىئىتىنى قوغداش، ئۇنىڭ سۈننىتىنى، ھەدىسلىرىنى قۇرئانغا تەپسىرى، بايان، ئىزاھات دەپ بىلىش، ئۇنىڭ دىنى ئۈچۈن ياردەم بېرىشتۇر. ئۆلما، ئىماملار ئۈچۈن بولغان نەسىھەت؛ ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش، ئۇلگە قىلىش، ئۇلارغا ھەق ئۈچۈن ياردەم بېرىش، ئۇلارنى قوغداش، ئاسراش، ئىلمنى تارقىتىشقا ياردەملىشىش، ئىجمائ، قىياسلىرىغا ھۆرمەت قىلىش، ئەخلاقتا ياخشى بولۇش، سوئال، مۇنازىرىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن قىلىش، دەۋەتنى قوللاش، چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا، نەسىھەت قىلىنىدۇ. ئەمىر، خەلىپە، باشلىقلار ئۈچۈن قىلىنغان نەسىھەت بولسا، ئۇلارنىڭ ئىمام، باشلىق، خەلىپە بولۇشىغا رازى بولۇپ، ئىمام دەپ ئېتىقاد قىلىش، ياخشىلىقلىرىغا ياردەم بېرىش، كەڭ تارقىتىش بۇيرۇغىنى توسقىنى ئىسلام شەرىئىتىگە قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ بىلەن بولسا، بۇيرۇغىنىنى قىلىش، توسقىنىدىن يېنىش، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى يېپىش، ئەپۇ قىلىش، ئۇلارغا قارشى قورال كۆتۈرۈپ چىقماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن بولغان نەسىھەت؛ مۇھەببەت، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، سالام، سەدىقە، نەپىقە، ياردەم قىلىش، كۆيۈنۈش ۋە باشقا ئىشلار توغرىسىدا نەسىھەت قىلىنىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ بۇ ھەدىسدىن مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

**1**. نەسىھەتنىڭ مۇھىملىقى

**2**. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياخشى ئىلىم بېرىشى.

**3**. ساھابىلارنىڭ ئىلىمغا ھېرىسمەن بولۇشى.

**4**. ئالدى بىلەن ئاللاھ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئان كىتاب، ئىمام دېگەندەك تەرتىپ بىلەن مۇھىملىرىنى بۇرۇن سۆزلەش چىقىپ تۇرىدۇ.

**5**. نەسىھەتنىڭ ۋاجىپلىقى.

**6**. ئىسلام جەمئىيتى ئۈچۈن چوقۇم بىر خەلىپە، ئىمام بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

**7.** شۇنداقلا مەسجىد ئىمام بولۇش لازىم.

مانا بۇ ھەدىس شەرھىسى، ۋە مۇھىم نۇقتىلىرى، ھەدىستىن ھۆكۈم، پايدا چىقىرىشتاھەربىر ھەدىسنى ئەنە شۇنداق تەتقىق قىلىپ ئوقۇڭلار.

كتاب الأحكام والحدود

جازا ھۆكۈملىرىنىڭ كىتابىدىكى مۇتېۋاتىرھەدىسلەر

**174.** إنك ستأتي قوما أهل كتاب فإذا جئتهم فادعهم إلى أن يشهدوا أن لا إله إلا الله و أن محمدا رسول الله فإن هم أطاعوا لك بذلك فأخبرهم أن الله قد فرض عليهم خمس صلوات في كل يوم و ليلة فإن هم أطاعوا لك بذلك فأخبرهم أن الله قد فرض عليهم صدقة تؤخذ من أغنيائهم فترد على فقرائهم فإن هم أطاعوا لك بذلك فإياك و كرائم أموالهم و اتق دعوة المظلوم فإنه ليس بينها و بين الله حجاب (حم ق 4) عن ابن عباس عن أنس وأبي أيوب وأبي هريرة..........

**174.** ئىبنى ئاببباس، ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە....... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سەن ئەھلى كىتابلارغا يەنى يەھۇدىي، ناسارالارغا بارىسەن، ئۇلارغا بارغاندا، ئۇلارنى ھەقىقەتەن ئالالاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئالالاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرغىن. ئەگەر ئۇلار ساڭا بۇ ئىشتا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارغا ھەقىقەتەن ئالالاھنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى پەرىز قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغىن. ئەگەر ئۇلار ساڭا بۇ ئىشتا ئىتائەت قىلىپ، نامازنى ئوقۇسا ئۇلارغا ھەقىقەتەن ئالالاھ تائالانىڭ زاكاتنى پەرىز قىلغانلىقىنى بايلىرىدىن ئېلىنىپ، پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغىن، ئەگەر ئۇلار ساڭا شۇ ئىشلارغا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ئىسىللىرىنى، خىللىرىنى ئېلىۋېلىشتىن ھەزەر قىلغىن، مەزلۇمنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلغىن، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىنىڭ دۇئاسى بىلەن ئالالاھنىڭ ئارىسىدا ھىجاب، پەردە يوقتۇر. (يەنى تېز ئىجاۋەت بولۇپ، سەن ھالاك بولىسەن) ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى،

ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇھەدىس لەبزى ئەمەس مەنىسى مۇتىۋاتىر.مەنىۋى مۇتىۋاتىردۇر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىنىسىزلارنى دەۋەت قىلغاندا شاھادەت كەلىمىسى بىلەن ناماز، زاكات، روزلار بىلەن كۆپايىلىنىپ، زاھىرنى قوبۇل قىلىپ ئىچكى سىرلىرنى الله قا تاپشۇرشى مەئنەن مۇتىۋاتىردۇر.

شۇنداقلا ھەرقايسى ئەللەرگە، دىننى، ئەھكامنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن دەئۋەتچىلەرنى ئەۋەتىشنى، پادىشاھلارغا ئەلچى ئەۋەتىشنى ئىمام ئىبنى ھىمام، ئىبنى ئەمىرلەر:كۆپ جامائەتتىن خاتىرلەنگەن مۇتىۋاتىر خەۋەر دىيدى.

**175**. إن الله تعالى لا يجمع أمتي على ضلالة و يد الله على الجماعة (و من شذ شذ في النار) (ت) عن ابن عمر ذكر ابن الهمام في التحرير وغير واحد أنها متواترة معنى ونص ابن الهمام ومن الأدلة السمعية أي على أن الإجماع حجة قطعية آحاد تواتر منها مشترك لا تجتمع أمتي على الخطأ ونحوه كثير اهـ.

ومن ألفاظه أن اللّه لا يجمع أمتي على ضلالة الحديث أخرجه الترمذي وغيره عن (1) ابن عمر بإسناد رجاله ثقات (2) أبي بصرة الغفاري (3) أبي مالك الأشعري وأن أمتي لا تجتمع على ضلالة الحديث أخرجه ابن ماجة وغيره عن (4) أنس ولا يجمع اللّه هذه الأمة على ضلالة ويد اللّه مع الجماعة أخرجه الحاكم في المستدرك عن (5) ابن عباس ..........

**175**.ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ بەسرەت، ئەبۇ مالىك، ئەنەس، ئىبنى ئاببىاس ... قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مىنىڭ ئۈممىتىمنى زالالەت، ئازغۇنلۇق ئۈستىدە بىرلەشتۈرمەيدۇ، ئاللاھنىڭ قولى، جامائەت ئۈستىدە، جامائەتتىن ئايرىلىۋالغان كىشى دوزاختا ئايرىلىۋالغان بولىدۇ، تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس، مەسلىھەت، مۇشاۋىرلىق، يىغىن ئىچىش، ئىجمائقا دەلىلدۇر.الله جامائەتكە ياردەم بىرىدۇ.ئىبنى ھىمام قاتارلىق ئالىملار بۇنىمۇ مەئنەن مۇتىۋاتىر دىيدى.

**176**. إذا حكم الحاكم فاجتهد فأصاب فله أجران و إذا حكم فاجتهد فأخطأ فله أجر

واحد (حم ق د ن ه) عن عمرو بن العاص (حم ق 4) عن أبي هريرة (3) عقبة بن عامر (4) وعبد الله بن عمرو......

**176.** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاكىم ھۆكۈم چىقارغاندا، ئىجتىھاد قىلىپ، تېرىشىپ توغرا ھۆكۈم چىقارسا، ئىككى ئەجىر ئالىدۇ. ھۆكۈم قىلغاندا ئىجتىھاد قىلىپ، خاتا ھۆكۈم قىلىپ قالسا، يەنىلا بىر ئەجىر ئالىدۇ. «(خاتالىق ئەپۇدۇر» بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد يەنى بۇ تۆت كىتاب، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۇقبە، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن توپلىغان، سەھىھ.مەئنەن مۇتەۋاتىر.

**177.** (صحيح) الولد للفراش و للعاهر الحجر (ق د ن ه) عن عائشة (حم ق ت ن ه) عن أبي هريرة (د) عن عثمان (ن) عن ابن مسعود وابن الزبير (ه) عن عمر وأبي أمامة(1) أبي هريرة (2) وعائشة (3) عثمان بن عفان (4) وابن عمرو (5) وأبي أمامة (6) وعمرو بن خارجة (7) وابن الزبير (8) وابن مسعود (9) وعمر بن الخطاب (10) وعلي ابن أبي طالب (11) والحسن مرسلاً (12) وسعد بن أبي وقاص (13) وابن عمر (14) والبراء ابن عازب (15) وزيد بن أرقم (16) وابن عباس (17) والحسين بن علي (18) وعبادة بن الصامت (19) وواثلة بن الأسقع (20) وأبي وائل مرسلاً (21) ومعاوية بن عمرو (22) وأنس اثنين وعشرين نفساً . (قلت) ورد أيضاً من حديث (23) عبد الله بن حذافة (24) وسودة بنت زمعة (25) وأبي مسعود البدري (26) وزينب بنت جحش (27) وعبيد بن عمير أحد كبار التابعين مرسلاً وقد ذكر ابن عبد البر أنه من أصح ما يروى عن النبي صلى الله عليه وسلم وأنه جاء عن بضعة وعشرين نفساً من الصحابة وفي التيسير هو متواتر فقد جاء عن بضعة وعشرين صحابياً اهـ وقد صرح بتواتره في شرح المواهب اللدنية

**177.** ئائىشە، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئوسمان، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى زۇبەير، ئۆمەر، ئەبۇ ئۇسامە....قاتارلىق27ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالا كۆرپىنىڭ، (يەنى دادىنىڭ)

زىناخورغا تاش ـ بوران يەنى رجىمدۇر. بەيھەقى، ئەھمەد توت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.مۇتەۋاتىر.

**178.** (صحيح) يا هزال ! لو سترته بثوبك كان خيرا لك (حم د ك) عن نعيم بن هزال(1) جابر بن عبد اللّه (2) وابن عباس (3) وبريدة (4) وجابر بن سمرة (5) وأبي سعيد (6) واللجلاج (7) ونعيم بن هزال (8) وأبي هريرة (9) وأبي (10) ورجل من الصحابة (11) ومرسل ابن المسيب (12) وأبي بكر الصديق (13) وأبي ذر (14) ونصر والد عثمان (15) وأبي برزة الأسلمي (16) ومرسل عطاء بن يسار (17) والشعبي (18) وأبي أمامة بن سهل بن حنيف ثمانية عشر نفساً .وفي الشرح الكبير للرافعي ما نصه والرجم مما اشتهر عن النبي صلى اللّه عليه وسلم في قصة ماعز والغامدية واليهوديين على ذلك جرى الخلفاء بعدع فبلغ حد التواتر

**178.** نۇئەيم، جابىر، نەسر، ئەبۇ ئۇمامە....قاتارلىق **18**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، مائىز ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى رجىم قىلغاندا، ئۇ ۋايجان دەپ قاچىدۇ، لېكىن، بىرسى ئۇنى تۆگىنىڭ پاچىقى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەزال دېگەن ساھابە خەۋەر قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نېمە ئۈچۈن ئۇنى قويۇپ بەرمىدىڭلار، ئۇ تۆۋبە قىلسا، ئاللاھ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئىدى دەپ ئى ھەزال! ئەگەر سەن ئۇ مائىزنى كىيمىڭ بىلەن يېپىپ توسۇۋالغان بولساڭ، بۇ ساڭا بەك ياخشى بولغان بولاتتى دېگەن. ئەھمەد **20885** ـ ھەدىس، مالىك **1290** ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار: مائىز ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى، غامىدىيەلىك ئايالنى، ئىككى يەھۇدىينى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاش ـ بوران رجىم قىلغانلىقىنى **18**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن

خاتىرلەنگەن مۇتەۋاتىر ، شۇنداقلا توت خەلىپىمۇ رجىم قىلدى دېدى.

**179.** (صحيح) من شرب الخمر فاجلدوه فإن عاد الثانية فاجلدوه فإن عاد الثالثة فاجلدوه فإن عاد الرابعة فاقتلوه (حم د ن ك) عن ابن عمر (د ت ك) عن معاوية (د هق) عن

ذؤيب (حم د ت ك) عن أبي هريرة (طب ك الضياء) عن شرحبيل بن أوس (طب قط ك الضياء) عن جرير (حم ك) عن ابن عمرو(وابن خزيمة ك) عن جابر (طب) عن غضيف (ن ك الضياء) عن الشريد بن سويد (ك) عن نفر من الصحابة

(1) معاوية وقال في الباب (2) أبو هريرة (3) والشريد (4) وشرحبيل بن أوس (5) وأبو الرمداء (6) وجرير (7) وابن عمرو قال الحافظ ابن حجر في أماليه وكذا فيه (8) أبو سعيد (9) وابن عمر (10) ونفر من الصحابة (11) وغضيف (12) وجابر (13) وصحابي لم يسم (14) وقبيصة بن دويب مرسل اهـ.

(فائدة) هذا الحديث ذكر جماعة من العلماء أنه منسوخ وأن الإجماع الآن قائم على خلافه وقال الترمذي في العلل التي في آخر الكتاب جميع ما في هذا الكتاب من الحديث عمل به أهل العلم أو بعضهم إلا حديثين حديث الجمع بين الصلاتين في الحضر وحديث قتل شارب الخمر في الرابعة وتعقبه النووي في شرح مسلم فقال أما حديث قتل شارب الخمر في الرابعة فهو كما قال

**179**. ئىبنى ئۆمەر، مۇئاۋىيە، زۇۋەيىب، ئەبۇ ھۇرەيرە، شۇرەھبىل، جەرىير، ئىبنى ئەمرۇ، جابىر، خۇزەيق، شەرىيد.....**14** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھاراق ئىچسە، ئۇنى قامچىلاڭلار، ئىككىنچى قېتىم يەنە قايتا ئىچسە، يەنە قامچىلاڭلار، ئۈچىنچىسىدىمۇ شۇنداق، تۆتىنچى قېتىم قايتا ئىچسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم، تىرمىزى، بەيھەقى، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى، دارىقۇتنى، ئىبنى خۇزەيمە توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.لېكىن ئالىملار ، خۇسۇسەن تىرمىزىي بىلەن نەۋەۋي:

ساھابە تابىئىنلار ئۇنداق قىلمىغان بۇ مەنسۇخ ئەمەلدىن قالدى دېدى. ئىجمائ ناسىخ ـ مەنسۇخ بولمىسىمۇ مەنسۇخنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**180**. تعافوا الحدود فيما بينكم فما بلغني من حد فقد وجب (د ن ك) عن ابن عمرو

**180**. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆز ئاراڭلاردىكى ھەد، جازالارنى ئەپۇ قىلىشىڭلار، (ماڭا ئېلىپ كەلمەڭلار) ماڭا يېتىپ قالغان ھەد، جازا ۋاجىپ بولۇپ كېتىدۇ، (مەن چوقۇم جازاغا تارتىمەن) ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنى بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى نەرسەمنى ئوغۇرلىۋالدى دەپ ئېلىپ كېلىدۇ، قولىنى كەسمەكچى بولسا، ئۇنداق قىلمىسىلا، مەن بۇنى مەقسەت قىلمىغان دېگەندە دېگەندۇر، ئەگەر ئەپۇ قىلىپ، سۇرەپ بارمىغان بولسا، قولىنى كەسمەيتتى.

(صحيح) يا أسامة ! أتشفع في حد من حدود الله ؟ ! (ق د) عن عائشة

(1) جابر بن عبد اللّه (2) وعائشة (3) وصفوان بن أمية (4) وابن عمر (5) وابن عمرو (6) وابن مسعود (7) وعلي بن أبي طالب (8) والزبير (9) وابن عباس (10) وعمار بن ياسر (11) وأبي هريرة (12) وأم سلمة (13) ومسعود بن العجماء ثلاثة عشر نفساً واللّه سبحانه وتعالى أعلم .

**180**. ئائىشە، جابىر، ئەلى، مەسئۇد... قاتارلىق **13**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئۇسامە! سەن تېخى ئاللاھنىڭ جازا قانۇنلىرىدىن بىر جازا توغرىسىدا شاپائەت قىلماقچى بولۇۋاتامسەن؟. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر

ئالىملار:ئىمامغا يېتىپ بارغان ھەد ـ جازادا شاپائەت قىلىشتىن چەكلەپ تۇسۇشنى مۇتىۋاتىر ھەدىس دېدى.ھەم شۇنداق ئەمەل قىلىندى.

كتاب التحذير من الظلم

**181**. اتقوا الظلم فإن الظلم ظلمات يوم القيامة (حم طب هب) عن ابن عمر (2) وابن عمرو (3) وأبي هريرة (4) والمسور بن مخرمة (5) ومعاذ بن جبل (6) والهرماس

بن زياد ستة أنفس

**181.** ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئەمرۇ، مۇئاز.....قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زۇلۇمدىن ھەزەر قىلىپ ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن بۇ دۇنيادا زۇلۇم قىلىش، قىيامەت كۈندىكى زۇلمەتتۇر، ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ ھەدىس.مەئەن مۇتىۋاتىر.

**182.** من ظلم قيد شبر من الأرض طوقه من سبع أرضين (حم ق) عن عائشة وسعيد بن زيد (1) عائشة (2) وسعيد بن زيد (3) وأبي هريرة (4) ويعلى بن مرة (5) وأنس (6) وسعد ابن أبي وقاص (7) وابن عباس (8) والحكم بن الحارث السلمي (9) وشداد بن أوس (10) وأبي شريح الخزاعي (11) والمسور بن مخرمة (12) وعبادة بن الصامت (13) وأميمة مولاة رسول اللّه صلى اللّه عليه وسلم (14) وابن عمر أربعة عشر نفساً. (قلت) ورد أيضاً من حديث (15) ابن مسعود عند أحمد وصرح بتواتره أيضاً الشيخ عبد الرءوف المناوي في التيسير وكذا في الفيض القدير نقلاً عن السيوطي.

**182.** ئائىشە، سەئىد، ئىبنى ئابباس، ئەنەس....قاتارلىق **15**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر غېرىچ زېمىنغا زۇلۇم قىلسا، يەنى بىر غېرىچ زېمىننى زۇلۇم قىلىپ ئېلىۋالسا، ئۇ كىشىنىڭ بوينىغا(قىيامەت كۈنى) يەتتە زېمىن يۆگەشتۈرۈلۈپ قويۇلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىردۇر. بۇ خىل ھەدىس، بۇخارى، مۇسلىمدىمۇ بار بولۇپ، زېمىن يەتتە، بۇنىڭ توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. تەپسىردىن كۆرۈڭ.

**183.** من قتل رجلا من أهل الذمة لم يجد ريح الجنة و إن ريحها ليوجد من مسيرة سبعين عاما (حم ن) عن رجل

**183.** بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىسلام دۆلىتىدە ئەمنلىك تەلەپ قىلىپ باج تاپشۇرۇپ ئولتۇرغان زىممىي دىنسىزنى، ئەھدى ئىگىسىنى ئۆلتۈرسە، ئۇ كىشى جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇريالمايدۇ، ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ پۇرىقى **70** يىللىق (بەزى خاتىرىدە **500** يىللىق) مۇساپ ەيىراقتىن تېپىلىدۇ.(چۈنكى ئەھدىگە

ۋاپا قىلىش لازىم). ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من قتل معاهدا في غير كنهه حرم الله عليه الجنة(حم د ن ك) عن أبي بكرة

**183**. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەھدە توختام بار كىشىنى ئۆلتۈرسە، بولۇپمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈش دۇرۇس ۋە ھالال بولمىغان جايدا ئۆلتۈرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتنى هارام قىلىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من قتل معاهدا لم يرح رائحة الجنة و إن ريحها ليوجد من مسيرة أربعين عاما (حم خ ن ه) عن ابن عمرو

**183**. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەھدى، توختام، كېلىشىم تۈزگۈچى كىشىنى ئۆلتۈرسە، ئۇ جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ، ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ پۇرىقى **40** يىللىق مۇساپە يىراقتىن تېپىلىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار: زىممىي ، باج تاپشۇرغۇچى ئەھدە ئىگىسىگە زۇلۇم قىلماسلىقنى ئۇلارنى ئۆلتۈرمەسلىكنى مۇتەۋاتىر خەۋەر دېدى.

كتاب الولاء

ۋەلىيلىك ئىگدارچىلىق توغرىسىدا بىرلا ھەدىس مۇتەۋاتىر

184 . (صحيح) الولاء لمن أعتق (حم طب) عن ابن عباس أورده في الأزهار من حديث (1) عائشة (2) وابن عباس (3) وعلي (4) وبريدة. (قلت) ورد أيضاً من حديث (5) أبي هريرة عند مسلم والله سبحانه وتعالى أعلم.

**184**. ئىبنى ئاببىاس، ئائىشە، ئەلى.....قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇلنىڭ ۋەلىيلىك ھۇقۇقى، ئازاد قىلغان كىشىنىڭ قولىدابولىدۇ. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.مۇتەۋاتىر.

(صحيح) الولاء لمن أعطى الورق و ولي النعمة (ق 3) عن عائشة

**184.** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **قۇل ئازاد قىلغاندىكى ۋەلىيلىك، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى پۇلنى بەرگەن نېئمەتكە ئىگە بولغان كىشىگە يەنى ئازاد قىلغان خوجايىنغا مەنسۇپ بولىدۇ.** بەيھەقى، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

كتاب الوصايا

**ۋەسىيەتنىڭ كىتابىدىمۇ بىرلا ھەدىس مۇتىۋاتىر**

**185.** (صحيح) لا وصية لوارث (قط) عن جابر

**185.** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **ۋارىس ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىپ نەرسە بېرىش يوق دېگەن، چۈنكى، ئۇ مىراسنى ئالىدۇ.** دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله أعطى كل ذي حق حقه فلا وصية لوارث و الولد للفراش و للعاهر الحجر (ت) عن عمرو بن خارجة . (1) أبي أمامة ثم قال وفي الباب عن (2) أنس (3) وعمرو بن خارجة قال ابن حجر في أماليه وفيه أيضاً عن (4) علي (5) وابن عباس (6) وابن عمر (7) ومعقل بن يسار (8) وخارجة بن عمرو ومن مرسل (9) مجاهد (10) وعمرو بن دينار (11) وأبي جعفر الباقر اهـ.

(قلت) وفيه أيضاً عن (12) جابر بن عبد اللّه (13) وعمرو بن شعيب عن أبيه عن جده (14) وزيد بن أرقم (15) والبراء ابن عازب انظر تخريج أحاديث الرافعي والهداية للحافظ ابن حجر وجمع الجوامع للسيوطي وادعى ابن الحاجب في مختصره الأصلي تواتره

**185.** ئەمرۇ ئىبنى خارجەت، ئەنەس، جابىر....قاتارلىق **15**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **ھەقىقەتەن، ئاللاھ ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ئۇنىڭ ھەققىنى بەردى (يەنى مىراس قانۇنى بىلەن بەردى) مانا ئەمدى ۋارىسلار ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىنمايدۇ، بالا كۆرپىنىڭ، زىناخورغا تاش چالما يەنى رەجىم،** تىرمىزى،

ئەھمەد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

(صحيح) إن الله تعالى قد أعطى كل ذي حق حقه فلا وصية لوارث (ه) عن أنس

**185**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ھەربىر ھەق ئىگىسىگە مىراس قانۇنى بىلەن ئۇنىڭ ھەققىنى بەردى، ئەمدى ۋارىس ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىش يوقتۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

185 (حسن) الدين قبل الوصية و ليس لوارث وصية (هق) عن علي

**185**. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (قۇرئاندا ۋەسىيەت، قەرزىدىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ) ئەمەلىيەتتە قەرز، ۋەسىيەت قىلىشدىن بۇرۇن بېرىلىشى لازىم. ۋارىسلار ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىش يوق، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

كتاب الأيمان

قەسەمنىڭ كىتابىدىكى مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر

**186**. أنه عليه الصلاة والسلام قضى باليمين مع الشاهد الواحد

أورده في الأزهار من حديث (1) أبي هريرة (2) وجابر (3) وعمارة بن حزم (4) وبلال بن الحارث (5) وزيد بن ثابت (6) وأبي سعيد الخدري (7) وابن عمر سبعة أنفس.(8) ابن عباس (9) وابن عمرو (10) وعلي (11) وسعد بن عبادة (12) وسرق (13) والزبيب بن ثعلبة (14) والمغيرة (15) وجعفر بن محمد

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىرلا گۇۋاھچى بىلەن بىرگە قەسەم قىلدۇرۇپ ھۆكۈم قىلغىنىنى ئالىملار:يۇقىرىقى **15**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن خاتىرلەنگەن مۇتىۋاتىر خەۋەر دېدى.

(صحيح) المدعى عليه أولى باليمين إلا أن تقوم عليه البينة (هق) عن ابن عمرو

**186.** ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (ھۆججەت، دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرۈش، داۋاگەرنىڭ ئۈستىگە بولغاچقا)، جاۋابكار قەسەم قىلىشقا ئەڭ لايىقتۇر. لېكىن، دەلىل ـ ئىسپات، گۇۋاھچى تۇرغۇزۇلسا، يەنىمۇ قەسەم قىلالمايدۇ. (دىلو ئاخىرلىشىدۇ). بەيھەقى توپلىغان. سەھىھ.

(صحيح) البينة على المدعي و اليمين على المدعى عليه (ت) عن ابن عمرو

**186.** ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججەت كەلتۈرۈش، داۋالاشقۇچى داۋاگەرنىڭ ئۈستىگە، ، قەسەم قىلىش بولسا، جاۋابكارنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. گۇۋاھچى بىلەن بىرگە قەسەم قىلدۇرۇپ، داۋا سورىغان ھەدىسمۇ بار. داۋا، ئىقرار بىلەن قەسەم قىلدۇرۇش، دەلىل ـ ئىسپات، گۇۋاھچى كەلتۈرۈشلەر بىلەن سورىلىدۇ.

187 . (صحيح) البينة على المدعي و اليمين على المدعى عليه (ت) عن ابن عمرو

**187.** ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججەت كەلتۈرۈش، داۋالاشقۇچى داۋاگەرنىڭ ئۈستىگە، ، قەسەم قىلىش بولسا، جاۋابكارنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(البينة على المدعي واليمين على من أنكر).

عن (1) عبد اللّه بن عمر (2) وعمرو بن شعيب عن أبيه عن جده وهو عبد اللّه بن عمرو (3) وابن عباس (4) وأبي هريرة (5) وبرة بنت أبي تجزاة العبدرية وفي الصحيحين من حديث (6) ابن مسعود شاهداك أو يمينه وفيهما أيضاً من حديث (7) الأشعث ابن قيس ألك بينة قلت لا فقال لليهودي احلف وفي مسلم من حديث (8) وائل بن حجر الحضرمي ألك بينة قلت لا قال فلك يمينه وفي الصحيحين من حديث ابن عباس أيضاً لو يعطى الناس بدعواهم لادعى ناس دماء رجال وأموالهم ولكن اليمين على المدعى عليه لو يعطى الناس بدعواهم لادعى ناس دماء رجال و أموالهم و لكن اليمين على المدعى عليه(حم ق ه)عن ابن عباس

**187**. ئىبنىي ئابباس، ئەمرۇ، بەررەت.....قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ داۋاسى سەۋەبلىك داۋا قىلغان نەرسىسى بېرىلىۋەرسە، ئەلۋەتتە نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنىڭ قانلىرى، جانلىرىنى، ماللىرىنى داۋا قىلىدۇ، لېكىن، داۋاگەر دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرىدۇ، جاۋابكار بولسا، قەسەم قىلىدۇ، (قەسەم قىلىش ئىنكار قىلغۇچىنىڭ ئۈستىگە ) (شۇنىڭ بىلەن دىلو ئاخىرلىشىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر.

**188**. (صحيح) لست أنا حملتكم و لكن الله حملكم و إني و الله إن شاء الله لا أحلف على يمين فأرى غيرها خيرا منها إلا أتيت الذي هو خير و تحللتها (خ) عن أبي موسى

**188**. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مىنىدىغان تۆگە سوراپ باردۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ سىلەرگە بەرگىدەك تۆگەم يوق، مەن سىلىنى بۇ جەڭگە ئېلىپ چىقالمايمەن دېدى، كېيىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە غەنىيمەت تۆگىلىرى كەلدى، بىزگە ئۇ تۆگىدىن بەشنى بەردى، بىز ، بىزگە بۇ ئىشىمىزدا بەرىكەت بېرىلمەيدۇ دېيىشىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ سورىدۇق، بىز سىلىدىن تۆگە سورىغاندا قەسەم قىلغان ئىدىلە، ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟ دېدۇق، ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە: سىلەر جەڭگە چىقىدىغان بۇ ئۇلاغقا مەن مىندۈرۈپ ئېلىۋالمىدىم، ئاللاھ ئېلىۋالدى، بۇنى سىلەرگە ئاللاھ بەردى، ھەقىقەتەن مەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئاللاھ خالىسا بىرەر قەسەم قىلىدىغان ئىشقا قەسەم قىلسام، ئاندىن ئۇنىڭدىن باشقا ئىشنى ياخشى دەپ قارىسام، ياخشى بولغان شۇ ئىشنى، قەسىمىنى بۇزۇپ قىلىۋېرىمەن، قەسەمگە بولسا، كەففارەت بېرىمەن دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، توخۇ گۆشنى يىمەيمەن دەپ قەسەم قىلغان كىشىگە سۆزلەپ بېرىپ، سەن توخۇ گۆشىنى يەۋەرگىن، قەسىمىڭگە بولسا كەففارەت بەرگىن دېگەن ئىدى. بۇخارى **2900** ـ ھەدىس، مۇسلىم **3110** ـ ھەدىس، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

يا عبد الرحمن بن سمرة ! لا تسأل الإمارة فإنك إن أوتيتها عن مسألة وكلت إليها و إن

أوتيتها عن غير مسألة أعنت عليها و إذا حلفت على يمين فرأيت غيرها خيرا منها فكفرعن يمينك و ائت الذي هو خير(حم ق3) عن عبدالرحمن (2) وعدي بن حاتم (3) وابن عمرو (4) وأذينة (5) ومعاوية بن الحكم (6) وأم سلمة (7) وأبي الدرداء (8) وعمران بن حصين ثمانية أنفس.

ابن عمرو (9) وأبو موسى وأبو الدرداء (10) وأبو هريرة (11) وأنس وعدي بن حاتم (12) وعائشة وأمسلمة (13) وابن مسعود (14) وابن عباس (15) وابن عمر (16) وأبو سعيد وعمران ابن حصين وعبد الرحمان بن سمرة (17) وعوف بن مالك الجشمي والد أبي الأحوص (18) الحسن (19) وابن سيرين مرسلاً

**188.** ئابدۇرەھمان ئىبنى سەمرەت، ئەدي، ئەنەس، ئىمران...قاتارلىق **19**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئابدۇرەھمان! سەن ئەمىر، باشلىق بولۇشنى سورىما، ئەگەر ئەمىرلىك ساڭا، سەن ئۇنى سورىغانلىقتىن بېرىلسە، سەن ئۇنىڭغا ۋەكىل قىلىنىپ تاشلاپ قويىلىسەن، ئەگەر ئۇ ساڭا سورىماستىن بېرىلسە، ساڭا ياردەم بېرىلىدۇ، سەن بىر قەسەمنى قىلىپ قەسەم قىلغان ئىشىڭدىن باشقىسىنى ياخشى دەپ قارىساڭ، قەسىمىڭگە كەففارەت بېرىۋېتىپ، شۇ ياخشى ئىشنى قىلىۋەرگىن. ئەھمەد، بەيھەقى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.مۇتېۋاتىر.

**189**. (صحيح) من حلف على يمين مصبورة كاذبا متعمدا ليقتطع بها مال أخيه المسلم فليتبوأ مقعده من النار (حم د ك) عن عمران بن حصين

**189.** ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇسۇلمان كىشىنىڭ مال ــ مۈلكىنى بۇلۇپ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قەستەن يالغاندىن قەسەم قىلسا، ھۆكۈم تەرەپتىن مەجبۇرلىنىپ قىلىپ، ئامال يوق قەسەم قىلسا، شۇ قەسەم بىلەن ھۆكۈم قىلدۇرۇپ، مال ــ مۈلكىنى ئېلىۋالسا، ئۇ ئۆز ئورنىنى دوزاختىن ئېلىۋالسۇن، (يەنى دوزاختا كىرىدۇ). ئەبۇ داۋۇد **2821** ــ ھەدىس، ئەھمەد **19065** ــ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من حلف على يمين صبر يقتطع بها مال امرئ مسلم هو فيها فاجر لقي الله و

هو عليه غضبان (حم ق 4) عن الأشعث بن قيس وابن مسعود (1) الأشعث ابن قيس (2) وابن مسعود (3) ومعقل بن يسار (4) ووائل بن حجر (5) وعمران بن حصين (6) وأبي موسى (7) وعدي بن عميرة الكندي (8) والعرس بن عميرة (9) وأبي أمامة الحارثي (10) وجابر بن عتيك (11) والحارث بن البرجاء

**189**. ئەشئەس ئىبنى قىيس، ئىبنى مەسئۇد....قاتارلىق**11**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەجبۇرى يالغان قەسەم قىلىپ زۇلۇم بىلەن شۇ قەسەم ئارقىلىق مۇسۇلمان كىشىنىڭ مال ــ مۈلكىنى ئېلىۋالسا، ئۇ قەسەمدە پاجىر، كاززاپ بولسا، ئۇ ئاللاھ بىلەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلغان ھالدا ئۇچرىشىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

كتاب بدء الخلق

تۇنجى قېتىم يارىتىلغان مەخلۇق توغرىسىدا

**190**. إن أول شيء خلقه الله القلم فأمره فكتب كل شيء يكون (حل هق) عن ابن عباس

**190**. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ تائالا تۇنجى قېتىم ياراتقان نەرسە، قەلەم بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى بۇندىن كېيىن بولىدىغان، يارىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى بىرىنى قويماي يېزىشقا بۇيرىغان، ئۇ يازغان، ئەبۇ نۇئەيم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) إن أول ما خلق الله القلم فقال له : اكتب قال : ما أكتب ؟ قال : اكتب القدر ما كان و ما هو كائن إلى الأب (ت) عن عبادة بن الصامت

**190**. ئۇبادەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ياراتقان نەرسىنىڭ

تۆنجىسى قەلەم بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا يازغىن! دېدى، ئۇ نېمىنى يازىمەن؟ دېدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا تەقدىرنى ياز، مەۋجۇد بولغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن تا ئەبەدىلئەبەدكىچە مەۋجۇد بولىدىغان نەرسىلەرنى يازغىن دېدى. (ئۇ يازدى) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن أول ما خلق الله القلم فقال له: اكتب قال: يا رب و ما أكتب ؟ قال: اكتب مقادير كل شيء حتى تقوم الساعة من مات على غير هذا فليس مني (د) عن عبادة بن الصامت

**190.** ئۇبادەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ تۇنجى قېتىم ياراتقان نەرسە، قەلەم بولۇپ، ئۇنىڭغا يازغىن دېدى، ئۇ، ئى رەببىم، نېمىنى يازىمەن؟ دېدى، ئاللاھ: قىيامەت قايىم بولغىچە بولىدىغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەقدىرىنى يازغىن دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ، كىم تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرمەي، مۇشۇ ئېتىقاتىنىڭ غەيرىدە ئۆلىدىكەن، ئۇ مېنىڭ جۇملەمدىن ئەمەس دېدى، (يەنى مۇسۇلمان ئەمەس) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار:قەلەمنىڭ تۇنجى مەخلۇق ئىكەنلىكىنى مۇتېۋاتىر مەنىدە دېدى. بۇ بۇخارى، قاتارلىقلاردا باردۇر.

كتاب القرآن وفضائله

قۇرئان ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**191.** أنزلت علي آنفا سورة (بسم الله الرحمن الرحيم إنا أعطيناك الكوثر فصل لربك و انحر إن شانئك هو الأبتر) أتدرون ما الكوثر ؟ فإنه نهر وعدنيه ربي عليه خير كثير هو حوضي ترد عليه أمتي يوم القيامة آنيته كعدد النجوم فيختلج العبد منهم فأقول: رب إنه من أمتي فيقول: ما تدري ما أحدث بعدك) . (م د ن) عن أنس .

**191.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا باياتىن بىر سۈرە نازىل قىلىندى، (بسم الله الرحمن الرحم إِنَّا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ [1] فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ [2] [3] )

تەرجىمىسى: «بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى (كەۋسەر بۇلاقنى)

ئاتا قىلىدۇق، پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن، ۋە قۇربانلىق قىلغىن، ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ (ئىزى ئۈچۈپ) نام ـ نىشانى قالمايدۇ» **108** ـ سۈرە. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: كەۋسەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ھەقىقەتەن ئۇ رەببىم ماڭا ۋەدە قىلغان، ئۈستەڭ بۇلاقتۇر، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ياخشىلىقلار بار، ئۇ مېنىڭ بۇلاق كۆلۈمدۇر، قىيامەت كۈنى ئۇممىتىم ئۇنىڭغا كېلىپ ئىچىدۇ، ئۇنىڭ قاچىسى يۇلتۇزنىڭ سانىدەك كۆپتۇر، (چۈنكى ئىچىدىغانلار كۆپ) ئۇلاردىن مەلۇم كىشىلەر ئايرىلىپ چەكلىنىپ قالىدۇ، مەن ئى رەببىم، شەك ـ شۈبھىسىز ئۇ مېنىڭ ئۇممىتىم ئىدى دېسەم، ئاللاھ، ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمىلەرنى پەيدا قىلغىنىنى بىلمەيسەن دەيدۇ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

كان لا يعرف فصل السورة حتى ينزل عليه (بسم الله الرحمن الرحيم) (د) عن ابن عباس

**191**. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم» نازىل بولمىغىچە سۈرىنىڭ پەسلىنى، پاسىلىنى تونۇيالمايتتى، (كېيىن بۇ، سۈرىنىڭ پاسىلىنى ئايرىپ كۆپ كەلگەچكە، ئۇششاق سۈرىلەر مۇفەسسەل دەپ ئاتالغان). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

ئىمام سۇيۇتي ئىتتىقان دېگەن كىتابىدا ، پەخرۇددىن رازي ئۆزتەفسىرىدە «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم»نىڭ، سۈرىنىڭ باش تەرەپلىرىدە چۈشكەن قۇرئان ئايىتى ئىكەنلىكىنى مۇتىۋاتىرخەۋەر دېدى.

**192**. ترتيب الآيات ووضعها في مواضعها من السور وأنه توفيقي ذكر في الإتقان أيضاً أنها بالغة مبلغ التواتر

ئىمام سۇيۇتي ئىتتىقان دېگەن كىتابىدا قۇرئان سۈرىللىرىنىڭ تەرتىپى، ئايەتلەرنىڭ تەرتىپى، ئۇلارنىڭ قويۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ (الله تەرەپتىن) ئىلھام بىلەن بولغانلىقىنى مۇتىۋاتىرئەسەر دېدى

**193**. (صحيح) أنـزل القرآن على سبعة أحرف (حم ت) عن أبي (حم) عن حذيفةأورده في الأزهار في كتاب الأدب من حديث (1) عمر (2) وعثمان (3) وأبي بن

كعب (4) وأنس (5) وحذيفة بن اليمان (6) وزيد بن أرقم (7) وسمرة بن جندب (8) وسليمان بن صرد (9) وابن عباس (10) وابن مسعود (11) وعبد الرحمان بن عوف (12) وعمر بن أبي سلمة (13) وعمرو بن العاص (14) ومعاذ بن جبل (15) وهشام بن حكيم (16) وأبي بكرة (17) وأبي جهم (18) وأبي سعيد الخدري (19) وأبي طلحة الأنصاري (20) وأبي هريرة (21) وأم أيوب أحد وعشرين نفساً .(22) ابن عمر (23) وعبادة بن الصامت (24) وعبد الله بن عمرو بن العاص وفي الإبريز قال أبو عبيد وغيره من حفاظ الحديث أنه من الأحاديث المتواترة اه.

وفي شرح المواهب في كتاب المعجزات والخصائص هو متواتر رواه أحد وعشرون صحابياً ونص على تواتره أبو عبيد

**193.** ئۇبەي، ھۇزەيفە، ئەنەس، ئۆمەر، ئوسمان..... قاتارلىق **24** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قۇرئان يەتتە ھەرپكە ئاساسەن نازىل قىلىندى دېگەن، (يەنى يەتتە خىل تاۋۇش ئىئراپ بىلەن ئوقۇلاتتى، ھازىر ئوسمان نۇسخىسى، بىرسى بىلەنلا ئوقۇلىدۇ، تەپسىرتەبىردىن ئېلىندى، ئەھمەد، تىرمىزىلەر توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

(صحيح) أنزل القرآن من سبعة أبواب على سبعة أحرف كلها شاف كاف (طب) عن معاذ

**193.** مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان يەتتە ئىشىكتىن يەتتە ھەرپكە ئاساسەن نازىل قىلىنىپ چۈشۈرۈلدى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بىز بۇ توغرىلىق بۇرۇنلا سۆزلەپ بولغان، يەتتە ئىشىك دېگىنى يەتتە ئاسمان بولۇشى مۇمكىن، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

**194.** (صحيح)(قل هو الله أحد تعدل ثلث القرآن) (مالك حم خ د ن) عن أبي سعيد (خ) عن قتادة بن النعمان (م) عن أبي الدرداء (ت ه) عن أبي هريرة (ن) عن أبي أيوب (حم ه) عن أبي مسعود الأنصاري (طب) عن ابن مسعود ومعاذ (حم) عن أم كلثوم بنت عقبة (البزار) عن جابر (أبو عبيد) عن ابن عباس (1) أبي سعيد (2) وأبي الدرداء (3)

وأبي هريرة (4) وأبي أيوب (5) وأبي مسعود (6) وأبي بن كعب (7) وابن عمرو (8) وأم كلثوم بنت عقبة بن أبي معيط (9) وأنس (10) وجابر بن عبد الله (11) وسعد بن أبي وقاص (12) وابن عمر (13) وابن مسعود (14) ومعاذ بن جبل (15) وابن عباس (16) وقتادة بن النعمان ستة عشر نفساً .(17) علي (18) والنعمان بن بشير (19) وكعب بن عجرة (20) وعمر بن الخطاب ونص على تواتره أيضاً الشيخ عبد الرءوف المناوي

**194**. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد يەنى سۈرە ئىخلاس، قۇرئاننىڭ ئۈچتەن بىرگە تەڭدۇر، (بۇ سۈرىنى ئۈچ قېتىم ئوقۇسا، قۇرئاننى بىر تامام قىلغاننىڭ ئەجىر، ساۋابىنى ئالىدۇ)، بۇ ھەدىسنى مالىك، ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئەبۇ سەئىددىن، قەتادەدىن توپلىغان، مۇسلىم، ئەبۇددەردائىدىن، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، نەسەئى، ئەبۇ ئەييۇبدىن، ئەھمەد بىلەن ئىبنى ماجە، ئەبۇ مەسئۇد، ئۇممە گۇلسۇمدىن تەبرانى، ئىبنى مەسئۇد، مۇئازدىن بەزار، جابىردىن ئەبۇ ئۇبەيدە، ئىبنى ئاببباس، ....قاتارلىق20ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان بولۇپ، مۇتۋاتىر

**195**. (صحيح) لقد أوتي أبو موسى مزمارا من مزامير آل داود (حل) عن أنس

**195**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئەبۇ مۇساغا داۋۇد ئائىلىسىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازلىرىدىن بىر ئاۋاز بېرىلىپتۇ. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لقد أوتي أبو موسى من أصوات آل داود (محمد بن نصر) عن البراء

**195**. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئەبۇ مۇساغا داۋۇد ئائىلىسىنىڭ ئاۋازلىرىدىن بېرىلىپتۇ. ئەھمەد، ئىبنى نەسىر توپلىغان، سەھىھ.

لقد أوتي هذا من مزامير آل داود – يعني أبا موسى – (حم ن ه) عن أبي هريرة (ن) عن عائشة(1) بريدة (2) وأبي هريرة (3) وعائشة (4) وأنس (5) والبراء (6) وسلمة بن قيس الأشجعي (7) وعبد الرحمان بن كعب بن مالك مرسلاً سبعة

أنفس .(8) أبي موسى أخرجه الشيخان

**195**. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە، ئەنەس.....قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر. « ھەقىقەتەن ئەبۇ مۇساغا داۋۇد ئائىلىسىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازلىرىدىن بىر ئاۋاز بېرىلىپتۇ» سەھىھ.مۇتەۋاتىر.

كتاب الۋۈكار والدىوات

زىكرى ـ تەسبىھ ۋە دۇئالار توغرىسىدا

**196**.(پچيچ) ۋلا ۋدلك ىلۇ كلمە من تچت الىرش من كنز الجنە ؟ تقول: لا چول و لا قوە ولا باللە فيقول اللە: ۋسلم ىبدي و استسلم (ك) ىن ۋبي هريرة

**196**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىنى ئەرشىنىڭ تەھتىدىكى جەننەت كەڭلىرىدىن بولغان بىر كەلىمىگە كۆرسۈتۈپ قويمايمۇ؟ «لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللاھ بىللاھى» دېگىن. سەن شۇنداق دېسەڭ، ئاللاھ تائالا بەندەم مۇسۇلمان بولدى، تەسلىم بولدى، ماڭا شەرتسىز بويسۇندى دەيدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

يا أبا ذر ! ألا أدلك على كنز من كنوز الجنة ؟ : لا حول و لا قوة إلا بالله (حم ن ه حب) عن أبي ذر (1) أبي موسى الأشعري (2) وأبي ذر (3) وأبي هريرة (4) وزيد بن ثابت (5) ومعاذ بن جبل (6) وأبي أيوب الأنصاري (7) وقيس بن سعد بن عبادة (8) وحازم بن حرملة الغفاري (9) وزيد ابن إسحاق الأنصاري (10) ومعاوية بن حيدة (11) وفضالة بن عبيد (12) وأبي الدراء (13) وأنس (14) وأبي بكر الصديق أربعة عشر نفساً

**196**. ئەبۇ زەر، زەيد، مۇئاز، ئەبۇ بەكرى.....قاتارلىق **14**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ زەر! مەن سېنى جەننەت كاڭلىرىدىن بىر كاڭغا كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى» دېيىشتۇر. ئەھمەد، نەسەئى،

ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

أكثر من لا حول و لا قوة إلا بالله فإنها من كنز الجنة (ع طب حب) عن أبي أيوب

**196**. ئەبۇ ئەييۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ (يەنى تائەت ـ ئىبادەتلەرگە، مەئسىيەتتىن يېنىشقا پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا كۈچ ـ قۇۋۋەت بار، ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت يوقتۇر» دېگەن، بۇ كەلىمىنى كۆپ دىگىن، چۈنكى، بۇ كەلىمە، جەننەتنىڭ كاڭلىرىدىن ئەبۇ يەئلا، تەبرانى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**197**. (صحيح) اللهم إني أسألك الهدى و التقى و العفاف و الغنى (م ت ه) عن ابن مسعود .

**197**. ئى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق سورايتتى، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن ھىدايەتنى، تەقۋالىقنى، ئىپپەتلىك بولۇشنى، بايلىق بىھاجەت بولۇشۇمنى سورايمەن، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ برضاك من سخطك و بمعافاتك من عقوبتك و أعوذ بك منك لا أحصي ثناء عليك أنت كما أثنيت على نفسك (م 4) عن عائشة

**197**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دۇئا قىلاتتى، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن رازىلىقلىرى بىلەن غەزەپلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەپۇ قىلىپ ساقلاشلىرى بىلەن ئازابلىرىدىن، سىلىنىڭ رەھمەت پەزىللىرى بىلەن ئازابلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلى ئۆزلىرىنى مەدھىيىلەپ ماختىغاندە، مەن سىلىنى مەدھىيە، سانا بىلەن ماختاشقا قادىر بولالمايمەن، يەنى ھەمدۇسانا، مەدھىيلەشنى ئاللاھ ئۆزى ئۆگىتىپ قويىدۇ، مۇسلىم تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من العجز و الكسل و الجبن و البخل و الهرم و أعوذ بك من عذاب القبر و أعوذ بك من عذاب النار و أعوذ بك من فتنة المحيا و الممات (حم ق 3) عن أنس

**197**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ

ئاجىزلىقدىن، ھورۇنلۇقدىن، قورقۇنچاقلىقدىن، بېخىللىقدىن، بەك قېرىلىقدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن، دوزاخ ئازابىدىن، ھاياتلىق، ماماتلىق پىتنە ـ پاسادلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەھمەد، بەيھەقى ئۈچ كىتاب توپلىغان، ئۈچ كىتاب، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من الكسل و الهرم و المأثم و المغرم و من فتنة القبر و عذاب القبر و من فتنة النار و عذاب النار و من شر فتنة الغنى و أعوذ بك من فتنة الفقر و أعوذ بك من فتنة المسيح الدجال اللهم اغسل عني خطاياي بالماء و الثلج و البرد و نق قلبي من الخطايا كما ينقى الثوب الأبيض من الدنس و باعد بيني و بين خطاياي كما باعدت بين المشرق و المغرب (ق ت ن ه) عن عائشة .

**197.** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ ھورۇنلۇقدىن، قېرىلىقدىن، گۇناھ قىلىپ قېلىشدىن، قەرزدار بولۇپ قېلىشدىن، قەبرە پىتنىسىدىن، قەبرە ئازابىدىن، دوزاخ پىتنىسىدىن، دوزاخ ئازابىدىن، بايلىق پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سېغىنىپ، پېقىرلىق پىتنىسىدىن مەسىھ دەججال پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئى ئاللاھ، مىنىڭ خاتالىقلىرىمنى سۇ بىلەن قار بىلەن مۆلدۈر بىلەن يۇيۇپ، خۇددى ئاق كىيىمنى قاپقارا كىردىن تازىلىغاندەك، قەلبىمنى، خاتالىقلاردىن پاك ـ پاكىز تازىلىۋەتسىلە، مەن بىلەن خاتالىقىم ئارىسىنى خۇددى مەشرىق بىلەن مەغرىپ ئارىسىدەك يىراق قىلىۋەتسىلە، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇئا قىلىشى، دۇئادا مۇقىم چىڭ تۇرىشى توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى ئالىملار مەئنەن مۇتىۋاتىر دىدى.

**198.** ثنتان لا تردان : الدعاء عند النداء و عند البأس حين يلحم بعضهم بعضا (د حب ك) عن سهل بن سعد .

**198.** سەھلى ئىبنى سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى چاغدىكى دۇئا ھەرگىز رەت قىلىنماي، ئىجاۋەت قىلىنىدۇ، ئەزان نىداسى ئاڭلانغاندىكى دۇئا بىلەن بەزىسى ـ بەزىسى بىلەن قۇچاقلاشما جەڭ قىلىۋاتقان، جەڭ مەيدانىدىكى دۇئا، ئەبۇ داۋۇد،

ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) الدعاء هو العبادة (حم ش خد 4 حب ك) عن النعمان بن بشير (ع) عن البراء .

**198.** نۇئمان ئىبنى بۇشەيىر بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇئانىڭ ئۆزىمۇ ئىبادەتتۇر، «چۈنكى قۇرئاندا دۇئا قىلىڭلار! دېگەن بار» ئەھمەد، ئەبۇ شەيبە، ھاكىم، ئىبنى ھەببان تۆت كىتاب يەنى ئەبۇ داۋۇت، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) الدعاء لا يرد بين الأذان و الإقامة (حم د ت ن حب) عن أنس

**198.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەزان، تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدىكى دۇئا رەت قىلىنماي، ئىجاۋەت بولىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

(حسن) الدعاء ينفع مما نزل و مما لم ينزل فعليكم عباد الله بالدعاء (ك) عن ابن عمر

**198.** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇئا چۈشكەن چۈشمىگەن نەرسىدىن (يەنى بالا، مۇسىبەتكە ۋە باشقا نەرسىدىن) پايدا ـ مەنپەئەت قىلىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، دۇئا قىلىشنى لازىم تۇتۇڭلار! ھاكىم توپلىغان، ھەسەن. ئالىملار: دۇئاغا تەرغىب قىلىش ھەدىسلىرىنى مەنىۋىي مۇتىۋاتىر دېدى.

**199.** (صحيح) المسألة أن ترفع يديك حذو منكبيك و الاستغفار أن تشير بأصبع واحدة و الابتهال تمد يديك جميعا (د) عن ابن عباس

**199.** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇئادا ئاللاھتىن نەرسە سورىغاندا ئىككى قولۇڭنى، ئىككى مۈرەڭنىڭ ئۇتتۇرىدا، باراۋىرىدە كۆتۈرىسەن، ئىستىغفاردا، گۇناھىڭنىڭ مەغرىپىتىنى سورىغاندا بولسا، بىر بارمىقىڭ بىلەن ئىشارەت قىلىسەن، (يەنى بىر ئاللاھتىنلا مەغپىرەت سورايمەن دېگەن بولىدۇ.) دۇئادا تەزەررۇئ چېكىپ، قاتتىق ئىلتىجا قىلغاندا بولسا، ئىككى قولۇڭنى بىراقلا ئېگىز كۆتۈرۈپ، سوزۇپ

تۆرۈپ سورايسەن. ئەبۇ داۋۇد **1274** ـ ھەدىس، سەھىھ. بۇ دۇئا قىلىشنىڭ ئەدەپ قائىدىلىرى.

(صحيح) كان إذا دعا جعل باطن كفه إلى وجهه (طب) عن ابن عباس

**199.** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئا قىلسا، ئالقىنىنىڭ ئىچىنى، يۈزى تەرەپكە قىلاتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. باشقا خاتىرىدە قولىنىڭ تەتۈرى بىلەن دۇئا قىلىش چەكلەنگەن، شۇنداقلا بۇ ھەدىسلەردىن دۇئادا قول كۆتۈرۈش چىقىدۇ.

إن ربكم حيي كريم يستحي أن يبسط العبد يديه إليه فيردهما صفرا (د ه) عن سلمان .

**199.** سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، رەببىڭلار سېخى، بەندىسى سورىغاندا، تارتىنىدىغان، ئۇياتچان زاتتۇر، ئاللاھ: بەندىسى ئىككى قولىنى ئۇزاتسا، كەڭ ئېچىپ يايسا، نەرسە سورىسا، ئۇ ئىككى قولىنى قۇرۇق قايتۇرۇشدىن تارتىنىدۇ. ھايا قىلىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن، بۇ ھەدىستىن دۇئادا ئىككى قولنى كۆتۈرۈش چىقىپ تۇرىدۇ.

إن الله رحيم حيي كريم يستحي من عبده أن يرفع إليه يديه ثم لا يضع فيهما خيرا (ك) عن أنس .

**199.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ رەھىم قىلغۇچى، ھايا ئىگىسى، سېخى، ئۇلۇغ زاتتۇر، ئاللاھ، بەندىسى ئىككى قولىنى كۆتۈرسە، ئۇ ئىككى قولغا بىرەر ياخشىلىق قويماي، قۇرۇق قول قايتۇرۇشدىن ھەقىقەتەن ھايا قىلىدۇ، تارتىنىدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ دۇئادا قول كۆتۈرۈشتۇر، لېكىن مەخسۇس نامازنىڭ ئارقىدىلا قول كۆتۈرۈشدە سەھىھ ھەدىس بولمىغاچقا ئىختىلاپ بار. بەزىلەر **100** مەنۇى مۇتېۋاتىر ھەدىسدىن قىياس قىلىپ، دۇرۇس دىسە، بەزىلەر بىدئەت دېدى، مەن دەيمەنكى، ئىختىلاپ قىلمىغان ياخشى، ئىتتىپاقلىشىش ياخشى، بۇ سۈننەت مۇستەھەپلەردە مۇسۇلمانلار ئەركىنلىككە ئىگىدۇر، قىياس قىلىنغان مەسىلىلەرمۇ كۆچكە ئىگە، لېكىن، ئۇششاق مەسىلىلەردە سۈننەتچى،

ئەسلىيەتچىلەر بىلەن ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، ئەڭ توغرىسى ئاللاھنىڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابە، تابىئىنلارنىڭدۇر. مانا بۇ توغرا يول بىرلەشتۈرگىلى بولسا، بىرلەشتۈرەيلى. تۈر ئىختىلاپى مەسىلىلىرى بولسا، ئامال بار ئىختىلاپلاشماي، ئىتتىپاقلىشايلى.

ئالىملار: دۇئادا قول كۆتىرىشنى مەنئۇي مۇتىۋاتىر دېدى. **100**ھەدىس بار.

**200**. يا عباس ! يا عم رسول الله ! سل الله العافية في الدنيا و الآخرة (حم ت) عن العباس

**200**. ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ تاغىسى ئابباس! سەن ئاللاھتىن، دۇنيا - ئاخىرەتلىك ساق ـ سالامەتلىكنى، تىنچلىقنى، ئەپۇ قىلىشنى سورىغىن. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

اللهم أنت خلقت نفسي و أنت توفاها لك مماتها و محياها إن أحييتها فاحفظها و إن أمتها فاغفر لها اللهم إني أسألك العافية (م) عن ابن عمر

**200**. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، مىنى، جىنىمنى پەقەت سىلىلا ياراتقان، ئۇنىڭ ماماتى، ھاياتىغا سىلى ئۆزلىرى ئىگە، دەرگاھلىرىغا يەنىلا سىلى ئېلىپ كېتىلا، ئەگەر ھايات قويسىلا، مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلىسىلا، ئەگەر ۋاپات تاپقۇزسىلا مەن ئۇچۇن جىنىم ئۇچۇن مەغپىرەت قىلسىلا. ئى ئاللاھ، ھەقىقەت مەن سىلىدىن ئىككى ئالەملىك ساق سالامەت قېلىشنى سورايمەن، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

(حسن) أكثر الدعاء بالعافية (ك) عن ابن عباس

**200**. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلغان دۇئالارنىڭ كۆپىنچىسى ئاپىيەت ئىدى، يەنى ئىككى ئالەملىك بالالاردىن، مۇسىبەتلەردىن ساقلىنىش، ساق ـ سالامەت قىلىشنى سوراش ئىدى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.(يەنى مۇشۇدۇئانى كۆپ قىل دېگەن.)

سلوا الله العفو و العافية فإن أحدا لم يعط بعد اليقين خيرا من العافية (حم ت) عن

أبي بكر

**200.** ئابۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەپۇ قىلىشنى ئىككى ئالەمدە ساق ـ سالامەت ساقلاشنى سوراڭلار، ھەقىقەتەن كىشىگە شەكسىز ئىشەنچ، ئىماندىن كېيىن قالسا ئىككى ئالەمدە ساق ـ سالامەت قىلىشدىن ياخشىراق نەرسە بېرىلمەيدۇ. (يەنى بالا، ئازابدىن، پىتنىدىن ساق ـ سالامەت قېلىش، ئىشەنچ ئىماندىن قالسا ياخشىدۇر، ). ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ئىككى ئالەملىك بالالاردىن، مۇسىبەتلەردىن ساقلىنىش، ساق ـ سالامەت قىلىشنى سوراشنى ھاپىزئىبنى جەزري مۇتىۋاتىر مەنىۋي دېدى.

**201.** اللهم إني أعوذ بك من العجز و الكسل و الجبن و البخل و الهرم و أعوذ بك من عذاب القبر و أعوذ بك من عذاب النار و أعوذ بك من فتنة المحيا و الممات (حم ق 3) عن أنس

**201.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ ئاجىزلىقدىن، ھورۇنلۇقدىن، قورقۇنچاقلىقدىن، بېخىللىقدىن، بەك قېرىلىقدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن، دوزاخ ئازابىدىن، ھاياتلىق، ماماتلىق پىتنە ـ پاسادلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئەھمەد، بەيھەقى ئۈچ كىتاب توپلىغان، ئۈچ كىتاب، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من شر ما عملت و من شر ما لم أعمل (م د ن ه) عن عائشة

**201.** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ مەن بىلىدىغان نەرسىنىڭ يامانلىقدىن ۋە مەن بىلمەيدىغان نەرسىنىڭ يامانلىقدىن پاناھ تىلەيمەن، (بۇ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من عذاب القبر و أعوذ بك من عذاب النار و أعوذ بك من فتنة المحيا و الممات و أعوذ بك من فتنة المسيح الدجال (خ ن) عن أبي هريرة

**201.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق توت نەرسىدىن دائىم پاناھ تىلەيتتى، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سىغىنىپ، دوزاخ ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، ھاياتلىق ــ ماماتلىق پىتنىسىدىن، مەسىھ دەججال پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

ئىبنى جەۋزي قاتارلىق ئالىملار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ الله قا سىغىنىپ پاناھ تىلەش توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى

مۇتىۋاتىر دىدى.بۇ19ھەدىس ئەلبانىينىڭ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»

نىڭ 1280 ـ دىن 1299 ـ كىچە باردۇر.

**202.** ينـزل الله تعالى في السماء الدنيا لثلث الليل الآخر فيقول : من يدعوني فأستجيب له أو يسألني فأعطيه ثم يبسط يديه يقول : من يقرض غير عديم و لا ظلوم (م) عن أبي هريرة

**202.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ تائالا كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتەن بىرى قالغاندا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا دۇئا قىلىدىغان كىشى بارمۇ؟ ئىجاۋەت قىلىمەن، مەندىن سورايدىغان بارمۇ؟ سورىغىنىنى بېرىمەن، ئاندىن ئىككى قولىنى كەڭ ئېچىپ، سوزۇپ مۇنداق دەيدۇ، يوقۇتۇپ قويماستىن، زۇلۇمغا ئۇچرىماستىن، قەرز بېرىدىغان يەنى سەدىقە ــ ئېھسان قىلىدىغان كىشى بارمۇ؟ ئۇ بەرگەن نەرسىنىڭ ئەجرىنى يوقۇتۇپ قويمايدۇ، قىلچىلىك زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) ينزل الله في كل ليلة إلى سماء الدنيا فيقول : هل من سائل فأعطيه ؟ هل من مستغفر فأغفر له ؟ هل من تائب فأتوب عليه ؟ حتى يطلع الفجر (حم ن) عن جبير بن مطعم (2) علي بن أبي طالب (3) وأبي سعيد (4) ورفاعة الجهني (5) وجبير بن مطعم (6) وابن مسعود (7) وأبي الدرداء (8) وعثمان بن أبي العاص قال في عمدة القارئ قلت وفي الباب أيضاً عن (9) جابر بن عبد الله (10) وعبادة بن الصامت (11) وعقبة بن عامر (12) وعمر بن عبسة (13) وأبي الخطاب أي وهو رجل من الصحابة لا يعرف له اسم (14) وأبي بكر الصديق (15) وأنس بن مالك (16) وأبي موسى الأشعري

(17) ومعاذ بن جبل (18) وأبي ثعلبة الخشني (19) وعائشة (20) وابن عباس (21) والنواس بن سمعان (22) وأم سلمة (23) وجد عبد الحميد

**202**. جۇبەيىر.....قاتارلىق**23**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ھەر كېچىسى دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ مۇنداق دەيدۇ: سورىغۇچى كىشى بارمۇ؟ بېرىمەن. مەغپىرەت سورىغۇچى بارمۇ، ئۇنى كەچۈرۈپ مەغپىرەت قىلىمەن، تۆۋبە قىلغۇچى بارمۇ، تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن، سۈبھى يورىغىچە شۇنداق دەيدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

ئاللاھ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئوخشىشى يوق ھالەتتە ئاسمان ئەھلى بىلەن بىللە تۇرۇپ يەنىلا چۈشىدۇ. چۈشۈۋېتىپ، چۈشۈپ بولۇپ ئەرشىدىن يوقاپ كەتمەيدۇ. ئاللاھ بىرلا ۋاقىتتا ئەرشى ئۈستىدە ئاسماندا بولالايدۇ. ھەم بىز بىلەن بىللە بولۇشقا قادىر. ئاللاھ مەخلۇقلا ئوخشاشمايدۇ. ئاللاھنى مەخلۇققا ئوخشاتماڭ. قەتئىي ئوخشىشى يوق. ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق ئوخشىشى يوق ئىككى قولى بار. ئاللاھنىڭ سۆزلىشى، قولى، چۈشۈشى مەلۇم، كەيپىياتى بىزگە نامەلۇم. ئىمان، ئېتىقاد ۋاجىپ، سوئال بىدئەتتۇر. ئاللاھ ۋە رەسۇلى دېگەننى دەيمىز، سۈكۈتتە سۈكۈت قىلىمىز. ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق.

كتاب الأدب والرقائق

ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە زاھىدلىق توغرىسىدا

**203**. (صحيح) لأن يمتلئ جوف أحدكم قيحا حتى يريه خير له من أن يمتلئ شعرا

(حم ق 4) عن أبي هريرة (حم م ه) عن سعد (طب) عن سلمان وابن عمر (1) أبي هريرة (2) وابن عمر (3) وسعد بن أبي وقاص (4) وأبي سعيد الخدري (5) وعمر (6) وسلمان الفارسي (7) وعتبة بن عبد السلمي (8) وابن مسعود (9) وعوف بن مالك (10) ومالك بن عمير (11) وأبي الدرداء (12) وجابر بن عبد الله (13) وابن عباس (14) وعائشة (15) ومرسل الحسن (16) والشعبي ستة عشر نفساً

**203**. ئەبۇ ھۇرەيرە، سەئىد، سەلمان، ئىبنى ئۆمەر... قاتارلىق **16**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە بىرىڭلارنىڭ ئىچىگە، قورسىقىغا ئۇنى سېستىپ، چىرىتىپ، پاسادلاشتۇرۇپ يەپ كەتكۈدەك يىرىڭ، زەرداپنىڭ لىق تولۇشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن شېئىرنىڭ تولىشىدىن ياخشىراقتۇر. ئەھمەد **8025** ــ ھەدىس، بۇخارى **5689** ــ ھەدىس، مۇسلىم **4191** ــ ھەدىس، تىرمىزى **2778** ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، نەسەئى، بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

ئاللاھ ئەسلەنمىسە، ئىسلام دىنى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن بولمىسا، ئاخىرەت ئەسلا بولمىسا، بۇنداق شېئىر قەتئىي هارامدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن نورغۇن ناخشا ــ مۇزىكىلار ھارامدۇر، لېكىن، ئىسلامى شېئىر بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولسا، ياخشى ئىبرەتلەر بولسا، ھەرخىل ئىسلام دىنىدىكى ئىلىم پەنلەر، شېئىرلاشسا بۇ دۇرۇس، سۈرە شۇئەرانى كۆرۈڭ.

**204**. (صحيح) إن من البيان سحرا و إن من الشعر حكما (حم د) ابن عباس

**204**. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئىلمى باياندا پاساھەتلىك، بالاغەتلىك سۆزلەشتە، ئەقىلنى ھەيران قالدۇرىدىغان سېھرى كۈچ باردۇر، شېئىردا، ھېكمەت باردۇر، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار مۇنداق ئىزاھات بەردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باياندىن، پاساھەتلىك سۆزلەشتىن، سېھرى بار دېگىنى، پاساھەتلىك سۆزى بىلەن ھېلى ماختاپ، ھېلى ئەيىپلەپ، قايىل قىلىپ، ھەقدىن بۇرمىلاپ، ھەقىقەتتىن مايىل قىلىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، بۇ چەكلىنىدۇ. شېئىردىن ھېكمەت بار دېگىنى، سۈرە شۇئەرادىكى ئاللاھ رۇخسەت قىلغان ئىمان ئېيتقان ياخشى ئەمەللىرىنى قىلغان، مۆئمىن شائىرنى، ئاللاھنى ئەسلىگەن، زاكىر، شاكىر، شائىرنى كۆزدە تۇتىدۇ، خۇددى ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلام دىنىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇداپىئە قىلىپ، شېئىر ئوقۇغاندەك، بۇلار دۇرۇس، ھېكمەت باردۇر، ئەمما، ئىشىق ــ مۇھەببەت، ھېسسىياتنى قوزغايدىغان، شەھۋانى شېئىردىن ھېلى ماختاش، ھېلى خارلاش شېئىرلىرىدىن، خۇشامەتچى، مەئسىيەت شېئىرلىرىنى قورساقا تولىلغاندىن، يىرىڭ، زەرداپنى توللىغان

ياخشىراق، مۇشۇ مەنىدىكى ھەدىسمۇ بارلىق ھەدىس كىتابلىردا بار بولۇپ، سەھىھ. مەقسەت، شېئىرنىڭ ياخشى ــ يامىنى، ھالال، ھارىمى باردۇر.

أشعر كلمة تكلمت بها العرب كلمة لبيد : ؛ألا كل شيء ما خلا الله باطل (م ت) عن أبي هريرة

**204.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەرەبلەر سۆزلىگەن شېئىر سۆزىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، لۇبەيدەنىڭ سۆزىدۇر، ئۇ بولسا، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھتىن باشقا بارلىق نەرسە باتىلدۇر، بولۇپمۇ ئاللاھتىن باشقا ئۇلار ئۆزلىرى ئاتىۋالغان بۇتلار باتىلدۇر. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ئىمام تەھاۋىي ئىسلامىي شېئىرلەرنىڭ دۇرۇسلىقى مۇتىۋاتىردىدى.

**205.**(صحيح) إن من الشعر حكمة (حم ق د ه) عن أبي (ت) ابن مسعود (طب) عن عمرو بن عوف وأبي بكرة (حل) عن أبي هريرة (خط) عن عائشة وحسان بن ثابت (ابن عساكر) عن عمر .

أورده في الأزهار من حديث (1) أبي كعب (2) وبريدة بن الحصيب (3) وابن مسعود (4) وابن عباس (5) وأنس (6) وأبي بكرة (7) وعمرو بن عوف المزني وهو جد كثير بن عبد اللّه (8) وأبي هريرة (9) وحسان ابن ثابت (10) وعائشة (11) وسلمة بن الأكوع (12) وعمر بن الخطاب (13) وعلي بن أبي طالب (14) والطفيل بن عمرو الدوسي أربعة عشر نفساً

**205.** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن شېئىردىن ھېكمەت چىقىدۇ، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر، ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، تىرمىزى، ئىبنى مەسئۇددىن، تەبرانى ئەمرۇدىن، ئەبۇ بۇكرەتتىن، ئەبۇ نۇئەيىم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، خەتىبۇلبەغداد، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ھەسساندىن، ئىبنى ئەساكىر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن **17**ساھابىدىن توپلىغان، سەھىھ، بۇخارى **5679** ــ ھەدىس، ئەھمەد **20225** ــ ھەدىس،مۇتىۋاتىر.

**206.** (صحيح) لا عدوى و لا صفر و لا هامة (حم ق) عن أبي هريرة (حم م) عن

السائب بن

**206.** ئەبۇ ھۇرەيرە، سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەل، ئاللاھنىڭ تەقدىرىسىز ئۆزى يۇقىدۇ دېگەن ئېتىقاد يوق، كىشى قورساقتا چۇشكەن مەددە قۇرۇت سەۋەبىدىن ئۆلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشمۇ يوق، مېيىتلەرنىڭ سۆڭىكى ھۇقۇشقا ئايلىنىدۇ دېگەن ئېتىقاد باتىل، قۇش سايراپ ۋەيران قىلىشمۇ باتىل. مۇسلىم **4116** ــ ھەدىس، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

لا عدوى و لا طيرة و إنما الشؤم في ثلاث: في الفرس و المرأة و الدار(حم ق) عن ابن عمر

**206.** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەل يۇقۇش يوق، شۇم پال يوق، (سۆڭەك قۇشقا ئايلىنىش يوق، مەددە قۇرۇتنىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈشى يوق، ھەممىسى جاھالىيەت ئېتقادلىرى خاتادۇر).ھەقىقەتەن شۇملۇق ئۈچ نەرسىدە بولىدۇ، ناچار ئاتتا ، ئەخلاقسىز، تۇغماس ئايالدا، خوشنىسى يامان تار ھۇيلىدا. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

لا عدوى و لا طيرة و لا هامة و لا صفر و فر من المجذوم كما تفر من الأسد (حم خ) عن أبي هريرة

**206.**ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەل، ئاللاھنىڭ تەقدىرىسىز ئۆزى يۇقىدۇ دېگەن ئېتىقاد يوق. شۇم پال ئېلىپ، ئەمەلدىن يانسا بولمايدۇ، ئۆلۈكلەرنىڭ سۆڭىكى قۇشقا ئايلىنىدۇ دېيىش خاتا، باتىل ئېتىقادتۇر، مەددە قۇرۇت جاننى ئالالمايدۇ. جوزام دېگەن تېرە كېسىلىدىن، شىر، يولۋاسدىن قاچقاندەك قاچقىن. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لا عدوى و لا طيرة و لا هامة و لا صفر و لا غول(حم م) عن جابرعن (1) أبي هريرة (2) والسائب بن يزيد (3) وجابر (4) وعلي بن أبي طالب (5) وابن عباس (6) وابن مسعود (7) وابن عمر (8) وأنس (9) وأبي أمامة (10) وأبي سعيد وغيرهم (1) عبد الله بن مسعود (2) وأبي هريرة (3) وابن عمر (4) وعائشة (5) وأنس (6)

وأبي أمامة (7) وقبيصة بن المخارق (8) وابن عباس (9) وسعد ابن مالك (10) وأبي سعيد الخدري (11) وجابر وغيرهم

**206.** جابىر، ئەلى، ئەنس، ئائىشە.....قاتارلىق **11** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **كېسەل، ئاللاھنىڭ تەقدىرىسىز يۇقمايدۇ، كىشى شۇم پال ئېلىپ، ئەمەلدىن يانسا بولمايدۇ، ئۆلۈكلەرنىڭ سۆڭىكى قۇشقا ئايلىنىدۇ دېيىش خاتا، باتىل ئېتىقادتۇر، مەددە قۇرۇت جاننى ئالالمايدۇ، چۆللەردە سەپەر قىلغاندا ئېزىتقۇ يوق، (بۇنداق ئىتقات خاتادۇر).** ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

لا عدوى و لا طيرة و يعجبني الفأل الصالح و الفأل الصالح : الكلمة الحسنة (حم ق د ت ه) عن أنس

**206.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **كېسەل يۇقۇش يوق، شۇم پال ئېلىش يوق، مېنى ياخشى پال خۇرسەن قىلىدۇ، ياخشى پال دېگەن، بىرىڭلار ئاڭلايدىغان ياخشى سۆزدۇر.** ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لا عدوى و لا هامة و لا نوء و لا صفر (د) عن أبي هريرة

**206.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **كېسەل يۇقۇش يوق، ئۆلۈكلەر سۆڭىكى قۇشقا ئايلىنىش يوق، يامغۇر پالانى يۇلتۇزنىڭ سەۋەبىدىن ياغدى دەپ ئېتىقاد قىلىشمۇ يوق، مەددە قۇرۇتنىڭ جان ئېلىشىمۇ يوق، بۇلار جاھالىيەت ئېتىقادلىرى.** ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسلەر بىلەن جاھالىيەت ئېتىقادلىرىغا قاتتىق رەددىيە بەرگەن، ئىسلام ئىچىدىكى توغرا ئېتىقاد ھەققى ئېتىقادتۇر، كېسەل يۇقۇش دېگىنى، تەقدىرسىز يۇقمايدۇ، بەلكى، ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن يۇقىدۇ دېگىنى، شۇڭا ساقلار كېسەللەر بار جايغا، كېسەللەر ساقلار بار جايغا چۈشمەسلىكنى دېگەن. جوزام كېسىلىدىن قېچىشنى دېگەن، ئالىملار: توغرا، كېسەل يۇقۇش يوق، بۇ ئام سۆز، لېكىن، جوزام، قىچىشقاق، تېبىرېكىلىيۇز قاتارلىقلار تەقدىر بىلەن يۇقىدۇ، بۇ خاس دېگەن. كىشى لائىلاھە

ئاللاھ! دەپ ئىسلام دىنىغا كىرىش بىلەنلا جاھالىيەت ئېتقادىدىن ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىشى لازىم.

**207.** (صحيح) من لا يرحم الناس لا يرحمه الله (حم ق ت) عن جرير (حم ت) عن أبي سعيد

**207.** جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلمىغان كىشىگە ئاللاھمۇ رەھىم قىلمايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

من لا يرحم لا يرحم (حم ق د ت) عن أبي هريرة (ق) عن جرير(2) وأبي هريرة (3) وأبي سعيد (4) وابن عمر (5) وابن مسعود (6) والأشعث ابن قيس (7) ومعاوية بن حيدة (8) وعمران بن حصين ثمانية أنفس.

(9) الأقرع بن حابس وذكر المناوي أيضاً في التيسير أنه متواتر

**207.** ئەبۇ ھۇرەيرە، جەرىير...قاتارلىق توققۇزدىن ئارتۇق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدىغان كىشىگە رەھىم قىلىنمايدۇ، (يەنى ئازابلىنىدۇ.) ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، مۇتىۋاتىر.

(صحيح) من لا يرحم لا يرحم و من لا يغفر لا يغفر له (حم) عن جرير

**207.** جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەھىم قىلمايدىغان كىشىگە رەھمەت قىلىنمايدۇ، ئەپۇ قىلمايدىغان، كەچۈرمەيدىغان كىشى كەچۈرۈلمەيدۇ، مەغپىرەت قىلىنمايدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئەپۇ قىلىڭلار، لېكىن، ئۆزۈڭلارنى ئەپۇ قىلماڭلار.

**208.** (صحيح) لو كان لابن آدم واد من مال لابتغى إليه ثانيا و لو كان له واديان لابتغى لهما ثالثا و لا يملأ جوف ابن آدم إلا التراب و يتوب الله على من تاب (حم ق ت) عن أنس (حم ق) عن ابن عباس (خ) عن ابن الزبير (ه) عن أبي هريرة (حم) عن أبي واقد (تخ البزار) عن بريدةأورده في الأزهار من حديث (1) أنس (2) وابن الزبير (3)

وابن عباس (4) وأبي بن كعب (5) وبريدة (6) وأبي سعيد (7) وسمرة (8) وعائشة (9) وجابر بن عبد الله (10) وزيد بن أرقم (11) وأبي موسى الأشعري (12) وسعد بن أبي وقاص (13) وأبي واقد الليثي (14) وأبي أمامة (15) وكعب ابن عياض الأشعري خمسة عشر نفساً .(16) أبي هريرة (17) وجابر بن نفير مرسلاً وصرح في التيسير أيضاً بتواتره

**208.** ئەنەس، ئىبنى ئابباس، ئىبنى زۇبەير، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇۋاقىد، بۇرەيدە.... قاتارلىق **17** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئادەم بالىسىغا بىر يايلاق بىر چاڭگال مال بولسا، ئەلۋەتتە ئىككىنچى بىر يايلاق مالنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئىككى يايلاق يېزا مال بولسا، ئۇنىڭغا ئۈچىنچىسىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقىنى پەقەت توپىلا تولدۇرىدۇ، (ئۇ ئۆلگەندە ئاندىن تويىدۇ، ئۇنىڭ كۆزىنى بىر چىمدىم تۇپراق تويغۇزىدۇ، توپىدىن باشقىسى قورسىقىنى تولدۇرالمايدۇ) ئاللاھ تۆۋبە قىلغان كىشىنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، بۇخارى، ئىبنى ماجە، بەزار، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر.

**209.** (صحيح) الدنيا حلوة خضرة فمن أخذها بحقه بورك له فيها و رب متخوض فيما اشتهت نفسه ليس له يوم القيامة إلا النار (طب) عن ابن عمرو

**209.** ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇنيا دېگەن يېشىل، تاتلىق نەرسىدۇر، كىم ئۇنى ھەققى بىلەن ئالسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن مال ــ دۇنياسىدا بەرىكەت بېرىلىدۇ، مال ــ دۇنيا توغرىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر نەپسى ئارزۇ قىلغان بويىنچىلا ئاللاھ رازى بولمايدىغان جايلارغا سەرىپ قىلىدۇ، قالايمىقان تەسەررۇپ قىلىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار ئۈچۈن دوزاخدىن باشقا نەرسە يوق، پەقەت دوزاخلا بېرىلىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) الدنيا خضرة حلوة (طب) عن ميمونة(1) حكيم بن حزام (2) وأبي سعيد الخدري (3) وخولة بنت قيس (4) وزيد بن ثابت (5) وابن عمرو (6) وعبد الرحمان بن سمرة (7) وأبي بكرة (8) وأبي هريرة (9) وأم سلمة (10) وميمونة

(11) وعمرة بنت الحارث (12) وأنس (13) وعائشة ثلاثة عشر نفساً .

(قلت) ذكر أيضاً في فيض القدير أن السيوطي عده في الأحاديث المتواترة

**209**. مەيمۇنە، زەيد، ئەنەس، ئائىشە..... قاتارلىق **13** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، دۇنيادىن ھەزەر قىلدۇرۇپ، دۇنيا دېگەن يېشىل، تاتلىقتۇر دېگەن. (ھەرقانداق كىشى مال ـ دۇنيا بىلەن ئايال كىشى سەۋەبىدىن ئېزىپ كېتىدۇ، ياخشىسى تۆۋبە قىلغىنىدۇر) تەبرانى توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

**210**. إن أحدكم يجمع خلقه في بطن أمه أربعين يوما نطفة ثم يكون علقة مثل ذلك ثم يكون مضغة مثل ذلك ثم يبعث الله إليه ملكا و يؤمر بأربع كلمات و يقال له: اكتب عمله و رزقه و أجله و شقي أو سعيد ثم ينفخ فيه الروح فإن الرجل منكم ليعمل بعمل أهل الجنة حتى لا يكون بينه و بينها إلا ذراع فيسبق عليه الكتاب فيعمل بعمل أهل النار فيدخل النار و إن الرجل ليعمل بعمل أهل النار حتى ما يكون بينه و بينها إلا ذراع فيسبق عليه الكتاب فيعمل بعمل أهل الجنة فيدخل الجنة (ق 4) عن ابن مسعود . (1) ابن مسعود (2) وأنس (3) وسهل بن سعد (4) وحذيفة بن أسيد الغفاري (5) وأبي هريرة (6) وعلي (7) وابن عمر (8) وأكثم بن أبي الجون (9) وعائشة (10) وابن عمرو (11) والعرس ابن عميرة (12) وجابر (13) وأبي ذر (14) ورباح اللخمي (15) ومالك بن الحويرث (16) وابن عباس ستة عشر نفساً

**210**.ئىبنىمەسئۇد، ئەنەس، سەھل، جابىر، مالىك....قاتارلىق**16**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىرىڭلارنىڭ يارىلىشى، ئانا قورسىقىدا **40** كۈن مەنىي، ئىسپىرما ھالەتتە جۇغلۇنۇپ تۇرىدۇ. ئاندىن شۇنىڭدەك يەنە **40** كۈن لەختە قان ھالەتتە تۇرىدۇ. ئاندىن يەنە **40** كۈن چاينالغان گۆشتەك تۇرىدۇ. ئاندىن تۆت ئايدىن كېيىن، ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ تۆت كەلىمىنى پۈتۈشكە بۇيرۇلۇپ، مۇنداق دېيىلىدۇ، ئۇ بالىنىڭ ئەمىلىنى، رىزقىنى، ئەجەل، ئۆمرىنى شەقى، يا سائادەتمەن ئىكەنلىكىنى يازغىن (يەنە بىر خاتىرىدە بولسا، جاۋا بېرىلىدۇ) ئاندىن روھ، جان پۈۋدىلىدۇ، ھەقىقەتەن سىلەردىن بىر كىشى

جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىپ كېلىپ، پەقەت ئارىلىقى بىر گەزلا قالغاندا ئۇنىڭغا كىتابى يۇقىرىقى شەقى دەپ يېزىلىشى ئىلگىرلەپ كېتىدۇ ـ دە، ئۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىپ، دوزاخقا كىرىدۇ. (مانا شۇ ئەھۋالنى ئاللاھ ئالدىن بىلىپ، شۇنداق يازغاندۇر) ھەقىقەتەن بىر كىشى دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىپ كېلىپ، پەقەت دوزاخ بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر گەزلا قالغاندا، ئۇنىڭغا كىتابى يۇقىرىقى، ئاللاھ ئالدىن بىلىپ يازغان سائادەتمەن بولۇش ئىلگىرلەيدۇ ـ دە، ئۇ جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىپ، جەننەتكە كىرىدۇ. (چۈنكى، ئارىلىقى بىر گەزلا قالغان ـ دە) بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ تۆت كىتاب، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە.توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى:

1 ـ تۆرەلمە ئىلمىدىكى مۆجىزە، بولۇپمۇ ئېنىق بولغان كۈن سانى، توپلىنىدۇ، جۇغلۇنىدۇ دېگەن سۆز، ئۇ ئىسپىرما ھۇجەيرىسى بولۇپ، بۇلارمۇ جۇغلىنىدۇ، شۇنداقلا ھازىر ھەدىسكىدەكلا ئىسپاتلاندى.

2 ـ رىزق، ئەجەل توشقاندا، راستىنلا ئۆلۈۋاتىدۇ.

3 ـ روھ، جاننىڭ پۈۋلىنىشى باشقا ئالەمدىن كېلىشدۇر.

4 ـ كىشىلەرنىڭ راستىنلا ئىككى تائىپە بولۇشى.

5 ـ تەقدىر، تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش.

6 ـ ئاللاھنىڭ ئالدىن بىلىشى ۋە پۈتۈشى.

7 ـ ئەمەللەرنىڭ ئاخىرقى ھېساب بولۇشى.

8 ـ ئۆلەر ۋاختىدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلسۇن، تۆۋبە قىلسۇن دەپ بۇنى سۆزلىگەن.

9 ـ بىز بۇرۇنلائالدىن بىلىپ يازغاننى قىلىمىز، ئەمەلىيەتتە بىز قىلىدىغاننى بىلىپ يازغاندۇر.

10 ـ بۇھەدىستا الله ، بۇرۇنقىنى، ھازىرقىنى، ۋەكەلگوسىدىكىنى بىراقلام ئالدىن بىلىدۇ دېگەن چىقىدۇ.

211. يح) المستشار مؤتمن (4) عن أبي هريرة (ت) عن أم سلمة (ه) عن ابن مسعود (1) أبي هريرة (2) وأم سلمة (3) وابن عمر (4) وأبي مسعود (5) وعلي (6)

وجابر ابن سمرة (7) وسمرة بن جندب (8) والنعمان بن بشير (9) وأبي الهيثم بن التيهان (10) وابن الزبير (11) وابن عباس أحد عشر نفساً .(12) عمر بن الخطاب (13) وسفينة (14) وعائشة (15) وأبي سلمة ونقل أيضاً في شرح المواهب عن السيوطي أنه متواتر وكذا صرح بتواتره في التيسير.

**211**. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۇممە سەلەمەت، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشاۋۇرلۇق، ئىشەنچلىك كىشىگە مەسلىھەت سېلىش، ئامانەت قىلىندى، ئىشىگلارنى مەسلىھەت بىلەن قىلىڭلار ياكى مەسلىھەت سېلىنغان ئىش ئامانەتتۇر، خىيانەت قىلماڭلار ياكى ئەڭ توغرىسى: مەسلىھەت سېلىنغان ئىش، ئەمىن، تېنچ، ئۈگۈشلۇق بولىدۇ. تىرمىزى **2748** ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد **4463** ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە **3735** ـ ھەدىس، ئەھمەد **21326** ـ ھەدىس، دارمى **2341** ـ ھەدىس، نەسەئى توپلىغان، مۇتەۋاتىر

**212**. اللهم بارك لأمتي في بكورها (حم 4 حب) عن صخر الغامدي (ه) عن ابن عمر (طب) عن ابن عباس وابن مسعود وعبدالله بن سلام وعن عمران بن حصين وعن كعب ابن مالك وعن النواس بن سمعان .(1) أبي هريرة (2) وعلي (3) وأنس (4) وابن عباس (5) وجابر (6) وابن عمر (7) وابن مسعود (8) وعبد اللّه بن سلام (9) وعمران بن حصين (10) وكعب بن مالك (11) والنواس بن سمعان (12) ونبيط بن شريط (13) وأبي بكرة (14) وعائشة أربعة عشرنفساً

**212**. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، ئۇممىتىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەتىگىنىگە بەرىكەت بەرسىلە، (يەنى بۇ ھەدىسنى ساھابىلار، تابىئىنلار، ھەتتا ھەرقايسى ھەدىس ئالىملىرى، كاتىبلىرى، ئەتىگەن دەپ چۈشەندى، بەزى خاتىرىدە پەيشەنبە ئەتىگىنى دېگەن بار، بەزى خاتىرىدە قوشۇن ئەۋەتىسە، ئەتىگەندە ئەۋەتەتتى دېگەن بار، ساھابىلار، تابىئىنلار مۇشۇ ھەدىسىدىن ئەتىگەندە مۇھىم ئىشنى ئېلىپ باراتتى، ھەتتا، تىجارەتچىلىرى ئەتىگەندە مالنى ئەۋەتەتتى، دەسلەپ قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن مېلى كۆپىيىپ بەرىكەت تاپقان)، بۇ ئىشلار تىرمىزىدا مۇشۇ ھەدىستە يەنى **1133** ـ ھەدىسدە سۆزلەنگەن، ئەبۇ داۋۇدنىڭ **2239** ـ ھەدىسىدە سۆزلەنگەن. بۇ ھەدىسنى

ئەھمەد، ئىبنى ھەببان تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر، سەخرۇلغامىدىيدىن ئىبنى ماجە ئىبنى ئۆمەردىن، تەبرانى ئىبنى ئاببىاس، ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن، كەئبى، نەۋۋاس...قاتارلىق14ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ مۇتېۋاتىر.

**213**. (صحيح) زر غبا تزدد حبا (غبا)أي بعد ايام

(البزار طس هب) عن أبي هريرة (البزار هب) عن أبي ذر (طب ك) عن حبيب بن مسلمة الفهري (طب) عن ابن عمرو (طس) عن ابن عمرو (خط) عن عائشة (2) أنس (3) وجابر (4) وحبيب بن مسلمة (5) وابن عباس (6) وابن عمرو (7) وعلي (8) ومعاوية بن حيدة (9) وأبي الدرداء (10) وأبي ذر (11) وعائشة وآخرين

**213**. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ زەر، ھەبىيب، ئىبنى مەسلىمەن، ئىبنى ئەمرۇ، ئائىشە...11ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **قېرىنداشلىرىڭنى پات ـ پات كېلىپ يوقلاپ زىيارەت قىلىپ تۇرغىن، دائىم كېلىۋالماي بىر نەچچە كۈندە بىر قېتىم كەل (مەسىلەن: ھەپتىدە بىر كەل، ) شۇنداق قىلساڭ، مۇھەببەتنى، دوستلۇقنى زىيادە قىلىسەن،** بەزار، ئەۋسەت، بەيھەقى، تەبرانى، ھاكىم، خەتىبۇلبەغدادى توپلىغان، سەھىھ، مۇتېۋاتىر.

ھەسەن بەسەرى دوستىڭنى ھەپتىدە بىر قېتىم يوقلىغىن دېگەن.

**214**. شيطان يتبع شيطانة – يعني حمامة – (د ه) عن أبي هريرة (ه) عن أنس وعثمان وعائشة (1) أبي هريرة (2) وأنس (3) وعائشة (4) وعثمان

**214**. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس، ئوسمان، ئائىشە..... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەپتەرۋازنى كۆرۈپ، **شەيتان، شەيتانغا ئەگىشىۋاپتۇ** دېگەن، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، مەنىۋىي مۇتېۋاتىردۇر.

**215**. (صحيح) شيبتني هود و أخواتها (طب) عن عقبة بن عامر وأبي جحيفة(1) عقبة بن عامر الجهني (2) وأبي جحيفة (3) وسهل بن سعد الساعدي (4) وابن عباس

(5) وأبي بكر الصديق (6) وسعد بن أبي وقاص (7) وأنس بن مالك (8) وعمران بن حصين (9) ومحمد بن علي مرسلاً (10) وأبي عمران الجوني (11) أبا سعيد الخدري (12) وأبا هريرة (13) وابن مسعود (14) وعكرمة

**215.** ئۇقبەت ئىبنى ئامىر، ئەبۇ جۇھەيفە....قاتارلىق**14**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرە ھۇد ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى چېچىمغا ئاق كىرگۈزۈۋەتتى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) شيبتني هود و أخواتها قبل المشيب (ابن مردويه) عن أبي بكر

**215.** ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:سۈرە ھۇد ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى چېچىمغا ئاق كىرىش مۇددىتىدىن بۇرۇن ئاق كىرگۈزدى، ئىبنى مەردەۋىيە توپلىغان، سەھىھ.

شيبتني هود و أخواتها من المفصل (ص) عن أنس (ابن مردويه) عن عمران

**215.** ئەنەس، ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرە ھۇد ۋە ئۇنىڭ مۇپەسسەل، ئۇششاق سۈرىلەردىكى ئوخشاشلىرى چېچىمغا ئاق كىرگۈدى، سەئدى ئىبنى مەنسۇر، ئىبنى مەردەۋىيە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) شيبتني هود و (الواقعة و (المرسلات) و (عم يتساءلون) و (إذا الشمس كورت)) (ت ك) عن ابن عباس (ك) عن أبي بكر (ابن مردويه) عن سعد

**215.** ئىبنى ئابباس، ئەبۇ بەكرى، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرە ھۇد، ۋاقىئە، مۇرسەلات، ئەممە پارىسى، سۈرە تەكۋىرلەر چېچىمغا ئاق كىرگۈزۈۋەتتى، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى مەردەۋى توپلىغان، سەھىھ، چۈنكى، بۇ سۈرىلەردە ئاجايىپ قورقۇنۇشلۇق ئىشلار، بۇ ئالەم ۋايران بولۇپ، قىيامەت قۇرۇلۇشى، قىيامەتنىڭ قورقۇنۇشلۇق ئىشلىرى سۆزلىنىدۇ.

**216.** إن الله قبض قبضة فقال: هذه إلى الجنة برحمتي و قبض قبضة فقال: هذه إلى النار و لا أبالي (ع) عن أنس (1) أنس (2) عن أبي سعيد الخدري وحديث أنه قال فيهما هؤلاء لهذه وهؤلاء لهذه أخرجه البزار والطبراني (3) عن ابن عمر أخرجه أحمد

عن (4) رجل من الصحابة يقال له أبو عبد اللّه (5) أبي موسى الأشعري (6) أبي الدرداء وأخرجه أحمد بسند رجاله ثقات وابن عساكر في تاريخه عنه أيضاً (7) عمر .(8) أبي هريرة وانظر الدر المنثور ولدى قوله {وإذ أخذ ربك من بني آدم من ظهورهم ذرياتهم} الآية فقد ذكر أحاديث أخر في هذا المعنى من حديث (9) أبي أمامة (10) وهشام بن حكيم (11) وعبد الرحمان بن قتادة السلمي وكان من الصحابة وغيرهم .

**216.** ئەنەس، ئۆمەر، ھىشام....قاتارلىق**11**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ئادەم بالىلىرىدىن بىر چاڭگالنى ئېلىپ، مانا بۇ مېنىڭ رەھمىتىم بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ دېدى، يەنە بىر چاڭگالنى بولسا، مانا بۇ دوزاخقا كىرىدۇ، پەرۋا قىلمايمەن دېدى، ئىبنى مەردەۋىي، بەزار، تەبرانى، ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.مۇتېۋاتىر.

217 .(صحيح) لن يدخل أحدا عمله الجنة و لا أنا إلا أن يتغمدني الله بفضل رحمته فسددوا و قاربوا و لا يتمنى أحدكم الموت إما محسن فلعله يزداد خيرا و إما مسيء فلعله أن يستعتب(ق) عن أبي هريرة

**217.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھېچ بىر كىشىنى ئۇنىڭ ئەمىلى، جەننەتكە ئەكىرەلمەيدۇ، مېنىمۇ ئەمىلىم جەننەتكە ئەكىرەلمەيدۇ، لېكىن، ئاللاھ تائالا مېنى رەھمەت پەزلى بىلەن ساقلايدۇ، (ھەممە كىشى ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ، قىلغان ئەمەللىرىمۇ شۇ رەھمەتتۇر، دوزاخ، ئاللاھنىڭ ئادىللىقى) سىلەر نورمال، ئوتتۇرىھال، ھەق، توغرا يول تۇتۇپ ئاللاھقا يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، بىرىڭلار ھەرگىز ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ياخشىلىق قىلغۇچى بولسا، ياخشىلىقنى زىيادە، ئارتۇق قىلىشى مۇمكىن، يامان كىشى بولسا، تۆۋبە قىلىشى مۇمكىن. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) قاربوا و سددوا و أبشروا و اعلموا أنه لن ينجو أحد منكم بعمله و لا أنا إلا أن يتغمدني الله برحمة منه و فضل (حم م) عن جابر (حم م ه) عن أبي هريرة (1)

أبي هريرة (2) وأبي سعيد (3) وشريك بن طريف (4) وأسامة بن شريك (5) وأسد بن كرز (6) وأبي موسى (7) وشريك بن طارق

**217.** جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، شەرىيك، ...قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **توغرا** يول بىلەن ئەمەللەردە ئوتتۇرىھال، نورمال بولۇش بىلەن يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، ئەمەللەردە ئىستىقامەت قىلىڭلار، راست سۆزلەڭلار، توغرا، ھەق ئىش قىلىڭلار، خۇش بىشارەت بېرىڭلار، ۋە شۇنى بىلىڭلاركى، ھەقىقەتەن سىلەردىن ھېچكىشى ئۆز ئەمەللىرى بىلەن دوزاخدىن قۇتۇلۇپ، جەننەتكە كىرىپ، نىجات تاپالمايدۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن نىجات تاپىدۇ، ھەتتا، مەنمۇ شۇنداق، ئەمەللىرىم بىلەن نىجات تاپالمايمەن، لېكىن، مىنى ئاللاھ تائالا ئۆز رەھمەت پەزلى بىلەن ساقلاپ قالىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، مۇتىۋاتىر.

**218.** إذا كتب أحدكم كتاباً فليبدأ بنفسه).

عن (1) النعمان ابن بشير وفي الباب عن (2) أبي الدرداء (3) وأبي هريرة (4) وابن عباس (5) وأبي ذر (6) وجابر (7) وأنس (8) وعائشة (9) والجهذمة (10) وأبي زمعة (11) وأبي الطفيل (12) وجابر بن سمرة وغيرهم

جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس...قاتارلىق **12**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

بىرىڭلار خەت يازغاندا (يەنى خەت ئەۋەتسە)ئۆزى بىلەن باشلىسۇن.

(مۇھەممەدسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن پالانىغا دېگەندەك)

ئەبۇداۋۇد، ھاكىملەر توپلىغان مۇتىۋاتىر.

كتاب المناقب

پەزىيلەتلەرنىڭ كىتابىدىكى مۇتىۋاتىرھەدىسلەر

**219.** أن جميع آبائه عليه السلام وأمهاته كانوا على التوحيد لم يدخلهم كفر ولا

عيب ولا رجس ولا شيء مما كان عليه أهل الجاهلية

ذكر الباجوري في حاشيته على جوهرة التوحيد أنها بالغة مبلغ التواتر يعني المعنوي

(صحيح) إن الله تعالى اصطفى كنانة من ولد إسماعيل و اصطفى قريشا من كنانة و اصطفى من قريش بني هاشم و اصطفاني من بني هاشم (م ت) عن واثلة

**219.** ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا كەنانە قەبىلىسىنى ئىسمائىلنىڭ بالىلىرىدىن تاللىدى، قۇرەيشنى كەنانەدىن تاللىدى، قۇرەيشلەردىن ھاشىم جەمەتىنى تاللىدى، ھاشىم جەمەتىدىن مېنى تاللىدى، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ

(حسن) فضل الله قريشا بسبع خصال لم يعطها أحد قبلهم و لا يعطاها أحد بعدهم: فضل الله قريشا أني منهم و أن النبوة فيهم و أن الحجابة فيهم و أن السقاية فيهم و نصرهم على الفيل و عبدوا الله عشر سنين لا يعبده غيرهم و أنزل الله فيهم سورة من القرآن لم يذكر فيها أحد غيرهم (لإيلاف قريش) (تخ طب ك البيهقي في الخلافيات) عن أم هانئ

**219.** ئۇممە ھانىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا قۇرەيشلەرنى يەتتە خىسلەت ئىشلار بىلەن پەزىلەتلىك قىلدى، بۇ ئىشلارنى ئۇلاردىن بۇرۇن ھېچ كىشىگە بېرىپ باقمىغان، ھەم بۇندىن كېيىنمۇ ھېچكىشىگە بەرمەيدۇ. ئاللاھ قۇرەيشلەرنى مۇنداق پەزىلەتلەرگە ئىگە قىلدى، ھەقىقەتەن مەن ئۇلاردىن، پەيغەمبەرلىك يەنى مەن ئۇلارنىڭچىدىن، كەئبىنى باشقۇرۇش، ئاچقۇچىنى قولغا ئېلىش، خاس ھاجىلىق ئۇلاردا، ھاجىلارنى سۇغۇرۇش، زەمزەم ئۇلاردا، پىل كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بەردى، ئۇلار ئاللاھقا 10 يىل ئىبادەت قىلغان، بۇ چاغدا ئۇلاردىن باشقا ھېچ كىشى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ باقمىغان، ئاللاھ ئۇلار توغرىسىدا قۇرئاندىن بىر سۈرە نازىل قىلدى، بۇ سۈرىدە ئۇلاردىن باشقا ھېچ بىركىشىنى زىكىر قىلمىدى، ئۇ سۈرە قۇرەيشتۇر، يەنى لىئىلافى قۇرەيشتۇر، ھاكىم، بەيھەقى، تەبرانى، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، ھەسەن

**220.** أن أبا طالب كان يحب النبي صلى اللّه عليه وسلم ويحوطه وينصره

ذكر الشيخ الجليل العلامة السيد محمد بن رسول البرزنجي المدني في تأليف له في نجاة أبويه صلى اللّه عليه وسلم في خاتمته التي جعلها في نجاة أبي طالب أنها متواترة ونصه تواترت الأخبار أن أبا طالب كان يحب النبي صلى اللّه عليه وسلم ويحوطه وينصره ويعينه على تبليغ دينه ويصدقه فيما يقوله ويأمر أولاده كجعفر وعلي باتباعه ونصره اهـ وقد نقله في أسنى المطالب في نجاة أبي طالب. إنه في ضحضاح من النارولولا أنا لكان في الدرك الأسفل- يعني أبا طالب- (حم ق) عن العباس بن عبدالمطلب .

ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئەبۇ تالىپ دوزاخنىڭ ئۈستىنكى يۈزىدە، چوڭقۇر ئەمەس جايدا بولىدۇ، ئەگەر مەن بولمىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇ دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىدا بولاتتى. ئەھمەد **1678** ــ ھەدىس، مۇسلىم **309** ــ ھەدىس، بۇخارى **3594** ــ ھەدىس، بۇ سەھىھ ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتىنىڭ بەكمۇ چوڭلۇقى چىقىدۇ.

أهون أهل النار عذابا أبو طالب و هو منتعل بنعلين من نار يغلي منهما دماغه (حم م) عن ابن عباس .

ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئەڭ يەڭگىلرەكى، ئەبۇ تالىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوتتىن ئىككى ئاياغ كىيدۈرۈلىدۇ، ئۇ ئىككى ئاياغنىڭ قىززىقلىقىدىن ئۇنىڭ دىمىغى، مېڭىسى قاينايدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. (ئەگەر ەسۇلۇللاھ شاپائەت قىلمىغان بولسا، دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىغا چۈشەتتى).

(صحيح) لعله تنفعه شفاعتي يوم القيامة فيجعل في ضحضاح من النار يبلغ كعبيه يغلي منه أم دماغه - يعني أبا طالب - (حم ق) عن أبي سعيد

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەبۇ تالىپ دېگەن تاغىسى توغرىلىق سورالغاندا، مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا مېنىڭ شاپائىتىم مەنپەئەت قىلىشى مۇمكىن، ئاندىن ئۇ

دوزاخنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى يۈزىدە قىلىنىدۇ، دوزاخ ئوتى ئۇنىڭ ئىككى ھوشۇقىغىچە يېتىدۇ، شۇ ئوتنىڭ قىززىقلىقىدىن ئۇنىڭ مېڭىسى، دىمىغى قاينايدۇ. (مېنىڭ شاپائىتىم بولمىغان بولسا ئۇ دوزاخنىڭ تېگىگە چۈشەتتى).
ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار : ئەبۇ تالىبنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ياردەم بېرىشىنى ، ھىمايە قىلىشىنى مۇتىۋاتىر خەۋەر دېدى.

**221. 227-** أفضلية أبي بكر على غيره من الصحابة

ذكر في إرشاد الساري في باب تفاضل أهل الأيمان في الأعمال من كتاب الإيمان أنها كثيرة بالغة درجة التواتر المعنوي وأنه أجمع على القول بمقتضاه أهل السنة والجماعة وفيما زاده ابن حجر الهيثمي آخر الصواعق ما نصه وكان خير الناس بعد النبي صلى اللّه عليه وسلم وبعد المرسلين أبا بكر الصديق رضي اللّه عنه وقد تواترت بذلك الأحاديث المستفيضة الصحيحة التي لا تعتل المروية في الأمهات والأصول المستقيمة التي ليست بمعلولة ولا سقيمة اهـ.

وفي الوصية الكبرى لشيخ الإسلام ابن تيمية قال ما نصه وقد اتفق أهل السنة والجماعة على ما تواتر عن أمير المؤمنين علي بن أبي طالب رضي اللّه عنه أنه قال خير هذه الأمة بعد نبيها أبو بكر ثم عمر رضي اللّه عنهما اهـ.

عشرة في الجنة: النبي في الجنة و أبو بكر في الجنة و عمر في الجنة و عثمان في الجنة و علي في الجنة و طلحة في الجنة و الزبير بن العوام في الجنة و سعد بن مالك في الجنة و عبد الرحمن بن عوف في الجنة و سعيد بن زيد في الجنة (حم د ه الضياء) عن سعيد بن زيد

**221.** سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئون كىشى جەننەتتە بولىدۇ، پەيغەمبەر جەننەتتە، ئەبۇ بەكرى جەننەتتە، ئۆمەر جەننەتتە، ئوسمان جەننەتتە، ئەلى جەننەتتە، تەلھە جەننەتتە، زۇبەير ئىبنى ئاۋام جەننەتتە، سەئىد ئىبنى مالىك جەننەتتە، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋپ جەننەتتە، سەئىد ئىبنى زەيد

جەننەتتە بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. باشقا خاتىرىلەردە ئەبۇ ئۇبەيدە، ئىبنى جەررەھمۇ باردۇر. بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىدا، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ئۇنىنچىسى دېگەن. سەھىھ ھەدىس ئۆتتى. ئەنە شۇلار ھايات چاغدىلا جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن كىشىلەر ئىدى. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن. بۇ نېمىدېگەن چەكسىز بەخت. نېمىدېگەن زور خۇشاللىق ھە! ئالاھ بىزلەرنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىپ، جەننەت ئەھلىدىن قىلسۇن. ئامىن!

(صحيح) لقد هممت أن أرسل إلى أبي بكر و أنبه فأعهد أن يقول القائلون أو يتمنى المتمنون ثم قلت: يأبى الله و يدفع المؤمنون (خ) عن عائشة

**221.** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ئەبۇ بەكرىگە ئەلچى ئەۋەتىشنى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، خەلىپە ئىشىنى ئۇنىڭغا ۋەسىيەت قىلىشنى مەقسەت قىلىپ بولۇپ، -چۈنكى خەلىپىلىك توغرىسىدا بەزىلەر سۆز قىلىپ باقىدۇ. بەزىلەر ئارزۇ قىلىپ باقاتتى- ، ئاندىن مەن، ئاللاھ تائالا ئەبۇ بەكرىدىن باشقىسىغا ئۇنىمايدۇ، مۆئمىنلەرمۇ ئەبۇ بەكرنى ھىمايە قىلىدۇ، قوغدايدۇ دەپ سۆز قىلمىدىم، (راستىنلا شۇنداق بولدى). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لو كنت متخذا من أمتي خليلا دون ربي لاتخذت أبا بكر خليلا و لكن أخي و صاحبي (حم خ) عن ابن الزبير (خ) عن ابن عباس

**221.** ئىبنى زەبەير ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن ئۈممىتىمدىن، رەببىمنى قويۇپ رەببىمدىن باشقا بىرەرسىنى يېقىن دوست تۇتسام، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرنى دوست تۇتاتتىم، لېكىن، ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم، ئىسلام قېرىنداشلىقى ئەۋزەل ھەم ئۇ مېنىڭ ھەمراھىم، ساھابەم. (شۇنداقلا مەن ئاللاھنىڭ يېقىن دوستى). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

ما أحد أعظم عندي يدا من أبي بكر واساني بنفسه و ماله و أنكحني ابنته (طب) عن ابن عباس

**221.** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ نەزىرىمدە ماڭا ياخشىلىقى ئەبۇ بەكرىنىڭ

ياخشىلىقىدىنمۇ چوڭراق كىشى يوق، ماڭا ھېچ كىشى ئەبۇ بەكرىدەك ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان، ئۇ ماڭا جېنى بىلەن مېلى بىلەن ياردەم بەردى، مېنى قوغدىدى، قىزى ئائىشەنى ماڭا نىكاھلاپ بەردى. (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ۋەسىيەتۇلكۇبرا دېگەن كىتابتا ئىبنى تەيمىييە مۇنداق دېگەن: ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە ئەقىدىسىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلار ئەلي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئىتتىپاقلا كەلگەن : بۇئۇممەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن قالسىلام ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.ئاندىن كېيىن ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر......بۇ مۇتىۋاتىر ئەسەردۇر. ئاندىن خۇددى يۇقىرىقى جەننەت بىشارىتىنىڭ ھەدىسىدە كەلگەندەك ئوسمان ئەلى ....... رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردۇر

**222**(صحيح) مروا أبا بكر فليصل بالناس

(حم ق ت ه) عن عائشة (ق) عن أبي موسى (خ) عن ابن عمر (ه) عن ابن عباس وسالم بن عبيدعن (1) أبي موسى ما نصه هذا الحديث متواتر ورد أيضاً من حديث (2) عائشة (3) وابن مسعود (4) وابن عباس (5) وابن عمر (6) وعبد اللّه بن زمعة (7) وأبي سعيد (8) وعلي بن أبي طالب (9) وحفصة وقد سقت طرقهم في الأحاديث المتواترة

**222.** ئائىشە، ئەبۇ مۇسا، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئاببىاس، سالىم .....قاتارلىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەبۇ بەكرىنى بۇيرۇڭلار، ئۇ كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرسۇن. ئەھمەد، بۇخارى، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن خەلىپە بولۇشىغا ئىشارەتتۇر.ئىمام ئەبۇلھەسەن ئەشئەري، سۇيۇتي، ئىبنى ھەجەرھەيتەمىيلەر:بۇھەدىسنى مۇتىۋاتىر دېدى.

**223.** (صحيح) إن أمن الناس علي في ماله و صحبته أبو بكر و لو كنت متخذا خليلا لاتخذت أبا بكر خليلا و لكن أخوة الإسلام لا يبقين في المسجد خوخة إلا خوخة أبي بكر (م ت) عن أبي سعيد .

**223.** ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ماڭا، مېلىدا، سۆھبىتىدە، ھەمراھلىقىدا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىكى، ئەمىنرەكى، ئەبۇ بەكرىدۇر، ئەگەر مەن ئاللاھدىن باشقا يېقىن دوست تۇتۇپ قالسام، ئەلۋەتتە، ئەبۇ بەكرىنى دوست تۇتىمەن. خاس ياخشى كۆرىمەن، لېكىن، ئىسلام قېرىنداشلىقى، دوستلۇقى ئەۋزەل، مەسجىددە ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىشىكىدىن باشقا بارلىق مەسجىدكە قاراشلىق ئىشىكلەر(ھاۋادان تەكچىلەر) قالماي تاقىۋېتىلسۇن، مۇسلىم، تىرمىزى، بۇخارىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

إنه ليس من الناس أحد أمن علي في نفسه و ماله من أبي بكر ابن أبي قحافة و لو كنت متخذا من الناس خليلا لاتخذت أبا بكر خليلا و لكن خلة الإسلام أفضل سدوا عني كل خوخة في هذا المسجد غير خوخة أبي بكر (حم خ) عن ابن عباس وأما سد الخوخ إلا خوخة أبي بكر فممن رواه أيضاً (1) أبو سعيد الخدري (2) وابن عباس (3) وجندب (4) وأبو الحويرث وقد أورد في الحاوي بعض طرقهما وقال ثبت بهذه الأحاديث الصحيحة بل المتواترة

**223.** ئىبنى ئابباس، ئەبۇ سەئىد، جۇندۇپ......قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشىلەر ئىچىدە ماڭا نەپسىدىمۇ، جېنىدىمۇ، مال ــ مۈلكىدىمۇ ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ قەھاپەدەك ئىشەنچلىك، ئەمىن كىشى يوق، ئۇ ماڭا يۇقىرىقى نەرسىلەردە ئەڭ ئىشەنچلىكتۇر، ئەگەر مەن كىشىلەردىن ئەڭ يېقىن دوست تۇتماقچى بولسام، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى دوست تۇتاتتىم، لېكىن، ئىسلام قېرىنداشلىقى، ئىسلام دوستلىقى ئەۋزەلدۇر، بۇ مەسجىددىكى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىشىكىدىن باشقا بارلىق ئىشىكلەرنى مەندىن تاقىۋېتىڭلار، (يەنى مەسجىددىكى كىچىك يان ئىشىك، ھاۋادان، تەكچى) ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

أمره عليه السلام بسد الأبواب في المسجد إلا باب علي وبسد الخوخ والمراد بها طاقات كانت في المسجد يستقربون الدخول منها إلا خوخة أبي بكر أما سد الأبواب إلا باب علي فممن رواه (1) سعد بن أبي وقاص (2) وزيد بن أرقم (3) وابن عباس (4) وجابر بن سمرة (5) وابن عمر (6) وعلي (7) وجابر بن عبد الله (8) وأنس بن مالك

(9) وبريدة الأسلمي

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يان ئىشىكىدىن باشقا مەسجىددىكى بارلىق يان ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىشكە بۇيرىشىنى سەئدى، زەيد، جابىر، ئەنەس.....قاتارلىق توققۇز ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار سۆزلىگەن مۇتىۋاتىردۇر.

**224.** (صحيح) إن أمن الناس علي في ماله و صحبته أبو بكر و لو كنت متخذا خليلا لاتخذت أبا بكر خليلا و لكن أخوة الإسلام لا يبقين في المسجد خوخة إلا خوخة أبي بكر (م ت) عن أبي سعيد .

**224.** ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ماڭا، مېلىدا، سۆھبىتىدە، ھەمراھلىقىدا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىكى، ئەمىنرەكى، ئەبۇ بەكرىدۇر، ئەگەر مەن ئالاھىدە يېقىن دوست تۇتۇپ قالسام، ئەلۋەتتە، ئەبۇ بەكرنى دوست تۇتىمەن، خاس ياخشى كۆرىمەن، لېكىن، ئىسلام قېرىنداشلىقى، دوستلۇقى ئەۋزەل، مەسجىددە ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىشىكىدىن باشقا بارلىق مەسجىدكە قاراشلىق ئىشىكلەر(ھاۋادان تەكچىلەر) قالماي تاقىۋېتىلسۇن، مۇسلىم، تىرمىزى، بۇخارىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

قال الحلبي في سيرته بعد ذكره في الكلام على الوفاة النبوية ما نصه وهذا حديث صحيح جاء عن بضعة عشر صحابياً ولكثرة طرقه عد من المتواتر

بۇھەدىسنى ئىمام ھەلبىي: ئون نەچچە ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلانغان مۇتىۋاتىر قاتارىدا سانىلىدۇ دېگەن.

**225.** (صحيح) لو كنت متخذا من أمتي خليلا دون ربي لاتخذت أبا بكر خليلا و لكن أخي و صاحبي (حم خ) عن ابن الزبير (خ) عن ابن عباسأورده في الأزهار من حديث (1) أبي سعيد (2) وابن عباس (3) وابن الزبير (4) وابن مسعود (5) وجندب البجلي (6) وأبي المعلى (7) وأبي هريرة (8) وأنس (9) وابن عمر (10) وأبي واقد (11) وعائشة أحد عشر نفساً. (12) جابر بن عبد اللّه (13) والبراء (14) وسعد ونص على تواتره أيضاً الشيخ عبد الرءوف المناوي في التيسير والشيخ مرتضى في شرح

الأحياء قائلاً الحديث متواتر وقد رواه زهاء عشر من الصحابة ثم ذكر الأربعة عشر المذكورين

**225.** ئىبنى زەبەير، ئىبنى ئاببـاس......قاتارلىق**14**ساھابە رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن ئۈممىتىمدىن، رەببىمنى قويۇپ رەببىمدىن باشقا بىرەرسىنى يېقىن دوست تۇتسام، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى دوست تۇتاتتىم. لېكىن، ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم، ئىسلام قېرىنداشلىقى ئەۋزەل ھەم ئۇ مېنىڭ ھەمراھىم، ساھابەم. (شۇنداقلا مەن ئاللاھنىڭ يېقىن دوستى). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان. سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**226.** من كنت مولاه فعلي مولاه (حم ه) عن البراء (حم) عن بريدة (ت ن الضياء) عن زيد بن أرقم (1) زيد بن أرقم (2) وعلي (3) وأبي أيوب الأنصاري (4) وعمر (5) وذي مر (6) وأبي هريرة (7) وطلحة (8) وعمارة (9) وابن عباس (10) وبريدة (11) وابن عمر (12) ومالك ابن الحويرث (13) وحبشي بن جنادة (14) وجرير (15) وسعد بن أبي وقاص (16) وأبي سعيد الخدري (17) وأنس (18) وجندع الأنصاري ثمانية عشر نفساً وعن عدة من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم أنهم سمعوا رسول الله صلى الله عليه وسلم يقوله وعن اثني عشر رجلاً منهم (19) قيس بن ثابت (20) وحبيب بن بديل بن ورقاء وعن بضعة عشر رجلاً منهم (21) يزيد أو زيد بن شراحيل الأنصاري .(22) البراء بن عازب (23) وأبي الطفيل (24) وحذيفة بن أسيد الغفاري (25) وجابر

**226.** بەررائى، بۇرەيدە، زەيد ئىبنى ئەرقەم ..... قاتارلىق**25** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن كىمنىڭ ئىگىسى، دوستى بولسام ئەلىمۇ ئۇنىڭ ۋەلىيسى، دوستى بولىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**227.** أنت مني بمنزلة هارون من موسى إلا أنه لا نبي بعدي (م ت) عن سعد (ت) عن جابر

**227.** سەئىد جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: سەن ماڭا نىسبەتەن خۇددى مۇساغا نىسبەتەن ھارۇننىڭ ئورنىدا تۇرىسەن، (يەنى ھارۇن، مۇساغا نىسبەتەن قانداق ئورۇننى ئىگىلىگەن بولسا، سەن ماڭا نىسبەتەن شۇنداق ئورۇننى ئىگىلەيسەن)، لېكىن، شەك ـ شۈبھىسىز مەندىن كېيىن قەتئىي پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس مۇشۇ چاغقىچە مۆجىزە بولدى، بۇندىن كېيىنمۇ مۆجىزە بولىدۇ، چۈنكى، راستىنلا ھەقىقي پەيغەمبەر كەلمىدى.

يا علي ! أما ترضى أن تكون مني بمنزلة هارون من موسى ؟ إلا أنه ليس بعدي نبي (حم ق ت ه) عن سعد (1) أبي سعيد الخدري (2) وأسماء بنت عميس (3) وأم سلمة (4) وابن عباس (5) وحبشي بن جنادة (6) وابن عمر (7) وعلي (8) وجابر بن سمرة (9) والبراء بن عازب (10) وزيد بن أرقم عشرة أنفس.(11) مالك بن الحويرث (12) وسعد بن أبي وقاص (13) وعمر ابن الخطاب وقد تتبع ابن عساكر طرقه في جزء فبلغ عدد الصحابة فيه نيفاً وعشرين وفي شرح الرسالة للشيخ جسوس رحمه اللّه ما نصه وحديث أنت مني بمنزلة هارون من موسى متواتر

**227.** سەئىد، ئەسماﺋ، جابىر، ئۆمەر......قاتارلىق **13** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەلى! سەن ماڭا نىسبەتەن خۇددى مۇساغا نىسبەتەن ھارۇننىڭ ئورنىدا بولۇشۇڭغا رازى بولمامسەن؟ لېكىن، شەك ـ شۈبھىسىز مەندىن كېيىن پەيغەمبەر يوقتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، مۇتىۋاتىر.

**228.** (صحيح) إنما فاطمة بضعة مني يؤذيني ما آذاها و ينصبني ما أنصبها (حم ت ك) عن الزبير

**228.** زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن پاتىمە رەزىيەللاھ ئەنھۇ مېنىڭ يۈرەك پارەم، ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزۈپ ئازار بەرگەن نەرسە، ماڭا ئازار بەرگەن بولىدۇ، ماڭىمۇ ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ، ئۇنى جاپا ـ مۇشەققەتتە قىينىغان نەرسە مېنىمۇ

قىلىنايدۇ، جاپاغا قويىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح)فاطمة بضعة مني فمن أغضبها أغضبني (خ) عن المسور

**228.** مىسۋەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مېنىڭ بىر قىسمىم، يۈرەك پارەم، ئۇنى غەزەپلەندۈرگەن، ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن كىشى مېنىڭ غەزىپىمنى، ئاچچىقىمنى كەلتۈرگەن بولىدۇ، (ھازىرمۇ شۇنداق بولىدۇ) بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

إن جبريل كان يعارضني القرآن كل سنة مرة و إنه عارضني العام مرتين و لا أراه إلا حضر أجلي و إنك أول أهل بيتي لحاقا بي فاتقي الله و اصبري فإنه نعم السلف أنا لك (ق ه) عن فاطمة .

**228.** پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جىبرىئىل ماڭا قۇرئاننى ھەر يىلى بىر قېتىم تەكلەيتتى، يەنى تىڭشاپ ئۆتكۈزەتتى، ئۇ ماڭا بۇ يىل قۇرئاننى ئىككى قېتىم تەكلەپ، تىڭشىدى، شۇنىڭغا قارىغاندا، ئەجىلىم توشۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ھەقىقەتەن سەن مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن تۇنجى بولۇپ ماڭا قوشۇلىسەن، ئاللاھتىن قورقىن، تەقۋادار بولغىن، سەۋرە قىلغىن. ھەقىقەتەن مەن سەن ئۈچۈن نېمىدېگەن ياخشى تەييارلانغان، ئالدىدىن كېتىپ ساقلاپ تۇرىغان كىشى ھە! (بۇ سۆزنى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا دېگەن ئىدى) بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

قال العزيزي في شرح الجامع ثبت ذلك في عدة أحاديث أفاد مجموعها التواتر المعنوي وقال في التيسير في شرح حديث أحب أهل بيتي إلي الحسن والحسين ما نصه والحق أن فاطمة لها الأحبية المطلقة ثبت ذلك في عدة أحاديث أفاد مجموعها التواتر المعنوي

ئالىملار: پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ھەدىسنى مۇتىۋاتىر دېدى

**229.** (صحيح) الحسن و الحسين سيدا شباب أهل الجنة و أبوهما خير منهما (ه ك)

عن ابن عمر (طب) عن قرة ومالك بن الحويرث (ك) عن ابن مسعود

**229.** ئىبنى ئۆمەر، قۇررەتم مالىك، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەسەن ـ ھۈسەيىن، جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ سەييىدى، خوجىسى، ئۇ ئىككىسىنىڭ دادىسى، ئەلى ئۇلاردىن ياخشىدۇر. ئىبنى ماجە، ھاكىم، تەبرانى توپلىغان. سەھىھ.

الحسن و الحسين سيدا شباب أهل الجنة (حم ت) عن أبي سعيد (طب) عن عمر وعلي وجابر وأبي هريرة (طس) عن أسامة بن زيد والبراء (عد) عن ابن مسعود (2) وحذيفة بن اليمان (3) وعمر بن الخطاب (4) وعلي (5) وجابر بن عبد اللّه (6) والحسين بن علي (7) وأسامة بن زيد (8) والبراء بن عازب (9) وقرة بن إياس (10) ومالك بن الحويرث (11) وأبي هريرة (12) وابن عمر (13) وابن مسعود (14) وأنس (15) وبريدة (16) وابن عباس ستة عشر نفساً .قلت) ورد أيضاً من حديث (17) الحسن بن علي ونقل أيضاً في فيض القدير وفي التيسير عن السيوطي أنه متواتر

**229.** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەسەن ـ ھۈسەيىن، ئىككىسى جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ سەييىدى، خوجىسى. ئەھمەد، تىرمىزى، تەبرانى ئەبۇ سەئىد، ئۆمەر، ئەلى، جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۇسامە، زەيىد، ئىبنى ئەدى، ئىبنى مەسئۇد...قاتارلىق**17**ساھابەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

**230.** إن ابني هذا سيد و لعل الله أن يصلح به بين فئتين عظيمتين من المسلمين (حم خ 3) عن أبي بكرة .عن (1) أبي بكرة (2) وأبي سعيد (3) وجابر وغيرهم وقال الترمذي في حديث أبي بكرة حسن صحيح وفي شرح مسلم لأبي عبد اللّه الأبي نقلاً عن القرطبي تواترت الآثار الصحيحة بأن النبي صلى اللّه عليه وسلم قال إن ابني هذا سيد الخ راجعه

**230.** ئەبۇ بۇكرەت، ئەبۇسەئىد، جابىر ۋەباشقاساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بۇ بالام يەنى ھەسەن، سەييىد، خوجا، يولباشچىدۇر، ئاللاھ بۇ بالام

بىلەن مۇسۇلمانلاردىن بولغان چوڭ ئىككى جامائەت ئىككى قوشۇننىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، سۈلھى ئارقىلىق ياراشتۇرشى مۇمكىن، بۇخارى، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىس مۇجىزىدۇر مۇتىۋاتىردۇر.

چۈنكى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، خەلىپىلىكنى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، شام بىلەن ئىراق ئارىسىنى چوڭ ئىككى قوشۇننى ياخشى ئۇسۇل بىلەن بىرلەشتۈرگەن، بۇ بىرلىشىش يىلى دەپ ئاتالغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇلارنى ھەر ئىككىلىسىنى مۇسۇلمان دېگەن، ئۇلارنىڭ ئىشى ئاكا ــ ئۇكىلار ئىشىغا ئوخشايدۇ، ئىجتىھاد تەئۋىلدىن بولغان توغرا قىلسا، ئىككى ئەجىر ئالىدۇ، خاتا قىلسا بىر ئەجىر ئالىدۇ، خاتالىقى مەغپىرەت، ئەپۇ قىلىنىدۇ، بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز، ئۇلار ياخشى كىشىلەر، جەننەت ۋەدە قىلىنغان كىشىلەر، تارىخ كۆرسىتىز ئىبنى كەسىرنىڭ (بەدايەت ۋە نەھايەتكە) ئوخشاش ئىشەنچىلىك توغرىسىنى كۆرۈڭ، خاتا، ساختا بۇزمىلانغاندىن ھەزەر قىلىڭ.

231. تقتل عمارا الفئة الباغية (حم) عن خزيمة بن ثابت وعن عمرو بن العاص وعن ابنه وعن عمرو بن حزم (م) عن أم سلمة (1) أبي سعيد (2) وأبي قتادة (3) وأم سلمة (4) وحذيفة (5) وابن مسعود (6) وعمار بن ياسر (7) وعمرو بن العاص (8) وابنه عبد اللّه (9) وعمرو بن حزم (10) وخزيمة بن ثابت (11) وعثمان بن عفان (12) وأنس (13) وأبي هريرة (14) وأبي رافع (15) وجابر بن عبد اللّه (16) ومعاوية بن أبي سفيان (17) وعبد اللّه بن عباس (18) وزيد بن أبي أوفى الأسلمي (19) وجابر بن سمرة (20) وأبي اليسر السلمي كعب بن عمرو (21) وزياد بن الفرد (22) وكعب ابن مالك (23) وأبي أمامة الباهلي (24) وعائشة أربعة وعشرين نفساً . (قلت) ورد أيضاً من حديث (25) ابن عمر (26) وأبي أيوب (27) وقتادة بن العمان (28) وزيد بن ثابت (29) وعمرو بن ميمون قال ابن عساكر وقد أدرك النبي صلى اللّه عليه وسلم ولم يره (30) وعمر (31) ومولاة لعمار ابن ياسر وممن صرح بتواتره السيوطي في خصائصه الكبرى وقال الحافظ ابن حجر في تخريج أحاديث الرافعي قال ابن عبد البر

تواترت الأخبار بذلك

**231.** خۇزەيمەت ئىبنى سابىت، ئەمرۇ ئىبنى ئاس، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ، ئەمرۇ ئىبنى ھەزىم، ئۇممە سەلەمەت....قاتارلىق**31**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەممار ئىبنى ياسىرنى ھەددىدىن ئاشقان زالىم جامائەت ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. (راستىنلا ئۇ خاتالاشقانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى) مۇسلىم، ئەھمەدلەر توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر

**232.** لقد أوتي هذا من مزامير آل داود - يعني أبا موسى - (حم ن ه) عن أبي هريرة (ن) عن عائشة(1) بريدة (2) وأبي هريرة (3) وعائشة (4) وأنس (5) والبراء (6) وسلمة بن قيس الأشجعي (7) وعبد الرحمان بن كعب بن مالك مرسلاً سبعة أنفس.(8) أبي موسى أخرجه الشيخان

**232.** بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە، ئەنەس....قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرداقۇرئان پەزىلىتىدە ئۆتكەن.« ھەقىقەتەن ئەبۇ مۇساغا داۋۇد ئائىلىسىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازلىرىدىن بىر ئاۋاز بېرىلىپتۇ» سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**233.** (پچيچ) اهتز ىرش الرچمن لموت سىد بن معاذ (چم م) ىن ۋنس (چم ق ن ه) ىن جابر . (1) جابر (2) وۋنس (3) وۋسيد بن چگير (4) وابن ىمر (5) وميقيب (6) وۋبي سيد ستە ۋنفس.(7) ىاىشه (8) وچۆيفه (9) واپم بن ىمر بن قتاده ىن جدتھ رميگە وۋكر ابن ىبد البر ۋنھ روۋ من وجوھ كگيره متواتره وفي شرچ المواهب گبت ىن ىشره من الصحابة أو أكثر

**233.** ئەنەس، جابىر....قاتارلىق ئون نەچچە ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەئدى ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن رەھماننىڭ ئەرشى تەۋرەپ كەتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**234.** (صحيح) لا تسبوا أصحابي فوالذي نفسي بيده لو أن أحدكم أنفق مثل أحد ذهبا ما بلغ مد أحدهم و لا نصيفه (حم ق د ت) عن أبي سعيد (م ه) عن أبي هريرة

**234.** ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر مېنىڭ ساھابىلىرىمنى تىللىماڭلار، ئەيىبلىمەڭلار، جېنىم قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بىرىڭلار ئوھۇد تېغىدەك ئالتۇننى سەدىقە قىلىپ، چىقىم قىلسىمۇ ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ بىر كىلوگىرام ۋە ئۇنىڭ يېرىمىچىلىك يەنى بىر جىڭ ئاشنى يا خورمىنى سەدىقە ئېھسان قىلغىنىنىڭ ساۋاب ـ دەرىجىسىگىمۇ يېتەلمەيدۇ. مۇسلىم **4610** ـ ھەدىس، بۇخارى **3397** ـ ھەدىس، ئەھمەد **10657** ـ ھەدىس، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ

خيركم قرني ثم الذين يلونهم ثم الذين يلونهم ثم يكون بعدهم قوم يخونون و لا يؤتمنون و يشهدون و لا يستشهدون و ينذرون و لا يوفون و يظهر فيهم السمن (ق 3) عن عمران بن حصين

**234**. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەڭ ياخشىلىرىڭلار مېنىڭ زامانىمدىكىلەر، ئاندىن كېيىن، ئۇلارغا يېقىن بولغانلار، ئاندىن كېيىن، ئۈچىنچى ئەسىردىكى تابىئىنلارغا يېقىن بولغانلار، يەنى ئەتبائلار ئاندىن كېيىن، شۇنداق قەۋملەر مەيدانغا چىقىدۇكى، ئۇلار ئامانەتنى ئادا قىلماي، خىيانەت قىلىدۇ، گۇۋاھچىلىققا تەلەپ قىلىنماي تۇرۇپمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ۋەدە قىلىپ ۋاپا قىلمايدۇ، ئۇلاردا سېمىزلىك ئاشكارا بولىدۇ، (يەنى دىن ئۈچۈن غەم قىلماي، خىزمەت قىلماي سەمرىيدۇ) بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ

تفضيل الصحابة على غيرهم من جميع القرون

ذكر اللقاني في شرحه لجوهرته أنها بالغة مبلغ التواتر وإن كانت تفاصيلها آحاداً

ئالىملار:ساھابىلارنى بارلىق زاماندىكى بارلىق كىشىلەردىن ئەبزەلدۇر. دېگەنگە ئىتتىپاققا كېلىپ بۇتوغرىسىدىكى ھەدىسنى مۇتىۋاتىر دېدى.

**235**. خير الناس قرني ثم الثاني ثم الثالث ثم يجيء قوم لا خير فيهم (طب) عن ابن مسعود

**235**. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى مېنىڭ ئەسرىمدىكى،

مېنىڭ زامانىمدىكى كىشىلەردۇر، يەنى ساھابىلار ئاندىن قالسا، ئىككىنچى ئەسىردىكى كىشىلەر، ئاندىن قالسا، ئۈچىنچى ئەسىردىكى كىشىلەردۇر، (يەنى تابىئىنلار، ئۇلارغا ئەگەشكەن ئەتباتئالاردۇر) ئاندىن كېيىن، نۇرغۇن قەۋملەر كېلىدۇ، ئۇلاردا ياخشىلىق يوقتۇر، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

مانا بۇ سەلەپ سالىھ ياخشىلاردۇر،

ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەلەردۇر.

ئەقىيدە بىلەن ئىبادەتتە توغرا يول تۇتقانلار،

ئەنە شۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەردۇر.

(صحيح) خير الناس قرني ثم الذين يلونهم ثم الذين يلونهم ثم يأتي من بعدهم قوم يتسمنون و يحبون السمن يعطون الشهادة قبل أن يسألوها(ت ك) عن عمران بن حصين

**235.** ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ياخشىسى مېنىڭ زامانىمدىكىلەردۇر، ئاندىن كېيىن، ئۇلارغا يېقىن بولغانلاردۇر، ئاندىن كېيىن، ئۇلارغا يېقىن بولغان ئۈچىنچى ئەسىردىكى كىشىلەردۇر، ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن بىر تۈركۈم قەۋملەر كېلىدۇ، ئۇلار سېمىزدۇر، سېمىزلىكنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلاردىن سورىلىشتىن بۇرۇنلا يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ بولىدۇ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) خير الناس قرني ثم الذين يلونهم ثم الذين يلونهم ثم يجيء أقوام تسبق شهادة أحدهم يمينه و يمينه شهادته (حم ق ت) عن ابن مسعود (2) وعمران بن حصين (3) وأبي هريرة (4) وعائشة (5) وبريدة (6) والنعمان بن بشير (7) وعمر (8) وسعد بن تميم (9) وجعدة بن هبيرة (10) وسمرة (11) وأبي برزة (12) وجميلة بنت أبي لهب (13) وعمرو بن شرحبيل مرسلاً ثلاثة عشر نفساً.

(قلت) في فيض القدير قال المؤلف يعني السيوطي يشبه أن الحديث متواتر

**235.** ئىبنى مەسئۇد، ئىمران، جەمىيلە، ئەمرۇ....قاتارلىق **13** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: كىشلەرنىڭ ياخشىسى، مېنىڭ زامانىمدىكىلەر، ئاندىن قالسا، ئۇلارغا يېقىن بولغانلار، ئاندىن قالسا، ئۇلارغا يېقىن بولغان ئۈچىنچى ئەسىردىكى كىشىلەردۇر، ئاندىن كېيىن، نۇرغۇن قەۋملەر مەيدانغا كېلىدۇكى، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى، قەسىمگە، قەسىمى گۇۋاھلىقىغا ئىلگىرلەپ كېتىدۇ. (يەنى، يالغان قەسەم، يالغان گۇۋاھلىق بېرىدۇ) ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر.

**236**. (صحيح) مثل أمتي مثل المطر لا يدرى أوله خير أم آخره (حم ت) عن أنس (حم) عن عمار (ع) عن علي (طب) عن ابن عمر وابن عمرو

**236**. ئەنەس، ئەممار، ئەلى، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئوخشىشى يامغۇرغا ئوخشايدۇ، بۇ يامغۇرنىڭ ئەۋۋەلقىسى ياخشىمۇ ياكى ئاخىرقىمۇ، باشتىكىسى مەنپەئەت قىلدىمۇ ئاخىرىمۇ؟ بىلگىلى بولمايدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك ئاخىرقىسىدىنمۇ ياخشىسى چىقىپ قالىدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ يەئلا، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، يامغۇرنىڭ باشتىكىسى ئاساس سېلىپ ئۈندۈرگەندەك، كېيىنكىسى بولسا، بارغا پايدا قىلغاندەك، بۇ ئۈممەتنىڭ ئەۋۋەلكى ساھابىلار، تابىئىنلار ئەۋزەلدۇر، ئۇلار ياخشىدۇر، بەدرىئەھلى، ھۇدەيبىييە ئەھلى ئەبزەلدۇر. كېيىنكىسى بولسا، ئەگىشىدۇ خالاس، ئەگەر شۇلارغا ئوخشاش ماڭالمىسا، ياخشى ئەگىشەلمىسە كېيىنكىلەر ياخشى ئەمەس، بەلكى يامان بولۇپ ھالاك بولىدۇ. بۇزرۇنقى سەلەف، سالىھلارنى ماختاپ، مەدىيلىگەن نۇرغۇن سەھىھ ھەدىس ئۆتتى، لېكىن، بۇ ھەدىس بىلەن زىت ئەمەس، چۈنكى، بۇ ھەدىسىدىن مەقسەت، ياخشى، سالىھ، ئەۋلىيالار تۈگىگىنى يوق، يەنىلا بىر تائىپە كىشىلەر چىقىپ تۇرىدۇ، ئۈممىد ئۈزمەڭلار، ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاش تۇغرا ئەقىدە، ئىبادەتتە چىڭ تۇرۇڭلار دېمەكچى.

ئالىملار بۇئۈممەتنىڭ باش ـ ئاخىرى، ئەمەللەرپەزىيلىتىدەبارابەرئوخشاش دېگەنگە ئىتتىپاققا كەلدى.ياخشى ئەمەلنىڭ پەزىيلىتى ئوخشاشتۇر.

**237**. ۋسلم سالمها الله و غفار غفر الله لها ۋما و الله ما ۋنا قلته و لكن الله قالها(چم □ب ك)ىن سلمه بن الۋكوى(م ىن ۋبي (**1**) ابن ىباس (**2**) وسلمه بن الۋكوى (**3**) وۋبي هريره (**4**) وۋبي ذر (**5**) وۋبي برزه (**6**) وخفاف بن ويما، الغفاري (**7**) وبريده (**8**) وۋبي قرپافه (**9**) وىبد الرچمان بن

سندر (10) وأبيه (11) وعمر بن يزيد الكعبي (12) وسلمان الفارسي (13) وابن عمر (14) وجابر

**237.** سەلەمەت ئىبنى ئەكۋە، ئەبۇ ھۇرەيرە.....قاتارلىق**14**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەسلەم قەبىلىسىنى ئاللاھ سالامەت قىلغاي، غىپپار قەبىلىسىنى مەغپىرەت قىلغاي، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ سۆزنى مەن دېمىدىم، ئاللاھمۇ شۇنداق دېدى، ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.مۇتېۋاتىر.

**238.** (صحيح) ما بين بيتي و منبري روضة من رياض الجنة

(حم ق ن) عن عبدالله بن زيد المازني (ت) عن علي وأبي هريرة

**238.** ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد، ئەلى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۆيۈم بىلەن مۇنبىرىمنىڭ ئارىلىقى جەننەت باغلىرىدىن بىر باغچىدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. مەنىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ئىدى، مانا بۇ جەننەت باغلىرىدىن بىر باغچىدۇر، ياكى مۇشۇ جاي ئىبادەت، ئىلىم ئارقىلىق شۇ باغقا سەۋەب بولىدۇ ياكى جەننەتكە يۆتكىلىدۇ، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

ما بين بيتي و منبري روضة من رياض الجنة و منبري على حوضي (حم ق ت) عن أبي هريرة (2) وعبد اللّه بن زيد المازني (3) وابن عمر (4) وجابر بن عبد اللّه (5) وأبي بكر الصديق خمسة أنفس.

(قلت) ذكره ابن حجر في تخريج أحاديث الرافعي من حديث أبي هريرة ثم قال وفي الباب عن أبي بكر وعمر وعلي والزبير وسعد بن أبي وقاص وابن عمر وعبد اللّه ابن زيد المازني وأبي سعيد الخدري وجبير بن مطعم وأبي واقد الليثي وزيد بن ثابت وزيد بن خارجة وأنس وجابر وسهل بن سعد وعائشة ومعاذ بن الحارث أبي حليمة القاري وغيرهم

**238.** ئەبۇ ھۇرەيرە، جابىر، زەيد، ئائىشە.....قاتارلىق ئون نەچچە ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ مېنىڭ ئۆيۈم بىلەن مۇنبىرىمنىڭ ئارىلىقى جەننەت باغلىرىدىن بىر باغدۇر، مۇنبىرىم بولسا، ھەۋزى كەۋسەرنىڭ ئۈستىدۇر، (بۇنىڭ مەنىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، تەبرانى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر.

**239**. (صحيح) ما بين لابتي المدينة حرام (ق ت) عن أبي هريرة

**239.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدىنىنىڭ ئىككى ساي ئارىلىقى ئىككى چەت ئارىسى ھارامدۇر، (يەنى، ئۇۋلىرى ئۇۋلانمايدۇ، دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ ۋاھاكازا........). بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) المدينة حرم آمن (أبو عوانة) عن سهل بن حنيف

**239.** سەھلى ئىبنى ھەنىفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدىنە ئەمىن، تېنىچ، خاتىرجەم ھەرەم .يەنى ھارام قىلىنغان جايدۇر.ئەبۇ ئەۋانە توپلىغان، سەھىھ.

ذكر ابن القيم في أعلام الموقعين أنه رواها بضعو وعشرون صحابياً

ئىبنى قەيۇم مەدىنىنىڭ ھارام بۇلۇش ھەدىسنى مۇتىۋاتىردىدى.

**240**. أحد جبل يحبنا و نحبه (خ) عن سهل بن سعد (ت) عن أنس (حم طب الضياء) عن سويد بن عامر الأنصاري وماله غيره (أبو القاسم بن بشران في أماليه) عن أبي هريرة عن (1) سهل بن سعد (2) وأنس (3) وسويد بن عامر الأنصاري قال في الجمع وماله غيره لكن ذكر ابن الأثير له حديثاً آخر وهو بلوا أرحامكم ولو بالسلام (4) وأبي عبس بن جبر (5) وأبي هريرة (6) وأبي حميد الساعدي (7) وعمرو بن عوف المزني (8) وأبي قلابة

**240.** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوھۇد بىزنى ياخشى كۆرىدىغان تاغ، بىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمىز، بۇ ھەدىسنى بۇخارى، سەھلىدىن تىرمىزى، ئەنەستىن ئەھمەد، تەبرانى، زىيائولمەقدەسى، سوۋەيد

ئىبنى ئامىر ئەنسارى، ئەبۇلقاسىم، ئىبنى بەشەر، ئەبۇ ھۇرەيرە.....قاتارلىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، مۇتېۋاتىر.

**241.** (صحيح) المرء مع من أحب (حم ق 3) عن أنس (ق) عن ابن مسعود(1) أبي موسى (2) وصفوان بن عسال (3) وجابر بن عبد الله (4) وابن مسعود (5) وأبي هريرة (6) وعلي (7) وأبي قتادة (8) وأبي سريحة (9) وعبد الله بن يزيد الخطمي (10) وصفوان بن قدامة (11) وعروة بن مضرس الطائي (12) ومعاذ بن جبل (13) وأبي أمامة الباهلي ثلاثة عشر نفساً. (14) أبي ذر (15) وأنس وفي شرح المواهب هذا الحديث متواتر

**241.** ئەنەس، ئىبنى مەسئۇد.....قاتارلىق**15**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشى بىلەن بىللە بولىدۇ. (يەنى جەننەتتە.شۇڭا ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈش ۋاجىپ). ئەھمەد، بەيھەقى، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.مۇتېۋاتىر.

كتاب المعجزات والخپاپپ

**رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئادىتتىن تاشقىرى مۆجىزىلىرى ۋەخۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا**

**242.** دعوى النبوة منه صلى الله عليه وسلم وإظهاره للمعجزات

ذكر السعد في شرح النسفية أنها متواترة ونصه بعد كلام أما دعوى النبوءة فقد علم بالتواتر وأما إظهار المعجزة فنقل عنه من الأمور الخارقة للعادة ما بلغ القدر المشترك منه حد التواتر

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىنغا دەۋەت قىلىش جەريانىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى مۆجىزىلىرىنى ئالىملار مۇتېۋاتىر دېدى.

بۇھەم قۇرئاندا سابىتتۇر.قۇرئان ئۆزى بىر مۆجىزدۇر.

**243.** إجابة دعوته صلى الله عليه وسلم

ذكر تواترها عياض وغيره ونص عياض وإجابة دعوة النبي صلى اللّه عليه وسلم لجماعة دعا لهم وعليهم متواتر على الجملة معلوم ضرورة اهـ.

وكتب الشهاب على قوله على الجملة أي متواتر تواتراً معنوياً باعتبار معناه الإجمالي وإن لم تتواتر أفراده

**243.** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇئالىرىنىڭ ئىجابەت بۇلىشى توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى قازي ئىياز ۋەباشقا ئالىملار مۇتىۋاتىر خەۋەر دېدى. مەسىلەن:سۇ سوراش توغرىسىدا دۇئاقىلىپ مۇنبەردىن چۈشمەي تۇرۇپلا يامغۇر يېغىشى قاتارلىقلار.

**244.** (صحيح) ما من شيء لم أكن أريته إلا رأيته في مقامي هذا حتى الجنة و النار و لقد أوحي إلي أنكم تفتنون في قبوركم مثل أو قريبا من فتنة المسيح الدجال يؤتى أحدكم فيقال له: ما علمك بهذا الرجل ؟ فأما المؤمن أو الموقن فيقول: هو محمد رسول الله جاءنا بالبينات و الهدى فأجبنا و آمنا و اتبعنا هو محمد ثلاثا فيقال له: نم صالحا قد علمنا إن كنت لموقنا به و أما المنافق أو المرتاب فيقول: لا أدري سمعت الناس يقولون شيئا فقلته (حم ق) عن أسماء بنت أبي بكر

**244.** ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان ھەر قانداق نەرسىنى مۇشۇ ئورنۇمدا ھازىر كۆردۈم. ھەتتا جەننەت بىلەن دوزاخنىمۇ كۆردۈم، ھەقىقەتەن ماڭا مۇنداق ۋەھيى قىلىندى، سىلەر قەبرەڭلاردا مەسىيھ دەججالنىڭ پىتنىسىدەك ياكى شۇنىڭغا يېقىن سوراق ـ سوئال، ئىمتىھان قىلىنىپ سىنىلىسىلەر، پىتنىگە قالىسىلەر، بىرىڭلار كەلتۈرۈلۈپ ئۇنىڭغا ماۋۇ كىشىگە ئىلمىڭ قانداق دېيىلىدۇ؟ ئەمما مۆئمىن شەكسىز ئىشەنگۈچى بولسا، ئۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بىزگە روشەن مۆجىزە، ئالامەتلەر بىلەن كەلدى، ھىدايەت بىلەن كەلدى، بىز ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئىمان كەلتۈردۇق، ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق، ئۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەپ ئۈچ قېتىم

دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سالىھ، ياخشى ھالەتتە ئۇخلىغىن، بىز ھەقىقەتەن سىنىڭ ئۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىدىغانلىقىڭنى بىلەتتۇق دېيىلىدۇ، ئەمما، مۇناپىق ياكى شەكلەنگۈچى بولسا: مەن بىلمەيمەن، كىشىلەرنىڭ بىر نەرسىنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، مەنمۇ دەپ قويغان دەيدۇ، (شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاتتىق توقماق يەيدۇ). ئەھمەد، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

إطّلاعه صلى اللّه عليه وسلم على المغيبات وإنبائه عنها

ذكر تواترها أيضاً عياض في الشفا وغيره ونص عياض وكذلك إخباره عن الغيوب وإنباؤه بما يكون وكان معلوم من آياته على الجملة بالضرورة

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ الله تەرىپىدىن، الله بىلدۈرسە غەيبنى بىلىشىنى ، قىيامەتكىچەيۈز بېرىدىغان بەزى بىر ئىشلارنى خەۋەر قىلىپ بېرىش ھەدىسلىرىنى ئىياز قاتارلىقلار مۇتەۋاتىر دېدى.

**245**. حسن صورته صلى اللّه عليه وسلم وجمالها وتناسب أعضائها

ذكر القاضي عياض في الشفا أنه جاءت الآثار الصحيحة والمشهورة الكثيرة بها من حديث (1) علي (2) وأنس (3) وأبي هريرة (4) والبراء (5) وعائشة (6) وابن أبي هالة (7) وأبي جحيفة (8) وجابر بن سمرة (9) وأم معبد (10) وابن عباس (11) ومعرض بن معيقيب (12) وأبي الطفيل (13) والعداء بن خالد (14) وخريم بن فاتك (15) وحكيم بن حزيم وغيرهم قال الشهاب في شرحها وأشار بقوله وغيرهم إلى من وراء هؤلاء (16) ككعب بن مالك (17) والفاروق (18) والصديق (19) وبنت معوذ كما في كتاب الدلائل والوفاء وغيرهما

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈرىتىنىڭ گۈزەللىكى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى، ئەزالىرىنىڭ ماس ـ مۇناسىپ گۈزەل چىرايلىق ئىكەنلىكى **19**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن مۇتەۋاتىر خەۋەردۇر.

(صحيح) كان ربعة من القوم ليس بالطويل البائن و لا بالقصير أزهر اللون ليس بالأبيض الأمهق و لا بالآدم و ليس بالجعد القطط و لا بالسبط (ق ت) عن أنس

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ جىسمى ئوتتۇرھال، نورمال ئىدى، بەكمۇ ئېگىز ئەمەس، بەكمۇ پاكار ئەمەس، ئوتتىھال ئىدى، رەڭگى نۇرلۇق، ئاق ئىدى، بەكمۇ ئاپئاق ئەمەس، بەكمۇ بۇغداي ئۆڭلۈك ئەمەس. ئاق نۇرلۇق بۇغداي ئۆڭلۈك ئىدى، چېچى بەك قىسقا بۇدرە ئەمەس بەك ئۆزۈنمۇ ئەمەس، ئوتتىھال نورمال ئىدى. بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) كان وجهه مثل الشمس و القمر و كان مستديرا (م) عن جابر بن سمرة

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزى خۇددى قۇياشقا، ئايغا ئوخشاش نۇرلۇق ئىدى، يۇملاق گۈزەل ئىدى. مۇسلىم توپلىغان. سەھىھ.

**246.** كان أبيض كأنما صيغ من فضة رجل الشعر (ت في الشمائل) عن أبي هريرة

**246.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەڭگى ئاق ئىدى، خۇددى كۈمۈشتىن قۇيۇپ قۇيغاندەك نۇرلۇق، ئاق ئىدى، چېچى تاراغلىق ئىدى. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

كان أبيض مشربا بحمرة ضخم الهامة (أغر أبلج أهدب الأشفار) (البيهقي) عن علي

**246.** ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەڭگى قىزىل رەڭ بىلەن رەڭ بېرىلگەندەك ئاق ئىدى، يەنى ئاقىراق، بۇغداي ئۆڭلۈك، مەڭزى قىزىلراق ئىدى، باش سۆڭىكى چوڭ ئىدى، يۈزى نۇرلۇق، ئاق، خۇددى سۈبھىدەك نۇرلۇق ئىدى، قويۇق كىرپىكلىك ئىدى. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

كان أبيض مشربا بياضه بحمرة و كان أسود الحدقة أهدب الأشفار (البيهقي في الدلائل) عن علي

**246.** ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەڭگى، قىزىللىق بىلەن رەڭ بېرىلگەن، قىزىل رەڭ ئۆچۈرۈلگەندەك، ئاق، يەنى ئاقىراق، بۇغداي ئۆڭلۈك ئىدى، كۆز قارىچۇقى قارا ئىدى، ناھايىتى كىرپىكلىك ئىدى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) كان أبيض مليحا مقصدا (م ت في الشمائل) عن أبي الطفيل

**246**. ئەبۇتتۇپەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نۇرلۇق ئاق ئىدى، جىسمى ئوتتۇرىھال ئىدى. مۇسلىم **4316** ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەڭگىنىڭ نۇرلۇق ئاق، بۇغداي ئۆڭلۈك گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئالىملار **15**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن سۆزلەنگەن مۇتىۋاتىر دېدى.

**247**. شجاعته صلى الله عليه وسلم ذكر الشيخ عبد الرءوف المناوي في حرف كان من شرح الجامع أنها ثابتة بالتواتر ودلالة القرآن وكذا قال في شرح المواهب

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باتۇرلىقىنى شەيخ ئابدۇ رەئۇق مەناۋىي قاتارلىق ئالىملار مۇتىۋاتىر بۇ قۇرئاندىمۇ سابىتتۇر دېدى.

كان أحسن الناس و أجود الناس و أشجع الناس (ق ت ه) عن أنس

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ ئەڭ گۈزەلرەكى، ياخشىراقى، سېخىيراقى، باتۇرراقى ئىدى. بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**248**. (صحيح) كان أحسن الناس خلقا (م د) عن أنس

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى ئەڭ گۈزەلرەكى، ياخشىراقى ئىدى. مۇسلىم **1654** ـ ھەىس، بۇخارى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) كان رحيما بالعيال (الطيالسي) عن أنس

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھلى ئاياللىرىغا باللىرىغا مېھرىبان، كۆيۈمچان، رەھىمدىل ئىدى. تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

(حسن) كان رحيما و كان لا يأتيه أحد إلا وعده و أنجز له إن كان عنده (خد) عن أنس

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەھىمدىل، باغرى يۇمشاق ئىدى، بىرەر كىشى نەرسە سوراپ كەلسە، ۋەدە

بېرىپ يولغا سالاتتى، ئەگەر ئالدىدا، قول ئىلكىدە بولۇپ قالسا ۋەدىسىنى ئىجرا قىلىپ، ۋەدىسىدە تۇراتتى. بۇخارى تارىخدا توپلىغان، ھەسەن.

حلمه وعفوه وتجاوزه صلى اللّه عليه وسلم ذكروا أنها متواترة

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مېھرىبان، ئەپۇچان، كەڭ قۇساق ئىكەنلىكىنى ئالىملار: مۇتەۋاتىر ھەدىس دېدى.

**249.** معرفته بالأمور الدنيوية وأحوالها تفصيلاً وسياسة أهلها على اختلاف عقولهم وطبائعهم وعاداتهم وألسنتهم

ذكره العياض في الشفا ونصه وقد تواتر بالنقل عنه صلى اللّه عليه وسلم من المعرفة بأمور الدنيا ودقائق مصالحها وسياسة فرق أهلها ما هو معجز في البشر كما نبهنا عليه في باب معجزاته من هذا الكتاب اهـ.

وهذا أيضاً من التواتر المعنوي كما هو واضح ونبه عليه الشهاب في شرح الشف

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىن ئىشىدىن باشقا دۇنيا ئىشلىرىنىمۇ ياخشى بىلىشىنى، سىياسەتنى ناھايىتى ياخشى ئېلىپ بېرىشىنى، كىشىلەرنىڭ ئەقىل، تەبىئىتىنى تىل، ئۆرپ ئادەتلىرىنىمۇ

پىششىق بىلىشىنى ئالىملار: مۇتەۋاتىر خەۋەر دېدى.

**250.** عموم رسالته صلى اللّه عليه وسلم وأنه بعث إلى كل أحمر وأسود

ذكر غير واحد أنها متواترة ومعنى وعضدها القرآن والإجماع وفي كفاية المحتاج في ترجمة الشيخ الإمام أبي عبد اللّه محمد بن إبراهيم التلمساني المعروف بابن الإمام

إن الله بعثني إلى كل أحمر و أسود و نصرت بالرعب و أحل لي المغنم و جعلت لي الأرض مسجدا و طهورا و أعطيت الشفاعة للمذنبين من أمتي يوم القيامة (ابن عساكر) عن علي .

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مېنى بارلىق كىشىلەرگە ھەتتا، سېرىق

تەنلىك، قارا تەنلىكلەرگىمۇ پەيغەمبەر، ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، ماڭا دىنىسىزلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى، ماڭا غەنىيمەت ھالال قىلىندى، مەن ئۈچۈن زىمىنىنىڭ ھەممە يېرى مەسجىد ۋە پاكلىغۇچى يەنى تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس بولىدىغان قىلىندى، ماڭا قىيامەت كۈنى ئۇممىتىمدىن گۇناھكار ئاسىيلارغا شاپائەت قىلىشىم بېرىلدى، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈمۈمىيۈزلۈك كىشىلەرگە يەرىيۈزىدىكى بارلىق كىشىلەرگە ئەلچى قىلىنىپ ئەۋەتىلىشىنى ئالىملار: مۇتېۋاتىر ھەدىس دېدى.بۇنى ھەم قۇرئان ئايىتى كۈچلاندۇرىدۇ.

251 . (صحيح) صلاة في مسجدي هذا أفضل من ألف صلاة فيما سواه من المساجد إلا المسجد الحرام فإني آخر الأنبياء و إن مسجدي آخر المساجد (م ن) عن أبي هريرة

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ مەسجىدىمدىكى بىر ناماز، مەسجىدى ھەرەمدىن باشقا بارلىق جايلاردىكى **1000** نامازدىن ئەۋزەل، ھەقىقەتەن مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ھەقىقەتەن مېنىڭ مەسجىدىم، بارلىق مەسجىدلەرنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەر مەسجىدىنىڭ) ئاخىرقىسىدۇر مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

عليهم عدوا من سوى أنفسهم فيستبيح بيضتهم و لو اجتمع عليهم من بين أقطارها حتى يكون بعضهم يفني بعضا و إنما أخاف على أمتي الأئمة المضلين و إذا وضع في أمتي السيف لم يرفع عنهم إلى يوم القيامة و لا تقوم الساعة حتى تلحق قبائل من أمتي بالمشركين حتى تعبد قبائل من أمتي الأوثان و إنه سيكون في أمتي كذابون ثلاثون كلهم يزعم أنه نبي و أنا خاتم النبيين لا نبي بعدي و لا تزال طائفة من أمتي على الحق ظاهرين لا يضرهم من خالفهم حتى يأتي أمر الله (حم م د ت ه) عن ثوبان .

**251.** سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ تائالا ماڭا زېمىننى قاتلاپ، يىغىپ كۆرسەتتى، مەن زېمىننىڭ مەشرىق، مەغرىپلىرىنى كۆردۈم، ھەقىقەتەن ئۇممىتىمنىڭ پادىشاھلىقى، ئىگىلىك ھوقۇقى پات يېقىندا ماڭا كۆرسىتىلگەن

جايلارغا يېتىپ بارىدۇ، ماڭا ئالتۇن ــ كۈمۈشتىن ئىبارەت ئىككى كاڭ بېرىلدى، ھەقىقەتەن مەن ئۈممىتىم ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىمدىن ئۇلارنى قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىق بىلەن يوقىتىۋەتمەسلىكنى سورىدۇم. شۇنداقلا، ئۇلارغا ئۆز ئىچىدىن باشقا دۈشمەنلەرنى غالىپ قىلماسلىقنى سورىدىم. دۈشمەنلەر غالىپ كېلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، سەلتەنەتلىرىنى تارتىۋالىدۇ، ھەقىقەتەن رەببىم ئاللاھ، ماڭا مۇنداق دېدى، ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەقىقەتەن مەن بىرەر ھۆكۈمنى، قازانى قىلسام، شەك ــ شۈبھىسىز ئۇ رەت قىلىنمايدۇ، مەن ئۈممىتىڭنى قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىق بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھالاك قىلمايمەن، ئۇلارنىڭ سەلتەنەتلىرىنى تارتىۋالىدىغان، ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنىمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىپ قىلمايمەن، گەرچە دۈشمەنلەر ئۇلارغا قارشى پۈتۈن قىتئەلەر ئارا تەرەپ ــ تەرەپتىن بىرلەشسىمۇ يەنىلا ئۈممىتىڭ ئۈستىگە غالىپ قىلمايمەن، تاكى ئۇلار يەنى ئۈممىتىڭ بەزىسى ــ بەزىسىنى ھالاك قىلىپ، بەزىسى ــ بەزىسىنى يوقىتىۋېتىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن مەن ئۈممىتىمگە زالالەتچى ئازغۇن، ئازدۇرغۇچى ئىمامىلاردىن قورقىمەن، شۇنداق ئىماملاردىن ئەنسىرەيمەن، ئۈممىتىم ئىچىگە ئۆزئارا ئۇرۇشۇش، قىرغىنچىلىق ئۈچۈن قىلىچ قويۇلسا، قىيامەت كۈنىگىچە كۆتۈرۈلمەيدۇ، ئۈممىتىمدىن بىر نەچچە قەبىلە مۇشرىكلارغا قوشۇلۇپ كەتمىگىچە، بىر نەچچە قەبىلە بۇتلارغا چوقۇنۇپ ئىبادەت قىلىپ كەتمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ھەقىقەتەن يېقىندا ئۈممىتىم ئىچىدە 30 كاززاپ چىقىپ، ھەممىسى پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىدۇ، مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، تامام قىلغۇچىسى، مەندىن كېيىن قەتئىي پەيغەمبەر چىقمايدۇ، ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە ھەق ئۈستىدە ھەقىقەت ئۈستىدە غەلىبە قىلغان ھالدا، داۋاملىشىدۇ، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلغانلار ئۇلارغا زىيان ــ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرى، قىيامەت كەلگەنگە قەدەر شۇنداق غەلىبە قىلىدۇ، مۇسلىم **5144** ــ ھەدىس، تىرمىزى **2102** ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد **3710** ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە **3942** ــ ھەدىس، ئەھمەد **21415** ــ ھەدىس، سەھىھ.

(صحيح) إن الرسالة و النبوة قد انقطعت فلا رسول بعدي و لا نبي و لكن المبشرات رؤيا الرجل المسلم و هي جزء من أجزاء النبوة (حم ت ك) عن أنس

**251.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئەلچى ئەۋەتىش، پەيغەمبەرلىك، مەن بىلەن ئۈزۈلۈپ، ئاخىرلاشتى، مەندىن كېيىن مۇرسەل پەيغەمبەرمۇ، نەبىي پەيغەمبەرمۇ يوق، ۋە لېكىن، خۇش بېشارەت بەرگۈچى سىددىق، شېھىد، ئەۋلىيالار قالىدى، مۇسۇلمان كىشىنىڭ ياخشى چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ جۇزئىلىرىدىن بىر جۇزئى، پارچىدۇر، (بېشارەت شۇ بولسا كېرەك) ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. مۇئمىننىڭ ياخشى چۈشى، پەيغەمبەرلىكنىڭ **1/46**گە تەڭ دېگەن بار، ۋەھى ساق ئالتە ئاي چۈش بىلەن نازىل بولغان، بۇ ئالتە ئاي **23** يىللىق پەيغەمبەرلىكنىڭ **1/46**گە تەڭدۇر، الله ئەئلەم.

ذكر غير واحد أنها ثابتة بالتواتر ودلالة القرآن وفي المواهب قد أخبر اللّه تعالى ورسوله صلى اللّه عليه وسلم في السنة المتواترة عنه أنه لا نبي بعده ليعلموا أن كل من ادعى هذا المقام بعده فهو كذاب أفاك دجال ضال

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن ھەق پەيغەمبەر كەلمەيدىغانلىق توغرىسىدىكى ھەدىسنى ئالىملار مۇتىۋاتىر دېدى.

بۇنىمۇ ھەم قۇرئان ئايىتى كۈچلاندۇرىدۇ. بۇ قۇرئاندا باردۇر. بۇ مۆجىزدۇر.

**252.** أعطيت خمسا لم يعطهن أحد من الأنبياء قبلي : نصرت بالرعب مسيرة شهر و جعلت لي الأرض مسجدا و طهورا فأيما رجل من أمتي أدركته الصلاة فليصل و أحلت لي الغنائم و لم تحل لأحد قبلي و أعطيت الشفاعة و كان النبي يبعث إلى قومه خاصة و بعثت إلى الناس عامة (ق ن) عن جابر . (2) وأبي هريرة (3) وعلي (4) وابن عباس (5) وابن عمرو (6) وأبي ذر (7) وأبي موسى (8) وابن عمر (9) والسائب بن يزيد (10) وأبي سعيد الخدري عشرة أنفس.

(قلت) ذكره من حديث العشرة المذكورين أيضاً في مناهل الصفا ونقل في فيض القدير أيضاً عن السيوطي أنه متواتر

**252.** جابىر...قاتارلىق **10**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا بېرىلمىگەن بەش ئىش ماڭا بېرىلدى.

**1.** ماڭا بىر ئايلىق مۇساپە يىراقدىن كاپىرلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى.

**2.** مەن ئۈچۈن يەنى بارلىق ئۈممىتىم ئۈچۈن زىمىن، مەسجىد قىلىندى، ۋە تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن پاكلىغۇچى پاكىز قىلىندى.ئۈممىتىمدىن كىمگە ناماز ۋاختى كىرسە، شۇ جايدا ناماز ئوقۇۋەرسە بولىدۇ، «بۇرۇنقىلار مەسجىددىن باشقا جايدا ناماز ئوقىيالمايتتى»

**3.** ماڭا غەنىيمەت ھالال قىلىندى، مەندىن بۇرۇن ھېچ كىشىگە ھالال قىلىنمىغان «غەنىيمەتنى ئوت چۈشۈپ كۆيدۈرۈۋېتەتتى».

**4.** ماڭا شاپائەت بېرىلدى.

**5.** ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە خاسلا ئەۋەتىلگەن، مەن بولسام بارلىق كىشلەرگە ئاممەتەن ئەۋەتىلدىم «يەنى بىرەر ئىنسان مارىسقا چىقۋالسىمۇ يەنىلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىدۇر.» نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر.

**253**. أتيت بالبراق و هو دابة أبيض طويل فوق الحمار و دون البغل يضع حافره عند منتهى طرفه فركبته حتى أتيت بيت المقدس فربطته بالحلقة التي تربط بها الأنبياء ثم دخلت المسجد فصليت فيه ركعتين ثم خرجت فجاءني جبريل بإناء من خمر و إناء من لبن فاخترت اللبن فقال جبريل : اخترت الفطرة ؛ ثم عرج بنا إلى السماء فاستفتح جبريل فقيل : من أنت ؟ قال : جبريل قيل : و من معك ؟ قال : محمد قيل : و قد بعث إليه ؟ قال : قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بآدم فرحب بي و دعا لي بخير ؛ ثم عرج بنا إلى السماء الثانية فاستفتح جبريل فقيل : من أنت ؟ قال : جبريل قيل : و من معك ؟ قال : محمد قيل : و قد بعث إليه ؟ قال : قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بابني الخالة : عيسى بن مريم و يحيى بن زكريا فرحبا بي و دعوا لي بخير ؛ ثم عرج بنا إلى السماء الثالثة فاستفتح جبريل فقيل : من أنت ؟ قال : جبريل قيل : و من معك ؟ قال : محمد قيل : و قد بعث إليه ؟ قال : قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بيوسف و إذا هو قد أعطي شطر الحسن فرحب بي و دعا لي بخير ؛ ثم عرج بنا إلى السماء الرابعة فاستفتح جبريل فقيل : من هذا ؟ قال : جبريل قيل : و من معك ؟ قال : محمد قيل : و قد بعث إليه ؟ قال : قد بعث إليه ففتح لنا

فإذا أنا بإدريس فرحب بي و دعا لي بخير قال الله تعالى : (و رفعناه مكانا عليا ؛ ثم عرج بنا إلى السماء الخامسة فاستفتح جبريل فقيل : من هذا ؟ قال : جبريل قيل : و من معك ؟ قال : محمد قيل : و قد بعث إليه ؟ قال : قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بهارون فرحب بي و دعا لي بخير ؛ ثم عرج بنا إلى السماء السادسة فاستفتح جبريل فقيل : من هذا ؟ قال : جبريل قيل : و من معك ؟ قال : محمد قيل : و قد بعث إليه ؟ قال : قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بموسى فرحب بي و دعا لي بخير ؛ ثم عرج بنا إلى السماء السابعة فاستفتح جبريل فقيل : من هذا ؟ قال : جبريل قيل : و من معك ؟ قال : محمد قيل : و قد بعث إليه ؟ قال : قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بإبراهيم مسندا ظهره إلى البيت المعمور و إذا هو يدخله كل يوم سبعون ألف ملك لا يعودون إليه ثم ذهب بي إلى سدرة المنتهى و إذا ورقها كآذان الفيلة و إذا ثمرها كالقلال فلما غشيها من أمر الله ما غشي تغيرت فما أحد من خلق الله يستطيع أن ينعتها من حسنها فأوحى الله إلي ما أوحى ففرض علي خمسين صلاة في كل يوم و ليلة ؛ فنزلت إلى موسى فقال : ما فرض ربك على أمتك قلت : خمسين صلاة قال : ارجع إلى ربك فسله التخفيف فإن أمتك لا تطيق ذلك فإني قد بلوت بني إسرائيل و خبرتهم فرجعت إلى ربي فقلت : يا رب خفف عن أمتي فحط عني خمسا ؛ فرجعت إلى موسى فقلت : حط عني خمسا قال : إن أمتك لا يطيقون ذلك فارجع إلى ربك فسله التخفيف ؛ فلم أزل أرجع بين ربي و بين موسى حتى قال : يا محمد إنهن خمس صلوات كل يوم و ليلة لكل صلاة عشر فذلك خمسون صلاة و من هم بحسنة فلم يعلمها كتبت له حسنة فإن عملها كتبت له عشرا و من هم بسيئة فلم يعملها لم تكتب شيئا فإن عملها كتبت سيئة واحدة ؛ فنزلت حتى انتهيت إلى موسى فأخبرته فقال : ارجع إلى ربك فسله التخفيف فقلت : قد رجعت إلى ربي حتى استحييت منه حم م عن أنس . (1) أنس (2) ومالك بن صعصعة (3) وأبي ذر (4) وجابر بن عبد اللّه (5) وبريدة (6) وحذيفة بن اليمان (7) وابن عباس (8) وأبي بن كعب (9) وأبي سعيد الخدري (10) وشداد بن أوس (11) وأبي هريرة (12) وعائشة (13) وابن مسعود (14) وعلي ابن أبي طالب (15) وعمر بن الخطاب (16) وأبي حبة الأنصاري (17) وأبي ليلى الأنصاري

(18) وأبي الحمراء (19) وأبي أيوب (20) وأبي أمامة (21) وسمرة بن جندب (22) وابن عمرو (23) وصهيب بن سنان (24) وأسماء بنت أبي بكر (25) وعبد الرحمان بن قرط (26) وأم هانئ (27) وأم سلمة سبعة وعشرين نفساً.

(قلت) عد الحافظ الشامي في معراجه الذين رووا قصة الإسراء والمعراج عنه صلى اللّه عليه وسلم فبلغوا تسعة وثلاثين وعد منهم ممن لم يذكره السيوطي هنا (28) أسامة بن زيد (29) وبلال بن حمامة (30) وبلال بن سعد (31) وسهل ابن سعد (32) وابن عمر (33) وابن الزبير (34) وابن أبي أوفى (35) وعبد اللّه بن أسعج بن زرارة (36) وعبد الرحمان بن عابس (37) والعباس بن عبد المطلب (38) وأبا بكر (39) وعثمان (40) وأبا الدرداء (41) وأبا سفيان بن حرب (42) وأبا سلمة (43) وأبا سلمى الراعي (44) وأم كلثوم بنت رسول اللّه صلى اللّه عليه وسلم وزاد في شرح المواهب نقلاً عن ابن دحية (45) عياض.

**253.** ئەنەس، بىلال، ئىياز .....قاتارلىق **45**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا بۇراق كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئىشەكتىن چوڭراق قېچىردىن كىچىكرەك ئۇزۇن ئاق ھايۋان ئىدى، يۈگۈرسە، قەدىمنى تۇۋۇقنى كۆزى يەتكەن جايغا قوياتتى. يەنى بىر كۆز يېتىم مىقدارىغا بىر ئاتلايتتى. مەن ئۇنىڭغا مىنىپ بەيتۇلمۇقەددەسكە كەلدىم، ئۇنى پەيغەمبەرلەر ئۇلۇغنى باغلايدىغان ھالقىغا باغلاپ قويۇپ، مەسجىدكە كىرىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇم. ئاندىن چىقسام، ماڭا جىبرىئىل بىر قاچىدا ھاراق، بىر قاچىدا سۈت ئېلىپ كەپتۇ، مەن سۈتنى تاللىدىم. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى، سەن پىترەتنى يەنى دىننى قوبۇل قىلىدىغان تەبىئەتنى، ئىسلام دىننى سۈننەتنى، توغرا يولنى تاللىدىڭ، ئاندىن بىز ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، جىبرىئىل ئىشكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى، كىم سەن؟ دېيىلدى، ئۇ جىبرىئىل دېدى، سەن بىلەن كىم بار؟ دېيىلدى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدى، ئۇ ئۈستىگە چاقىرىلغانمۇ؟ «ئالىملار ئۇلار پەيغەمبەرلىكنى بىلگەچكە ئۇنى سورىمىغان، پەقەت چاقىرىلغانلىقنى سورىغان دېدى» جىبرىئىل ھەئە چاقىرىلغان دېدى، بىزگە ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى، ناگاھان مەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرىمەن، ئۇ، مەرھابا، خۇش كەپسىز دەپ ماڭا ياخشىلىق بىلەن دۇئا

قىلدى، يەنى ياخشىلىقنى سورىدى، ئاندىن بىز ئىككىنچى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، جىبرىئىل ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشنى سورىدى، كىم سەن دېيىلدى؟ جىبرىئىل، سەن بىلەن كىم بار؟ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇستىگە چاقىرىلدىمۇ؟ ھە، بىزگە ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى، ناگاھان مەن، ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ئىككى بالىسى، مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن زەكەرىيا ئوغلى يەھيانىڭ يېنىدا تۇرىمەن، «ئۇلار بىر نەۋرە بولۇپ، ھاممىلارنىڭ ئوغۇللىرى» ئۇلارمۇ مىنى قارشى ئېلىپ، خۇش كەپسىز دەپ مەن ئۇچۇن ياخشىلىقنى سوراپ دۇئا قىلدى. ئاندىن بىز ئۇچىنچى قەۋەت ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، يۇقىرىقىدەك سوئال ـ جاۋابلاردىن كېيىن، ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ جايدا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بار ئىكەن، ئۇنىڭغا بارلىق گۈزەللىكنىڭ يېرىمى بېرىلىپتۇ، ئۇمۇ مەرھابا دەپ مەن ئۇچۇن دۇئا قىلدى، ئاندىن بىز تۆتىنچى قەۋەت ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، جىبرىئىل ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى، كىم بۇ؟ جىبرىئىل، سەن بىللە كىم بار؟ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ يۇقىرىغا چاقىرىلغانمۇ؟ شۇنداق، ئاندىن بىزگە ئىشىك ئېچىلدى، ناگاھان مەن ئىدرىيس ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرىمەن، ئۇمۇ مىنى قارشى ئېلىپ، مەن ئۇچۇن ياخشىلىقنى سوراپ دۇئا قىلدى. ئاللاھ بۇ پەيغەمبەر توغرىسىدا «بىز ئۇنى ئۇستۈن، ئالى ئورۇنغا كۆتۈردۇق» دېگەن. ئاندىن بىز بەشىنچى قەۋەت ئاسمانغا ئۆرلىدۇق، يۇقىرىدەق سوئال ـ جاۋابلاردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ جايدا ھارۇن ئەلەيھىسسالام بار بولۇپ، ئۇمۇ مەرھابا، خۇش كەپسىز دەپ دۇئا قىلدى، ئاندىن بىز ئالتىنچى قەۋەت ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، سوئال ـ جاۋابلاردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ جايدا مۇسا ئەلەيھىسسالام بولۇپ، مىنى قارشى ئېلىپ دۇئا قىلدى. ئاندىن بىز يەتتىنچى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، يۇقىرىقىدەك سوئال ـ جاۋابلاردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، ناگاھان مەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرىمەن، ئۇ ئۇچىسىنى بەيتۇلمەئمۇرغا يۆلۋاپتۇ، بۇ ئۆيگە ئىبادەت، زىيارەت ئۇچۇن ھەر كۈنى **70000** پەرىشتە كىرىپ تۇرىدىكەن، ئۇلار ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كەلمەيدىكەن، ئاندىن مەن سىدرەتۇلمۇنتەھاغا ئاپىرىلدىم، «بۇنداق ئاتىلىش، پەرىشتىلەر ئىلمى، شۇ جايدا توختايدۇ، چۈشكەن، ئۆرلىگەن نەرسىمۇ شۇنداق، بۇ جايدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەملا ئۆرلىيەلىگەن» ئۇنىڭ قۇلىقى، پىلنىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدىغان، مېۋىسى بولسا چوڭ ـ چوڭ تاۋاقلارغا ئوخشايدىكەن، ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن ئۇنى قورشاشقا تىگىشلىك نەرسە قورشىغان چاغدا، ئۇ ئۆزگىرىپ كەتتى، ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىدىن ھېچبىر كىشى ئۇنىڭ

گۈزەللىكىنى سۈپەتلەپ بېرىشكە قادىر بولالمايدۇ. ئاللاھ ماڭا ۋەھىي قىلىشقا تېگىشلىك، ۋەھىي قىلماقچى بولغان نەرسىنى ۋەھىي قىلدى، ماڭا بىر كېچە ـ كۈندۈزدە **50** ۋاخ نامازنى پەرىز قىلدى، «ئۈممىتىمنى شۇنىڭ ئىچىدە» ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغىچە چۈشتۈم، ئۇ رەببىڭ ئۈممىتىڭگە نېمىنى پەرىز قىلدى؟ دېدى، مەن **50** نامازنى دېدىم، ئۇ رەببىڭگە قايتىپ، يەڭگىللىتىشنى سورىغىن، ئۈممىتىڭ ھەرگىز قادىر بولالمايدۇ، مەن بەنى ئىسرائىللارنى سىناپ كۆرگەن دېدى، مەن رەببىمنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم، «يەنى مۇناجاتلاشقان جايغا كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم مۇناجات قىلدىم، ئاللاھ ھەممىگە قادىر، خالىسا زېمىندا پەرىز قىلاتتى، لېكىن، ناماز كاتتا ئىبادەت بولغاچقا، ئاسماندا پەرىز قىلىندى، يۇقىرىقى ھەربىر ئاسماندىكى پەيغەمبەرلەر ئەھۋالى ۋە بۇ مۇناجات ئەھۋالى قانداقلىقى، كەيپىياتى بىزگە مەلۇم ئەمەس، بىز ئۇنى بىلمەيمىز، ئەمما، شەكسىز ئىمان كەلتۈرىمىز» مەن كېلىپ، ئى رەببىم، ئۈممىتىمدىن يەڭگىللەتسىلە دەپ سورىدىم، مەندىن بەشنى ئېلىپ تاشلىدى، ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ بەشنى ئېلىپ تاشلاپ يەڭگىللەتتى دېدىم، ئۈممىتىڭ قادىر بولالمايدۇ، يەنە قايتىپ بېرىپ سورىغىن، يەڭگىللىتىشنى سورىغىن دېدى، مەن رەببىم بىلەن مۇسا ئارىلىقىدا چۈشۈپ چىقىپ، يۈردۈم، ئاخىرى ئاللاھ تائالا ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن بۇ بىر كېچە كۈندۈزدىكى بەش ۋاخ نامازدۇر، ھەربىر ۋاخ نامازغا ئۇنى بېرىلىدۇ، ئۇ بەش ناماز **50** ۋاخ بولىدۇ، كىم بىر ياخشىلىقنى مەقسەت، نىيەت قىلىپ، ئەمەل قىلالمىسا، بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، ئەگەر ئەمەل قىلسا، ئون ياخشىلىق بىرىنىڭ بەراۋىرىگە يېزىلىدۇ، ئەگەر يامانلىققا مەقسەت قىلىپ ئەمەل قىلمىسا، ھېچنېمە يېزىلمايدۇ، ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلىپ سالسا، بىر گۇناھ يېزىلىدۇ دېدى، مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا چۈشۈپ، بۇلارنى خەۋەر قىلدىم، ئۇ يەنە قايتقىن، رەببىڭدىن يەڭگىللىتىشنى سورىغىن دېدى، مەن رەببىمنىڭ قېشىغا بېرىۋېرىپ خىجىل بولۇپ، ھايا قىلىپ، تارتىنىپ قالدىم دېدى. مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىدى، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

بۇ مۇتىۋاتىر ھەدىستىكى روھانى ئىشلار، مۇناجات ئىشلىرى، كېلىپ ـ كېتىش، چۈشۈپ ـ چىقىش، ۋەھىي ئەھۋاللىرى، ئاللاھقىلا مەلۇم ئىشلاردۇر، بىز ئۇنىڭ كەيپىياتىنى ھەرگىز بىلمەيمىز، بىزنىڭ ئەقلىمىز، قىياس قىلىشىمىز، بۇ ئىشلارغا يەتمەيدۇ، بىز پەقەت ئىمان كەلتۈرىمىز، ئەقىدە قىلىمىز خالاس. بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ھازىرمۇ مۆجىزە ئورنىدا تۇرىدۇ، چۈنكى، بۇ ئاسمانغا

چىقىش ئىشدۇر.

254. أن موسى عليه الصلاة والسلام في السماء السادسة

قال علي القاري في شرح الشفا قال الحاكم تواترت الأحاديث بذلك

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالتىنچى قەۋەت ئاسماندا ئىكەنلىكىنى ۋەيۇقىرىقى پەيغەمبەرلەر نىڭمۇ ئاشۇ ئاسماندا ئىكەنلىكىنى موللا ئەلى قارىي، ھاكىم قاتارلىق ئالىملار مۇتەۋاتىر دېدى.

255. رجوع النبي صلى الله عليه وسلم إلى موسى عليه السلام ليلة الإسراء حين فرض ربه عليه الصلوات الخمس وقول موسى له ارجع إلى ربك فسأله التخفيف عن أمتك

ذكر ابن تيمية في رسالة الفرقان أنه مما تواتر في حديث المعراج ونصه ومحمد صلى الله عليه وسلم لما عرج به إلى ربه وفرض عليه الصلوات الخمس ذكر أنه رجع إلى موسى وأن موسى قال له ارجع إلى ربك فسله التخفيف عن أمتك كما تواتر هذا في أحاديث المعراج

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىئراج ـ ئىسراكېچىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ چۈشىشىنى ئۇنىڭ رەببىڭىزگە قايتىڭ يەڭگىللەتسۇن دېگەن سۆزىنى، بەش نامازنىڭ پەرزبولىشىنى ئىبنى تەيمىيە قاتارلىق ئالىملار مۇتەۋاتىر، ئەڭ ئىشەنچىلىك دېگەن.

256. شق الصدر ليلة الإسراء).

نقل في المواهب اللدنية عن الحافظ ابن حجر العسقلاني ويعني في فتح الباري أنه تواترت الروايات به وأقره هو وشارحه وقال القرطبي في المفهم رواته ثقات مشاهير وقال الشهاب الهيتمي في شرح الهمزية لما تعرض فيه لشق الصدر الشريف في حال الصبا وبعد ذلك وهو ابن عشر سنين أو نحوها وبعد ذلك وهو بغار حراء عند مجيء جبريل له بالوحي ما نصه وثبت مرة أخرى تواترت بها الروايات خلافاً لمن أنكرها ليلة الإسراء اهـ.

(قلت) وهو ثابت في الصحيحين من حديث (1) أنس عن مالك بن صعصعة وفيهما

أيضاً من حديثه عن (2) أبي ذر وفي (3) مسلم وغيره من حديثه نفسه عن النبي صلى الله عليه وسلم بلا واسطة أتيت ليلة أسري بي فانطلق بي إلى زمزم فشرح عن صدري ثم غسل بماء زمزم ثم أنزل (م) عن أنس

**256.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىنى سەيرە قىلدۇرۇلغان، كېچىسى، يەنى مىئراج كېچىسى زەمزەم قېشىغا ئېلىپ كېلىندىم، كۆكسۈم يېرىلىپ، قەلبىم زەمزەم سۈيى بىلەن يۇيۇلدى، ئاندىن ۋەھى نازىل قىلىندى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

مالىك ئىبنى سەئسەئەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر چاغدا مەن ھەتىيم، يەنى كەئبىنىڭ ئۇل تېشىدا ياكى ھەجەر ئەسۋەدنىڭ يېنىدا ياتسام، تۇيۇقسىز بىرسى كېلىپ، يەنە بىر خاتىرىدە ئۈچ كىشى كېلىپ قورسىقىمنى كىندىكىمدىن كۆكرىكىمگىچە يېرىپ، يۈرىكىمنى چىقىرىپ، ئىمان ۋە ھېكمەتكە لىق تولغان ئالتۇن قاچا كەلتۈرۈلۈپ، يۈرىكىم يۇيۇلدى، زەمزەم سۈيى بىلەن يۇيۇلدى، ئىلىم ــ ھېكمەت، ئىمان توللاندى، ئاندىن ئۈچەيلىرىم ۋە باشقا ئەزالىرىم جايىغا قايتۇرۇلۇپ، ياماپ قويغاندەك ئەسلىگە قايتۇرۇلدى، ئاندىن ماڭا بوراق كەلتۈرۈلدى......... ئاخىرىغىچە، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد **17165** ــ ھەدىستە، نەسەئى **444** ــ ھەدىستە، تىرمىزى **3269** ــ ھەدىستە، بەيھەقى ھەتتا بۇخارى مۇسلىملارمۇ توپلىغان سەھىھ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆكسىنىڭ يېرىلىشىنى ئىبنى ھەجەر، قۇرتەبىي، شىھاب قاتارلىق ئالىملار مۇتىۋاتىر دېدى.

**257.** أن الإسراء كان من مكة

ذكر ابن تيمية في وصيته الكبرى أنها متواترة ونصه والمعراج إنما كان من مكة باتفاق أهل العلم وبنص القرآن والسنة المتواترة

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىئراج كېچىسى مەككىدىن سەيرى قىلدۇرلىشىنى ، بۇئىشنىڭ ۋەنامازنىڭ پەرىز بۇلىشىنى مەككىدە يۈز بەرگەن دېگەننى ئىبنى تەيمىيە «ۋەسىييەتۇلكۇبرا» دېگەن كىتابىدا يازغان ۋەبۇ، قۇرئان سۈننەت يەنى مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر نىڭ تىكىستىدەباردۇر.ئەھلى

ئىلىم بۇنىڭغا ئىتتىپاقلا كەلگەن دېگەن.

دەلىلى: قۇرئان كەرىيم سۈرەئىسرانىڭ بېشى ۋەيۇقىرىقى ھەدىستۇر.

**258.** (صحيح) لو لم أحتضنه لحن إلى يوم القيامة (حم م ه) عن أنس وابن عباس (1) سهل بن سعد (2) وجابر بن عبد الله (3) وابن عمر (4) وأبي بن كعب (5) وبريدة (6) وابن عباس (7) وأبي سعيد الخدري (8) وأنس (9) وأم سلمة (10) والمطلب بن أبي وداعة السهمي عشرة أنفس.

(قلت) قال عياض في الشفا أمره مشهور منتشر والخبر به متواتر أخرجه أهل الصحيح ورواه من الصحابة بضعة عشر ثم ذكر منهم العشرة المذكورين وقال الحافظ بن حجر في أماليه طرقه كثيرة قال البيهقي أمره ظاهر نقله الخلف عن السلف وإيراد الأحاديث فيه كالتكلف يعني لشدة شهرته وهو كما قال فقد وقع لنا من حديث (1) عبد الله بن عمر (2) وعبد الله بن عباس (3) وأنس (4) وجابر (5) وسهل بن سعد (6) وأبي (7) وأبي سعيد (8) وبريدة (9) وعائشة (10) وأم سلمة ثم ذكر أحاديثهم كلها فانظره وقال في فتح الباري حديث حنين الجذع وانشقاق القمر نقل كل منهما نقلاً مستفيضاً يفيد القطع عند من يطلع على طرق الحديث دون غيرهم ممن لا ممارسة له في ذلك والله أعلم

**258.** ئەنەس، ئىبنى ئابباس....قاتارلىق ئون نەچچە ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۆتەكتە خۇتبە ئوقۇيتتى، مۇنبەر ياسالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەرگە چىقسا، كۆتەك تۆگىگە ئوخشاش ئىڭراپ، ئىنجىقلىغىلى تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى سىلاپ، توختۇتۇپ قويۇپ، ئەگەر مەن ئۇنى سىلاپ، توختۇتۇپ قويمىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇ كۆتەك قىيامەت كۈنىگىچە ئىڭراپ، غىڭشىيتتى دېدى، ئىبنى ماجە **1405** ـ ھەدىس، تىرمىزى **3560** ـ ھەدىس، ئەھمەد **2277** ـ ھەدىس، مۇسلىمنۇ توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**259.** انشقاق القمر

قال التاج ابن السبكي في شرحه لمختصر ابن الحاجب الأصلي الصحيح عندي أن

انشقاق القمر متواتر منصوص عليه في القرآن مروي في الصحيحين وغيرهما من طرق من حديث شعبة عن سليمان بن مهران عن إبراهيم عن أبي معمر عن ابن مسعود ثم قال وله طرق أخرى شتى بحيث لا يمتري في تواتره وقال في الشفا بعد ما ذكر أن كثيراً من الآيات المأثورة عنه صلى الله عليه وسلم معلومة بالقطع ما نصه أما انشقاق القمر فالقرآن نص بوقوعه وأخبر بوجوده ولا يعدل عن ظاهر إلا بدليل وجاء برفع احتماله صحيح الأخبار من طرق كثيرة فلا يوهن عزمنا خلاف أخرق منحل عرى الدين ولا يلتفت إلى سخافة مبتدع يلقي الشك في قلوب الضعفاء المؤمنين بل نرغم بهذا أنفه وننبذ بالعراء سخفه اهـ.

وفي أمالي الحافظ ابن حجر أجمع المفسرون وأهل السير على وقوعه قال ورواه من الصحابة علي وابن مسعود وحذيفة وجبير بن مطعم وابن عمر وابن عباس وأنس وقال القرطبي في المفهم رواه العدد الكثير من الصحابة ونقله عنهم الجم الغفير من التابعين فمن بعدهم اهـ.

وفي المواهب اللدنية جاءت أحاديث الانشقاق في روايات صحيحة عن جماعة من الصحابة منهم أنس وابن مسعود وابن عباس وعلي وحذيفة وجبير بن مطعم وابن عمر وغيرهم اهـ.

وقال ابن عبد البر روى حديث انشقاق القمر جماعة كثيرة من الصحابة وروى ذلك عنهم أمثالهم من التابعين ثم نقله عنهم الجم الغفير إلى أن انتهى إلينا وتأيد بالآية الكريمة اهـ. وقال المناوي في شرحه لألفية السير للعراقي تواترت بانشقاق القمر الأحاديث الحسان كما حققه التاج السبكي وغيره

ئىبنى ھاجىب، تاج ئىبنى سەبكي، ئىبنى ھەجەر، ئىبنى ئابدۇلبەر، ھەتتاشەھىد سەيىيد قۇتۇپىقچەبولغان ئالىملار بارلىق مۇسۇلمانلاررەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا اللہ تەرىپىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۆجىزە بۇلۇش سۈپىتىدە ئاينىڭ ئىككىگە يېرىلىش ۋەقەسىدىكى ھەدىسنى مۇتىۋاتىر دېدى.بۇھەدىس ئەنەس، ئىبنى مەسئۇد، ئەلى،

ھۇزەيپە.....قاتارلىق كۆپ ساھابە جامائىتىدىن سۆزلەنگەن .بۇخارىي، مۇسلىملاردا باردۇر.

شۇنداقلا بۇ ۋەقەقۇرئانداخۇسۇسەن سۇرە قەمەردە سۆزلەنگەن. مۇتىۋاتىردۇر. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ رۇشەن مۆجىزىسىدۇر.

**260.** قصة نبع الماء من أصابعه صلى اللّه عليه وسلم

نقل الشهاب في شرح الشفا عن النووي ويعني في شرح مسلم أنها متواترة وقال القرطبي تكررت منه صلى اللّه عليه وسلم في عدة مواطن في مشاهد عظيمة ووردت من طرق كثيرة يفيد مجموعها العلم القطعي المستفاد من التواتر المعنوي وقال عياض في الشفا قصة نبع الماء وتكثير الطعام رواها الثقات والعدد الكثير عن الجم الغفير عن العدد الكثير من الصحابة ومنها ما رواه الكافة عن الكافة متصلاً عمن حدث بها من جملة الصحابة وأخبارهم أن ذلك كان في مواطن اجتماع الكثير منهم يوم الخندق وفي غزوة بواط وعمرة الحديبية وغزوة تبوك وأمثالها من محافل المسلمين ومجتمع العساكر ولم يوثر عن أحد من الصحابة مخالفة للراوي فيما حكاه ولا إنكاره لما ذكر عنهم أنهم رأوه كما رآه إلى أن قال فهذا النوع كله ملحق بالقطعي من معجزاته كما بيناه اهـ وراجع المواهب وشرحها

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن سۇنىڭ ئېتىپ چىقىشىنى، خەندەك كۈنى، ۋە بۇۋات، ھۇدەيبىيە، تەبۇك ئۇرۇشلىرىدا مۇسۇلمانلار ئىنتايىن كۆپ توپلاشقان چاغلاردا سۇنىڭ تاماقنىڭ كۆپىيىشىنى، ئاز نەرسىنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەركىتىدىن دۇئاسىدىن كۆپ بولۇپ كىتىشىنى شىھاب، نەۋەۋىي، قۇرتەبىي، ئىياز قاتارلىق ئالىملار:

مۇتىۋاتىر خەۋەر دىدى.بۇبارلىق ھەدىس كىتابلىرىدا باردۇر.

**261.** كلام الشجر معه صلى اللّه عليه وسلم وطواعيتها له

قال عياض في الشفا في فصل كلامها وشهادتها له بالنبوة وإجابتها دعوته بعد

سياق أحاديث ما نصه فهذا ابن عمر وبريدة وجابر وابن مسعود ويعلى بن مرة وأسامة بن زيد وأنس بن مالك وعلي ابن أبي طالب وابن عباس وغيرهم قد اتفقوا على هذه القصة يعني كلام الشجر أو معناها وقد رواها عنهم من التابعين أضعافهم فصارت في انتشارها من القوة حيث هي اهـ.

قال الشهاب في شرحها يعني أنها نقلت عن كثير من الصحابة والتابعين حتى بلغت التواتر المعنوي وصارت في مرتبة قوية لا يشك فيها أحد من العقلاء

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دەرەخنىڭ سۆزقىلىشىنى ۋەئىتائەت قىلىپ دالدا بولۇپ بېرىشىنى قازىي ئىياز قاتارلىق ئالىملار مۇتىۋاتىر دېدى.بۇ ھەدىس

ابن عمر وبريدة وجابر وابن مسعود ويعلى بن مرة وأسامة بن زيد وأنس بن مالك وعلي ابن أبي طالب وابن عباس وغيرهم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن سۆزلەنگەن مۇتىۋاتىر.ھەممەكىتابتا بار.

**262.** قيامه صلى اللّه عليه وسلم بالليل في رمضان وغيره عن عائشة رضي اللّه عنهاقال العيني في عمدة القاري وفي هذا الباب عن (1) أنس (2) وجابر بن عبد اللّه (3) وحجاج بن عمرو (4) وحذيفة (5) وزيد بن خالد (6) وصفوان بن المعطل (7) وعبد اللّه بن عباس (8) وعبد اللّه بن عمر (9) وعلي ابن أبي طالب (10) والفضل بن العباس (11) ومعاوية بن الحكم السلمي (12) وأبي أيوب (13) وخباب (14) وأم سلمة (15) وصحابي لم يسم ثم ذكر أحاديثهم ومن أخرجها فانظره

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رامىزان كېچىللىرى ۋە باشقا كېچىلەردە تەھەججۇد نەپلە ناماز بىلەن قىيامدا تۇرۇشى ئائىشە، ئەنەس، ئەلى، ئۇممەسەلەمەت....قاتارلىق **15**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن سۆزلەنگەن مۇتىۋاتىر.ھەممەھەدىس كىتابلىرىدا بار.

**263.** مواظبته صلى اللّه عليه وسلم على عبادة ربه تعالى

ذكر الزرقاني في شرح المواهب في الكلام على أسمائه صلى اللّه عليه وسلم لما تكلم

على اسمه العابد أنها متواترة ونصه ومواضبته على العبادة تواترت بها الأحاديث

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەببىگە ئىبادەت قىلىشتا دائىم چىڭ تۇرۇشىنى ئىمام زۇرقانىي رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئابىد دېگەن ئىسمى توغرىسىدا مۇتېۋاتىر دېدى.

بۇمۇھەم بارلىق ھەدىس كىتابلىرىدا ۋەقۇرئاندا باردۇر.

(صحيح) كان إذا صلى صلاة أثبتها (م) عن عائشة

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر نامازنى ئوقۇپ قالسا، ئۇ نامازنى ئوقۇشتا چىڭ تۇراتتى، مۇقىم تۇراتتى، يەنى دائىم ئوقۇيتتى. مۇسلىم **1378** ـ ھەدىس، سەھىھ.

كان أحب العمل إليه ما دووم عليه و إن قل (ت ن) عن عائشة وأم سلمة

ئائىشە، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەمەلنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، گەرچە ئاز بولسىمۇ، داۋام قىلىنغىنىدۇر. تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**264.** حديث الجمل الذي شكى إليه مالكه أورده في الأزهار من حديث أحمد عن أنس ولم يزد .قال المنذري في الترغيب بعد ذكره عن (1) أنس رواه أحمد بإسناد جيد رواته ثقات مشهورون والبزار بنحوه ورواه النسائي مختصراً وابن حبان في صحيحه من حديث (2) أبي هريرةا\ (3) يعلى بن مرة الثقفي رواه أحمد والحاكم والبيهقي بسند صحيح في أخرى من حديث (4) جابر \ (5) عكرمة عن ابن عباس \ (6) عبد اللّه بن جعفر \ (7) ثعلبة ابن مالك وجابر بن عبد اللّه ويعلى بن مرة وعبد اللّه بن جعفر\ (8) عبد اللّه بن أبي أوفى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرتۆگىنىڭ ئىگىسى شىكايەت قىلىپ كەلگەندە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇجايغا بارىدۇ، تۆگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈپ سەجدە قىلىدۇ(يانا بىر خاتىردە تۆگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا چۆكۈلۈنۈپ ياتىدۇ بۇيسۇنىدۇ) بۇ ھەدىس ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە، يەئلا، جابىر، ئىبنى ئاببىاس، ....قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن سۆزلەنگەن مۇتېۋاتىر.

ھەدىس كىتابلىرىدا باردۇر.

**265**. (صحيح) لا نورث ما تركنا صدقة (حم ق 3) عن عمر وعثمان وسعد وطلحة والزبير وعبدالرحمن بن عوف (حم ق) عن عائشة (م ت) عن أبي هريرة(1) عمر (2) وعثمان (3) وعلي (4) وسعد بن أبي وقاص (5) والعباس (6) وأبي بكر الصديق (7) وعبد الرحمان بن عوف (8) والزبير بن العوام (9) وأبي هريرة (10) وعائشة (11) وطلحة (12) وحذيفة (13) وابن عباس ثلاثة عشر نفساً

**265**. ئۆمەر، سەئىد، تەلھە، زۇبەير، ئابدۇرەھمان، ئائىشە، ئەبۇ ھۇرەيرە.....قاتارلىق13ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز مىراس قالدۇرمايمىز، ۋارىس قىلىنمايمىز، بىز پەيغەمبەرلەر قالدۇرغان نەرسە سەدىقىدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىم ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**266**. تزوجه صلى اللّه عليه وسلم – بخديجة بنت خويلد – وسودة – وعائشة – وأم سلمة – وحفصة – وزينب بنت خزيمة – وزينب بنت جحش – وأم حبيبة – وجويرية بنت الحارث – وصفية بنت حيي – وميمونة بنت الحارث.

ذكر ابن رشد في جامع المقدمات أنها منقولة بطريق التواتر ونصه بعد ذكرهن على هذا الترتيب فهؤلاء أزواجه اللاتي لم يختلف فيهن فحصل العلم بنقل التواتر بهن وهن إحدى عشرة امرأة منهن ست من قريش خديجة وسودة وعائشة وحفصة وأم سلمة وأم حبيبة وأربع من العرب زينب بنت خزيمة وزينب بنت جحش وجويرية وميمونة وواحدة من بني إسرائيل وهي صفية توفي منهن اثنان في حياته خديجة أول نسائه وزينب بنت خزيمة وتوفي صلى اللّه عليه وسلم عن التسع الباقيات على ما تقدم من ذكرهن اهـ واللّه سبحانه وتعالى أعلم

**266**.(صحيح) كان يطوف على جميع نسائه في ليلة بغسل واحد (حم ق 4) عن أنس

**266**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم بىر كېچىدىلا بىر غۇسلى بىلەن ئاياللىرىنىڭ ھەممىسىنى تاۋاپ قىلىپ ئايلىنىپ چىقاتتى، يەنى بىر كېچىدە بارلىق ئاياللىرى بىلەن بىللە بولۇپ، غۇسلى تاھارەتنى بىرلا ئالاتتى. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان. سەھىھ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ 11ئايالى بارئىدى. ئالتىسى قۇرەيشدىن ئىدى. ئۇلار خەدىچە، سەۋدە، ئائىشە، ھەپسە، ئۇممە سەلەمەت، ئۇممە ھەبىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنهالار. توتى ئەرەبلەردىن ئىدى. ئۇلار زەينەب بىنتى خۇزەيمە، زەينەب بىنتى جەھشى، جۇۋەيرىيە، مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنهالار.بىرسى بەنى ئىسرائىلدىن ئىدى ئۇبولسىمۇ سەپىيە رەزىيەللاھۇ ئەنهائىدى.خەدىچە بىلەن زەينەب بىنتى خۇزەيمە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات چاغدىلا ۋاپات تاپقان. قالغان توققۇز ئايالى تۇلقالغان ئىدى. بۇتوغرىسىدىكى ھەدىسلەر مۇتىۋاتىردۇر.

**267**. (صحيح) رؤيا المؤمن جزء من ستة و أربعين جزءا من النبوة

(  )    (  )    (  )

الرؤيا الصالحة جزء من ستة وأربعين جزءاً من النبوءة). وفي لفظ من خمسين وفي آخر من سبعين وفي آخر من أربعين

أورده في الأزهار في كتاب الأدب من حديث (1) أبي هريرة (2) وابن عباس (3) وابن عمر (4) وعبد اللّه بن عمرو (5) وجابر (6) والعباس بن عبد المطلب (7) وسمرة (8) وابن مسعود (9) وأنس (10) وعوف بن مالك عشرة أنفس. (قلت) ورد أيضاً من حديث (11) أبي سعيد (12) وأبي رزين العقيلي (13) وعبادة ابن الصامت (14) وحذيفة (15) وأبي قتادة وفي التيسير أيضاً أنه متواتر وكذا في فيض القدير نقلاً عن السيوطي وقال الزرقاني في شرح الموطأ والحديث متواتر جاء عن جمع من الصحابة

**267**. ئەنەس، ئۇبادەت ئىبنى سامىت، ئەبۇ ھۇرەيرە ...... قاتارلىق **15** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ راست ياخشى چۈشى، پەيغەمبەرلىكنىڭ **46**

پارچىسىدىن بىر پارىدۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بۇخارى، مۇسلىمدا ئوخشىشى بار، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

رؤيا المؤمن جزء من ستة و أربعين جزءا من النبوة و هي على رجل طائر ما لم يحدث بها و إذا حدث بها وقعت (ت ك) عن أبي رزين

**267.** ئەبۇ رەزىيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنىنىڭ چۈشى، پەيغەمبەرلىكنىڭ **1/46**دۇر، چۈش كىشىنىڭ ئۈستىدە سۆزلەنمىسىلا تەبىر بېرىلمىسىلا، ئۇچۇپ يۈرىيدۇ، سۆزلىنىپ تەبىر بېرىلسىلا، يۈز بېرىدۇ. ھاكىم، تىرمىزى توپلىغان. سەھىھ.

رؤيا المسلم الصالح جزء من سبعين جزءا من النبوة (ه) عن أبي سعيد

**267.** ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سالىھ، ياخشى مۇسۇلماننىڭ چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ **70** پارىسىدىن بىر پارچىدۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان. سەھىھ.

**268.** (صحيح) من رآني فإني أنا هو فإنه ليس للشيطان أن يتمثل بي (ت) عن أبي هريرة

**268.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېنى چۈشىدە كۆرسە، ھەقىقەتەن مەن ئاشۇ شۇ. شەيتان مېنىڭ سۈرىتىمگە كىرەلمەيدۇ. تىرمىزى توپلىغان. سەھىھ.

(صحيح) من رآني فقد رأى الحق فإن الشيطان لا يتزايا بي (حم ق) عن أبي قتادة(1) أنس (2) وأبي مسعود (3) وأبي قتادة (4) وأبي هريرة (5) وجابر (6) وابن مسعود (7) وابن عباس (8) وأبي جحيفة (9) وأبي مالك الأشجعي (10) وأبي سعيد (11) وابن عمرو (12) وأبي بكرة (13) ومالك بن عبد الله الخثعمي (14) وطارق بن أشيع الأشجعي أربعة عشر نفساً . (قلت) ورد أيضاً من حديث (15) البراء (16) وعمران بن حصين (17) وابن عمر (18) وحذيفة وصرح المناوي أيضاً بتواتره

**268.** ئەبۇ قەتادە، ئەنەس، جابىر، تارىق.... قاتارلىق **18** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم

مىنى كۆرسە، ھەقىقەتەن ئۇ مىنى راستلا كۆرگەن بولىدۇ. چۈنكى، شەيتان مىنىڭ سۈرەت، پوسۇنىمغا كىرەلمەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر.

(صحيح) من رآني في المنام فسيراني في اليقظة و لا يتمثل الشيطان بي (ق د) عن أبي هرير

**268.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مىنى چۈشىدە كۆرسە، پات يېقىندا ئۇ مىنى ئويغاق ھالەتتىمۇ كۆرىدۇ. (يەنى قىيامەتتە كۆرىدۇ، يا شۇ زاماندىكىلەر كۆرەتتى). شەيتان مىنىڭ سۈرىتىمدە كۆرۈنەلمەيدۇ. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من رآني في المنام فقد رآني إنه لا ينبغي للشيطان أن يتمثل في صورتي (حم م ه) عن جابر

**268.** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مىنى چۈشىدە كۆرسە ھەقىقەتەن ئۇ، مىنى كۆرگەن بولىدۇ، چۈنكى، شەيتاننىڭ مىنىڭ سۈرىتىمگە كىرىۋېلىشى ھەرگىز لايىق ئەمەس، ئۇ مىنىڭ سۈرىتىمدە كۆرۈنەلمەيدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**269.** أن السماوات السبع والأرضين السبع وما فيهما وما بينهما بالنسبة للعرش كحلقة ملقات في فلاة من الأرض

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ھەقىقەتەن يەتتە ئاسمان، يەتتە زېمىن ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ، ئارىسىدىكى نەرسىلەر ئەرشكە نىسبەتەن خۇددى بىپايان زېمىنغا تاشلانغان بىرتال ئۈزۈككە ئوخشاشتۇر دېگەن سۆزىنى ئەللامەت ئىبنى زىكرىي مۇتىۋاتىر دېگەن . ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداقتۇر.بارلىق مەخلۇقلار ئوخشىشى يوق الله نىڭ ئالدىدا زەررىچىلىكمۇ ئەمەستۇر. «الله بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ( شۇزامان )ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.سۈرەياسىن **82** ـ ئايەت.

**270.** خروج المصطفى من مكة يوم الاثنين ودخوله المدينة يوم الاثنين قال الحاكم

أنها متواترة

270. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھىجرەت قىلغاندا مەككىدىن دۇشەمبە كۈنى چىقىپ، كىلەركى دۇشەمبە كۈنى كىرگىنىنى مۇھەددىس ھاكىم مۇتىۋاتىر دىگەن.

271. (صحيح) لا هجرة بعد فتح مكة (خ) عن مجاشع بن مسعود

**271.** مۇجاشىئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەككىنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كىيىن ھىجرەت يوق، ھىجرەت ئاخىرلاشتى (لىكىن، جىھاد ھىجرىتى بار، لىكىن پەزىلىتى ئۇ ھىجرەتكە يەتمەيدۇ). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لا هجرة بعد الفتح و لكن جهاد و نية و إذا استنفرتم فانفروا (م) عن عائشة (حم ن) عن صفوان بن أمية (حم ت ن) عن ابن عباس (1) مجاشع ابن مسعود (2) وأبي سعيد (3) وغزية بن الحارث (4) والحارث بن غزية أربعة أنفس.في البخاري من حديث (5) ابن عباس

**271.** ئائىشە، سەفۋان، ئىبنى ئاببىاس....قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەككىنى پەتھى قىلغاندىن كىيىن ھىجرەت يوق، (يەنى مەككىدىن مەدىنىگە قىلىنغان ھىجرەت يوق). لىكىن، جىھاددا، ھىجرەت بار.ياخشى ئىشلارنى نىيەت قىلىشدا ھىجرەت بار، (چۈنكى، جىھاد ئۈزۈلۈپ قالمىسا، ھىجرەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، جىھاد ھىجرىتى مەڭگۈ بار. ياكى جىھاد بىلەن خالىس نىيەتلا قالدى خالاس). سىلەردىن ئۇرۇشقا چىقىشىڭلار تەلەپ قىلىنسا، دەرھال ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇشقا چىقىڭلار.مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، مۇتىۋاتىر.

**272.** ئالىملار جىنىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى، جىن توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى مۇتىۋاتىر دىدى، بۇ قۇرئاندىمۇ بار بولۇپ، مەخسۇس بىر سۈرىنى جىن دەپ ئاتىغان. جىنلار ھەرخىل سۈرەتلەگە كىرىپ ئۇچرايدۇ. كىم جىنىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئىنكار قىلسا، ئۇ قۇرئاننى، مۇتىۋاتىر ھەدىسنى ئىنكار قىلغان بولۇپ كافىر بولىدۇ.

**273.** قصة هاروت وماروت ذكر ابن حجر والسيوطي أنه ورد من نحو عشرين طريقاً وفي حواشي البيضاوي للسيوطي القصة ثابتة وقد استوعبت طرقها في التفسير المسند وكذا ذكر في كتابه الحبائك في أخبار الملائك أنه استوفى طرقها في تفسيره الكبير وقال في مناهل الصفا ورد فيها عن رسول اللّه صلى اللّه عليه وسلم الصحيح وغيره كما استوعبت طرق القصة في التفسير المسند وحاصل ذلك أن القصة وردت مرفوعة من حديث ابن عمر أخرجه أحمد في مسنده وابن حبان في صحيحه والبيهقي في الشعب وابن جرير في تفسيره وعبد بن حميد في مسنده وابن أبي الدنيا في كتاب العقوبات وغيرهم من طرق عنه ووردت مرفوعة أيضاً باختصار من حديث علي أخرجه ابن راهويه في مسنده ومن حديث أبي الدرداء أخرجه ابن أبي ليلى في ذم الدنيا ووردت موقوفة على علي وابن مسعود وابن عمر وابن عباس وغيرهم بأسانيد عدة صحيحة وغيرها قال ابن حجر في شرح البخاري وفي القول المسدد لهذه القصة طرق تفيد العلم بصحتها

**273.**ھارۇت ـ مارۇتنىڭ قىسسىسى مۇتىۋاتىر دېيىلدى.اﷲ ئەئلەم.

**274.** إن الله تعالى لا يقبل من العمل إلا ما كان له خالصا و ابتغي به وجهه (ن) عن أبي أمامة

**274.** ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئەمەللەردىن پەقەت ئۆزى ئۈچۈن خالىس، رىياسىز بولغىنىنى، ئۆزىنىڭ دىدارى، جامالى تەلەپ قىلىنىپ قىلىنغىنىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنىدىن باشقا رىيا بىلەن ياكى باشقا مەقسەت قىلىنىپ قىلىنغان ئەمەللەرنى قوبۇل قىلمايدۇ، نەسەئى توپلىغان، ھەسەن.

من سمع سمع الله به و من راءى راءى الله به و من شاق شق الله عليه يوم القيامة (حم خ م) عن جندب

**274.** جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاڭلىتىپ رىيا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئاڭلىتىپ قويىدۇ، كىم كۆرسەتمە رىيا قىلسا، ئاللاھ ئۇنى كۆرسىتىپ قويىدۇ خالاس، شۇنىڭ بىلەن مۇكاپاتى تۈگەيدۇ. كىم ئۆزىگە

مۇشەققەت قىلىۋالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە قىيامەت كۈنىمۇ مۇشەققەت سېلىپ قويىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان.

ئالىملار: رىيانىڭ گۇناھى كەبىرەبۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىسنى مۇتىۋاتىر دېدى .رىيا قاتتىق ئەيىپلىنىدۇ.

**275.** من أحب أن يتمثل له الرجال قياما فليتبوأ مقعده من النار (حم د ت) عن معاوية عن أبي أمامة قال الجلال السيوطي وهو حديث متواتر

**275.** مۇئاۋىيە، ئەبۇ ئۇمامە .....قاتارلىق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىگە كىشىلەرنىڭ(ھۆرمەت ئۈچۈن) ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، قاتار تىزىلىشىنى ياخشى كۆرسە، ئۇ ئۆز ئورنىنى دوزاخدىن ئېلىۋالسۇن.

(بۇ ئەجەملەر، دىنسىزلار ئادىتى بولۇپ، ئىسلام دىنىدا بۇنداق قىلىش ھارام سانىلىدۇ).ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، توپلىغان سەھىھ.

ئىمام سۇيۇتىي بۇھەدىسنى مەئنەن مۇتىۋاتىر دېگەن.

**276.** (صحيح) لا يحل لمؤمن أن يهجر أخاه فوق ثلاثة أيام (م) عن ابن عمر

**276.** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ، قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتىشى ھالال ئەمەس. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

لا يحل لمسلم أن يهجر أخاه فوق ثلاث فمن هجر فوق ثلاث فمات دخل النار (د) عن أبي هريرة (1) أنس (2) وأبي أيوب الأنصاري (3) وسعد بن أبي وقاص (4) وهشام بن عامر (5) وابن عباس (6) وابن عمرو (7) وابن مسعود سبعة أنفس.(8) أبي هريرة أخرجه أبو داود والنسائي بإسناد على شرط الشيخين (9) وعائشة أخرجه أبو داود وأخرج الطبراني بسند رواته رواة الصحيح عن فضالة بن عبيد مرفوعاً من هجر أخاه فوق ثلاث فهو في النار إلا أن يتداركه الله برحمته

**276.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس، سەئد، ئائىشە.....قاتارلىق **10**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلماننىڭ، ئۆز قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئوشۇق ئاداۋەت

تۇتۇشى ھالال ئەمەس، كىم ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان. سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

(صحيح) لا يحل لمسلم أن يهجر أخاه فوق ثلاث ليال يلتقيان فيصد هذا و يصد هذا و خيرهما الذي يبدأ بالسلام (حم ق د ت) عن أبي أيوب

**276.** ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشىنىڭ، قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت ساقلىشى ھالال ئەمەس، ئاداۋەت دېگەن: ئاداۋەتتىكى ئىككى كىشى بىرسى – بىرسىگە ئۇچرىشىپ، ئۇدۇل كېلىشىپ قالسىمۇ بىر-بىرىدىن يۈز ئۆرىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشىراقى سالامنى باشتا قىلغىنىدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**277.** (صحيح) لعن الله الواشمات و المستوشمات و النامصات و المتنمصات و المتفلجات للحسن المغيرات خلق الله (حم ق 4) عن ابن مسعود

**277.** ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا، مەڭ ئويغۇچى ۋە ئويدۇرغۇچى ئاياللارغا، قاش – كىرپىكلىرىنى يۇزىنىڭ تۈكلىرىنى يۇلغۇچى ۋە يۇلدۇرغۇچى ئاياللارغا، گۈزەللىك ئۈچۈنلا چىشلىرىنى قاپلاتقۇچى، بىر – بىرىدىن يىراقلاشتۇرغۇچى ئاياللارغا، چاچ ئۇلىغۇچى، ئۇلاتقۇچىلارغا الله نىڭ يارىتىشىنى ئۆزگەرتكۈچى ئاياللارغا لەنەت قىلدى. ئەھمەد، مۇسلىم، بەيھەقى 4 كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

لعن الله الواصلة و المستوصلة و الواشمة و المستوشمة (حم ق 4) عن ابن عمر (2) وعائشة (3) وأسماء بنت أبي بكر وأحاديثهم في الصحيحين وغيرهما وعن (4) أبي هريرة في الصحيح وعن (5) أبي أمامة (6) وابن عباس وغيرهم واللّه سبحانه وتعالى أعلم

**277.** بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب، ئىبنى ئۆمەر، ئائىشە، ئەسماۋ، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇئۇمامە، ئىبنى ئاباس، ۋە باشقا ساھابەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ يولىدىن توپلىغان، ئاللاھ تائالا چاچ ئۇلىغۇچى، ئۇلاتقۇچى ئاياللارغا، مەڭ ئويغۇچى ۋە ئويدۇرغۇچى ئاياللارغا لەنەت قىلدى. مۇتىۋاتىردۇر.

كتاب أشراط الساعة

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا

**278**. (صحيح) بعثت أنا و الساعة كهاتين (حم ق ت) وأشار بإصبعيه الوسطى والسبابة عن أنس (حم ق) عن سهل بن سعد (1) أنس (2) وسهل بن سعد (3) وأبي هريرة (4) والمستورد بن شداد (5) وبريدة (6) وجابر بن سمرة (7) ووهب السواءى (8) وابن عمر (9) وأبي جبيرة بن الضحاك (10) وأشياخ من الأنصار عشرة أنفس.(11) جابر بن عبد الله ونقل في فيض القدير أيضاً عن السيوطي أنه متواتر

**278**. ئەنەس، سەھلى ئىبنى سەئىد، جابىر، ...قاتارلىق**11**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىلىقى مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يېقىن ھالەتتە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى بارمىقىنى يېقىن قىلىپ كۆرسەتكەن) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن قىيامەت شۇنداق يېقىن، ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**279**. الهرج والفتن في آخر الزمان سبق أن الجلال السيوطي في إتمام الدراية عدها من المتواتر.

(صحيح) لا تقوم الساعة حتى يقبض العلم و تكثر الزلازل و يتقارب الزمان و تظهر الفتن و يكثر الهرج ؛ و هو القتل(حم خ ه) عن أبي هريرة

**279**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ ئېلىۋېلىنمىغىچە، يەر تەۋرەش كۆپىيىپ كەتمىگىچە، زامان، ۋاقىت قىسقىراپ يېقىنلىشىپ كەتمىگىچە، پىتنە ــ پاسادلار ئاشكارا بولۇپ كەتمىگىچە، ئۇرۇش، قاتىللىق، قىرغىنچىلىق كۆپىيىپ كەتمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، (يەنى قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، نادانلار قالىدۇ، يەر كۆپ تەۋرەيدۇ، پىتنە ــ پاسادلار، گۇناھ

ـ مەئسىيەتلەر ئاشكارا بولىدۇ، قىرغىنچىلىق ئۆزۈش كۆپ بولىدۇ). ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) يتقارب الزمان و يقبض العلم و يلقى الشح و تظهر الفتن و يكثر الهرج قيل: و ما الهرج ؟ قال: القتل(حم ق د) عن أبي هريرة

**279.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت ئالامىتى شۇكى، بۇندىن كېيىن زامان، ۋاقىت قىسقىراپ ئۆزئارا يېقىنلىشىپ كېتىدۇ، ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، بېخىللىق تاشلىنىدۇ، پىتنە ـ پاسادلار ئاشكار بولىدۇ، زور قىرغىنچىلىق ئۆزۈش بولۇپ كېتىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) يقبض العلم و يظهر الجهل و الفتن و يكثر الهرج (خ) عن أبي هريرة

**279.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇندىن كېيىن ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، نادانلىق، جاھىللىق، ئىلىمسىزلىك ئاشكارا بولىدۇ، پىتنە ـ پاسادلار ئاشكارا بولىدۇ، قاتىللىق، قىرغىنچىلىق، ئۆزۈش كۆپىيىپ كېتىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

ئىمام سۇيۇتىي : ئاخىر زاماندا پىتنە ـ پاسادلار ئاشكارا بولۇش، قاتىللىق، قىرغىنچىلىق، ئۆزۈش كۆپىيىپ كېتىش ھەدىسىنى مۇتىۋاتىر دېدى.

**280.** (صحيح) المهدي من عترتي من ولد فاطمة (د ه ك) عن أم سلمةعن (1) ابن مسعود أخرجه أحمد وأبو داود والترمذي وابن ماجه (2) وأم سلمة أخرجه أبو داود وابن ماجه والحاكم في المستدرك (3) وعلي بن أبي طالب أخرجه أحمد وأبو داود وابن ماجه (4) وأبي سعيد الخدري أخرجه أحمد وأبو داود والترمذي وابن ماجه وأبو يعلى والحاكم في المستدرك (5) وثوبان أخرجه أحمد وابن ماجه والحاكم في المستدرك (6) وقرة بن إياس المزني أخرجه البزار والطبراني في الكبير والأوسط (7) وعبد اللّه بن الحارث بن جزء أخرجه ابن ماجه والطبراني في الأوسط (8) وأبي هريرة أخرجه أحمد والترمذي وأبو يعلى والبزار في مسندهما والطبراني في الأوسط وغيرهم (9) وحذيفة بن اليمان أخرجه الروياني (10) وابن عباس أخرجه أبو نعيم في أخبار المهدي (11)

وجابر بن عبد اللّه أخرجه أحمد ومسلم إلا أنه ليس فيه تصريح بذكر المهدي بل أحاديث مسلم كلها لم يقع فيها تصريح به (12) وعثمان أخرجه الدارقطني في الإفراد (13) وأبي أمامة أخرجه الطبراني في الكبير (14) وعمار بن ياسر أخرجه الدارقطني في الإفراد والخطيب وابن عساكر (15) وجابر ابن ماجد الصدفي أخرجه الطبراني في الكبير (16) وابن عمر (17) وطلحة بن عبيد اللّه أخرجهما الطبراني في الأوسط (18) وأنس بن مالك أخرجه ابن ماجه (19) وعبد الرحمان بن عوف أخرجه أبو نعيم (20) وعمران بن حصين أخرجه الإمام أبو عمرو الذاني في سننه وغيرهم وقد نقل غير واحد عن الحافظ السخاوي أنها متواترة والسخاوي ذكر ذلك في فتح المغيث ونقله عن أبي الحسين الإبري وقد تقدم نصه أول هذه الرسالة وفي تأليف لأبي العلاء إدريس بن محمد بن إدريس الحسين العراقي في المهدي هذا أن أحاديثه متواترة أو كادت قال وجزم بالأول غير واحد من الحفاظ النقاد اهـ.

وفي شرح الرسالة للشيخ جسوس ما نصه ورد خبر المهدي في أحاديث ذكر السخاوي أنها وصلت إلى حد التواتر اهـ.

وفي شرح المواهب نقلاً عن أبي الحسين الإبري في مناقب الشافعي قال تواترت الأخبار أن المهدي من هذه الأمة

**280.** ئۇممە سەلەمەت، ئۇسمان، جابىر، ئەلى ...قاتارلىق **20**ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام مەھدى مېنىڭ ئائىلەمدىن، ئەھلىمدىن، پاتىمەنىڭ بالىلىرىدىن چىقىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، مۇتىۋاتىر.

(صحيح) المهدي منا أهل البيت يصلحه الله في ليلة (حم ه) عن علي

**280.** ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام مەھدى بىزنىڭ ئەھلى بەيتتىن مەيدانغا كېلىدۇ. ئاللاھ ئۇنى بىر كېچىدىلا ئىسلاھ قىلىپ، سالىھ، ياخشى كىشى قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(حسن) المهدي مني أجلى الجبهة أقنى الأنف يملأ الأرض قسطا و عدلا كما ملئت جورا و ظلما يملك سبع سنين (د ك) عن أبي سعيد

**280.** ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەھدى مەندىن يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمدىن پاتىمەنىڭ باللىرىدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ پېشانىسىنىڭ چېچى يوق، رۇشەندۇر، بۇرنى ئىنچىكە، ئۇززۇندۇر، زېمىنغا خۇددى جەۋرى ــ جاپا، زۇلۇم لىق تولغاندەك ئۇ ئادىللىقنى، تېنچلىقنى بەرىكەتنى لىق توللايدۇ. ئۇ يەتتە يىل پادىشاھ بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد **3736** ــ ھەدىس، تىرمىزى **2158** ــ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، ھەسەن. ئىمام مەھدى ئاخىر زاماندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۇشتىدىن پاتىمە دېگەن قىزىنىڭ باللىرىدىن تەبىيلا چىقىدۇ. مەيدانغا كېلىدۇ. ئىسمى، فامىلىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوخشايدۇ، بىز شۇنداق ئېتىقاد قىلىمىز، سىرلىقلاشتۇرمايمىز، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەننى دەيمىز، سۆكۈتتە سۆكۈت قىلىمىز.

**281.** (صحيح) يخرج الدجال في أمتي فيمكث أربعين فيبعث الله تعالى عيسى ابن مريم كأنه عروة بن مسعود الثقفي فيطلبه فيهلكه ثم يمكث الناس سبع سنين ليس بين اثنين عداوة ثم يرسل الله ريحا باردة من قبل الشام فلا يبقى على وجه الأرض أحد في قلبه مثقال ذرة من إيمان إلا قبضته حتى لو أن أحدكم دخل في كبد جبل لدخلت عليه حتى تقبضه فيبقى شرار الناس في خفة الطير و أحلام السباع لا يعرفون معروفا و لا ينكرون منكرا فيتمثل لهم الشيطان فيقول: ألا تستجيبون ؟ فيقولون: بم تأمرنا ؟ فيأمرهم بعبادة الأوثان فيعبدونها و هم في ذلك دار رزقهم حسن عيشهم ثم ينفخ في الصور فلا يسمعه أحد إلا أصغى ليتا و رفع ليتا و أول من يسمعه رجل يلوط حوض إبله فيصعق و يصعق الناس ثم يرسل الله مطرا كأنه الطل فينبت منه أجساد الناس ثم ينفخ فيه أخرى فإذا هم قيام ينظرون ثم ؟ يقال: يا أيها الناس ! هلم إلى ربكم (وقفوهم إنهم مسئولون ثم يقال: أخرجوا بعث النار فيقال: من كم ؟ فيقال: من كل ألف تسعمائة و تسعة و تسعون فذلك يوم يجعل الولدان شيبا و ذلك يوم يكشف عن ساق)(حم م) عن ابن عمر

**281.** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دەججال مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە ئاشكارا بولۇپ چىقىپ، قىرىق كۈن تۇرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا، مەريەم ئوغلى ئەيسانى ئەۋەتىدۇ. ئۇ خۇددى سۇقەفىيلىك ئۇرۋەت ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشايدۇ. ئەيسا، دەججالنى ئىزدەپ قوغلاپ بېرىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن كىشىلەر يەتتە يىل تۇرىدۇ. بۇ يىللاردا ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت بولمايدۇ. ئاندىن، ئاللاھ تائالا سوغۇق شامالنى ئەۋەتىدۇ. بۇ شامال شام تەرەپتىن چىقىپ، يەر يۈزىدە قەلبىدە زەررە مىقدارىدا ئىمانى بار كىشىنىڭ ھېچ بىرىنى قالدۇرماي جېنىنى قەبزى روھ قىلىپ ئالىدۇ. ھەتتا، بىرىڭلار تاغنىڭ ئوتتۇرىدىكى غارغا كىرىۋالسىمۇ ئۇ شامال كىرىپ ئۇنىڭمۇ جېنىنى ئالىدۇ. ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرى قېلىپ قالىدۇ. ئۇلار يامانلىقدىن، ئەقلىسىزلىقدىن، تاجاۋۇز قىلىشىدا، زۇلۇم قىلىشىدا خۇددى يىرتقۇچ، گۆشخور ھايۋانلارنىڭ، گۆشخور قۇشلارنىڭ ئەخلاقىدا بولۇپ كېتىدۇ. ياخشىلىقنى ياخشىلىق دەپ تونىمايدۇ، يامانلىقنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئاندىن ئۇلارغا شەيتان سۈرەتكە كېلىپ يول كۆرسەتكۈچىنىڭ سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ، چاقىرىقىقا ئاۋاز قوشمامسىلەر؟ دەيدۇ. ئۇلار بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟ دەيدۇ. شەيتان ئۇلارنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىپ، بۇتقا چوقۇنۇشقا بۇيرۇيدۇ ئۇلار بۇتقا ئىبادەت قىلىپ كېتىدۇ.

ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ رىزقى كەڭرىپ، تۇرمۇش مەئىيشىتى ناھايىتى ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. ئاندىن سۈر مۈڭگۈز پۈۋدىلىدۇ. يەنى ئىسراپىل سۈرنى پۈۋلەيدۇ. ئۇنى ئاڭلىغان ھەر قانداق بىر كىشى بوينىنى ئېگىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇلاق سالىدۇ. ئۇ ئاۋازنى ئاڭلايدىغان تۇنجى كىشى تۆگىنىڭ كۆلىنى ئوڭشاۋاتقان كىشى بولۇپ، ئۇ شۇ ھامان ھوشىدىن كېتىپ ئۆلىدۇ. ئاندىن بارلىق كىشىلەر ئۆلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا خۇددى شەبنەم تامچىسىدەك يامغۇرنى ئەۋەتىدۇ. ئاندىن شۇ يامغۇردىن، زېمىندىن ئىنسانلارنىڭ جەسەدلىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئاندىن سۈرە يەنە بىر قېتىم پۈۋدىلىدۇ. كىشىلەر ناگاھان قەبرىلىرىدىن چىقىپ، تىرىلىپ قوپۇپ، نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقىغا ئىنتىزار بولۇپ قاراپ تۇرىشىدۇ. ئاندىن، ئى ئىنسانلار! (جىنلار!) رەببىڭلار تەرەپكە كېلىڭلار! دېيىلىدۇ. ئۇلارنى توختۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن ئۇلاردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ، ھېساب ئېلىنىدۇ دېيىلىدۇ، ئاندىن دوزاخ ئەھلىنى چىقىرىڭلار دېيىلىدۇ، قانچىلىك دەپ سورىلىدۇ؟ ھەر **1000**دىن **999**نى دوزاخقا چىقىرىلىدۇ دېيىلىدۇ، ئەنە شۇ بولسا، قورقۇنۇشلۇقىدىن كىچىك باللارنىڭ چېچىنى ئاق باش قىلىۋېتىدىغان كۈندۇر، ئاشۇ بولسا، ئىش بەكمۇ قىيىنلىشىدىغان كۈندۇر، (بۇ، سۈرە قەلەم **42** ـ ئايەت، باللارنىڭ بېشى

ئاقىرىشى، سۈرە مۇززەممىل 17 ـ ئايەت). ئەھمەد 6268 ـ ھەدىس، مۇسلىم 5233 ـ ھەدىس، سەھىھ. مانا بۇ بىزنىڭ ئەقىيدىمىز، بىز شەكسىز ئىشىنىمىز

(صحيح) يخرج الدجال و معه نهر و نار فمن دخل نهره وجب وزره و حط أجره و من دخل ناره وجب أجره و حط وزره ثم إنما هي قيام الساعة (حم د ك) عن حذيفة

**281.** ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دەججال چىقىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆستەڭ سۇ ۋە ئوت باردۇر، كىم ئۇنىڭ ئۆستەڭ سۈيىگە كىرسە گۇناھلىرى مۇقىم قىلىنىپ، ئەجىر ـ ساۋابلىرى كۆيۈپ ئۆچۈرۈلىدۇ، كىم ئۇنىڭ ئوتىغا كىرسە، يا كىرمەكچى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئەجىر ـ ساۋابى مۇقىم بولۇپ، گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ، ئاندىن كېيىن ھەقىقەتەن قىيامەت قايىم بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن، دەججال چىققاندىن كېيىنمۇ سىناقدىن سالامەت ئۆتكەن كىشىنىڭ گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلۈپ، ئەجىر ـ ساۋاب بولىدىغان ئىشلار بار دېگەن چىقىدۇ.

(صحيح) يقتل ابن مريم الدجال بباب لد (ت) عن مجمع بن جارية

**281.** مەجمەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەلەيھىسسالام دەججالنى شامدىكى لۇد دېگەن ئىشىكنىڭ يېنىدا ئۆلتۈرىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يجيء الدجال فيطأ الأرض إلا مكة و المدينة فيأتي المدينة فيجد بكل نقب من أنقابها صفوفا من الملائكة فيأتي سبخة الجرف فيضرب رواقه فترجف المدينة ثلاث رجفات فيخرج إليه كل منافق و منافقة (حم ق) عن أنس

**281.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دەججال كېلىپ، مەككە ـ مەدىنىدىن باشقا بارلىق زېمىنغا دەسسەيدۇ، ئۇ مەدىنىگە كېلىپ، مەدىنىنىڭ ھەربىر يول، كوچا ئېغىزلىرىدا پەرىشتىلەرنىڭ سەپ تارتىپ پوستا تۇرغىنىنى تاپىدۇ، ئاندىن ئۇ مەدىنىگە يېقىن گىياھ ئۈنمەس تۇزلۇق زېمىنغان چۈشۈپ، چېدىر، گۈمبەز بارگاھلىرىنى شۇ جايغا قۇرىدۇ، مەدىنە ئۈچ قېتىم قاتتىق تەۋرەيدۇ، ئاندىن قورقۇپ ھەربىر مۇناپىق ئەر ۋە مۇناپىق ئايال ئۇنىڭ قېشىغا چىقىدۇ. (مانا بۇ يامان كىشىلەردىن تازىلاشتۇر). ئەھمەد 12517 ـ ھەدىس، بۇخارى 6591 ـ ھەدىس،

بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ذكر غير واحد أنها واردة من طرق كثيرة صحيحة عن جماعة كثيرة من الصحابة وفي التوضيح للشوكاني منها مائة حديث وهي في الصحاح والمعاجم والمسانيد والتواتر يحصل بدونها فكيف بمجموعها وقال بعضهم أخبار الدجال تحتمل مجلدات وقد أفردها غير واحد من الأئمة بالتأليف وذكر جملة وافرة منها في الدر المنثور لدى قوله {إن الذين يجادلون في آيات الله بغير سلطان أتاهم إن في صدورهم إلا كبر} الآية فراجعه

ئالىملار:دەججالنىڭ چىقىشى توغرىسىدىكى ھەدىسنى مۇتىۋاتىردىدى.

بۇ بارلىق ھەدىس كىتابلىرىدا باردۇر.مەخسۇس كىتابمۇ باردۇر.

**282.** ينزل عيسى ابن مريم عند المنارة البيضاء شرقي دمشق (طب) عن أوس بن أوس

**282.** ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەريەم ئوغلى ئەيسا، شامنىڭ دەمەشق دېگەن جايىنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى ئاق مۇنارغا چۈشىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن الساعة لا تقوم حتى تكون عشر آيات: الدخان و الدجال و الدابة و طلوع الشمس من مغربها و ثلاثة خسوف: خسف بالمشرق و خسف بالمغرب و خسف بجزيرة العرب و نزول عيسى و فتح يأجوج و مأجوج و نار تخرج من قعر عدن تسوق الناس إلى المحشر تبيت معهم حيث باتوا و تقيل معهم حيث قالوا حم م 4)عن حذيفة بن أسيد

قال الأبي في شرح مسلم في الكلام على أحاديث الأشراط ما نصه وتقدم في حديث جبريل عليه السلام قول ابن رشد الأشراط عشرة والمتواتر منها خمسة والذي تقدم له في حديث جبريل هو أنه بعدما نقل عن القرطبي أن الأشراط تنقسم إلى معتاد كالمذكورات في حديث جبريل وكرفع العلم وظهور الجهل وكثرة الزنى وكثرة شرب الخمر وغير معتاد كالدجال ونزول عيسى وخروج ياجوج وماجوج والدابة وطلوع الشمس من مغربها قال قلت قال ابن رشد واتفقوا على أنه لابد من ظهور هذه الخمسة

واختلفوا في خمسة أخر خسف بالمشرق وخسف بالمغرب وخسف بجزيرة العرب والدخان ونار تخرج من قعر عدن تروح معهم حيث راحوا وتقيل معهم حيث قالوا زاد بعضهم وفتح قسطنطينية وظهور المهدي اهـ.

وقال أيضاً قبله في الكلام على أحاديث نزول عيسى ما نصه لابد من نزوله لتواتر الأحاديث بذلك اهـ وقد ذكروا أن نزوله ثابت بالكتاب والسنة والإجماع والأحاديث في نزوله كثيرة ذكر الشوكاني منها في التوضيح تسعة وعشرين حديثاً

**282.** ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت، ئۈزىنىڭ ئالدىدىكى ئون تۈرلۈك ئالامەتلەر يۈز بەرمەي تۇرۇپ قايىم بولمايدۇ. ئۇلار بولسا، 1 ـ دوخان، تۈتۈن، 2 ـ دەججالنىڭ چىقىشى، 3 ـ سۈزلىگۈچى ھايۋاننىڭ چىقىشى، 4 ـ قۇياشنىڭ كىرگەن يېرىدىن چىقىشى، 5 ـ ئۈچ قېتىملىق يەر يۇتۇپ كېتىشنىڭ بىرىس مەشرىقتە، 6 ـ يەنە بىرسى مەغرىپتە، 7 ـ يەنە بىرسى بولسا، ئەرەب ئاراللىرىدا بولىدۇ، 8 ـ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەججالنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن چۈشۈشى، 9 ـ يەئجۇج ۋە مەئجۇجلارنىڭ توساقلىرى ئېچىلىپ ئۇلارنىڭ چىقىشى، 10 ـ يەمەندىكى ئەدنى دېگەن شەھەرنىڭ بىر چېتىدىن ئوت چىقىپ، كىشىلەرنى مەھشەرگە توپلايدۇ، ئوت ئۇلار بىلەن بىللە چۈشۈپ نەدە كەچ قىلسا، شۇ جايدا كەچ قىلىدۇ، قەيەردە ئارام ئالسا، شۇ جايدا بىللە تۇرىدۇ، بەزى خاتىرىدە ئوچۇقلا يەمەندىن چىقىپ، كىشىلەرنى مەھشەرگە قوغلايدۇ دېيىلگەن، مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇت، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.ئالىملار بۇ ئالامەتلەر مۇتىۋاتىر دېگەن.بولۇپمۇ دەججالنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈپ ئۆلتۈرشى كۆن كىرگەن ئورنىدىن چىقىشى قاتارلىقلار مۇتىۋاتىردۇر.

قۇرئاندا ئىشارەت باردۇر. ھەدىسلەر مۇتىۋاتىردۇر.

**283.** (صحيح) لا تقوم الساعة حتى تطلع الشمس من مغربها فإذا طلعت فرآها الناس آمنوا أجمعون فذلك حين لا ينفع نفسا إيمانها لم تكن آمنت من قبل أو كسبت في إيمانها خيرا و لتقومن الساعة و قد نشر الرجلان ثوبهما بينهما فلا يتبايعانه و لا يطويانه و لتقومن الساعة و قد انصرف الرجل بلبن لقحته فلا يطعمه و لتقومن الساعة و

هو يليط حوضه فلا يسقي فيه و لتقومن الساعة و قد رفع أكلته إلى فيه فلا يطعمها(ق ه) عن أبي هريرة (1) أبي سعيد (2) أبي هريرة (3) وابن عمرو (4) وحذيفة (5) وأبي ذر (6) وابن عباس (7) وعبد الله بن أبي أوفى (8) وصفوان بن عسال (9) ومعاوية ابن أبي سفيان (10) وعبد الرحمان بن عوف (11) وأنس (12) وأبي أمامة (13) وحذيفة بن أسيد (14) وأبي موسى الأشعري (15) وأبي ذر وغيرهم راجع الدر المنثور لدى قوله يوم يأتي بعض آيات ربك

**283.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇزەر، مۇئاۋىي....قاتارلىق **15** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈن كىرگەن جايدىن چىقمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، كۈن كىرگەن جايدىن چىققاندا بولسا، كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ، ھەممىسى ئىمان كەلتۈرۈپ، مۆئمىن بولىدۇق، مۇسۇلمان بولدۇق دەپ كېتىدۇ، ئەنە شۇ چاغ بولسا، ھېچبىر كىشىگە، شۇنىڭدىن بۇرۇن ئىمان كەلتۈرمىگەن بولسا، شۇنىڭدىن بۇرۇن ئىماندا ياخشىلىق قىلمىغان بولسا، ئالامەتنى كۆرۈپ ئېيتقان ئىمانى، قىلغان ياخشى ئەمەللىرى پايدا ـ مەنپەئەت قىلمايدىغان چاغدۇر. (شۇ زاماندىن كېيىن تۇغۇلغانلارغا ئىمانى پايدا قىلىشى مۇمكىن). قىيامەت شۇنداق تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇكى، ئىككى كىشى سودا قىلىش ئۇچۈن رەختىلىرىنى، كىيىملىرىنى ئېچىپ كۆرۈشۈپ، سودىنى قىلىشقا ھەم شۇ رەختنى قاتلاپ جايىغا ئېلىپ قويۇشقا قادىر بولالمايدۇ. قىيامەت شۇنداق تۇيۇقسىز قايىم بولىدۇكى، كىشى تۆگىنىڭ سۈتىنى ئېلىپ كېلىپ، ئىچىشكە قادىر بولالمايدۇ، قىيامەت شۇنداق تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇكى، كىشى قۇدۇق، كۆللىرىنى ئوڭشاپ، چۆرىسىگە لاي قويۇپ ئىسلاھ قىلىدۇ، لېكىن، ئۇنىڭدىن سۇ ئىچەلمەيدۇ، ھەم سۇغىرالمايدۇ. قىيامەت تۇيۇقسىزلا يۈز بېرىدۇكى، كىشى يەيدىغان تاماقنى ئاغزىغا كۆتۈرۈپ شۇ چاغقىچە قىيامەت قايىم بولۇپ كېتىپ ئۇ تاماقنى يېيىشكە قادىر بولالمايدۇ. بەيھەقى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد **8468** ـ ھەدىس، بۇخارى **6025** ـ ھەدىس، مۇتەۋاتىر.

يۇقىرىقى ھەدىستىمۇ كۈننىڭ كىرگەن جايدىن چىقىشى ئۆتتى.

**284.** خروج الدابة

عن (1) أبي هريرة (2) وابن عمرو (3) وأنس (4) وحذيفة بن أسيد (5) وحذيفة

بن اليمان (6) وأبي أمامة (7) وسلمان وغيرهم وقد دل عليه أيضاً نص الكتاب في قوله وإذا وقع القول عليهم أخرجنا لهم دابة من الأرض تكلمهم وانعقد عليه إجماع العلماء رضي اللّه عنهم

.284

ئۇلار (يەنى كۇففارلار) غا ئالدىنئالا ئېيتىلغان سۆز ئىشقا ئاشقاندا (يەنى ئازاب ۋە قىيامەت يېقىنلاشقاندا)، ئۇلارغا زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋاننى چىقىرىمىزكى، ئۇ ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشەنمىگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. ئالىملار: سۆزلىگۈچى ھايۋاننىڭ چىقىشىنى مۇتىۋاتىر ھەدىس، بۇ قۇرئاندىمۇ سۇرە نەمله **82** ـ ئايەتتە سۆزلەنگەن ساھابە ـ تابىئىنلار ئىجمائىقا كەلگەن دېدى.

**285.** خروج ياجوج وماجوج

عن (1) ابن مسعود (2) وحذيفة (3) والنواس بن سمعان (4) وأبي سعيد (5) وأبي هريرة وغيرهم وقد دل عليه أيضاً نص الكتاب في قوله حتى إذا فتحت ياجوج وماجوج وهم من كل حدب ينسلون وانعقد عليه إجماع العلماء وتواتر هذه الثلاثة تقدم في كلام الأبي في شرح مسلم واللّه سبحانه وتعالى أعلم

يەجۇج ـ مەجۇج (تومىسى) ئېچىۋېتىلگەندە، ئۇلار زېمىننىڭ ھەر بىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ.سۇرەئەنبىيا**96** ـ ئايەت.

إله إلا الله ويل للعرب من شر قد اقترب فتح اليوم من ردم يأجوج مثل هذه – و حلق بإصبعيه الإبهام و التي تليها – قيل : أنهلك و فينا الصالحون ؟ قال : نعم إذا كثر الخبث (ق ن ه) عن زينب بنت جحش

**285.** زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: لا ئىلاھە ئىللەللاھ! ئەرەپلەرگە يېقىنلىشىپ قالغان،

يامانلىقىدىن ۋايىدۇر، بۈگۈن يەئجۇج ـ مەئجۇجلارنىڭ توساقلىرىدىن مانا مۇشۇنچىلىك ئېچىلىپ بولدى، دەپ كۆرسۈتكۈچ بارمىقى بىلەن باش بارمىقىنى ھالقا قىلدى، ئارىمىزدا سالىھ، ياخشىلار بولسىمۇ، ھالاك بولامدۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەئە، نىجىس، گۇناھ ـ مەئسىيەت كۆپىيىپ كەتسە، ھەممىسى ھالاك بولىدۇ. قىيامەت كۈنى نىيىتى ئەمەللىرى ئۈستىدە قوپۇرۇلىدۇ دېدى. بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) ليحجن هذا البيت و ليعتمرن بعد خروج يأجوج و مأجوج(حم خ) عن أبي سعيد

**285.** ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەئجۇج ۋە مەئجۇجلار چىققاندىن كېيىنمۇ بەيتۇللاھدا مۇشۇ كەئبىدە پەرىز ھەج ۋە ئۆمرە ھەج قىلىنىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

فتح اليوم من ردم يأجوج و مأجوج مثل هذه - و عقد بيده تسعين - (حم ق) عن أبي هريرة

**285.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۈگۈن يەئجۇج ۋە مەئجۇجنىڭ توساقلىرىدىن مۇشۇنچىلىك ئېچىلىپ بولدى دەپ باش بارماق بىلەن كۆرسەتكۈچ بارماقنى ھالقا قىلىپ **90** نى چەككەن، ئەھمەد، بەيھەقى ، بۇخارى ، مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ، تەنتاۋى، مانا بۇ ئۇلارنىڭ بىر قېتىم چىقىشىغا ئىشارەت، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىدىن **700** يىل كېيىن چىققان، قىيامەت ئالدىدا يەنە بىر قېتىم چىقىپ، پاساد تېرىيدۇ دېگەن.

ئالىملار: يەئجۇج ۋە مەئجۇجنىڭ چىقىشىنى مۇتىۋاتىر ھەدىس، بۇ قۇرئاندىمۇ سۈرەئەنبىيا**96** ـ ئايەتتە سۆزلەنگەن ساھابە ـ تابىئىنلار ئىجمائقا كەلگەن دېدى.

كتاب البعث وأحوال يوم القيامة

ئۆلگەندىن كېيىن تىرلىش ۋەقىيامەت كۈنىنىڭ ئەھۋاللىرى توغرىسىدا

286. إنكم تحشرون رجالا و ركبانا و تجرون على وجوهكم هاهنا وأومأ بيده نحو الشام حم ت ك)عن معاوية بن حيدة

**286.** مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سىلەر پىيادە ۋە ئاتلىق ھالدا توپلىنىسىلەر، سىلەر يۈزۈڭلارچە مۇشۇ تەرەپكە يەنى شام تەرەپنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ كۆرستىپ شۇ تەرەپكە يۈزۈڭلارچە سۆرىلىسىلەر دېدى. (يەنى بۇ ئىشلار قىيامەت كۈنى يۈز بېرىدۇ. مۇھەددىسلەر بۇ ھەدىسنى قىيامەتنىڭ سۈپىتىدە يازدى، تىرمىزى **3068** ــ ھەدىس، ئەھمەد **19189** ــ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) تحشرون حفاة عراة غرلا (خ) عن عائشة (ت ك) عن ابن عباس

**286.** ئائىشە، ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر قىيامەت كۈنى يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ، ھەتتا خەتنە قىلىنمىغان ھالدا قوپۇرۇلىسىلەر. (بۇ تېرىلىپ قوپۇشتا ئايالارمۇ بار) بۇخارى، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) ستخرج نار من حضرموت قبل يوم القيامة تحشر الناس (حم ت) عن ابن عمر

**286.** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەتنىڭ ئالدىدا ھەزرە مەۋت دېگەن جاي تەرەپتىن بىر ئوت چىقىپ، كىشىلەرنى مەشرىقتىن مەغرىپكە توپلايدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى كەسىرنىڭ بەدايەت ۋە نەھايەتتە بۇ ئوتنى بىر قېتىم چىققان دەپ يازىدۇ

يا أيها الناس ! إنكم تحشرون إلى الله حفاة عراة غرلا (كما بدأنا أول خلق نعيده) ألا و إن أول الخلائق يكسا يوم القيامة إبراهيم ألا و إنه يجاء برجال من أمتي فيؤخذ بهم ذات الشمال فأقول يا رب أصحابي ! فيقال : إنك لا تدري ما أحدثوا بعدك فأقول كما قال العبد الصالح : (كنت عليهم شهيدا ما دمت فيهم فلما توفيتني كنت أنت الرقيب عليهم) فيقال : إن هؤلاء لم يزالوا مرتدين على أعقابهم منذ فارقتهم (حم ق ت ن) عن

ابن عباس

**286.** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يالىڭاچ، يالاڭ ئاياق، ھەتتا خەتنە قىلىنمىغان ھالەتتە قوپۇرۇلىسىلەر. «بىز مەخلۇقنى تۇنجى قېتىم ياراتقىنىمىزدەك يەنە قايتا يارىتىمىز. ئايەت» ئاگاھ بولۇڭلار، خالايىقلاردىن تۇنجى بولۇپ كىيىم كىيدۈرۈلىدىغىنى ئىبراھىمدۇر، ئاگاھ بولۇڭلار، ئۈممىتىمدىن نۇرغۇن كىشىلەر كەلتۈرۈلۈپ ئۇلارنىڭ سول قولىدىن تۇتۇلىدۇ، نامە ــ ئەمەل دەپتىرى سول قولىغا بېرىلىدۇ، (دوزاققا ھەيدىلىدۇ) مەن: ئى رەببىم ئۇلار مېنىڭ ھەمراھلىرىم ئىدى دەپ قالىمەن، ئاندىن ماڭا: ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمىلەرنى پەيدا قىلغىنىنى بىلمەيسەن دېيىلىدۇ، مەن ئاندىن سالىھ بەندە ئەيسا دېگەننى دەيمەن. «مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھايات تۇرغىنىمدا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزۈتۈپ گۇۋاھ بولغان ئىدىم، مىنى قەبزى روھ قىلىپ ۋاپات تاپقۇزغاندا بولسا، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزۈتۈپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردار سەن). (سۈرە مائىدە 117 ــ ئايەت). ماڭا: ھەقىقەتەن ئۇلار سەندىن ئايرىلغاندىن باشلاپلا كەينىگە يېنىپ مۇرتەد بولۇپ شۇ دىندىن يانغان، مۇرتەد ھالىتىدە داۋاملاشتى دېيىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

بعث العباد ومعاذهم الجسماني وسوقهم إلى المحشر لفصل القضاء بينهم

ذكر اللقاني في شرحه لجوهرته أن جملتها ثابت بالتواتر المعنوي ودلالة القرآن وأنه من ضروريات الدين وإنكاره كفر بيقين.

ئالىملار: مەھشەرگاھقا توپلىنىش، روھ، تەن جىسىم بىلەن بىرگە تىرىلىش توغرىسىدىكى ھەدىسنى مۇتىۋاتىر، بۇنىڭغا قۇرئان ئايىتى دالالەت قىلىدۇ، بۇنى ئىنكار قىلغۇچى شەكسىز كاپىر بولىدۇ دېدى.

**287.** الصراط والميزان وانطاق الجوارح وتطاير الصحف وأهوال الموقف وأحوال الجنة والنار. نقل البرزلي عن شرح الإرشاد أنها متواترة ونقله عنه أبو علي بن رحال في شرحه لمختصر خليل وفي الشهاب على الشفا في الكلام على حديث الشفاعة الكبرى على قوله فيه وتأتي الأمانة والرحم فتقومان على جنبي الصراط ما نصه وفي هذا ونحوه مما بلغ حد

التواتر المعنوي وانظر الدر المنثور لدى قوله والوزن يومئذ الحق فقد ذكر فيه هناك كثيراً من أحاديث الميزان .

(صحيح) هل تمارون في القمر ليلة البدر ليس دونه سحاب ؟ هل تمارون في رؤية الشمس ليس دونها سحاب ؟ فإنكم ترونه كذلك يحشر الله الناس يوم القيامة فيقول : من كان يعبد شيئا فليتبعه فيتبع من كان يعبد الشمس الشمس و يتبع من كان يعبد القمر القمر و يتبع من كان يعبد الطواغيت الطواغيت و تبقى هذه الأمة فيها منافقوها ؛ فيأتيهم الله في صورة غير صورته التي يعرفون فيقول : أنا ربكم فيقولون : نعوذ بالله منك هذا مكاننا حتى يأتينا ربنا فإذا جاءنا عرفناه فيأتيهم الله في صورته التي يعرفون فيقول : أنا ربكم فيقولون : أنت ربنا فيتبعونه ؛ و يضرب الصراط بين ظهراني جهنم فأكون أول من يجوز من الرسل بأمته و لا يتكلم يومئذ أحد إلا الرسل و كلام الرسل يومئذ : اللهم سلم سلم و في جهنم كلاليب مثل شوك السعدان غير أنه لا يعلم ما قدر عظمها إلا الله تخطف الناس بأعمالهم فمنهم من يوبق بعمله و منهم من يخردل ثم ينجو حتى إذا فرغ الله من القضاء بين العباد و أراد أن يخرج برحمته من أراد من أهل النار أمر الملائكة أن يخرجوا من النار من كان لا يشرك بالله شيئا ممن يقول لا إله إلا الله فيخرجونهم و يعرفونهم بآثار السجود و حرم الله على النار أن تأكل آثار السجود فيخرجون من النار و قد امتحشوا فيصب عليهم ماء الحياة فينبتون كما تنبت الحبة في حميل السيل ثم يفرغ الله من القضاء بين العباد و يبقى رجل بين الجنة و النار و هو آخر أهل النار دخولا الجنة مقبلا بوجهه قبل النار فيقول : يا رب اصرف وجهي عن النار فقد قشبني ريحها و أحرقني ذكاؤها فيقول : هل عسيت إن فعل ذلك بك أن تسأل غير ذلك فيقول : لا و عزتك فيعطي الله ما يشاء من عهد و ميثاق فيصرف الله وجهه عن النار فإذا أقبل به على الجنة و رأى بهجتها سكت ما شاء الله أن يسكت ثم قال : يا رب ! قدمني عند باب الجنة فيقول الله : أليس قد أعطيت العهد و الميثاق أن لا تسأل غير الذي كنت سألت ؟ فيقول : يا رب لا أكون أشقى خلقك فيقول : فما عسيت إن أعطيتك ذلك أن لا تسأل غيره ؟ فيقول لا و

عزتك لا أسألك غير ذلك فيعطى ربه ما شاء من عهد و ميثاق فيقدمه إلى باب الجنة فإذا بلغ بابها فرأى زهرتها و ما فيها من النضرة و السرور ؛ فيسكت ما شاء الله أن يسكت فيقول : يا رب أدخلني الجنة فيقول الله : ويحك يا ابن آدم ! ما أغدرك ! أليس قد أعطيت العهد و الميثاق أن لا تسأل غير الذي أعطيت ؟ فيقول : يا رب لا تجعلني أشقى خلقك فيضحك الله منه ثم يأذن له في دخول الجنة فيقول : تمن فيتمني حتى إذا انقطعت أمنيته قال الله تعالى : زد من كذا و كذا أقبل يذكره ربه حتى إذا انتهت به الأماني قال الله عز و جل : لك ذلك و مثله معه (حم ق) عن أبي هريرة وأبي سعيد لكنه قال : وعشرة أمثاله أي في الجنة

**287.** ئەبۇ ھۇرەيرە ، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر بۇلۇت يوق، ھاۋا ئوچۇق چاغدا ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاينى ياكى قۇياشنى كۆرۈشدىن شەك قىلىپ، دە ــ تالاش، جېدەل ــ ماجىرا قىلامسىلەر؟ ياق! سىلەر ئەنە شۇنىڭدەك رەببىڭلارنى قېنىپ كۆرىسىلەر، رۇشەن، ئوچۇق كۆرىسىلەر، (لېكىن، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر). ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى توپلاپ، تىرىلدۈرۈپ قوپارغاندا، كىم نېمىگە ئىبادەت قىلسا ئۇ شۇ نەرسىگە ئەگەشسۇن دەيدۇ، قۇياشقا چوقۇنغانلار قۇياشقا، ئايغا ئىبادەت قىلىدىغانلار ئايغا ئەگىشىدۇ، ھەر خىل بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلار بۇتقا ئەگىشىدۇ، پەقەت مۇشۇ ئۈممەت قېلىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇناپىقلار باردۇر، ئاندىن، ئاللاھ ئۇلارغا، ئۇلار ئاللاھنى تونۇيدىغان سۈرەتتىن باشقا بىر سۈرەتتە كېلىدۇ، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار دېسە، ئۇلار، ئاللاھقا سېغىنىپ سەندىن پاناھ تىلەيمىز، بىز ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز، بۇ بىزنىڭ ئورنىمىزدۇر، رەببىمىز بىزگە كەلگەنگە قەدەر بىز مۇشۇ جايدا تۇرىمىز رەببىمىز كەلسە بىز ئۇنى ئوبدان تونۇيمىز، (چۈنكى ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق، ھەم ئالامەت بار دەيدۇ). ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا ئۇلار تونۇيدىغان ئۆز سۈرىتىدە كېلىدۇ، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن دەيدۇ، ئۇلار شۇنداق، سىلى بىزنىڭ رەببىمىز دەپ ئاللاھقا ئەگىشىدۇ، (بۇ ھەدىس، سۈرە فەجرنىڭ **22** ــ ئايىتىدىكى «پەرۋەردىگارىڭ كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ ــ سەپ بولۇپ كەلگەن چاغدا» دېگەن ئايەتكە تەپسىردۇر، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر، ئۇ قادىردۇر). ئاندىن جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە سىرات كۆۋرۈكى قويۇلىدۇ، پەيغەمبەرلەردىن ئۈممىتى بىلەن سىراتتىن ئۆتىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن

بولمىغان. شۇ كۈنى پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچ كىشى سۆز قىلالمايدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزى بولسا، ئى ئاللاھ، سالامەت قىلغىن، سالامەت قىلغىن دېيىش بولىدۇ. جەھەننەم ئىچىدە سىرات كۆۋرۈكىدە سەئدان شوخا ـ تىكەنلىرىدەك شوخلۇق، تىكەنلىك ئىلمەك بار بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭلۇقىنىڭ مىقدارىنى پەقەت بىر ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئەمەللىرىگە قارىتا ئىلىۋالىدۇ. ئۇلاردىن بەزىسى ئەمەللىرى سەۋەبلىك پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ. ئۇلاردىن بەزىسى يىقىلىپ ـ قوپۇپ، يارىدار بولۇپ ئاندىن نىجات تېپىپ قۇتۇلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشتىن پارىغ بولغاندا، ئۆز رەھمەت ـ پەزلى بىلەن دوزاختىن ئۆزى ئىرادە قىلغان كىشىلەرنى چىقىرىشنى ئىرادە قىلغاندا، پەرىشتىلەرنى لائىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر ھەق ئىلاھ يوق دېگەن كىشىلەردىن، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىلەرنى دوزاختىن چىقىرىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇلارنى پەرىشتىلەر سەجدە ئىزلىرىدىن تونۇپ، دوزاختىن چىقىرىدۇ. ئاللاھ دوزاخقا ئۇلارنىڭ سەجدە ئىزلىرىنى كۆيدۈرۈپ يەۋېتىشنى ھارام قىلغان ئىدى. ئۇلار دوزاختىن چىققاندا قاتتىق كۆيۈپ كەتكەن ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە نەھرۇلھاياتنىڭ سۈيى قۇيۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ جەسەد تەنلىرى خۇددى سەل كۆتۈرۈپ كەلگەن لايدا دان ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشتىن پارىغ بولىدۇ. پەقەت دوزاخ بىلەن جەننەت ئوتتۇرىسىدا دوزاختىن چىقىدىغان جەننەتكە كىرىشتە ئەڭ ئاخىرى بولغان كىشى قېلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ يۈزى دوزاخ تەرەپكە ئالدىنى قىلدۇرۇلغان ھالدا ئوت ئۇچقۇندىسىدا كۆيۈپ تۇراتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن دوزاخنىڭ پۇراقلىرى ماڭا قاتتىق ئازار بېرىپ، مېنى بەك قىينىۋەتتى، يالقۇن ئۇچقۇنلىرى يۈزۈمنى كۆيدۈردى، مېنىڭ يۈزۈمنى دوزاختىن باشقا تەرەپكە چۆرۈۋەتسەڭ دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئەگەر ساڭا ئۇ قىلىپ بېرىلسە، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى سورىشىڭ مۇمكىن دەيدۇ. ئۇ بەندە، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن باشقىنى ھەرگىز سورىمايمەن دەپ نۇرغۇن ئەھدە، مىيساق، توختام بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى دوزاختىن چۆرۈۋېتىدۇ، ئۇ جەننەتكە ئالدىنى قىلىپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئۇنىڭدىكى نېئمەتلەرنى كۆرۈپ، ئاللاھ خالىغان مۇددەتتە تۇرۇپ ئاندىن مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم، مېنى جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئاپىرىپ قويساڭ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: سەن ئاۋۋال سورىغىنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ئەھدى، توختام بەرمىگەنمۇ دېسە، ئۇ: ئى رەببىم مەن بەندىلىرىڭنىڭ شەقى، جاپاكەشلىرى بولمىسام

دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئەگەر شۇنى ساڭا بەرسەم سەن ئۇنىڭدىن باشقىنى يەنە سورايسەن دەيدۇ. ئۇ: ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن باشقىنى ھەرگىز سورىمايمەن دەپ ئۇرغۇن ئەھدە، توختاملارنى قەسەملەرنى بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنى جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئاپىرىپ قويىدۇ. ئۇ، جەننەت ئىشكىنىڭ ئالدىغا يەتكەندە، جەننەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى خۇشاللىق، نازۇ ــ نېمەتنىڭ گۈزەللىكىنى، بەختىنى كۆرگەندە، ئاللاھ خالىغان ۋاقىتقىچە ئەھدىدىن خىجىل بولۇپ چىداپ تۇرىۋېتىپ، ئاندىن يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم، مېنى جەننەت ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتسەڭ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئى ئادەم بالىسى! ۋاي ساڭا، سەن نېمدېگەن خىيانەتچى، تولا ئەھدىنى بۇزغۇچى ھە!، سەن ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ئەھدە، توختام بەرگەننغۇ؟ دەيدۇ. بەندە: ئى رەببىم، مېنى مەخلۇقلىرىڭنىڭ شەقىيسى، جاپاكەش ئازابلىنىدىغىنى قىلمىساڭ دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭدىن كۈلۈپ كېتىپ، جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىدۇ. ۋە خالىغىنىڭنى ئارزۇ قىل، سورا دەيدۇ. ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئىنتىھاسىغا يېتىپ، تۈگىگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا زىيادە قىل، ئانى سورىغىن، مانى سورىغىن دەپ بىر ــ بىرلەپ دەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئەسلىتىدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا: ساڭا شۇ ۋەئۇنىڭ ئوخششىدەك ئون ھەسسە بېرىلىدۇ دەيدۇ. بەيھەقى، ئەھمەدلەر توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) (حم م) عن ابن مسعود

آخر من يدخل الجنة رجل يمشي على الصراط فهو يمشي مرة و يكبو مرة و تسفعه النار مرة فإذا جاوزها التفت إليها فقال تبارك الذي نجاني منك لقد أعطاني الله شيئا ما أعطاه أحدا من الأولين و الآخرين فترفع له شجرة فيقول أي رب أدنني من هذه الشجرة فلأستظل بظلها و أشرب من مائها فيقول الله يا ابن آدم لعلي إن أعطيتكها سألتني غيرها ؟ فيقول لا يا رب و يعاهده أن لا يسأله غيرها و ربه يعذره لأنه يرى ما لا صبر له عليه فيدنيه منها فيستظل بظلها و يشرب من مائها ثم ترفع له شجرة أخرى هي أحسن من الأولى فيقول أي رب أدنني من هذه لأشرب من مائها و أستظل بظلها لا أسألك غيرها فيقول يا ابن آدم ألم تعاهدني ألا تسألني غيرها ؟ فيقول لعلي إن أدنيتك منها تسألني غيرها ؟ فيعاهده أن لا يسأله غيرها و ربه يعذره لأنه يرى ما لا صبر له عليه فيدنيه منها فيستظل بظلها و يشرب من مائها ثم ترفع له شجرة عند باب الجنة و هي أحسن

من الأولين فيقول أي رب أدنني من هذه فلأستظل بظلها و أشرب من مائها لا أسألك غيرها فيقول يا ابن آدم ألم تعاهدني أن لا تسألني غيرها ؟ قال بلى يا رب أدنني من هذه لا أسألك غيرها و ربه يعذره لأنه يرى ما لا صبر له عليه فيدنيه منها فإذا أدناه منها سمع أصوات أهل الجنة فيقول :أي رب أدخلنيها فيقولك يا ابن آدم ما يعريني منك؟ أيرضيك أن أعطيك الدنيا و مثلها معها؟ فيقول :أي رب أتستهزئ مني وأنت رب العالمين؟فيقول :إني لا أستهزئ منك ولكني على ما أشاء قادر

**287.** ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:، جەننەتكە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان كىشى بولسا، سىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە گاھ تۈز ماڭالايدۇ، گاھ يىقىلىپ توختاپ قالىدۇ. گاھ ئۇنىڭغا دوزاخ ئوتى يېتىپ، بەلگە سېلىپ قويىدۇ، ئۇ دوزاخدىن سالامەت ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دەيدۇ، مېنى سەندىن قۇتقازغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر، ئۇ كاتتا، ئۇلۇغ زاتتۇر، ماڭا ئاللاھ تائالا ئەۋۋەل ـ ئاخىر ھېچ كىشىگە بەرمىگەن نېئمەتنى ئاتا قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر تۈپ دەرەخ كۆتۈرۈلۈپ كۆرۈنىدۇ، ئۇ، ئەي رەببىم ئاللاھ، مېنى بۇ دەرەخكە يېقىپ قىلىپ قويساڭ، سايىسىدا سايىدىۋالسام، سۈيىدىن ئىچىۋالسام دەيدۇ.

ئاللاھ: ئى ئادەم بالىسى، ئەگەر مەن ئۇنى ساڭا بەرسەم، ئاندىن ئۇنىڭدىن باشقىنىمۇ سورىشىڭ مۇمكىن دەيدۇ، ئۇ، ياق ئى رەببىم، سورىمايمەن دەپ ئۇنىڭدىن باشقىنى زادى سورىماسلىققا ئەھدە، توختام، ۋەدىلەر بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ياكى ئالدىن ھۆججەت تۇرغۇزىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ، ئۇنىڭ سەۋرە قىلالمايدىغانلىقنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھ، ئۇنى دەرەخكە يېقىن قىلىپ قويىدۇ، ئۇ، سايىداپ سۈيىدىن ئىچىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئالدىدىكىدىن ياخشىراق، گۈزەل بىر دەرەخ كۆرۈنىدۇ، ئۇ بەندە: ئى رەببىم، مېنى بۇ دەرەخكە يېقىن قىلىپ قويساڭ، سايىدىسام، سۈيىدىن ئىچسەم، ئەمدى بۇنىڭدىن باشقىنى سورىمايمەن دەيدۇ، ئاللاھ تائالا، ئى ئادەم بالىسى، ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ماڭا ئەھدە، توختام، ھەتتا قەسەم بەرمىگەنمىدىڭ؟، ئەگەر ساڭا بۇنى بەرسەم، يەنە باشقىنى سورايسەن دەيدۇ، ئۇ باشقىنى سورىماسلىققا قەسەم، ئەھدە بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ سەۋرىسىزلىكىنى كۆرۈپ تۇرغاچقا، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، يېقىن قىلىپ قويىدۇ، ئۇ، سايىدا سايىداپ، سۈيىدىن ئىچىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا، جەننەتنىڭ ئىشىكى يېنىدا بىر

دەرەخ ئاشكارا بولىدۇ، بۇ ئەۋۋەلكى ئىككىسىدىن گۈزەل، ياخشىراق ئىدى، ئۇ، ئى رەببىم، مېنى بۇ دەرەخكە يېقىن قىلىپ قويساڭ، سايىدىۋالسام، سۈيىدىن ئىچىۋالسام، ئەمدى قەتئىي باشقىسىنى سورىمايمەن دەيدۇ. ئاللاھ، تۇنجى قېتىمقى سۆزنى دەيدۇ، ئۇمۇ يەنە شۇ سۆزنى قىلىپ قەسەم بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇزرىسىنى قوبۇل قىلىپ يېقىن قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن، ئۇ جەننەتنىڭ ئەھلىنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ مۇنداق دەيدۇ. ئى رەببىم، مېنى جەننەتكە كىرگۈزۈۋەتسەڭ بوپتىكەن. ئاللاھ تائالا: ئى ئادەم بالىسى، مەن ساڭا قانداق قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ دۇنيا، دۇنيانىڭ ئوخشىشىدەك يەنە بىر ھەسسە بەرسەم رازى بولامسەن؟ دەيدۇ.

بەندە: ئى رەببىم، سىلى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرۇپ، مېنى زاڭلىق، مەسخىرە قىلىۋاتاملا؟ دەيدۇ. ئاللاھ: مەن سېنى زاڭلىق قىلمىدىم، لېكىن، مەن نېمىنى خالىسام شۇنىڭغا قادىر دەيدۇ. بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد ۋە باشقىلار توپلىدى.سەھىھ.

(صحيح) الميزان بيد الرحمن يرفع أقواما و يضع آخرين (البزار) عن نعيم بن همار

**287.** نۇئەيىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ مىزان، رەھمانتائالانىڭ قولىدىدۇر، ئۇ ئۆزى خالىغان قەۋمنى يۇقىرى كۆتۈرسە، يەنە بەزىلەرنى پەسكە چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بەزار توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) ما من شيء يوضع في الميزان أثقل من حسن الخلق و إن صاحب حسن الخلق ليبلغ به درجة صاحب الصوم و الصلاة (ت) عن أبي الدرداء

**287.** ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىزاندا ياخشى، گۈزەل ئەخلاقتىن ئېغىرراق نەرسە قويۇلمايدۇ، ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىگىسى ئاشۇ ياخشى ئەخلاقنىڭ سەۋەبى بىلەن نەپلە روزا تۇتقۇچىنىڭ ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلەيدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) كلمتان خفيفتان على اللسان ثقيلتان في الميزان حبيبتان إلى الرحمن: سبحان الله و بحمده سبحان الله العظيم (خ حم ق ت ه) عن أبي هريرة

**287.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىلغا يەڭگىل، مىزاندا ئېغىر، رەھمانتائالاغا

دوستراق، سۆيۈملۈك ئىككى كەلىمە بار، ئۇ بولسىمۇ، «سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى، سۇبھانەاللە ھىلئەزىيم»، ئاللاھ پاكتۇر، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز، بەكمۇ ئۇلۇغ، بۈيۈك ئاللاھ پاكتۇر. بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

احتجت الجنة و النار فقالت الجنة: يدخلني الضعفاء و المساكين و قالت النار: يدخلني الجبارون و المتكبرون: فقال الله للنار: أنت عذابي أنتقم بك ممن شئت و قال للجنة: أنت رحمتي أرحم بك من شئت و لكل واحدة منكما ملؤها (م ت) عن أبي هريرة (م) عن أبي سعيد (ابن خزيمة) عن أنس .

**287.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىيد، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت بىلەن دوزاخ مۇنازىرلىشىپ، داۋالىشىپ قالدى، جەننەت دېدىكى، ماڭا ئاجىزلار، مىسكىنلەر كىرىدۇ، دوزاخ دېدىكى، ماڭا زۇلۇمكەش، زومىگەر، مۇتەكەببىرلەر كىرىدۇ، ئاندىن ئاللاھ دوزاخقا سەن مېنىڭ ئازابىم، سەن بىلەن خالىغان كىشىدىن ئىنتىقام ئالىمەن دېدى، جەننەتكە بولسا، سەن مېنىڭ رەھمىتىم، سەن بىلەن ئۆزۈم خالىغان كىشىگە رەھمەت قىلىمەن، ھەر ئىككىڭلار لىق تولىسىلەر دېدى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى خۇزەيمەلەر توپلىغان، سەھىھ.

ا تزول قدما ابن آدم يوم القيامة من عند ربه حتى يسأل عن خمس: عن عمره فيم أفناه ؟ و عن شبابه فيم أبلاه ؟ و عن ماله من أين اكتسبه ؟ و فيم أنفقه ؟ و ماذا عمل فيما علم ؟ (ت) عن ابن مسعود عن أبي برزة

**287.** ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇبەرزەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى قەدىمى بەش نەرسىدىن سۇرۇلۇپ بولمىغىچە پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا مۇقىم تۇرىۋېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرىدىن سورىلىدۇ، ئۇ ئۆمرىنى قايسى ئىشلاردا ئاخىرلاشتۇردى؟ ياشلىقىدىن سورىلىدۇ، ياشلىقنى نېمىگە سەرپ قىلىپ تۈگەتتى، قانداق ئۆتكۈزدى، مېلىدىن سورىلىدۇ، ئۇ مال ــ دۇنياسىنى نەدىن تاپتى، قانداق تاپتى، قەيەرگە چىقىم قىلدى؟ بىلگەن ئىلمىگە قانداق ئەمەل قىلدى، نېمە قىلدى، قىلغانلىرىنى نېمە ئۈچۈن قىلدى؟ ھەممىدىن سورىلىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

ئالىملار : قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچدىن ئىتتىك سىرات كۆرۈكى، ئەمەللەر تارتىلىدىغان مىيزان، ھىساب بېرىش ئورنى ، جەننەت ـ دوزاخ توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى مۇتىۋاتىر بۇ قۇرئاندىمۇ باردۇر دېدى.

**288**. تقدم عن كتاب مسلم الثبوت عن ابن الجوزي أن حديث الحساب متواترة.

(صحيح) من نوقش الحساب عذب (ق) عن عائشة

**288**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمدىن زىغىرلىنىپ قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنىپ، ھېساب ئېلىنسا، ئۇ چوقۇم ئازاپقا قالىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) من نوقش المحاسبة هلك (طب) عن ابن الزبير

**288**. ئىبنى زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمدىن قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنىپ، ھېساب ئېلىنىپ قالسىلا، ئۇ ھالاك بولىدۇ. (ئاسان ھېساب دېگەن تەگلەپ قويۇپ كۆزدىن كۆچرۈشتۇر). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

*

نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ،

( ئۇ جەننەتتىكى ) ئائىلىسىگە خوشال ـ خۇرام قايتىدۇ.

ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نىئمەتلەردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر. **ئالىملار:** سوئال ـ سوراق ھىساب ھەدىسلىرىنى مۇتىۋاتىر، بۇقۇرئاندىمۇ باردۇردىدى.

**289**. وزن الأعمال

ذكر اللقاني في شرح جوهرته أنها بالغة مبلغ التواتر وعضدها القرآن والإجماع

(صحيح) ليس شيء أثقل في الميزان من الخلق الحسن (حم) عن أبي الدرداء

**289**. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىزاندا ياخشى، گۈزەل ئەخلاقدىنمۇ ئېغىرراق كېلىدىغان نەرسە يوقتۇر. ئەھمەد توپلىغان. سەھىھ.

﴿فَأَمَّا مَن ثَقُلَتْ مَوَازِينُهُ❖فَهُوَ فِي عِيشَةٍ رَّاضِيَةٍ﴾

﴿تارازىسى ئېغىر كەلگەن (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن) ئادەمگە كەلسەك، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا (يەنى نازۇ-نېمەتلىك جەننەتتە) بولىدۇ.﴾

﴿وَأَمَّا مَنْ خَفَّتْ مَوَازِينُهُ❖فَأُمُّهُ هَاوِيَةٌ﴾

﴿تارازىسى يېنىك كەلگەن (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن، يا ياخشىلىقى بولمىغان) ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى ھاۋىيە بولىدۇ.﴾

﴿وَمَا أَدْرَاكَ مَا هِيَهْ﴾

﴿ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟﴾

﴿نَارٌ حَامِيَةٌ﴿ ﴾ھاۋىيە قىزىق ئوتتۇر.﴾

ئالىملار:قىيامەت كۈنى ئەمەللەرنىڭ مىزاندا تارتىلىشى توغرىسىدىكى ھەدىسنى مۇتىۋاتىر، بۇمۇ قۇرئاندا سابىتتۇر، ھەم ئىجمائقا كىلىنگەن دېدى.

**290.** احتجت الجنة و النار فقالت الجنة: يدخلني الضعفاء و المساكين و قالت النار: يدخلني الجبارون و المتكبرون: فقال الله للنار: أنت عذابي أنتقم بك ممن شئت و قال للجنة: أنت رحمتي أرحم بك من شئت و لكل واحدة منكما ملؤها (م ت) عن أبي هريرة (م) عن أبي سعيد (ابن خزيمة) عن أنس .

**290.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت بىلەن دوزاخ مۇنازىرلىشىپ، داۋالىشىپ قالدى، جەننەت دېدىكى، ماڭا ئاجىزلار، مىسكىنلەر كىرىدۇ، دوزاخ دېدىكى، ماڭا زۇلۇمكەش، زومىگەر، مۇتەكەببىرلەر كىرىدۇ، ئاندىن ئاللاھ دوزاخقا سەن مىنىڭ ئازابىم، سەن بىلەن خالىغان كىشىدىن ئىنتىقام ئالىمەن دېدى، جەننەتكە بولسا، سەن مىنىڭ رەھمىتىم، سەن بىلەن ئۆزۈم خالىغان كىشىگە رەھمەت قىلىمەن، ھەر ئىككىڭلار لىق

تولىسىلەر دېدى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى خۇزەيمىلەر توپلىغان، سەھىھ.

اشتكت النار إلى ربها فقالت: يا رب أكل بعضي بعضا فأذن لها بنفسين نفس في الشتاء و نفس في الصيف فهو أشد ما تجدون من الحر و أشد ما تجدون من الزمهرير (مالك ق ه) عن أبي هريرة

**290.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوزاخ، پەرۋەردىگارىغا، بىر قىسمىم، بىر قىسمىمنى يەپ كەتتىپ دەپ شىكايەت قىلىپتۇ. ئاللاھ، ئۇنىڭغا، يازدا بىر، قىشتا بىر، ئىككى نەپەسنى قىلىپ بېرىپتۇ، يازدىكى نەپەسلىنىشى بولسا، سىلەر تاپقان ھارارەت، قىززىق شۇدۇر، قىشتىكى بولسا، سىلەر تاپقان قاتتىق سوغۇق شۇدۇر. مالىك، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

﴿فَإِن لَّمْ تَفْعَلُواْ وَلَن تَفْعَلُواْ فَاتَّقُواْ النَّارَ الَّتِي وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ﴾

﴿ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار □ ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر□ كافىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دەۋزەختىن ساقلىنىڭلار.﴾

﴿وَاتَّقُواْ النَّارَ الَّتِي أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ﴾

﴿كافىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دەۋزەختىن (يەنى دەۋزەخكە كىرىشكە سەۋەپ بولىدىغان يامان ئىشلاردىن) ساقلىنىڭلار.﴾ سۈرە ئال ئىمران**131** ـ ئايەت

﴿وَسَارِعُواْ إِلَى مَغْفِرَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا السَّمَاوَاتُ وَالأَرْضُ أُعِدَّتْ لِلْمُتَّقِينَ﴾

﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغفىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار.﴾ سۈرەئال ئىمران**133** ـ ئايەت

ذكر في إرشاد الساري أن كون النار مخلوقة الآن وكذا الجنة مما تواترت به الأخبار تواتراً معنوياً وقال ابن كثير في تفسيره لدى قوله أعدت للكافرين ما نصه وقد استدل كثير من أئمة السنة بهذه الآية على أن النار موجودة الآن لقوله تعالى أعدت أي أرصدت وهيئت وقد وردت أحاديث كثيرة في ذلك منها تحاجت الجنة والنار ومنها استأذنت النار

ربها فقالت رب أكل بعضي بعضاً فأذن لها بنفسين نفس في الشتاء ونفس في الصيف وحديث ابن مسعود سمعنا وجبة فقلنا ما هذه فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم هذا حجر ألقي من شفير جهنم منذ سبعين سنة الآن وصل إلى قعرها وهو عند مسلم وحديث صلاة الكسوف وليلة الإسراء وغير ذلك من الأحاديث المتواترة

ئالىملار: يۇقىرىقى ئايەت ، ھەدىسلەردىن جەننەت بىلەن دوزاخ ھازىرمۇ مەۋجۇد، ئۇلار ھازىرمۇ يارىتىلىپ بولغان دېگەنگە ئىتتىپاقلا كەلگەن بۇ مۇتىۋاتىردۇر.

291. لكل نبي دعوة قد دعا بها في أمته و إني خبأت دعوتي شفاعة لأمتي يوم القيامة (حم ق) عن أبي هريرة

**291.** بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان بولۇپ، ئاستىدىكىگە ئوخشاشتۇر، سەھىھ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ بىردىن دۇئاسى بولۇپ، ئۇلار ئۇنى ئۇممىتى توغرىسىدا قىلىپ بولدى، ئىجاۋەت قىلىنىپ بولدى. ھەقىقەتەن مەن مېنىڭ دۇئايىمنى قىيامەت كۈنى ئۇممىتىم ئۈچۈن شاپائەت قىلىشقا ئېلىپ قويۇشنى ئىرادە قىلدىم. (ئەگەر ئاللاھ خالىسا.) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) لكل نبي دعوة مستجابة فتعجل كل نبي دعوته و إني خبأت دعوتي شفاعة لأمتي يوم القيامة فهي نائلة إن شاء الله من مات من أمتي لا يشرك بالله شيئا (م ت ه) عن أبي هريرة قال السفاريني في شرحه لعقيدته قال الحافظ السيوطي وحديث لكل نبي دعوة الخ متواتر ورد من حديث (1) أبي هريرة أخرجه الشيخان ومن حديث (2) أنس (3) وجابر أخرجهما مسلم (4) وعبد الله ابن عمرو (5) وعبادة بن الصامت (6) وأبي سعيد الخدري أخرجها الإمام أحمد (7) وعبد الرحمان بن أبي عقيل أخرجه البزار والبيهقي اهـ.

في المناهل للسيوطي والترغيب للمنذري أن الشيخين اتفقا عليه من حديث أنس

والكل صحيح فإنهما أخرجاه

**291**. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۇبادە، ئەنەس، جابىر...قاتارلىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر پەيغەمبەر ئۇچۇن ئىجاۋەتلىك بىر دۇئاسى بار بولۇپ، ھەممە پەيغەمبەر دۇئاسىنى تېزلا قىلىپ بولدى، ھەقىقەتەن مەن دۇئايىمنى قىيامەت كۈنى ئۇممىتىم ئۇچۇن شاپائەت قىلىشقا ئېلىپ قويدۇم، بۇ دۇئا بۇ شاپائەت ئاللاھ خالىسا، مېنىڭ ئۇممىتىمدىن ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، مۇسۇلمان ھالدا ئۆلگەن كىشىگە يېتىدۇ، ئىنشائاللاھ. مۇسلىم، ترمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

.292 (صحيح) المقام المحمود الشفاعة (حل هب) عن أبي هريرة

**292**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەقامە ممەھمۇدا دېگەن شاپائەت شۇدۇر. (يەنى قۇرئاندا سۇرە ئىسرادا تىلغا ئېلىنغان مەدھىيلىنىدىغان ئالى مەرتىبىلىك ئورۇن، چوڭ شاپائەت قىلىش شۇدۇر دېگەن) ئەبۇ نۇئەيم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أنا سيد الناس يوم القيامة و هل تدرون مم ذلك ؟ يجمع الله الأولين و الآخرين في صعيد واحد يسمعهم الداعي و ينفذهم البصر و تدنو الشمس منهم فيبلغ الناس من الغم و الكرب ما لا يطيقون و لا يحتملون فيقول بعض الناس لبعض : ألا ترون ما قد بلغكم ؟ ألا تنظرون من يشفع لكم إلى ربكم ؟ فيقول بعض الناس لبعض : ائتوا آدم فيأتون آدم فيقولون : يا آدم أنت أبونا أنت أبو البشر خلقك الله بيده و نفخ فيك من روحه و أمر الملائكة فسجدوا لك اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم آدم : إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله و إنه نهاني عن الشجرة فعصيته نفسي نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى نوح ؛ فيأتون نوحا فيقولون : أنت أول الرسل إلى أهل الأرض و سماك الله (عبدا شكورا اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم نوح : إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله و إنه قد كانت لي دعوة دعوت بها على قومي نفسي نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى إبراهيم ؛ فيأتون إبراهيم

فيقولون : يا إبراهيم ؟ أنت نبي الله و خليله من أهل الأرض اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم إبراهيم : إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله و إني قد كنت كذبت ثلاث كذبات نفسي نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى موسى ؛ فيأتون موسى فيقولون : يا موسى ! أنت رسول الله فضلك الله برسالاته و بكلامه على الناس اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول : إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله و إني قتلت نفسا لم أومر بقتلها نفسي نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى عيسى ؛ فيأتون عيسى ! فيقولون : يا عيسى أنت رسول الله و كلمته ألقاها إلى مريم و روح منه و كلمت الناس في المهد اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم عيسى : إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله نفسي نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى محمد ؛ فيأتوني فيقولون : يا محمد ! أنت رسول الله و خاتم الأنبياء و غفر الله لك ما تقدم من ذنبك و ما تأخر اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ ؛ فأنطلق فآتي تحت العرش فأقع ساجدا لربي ثم يفتح الله علي و يلهمني من محامده و حسن الثناء عليه شيئا لم يفتحه لأحد قبلي ثم يقال : يا محمد ! ارفع رأسك سل تعط و اشفع تشفع فأرفع رأسي فأقول : يا رب ! أمتي أمتي فيقال : يا محمد أدخل الجنة من أمتك من لا حساب عليه من الباب الأيمن من أبواب الجنة و هم شركاء الناس فيما سوى ذلك من الأبواب و الذي نفسي بيده إن ما بين مصراعين من مصاريع الجنة لكما بين مكة و هجر أو كما بين مكة و بصرى) . (حم ق ت) عن أبي هريرة . أورده في الأزهار من حديث (1) أنس (2) وأبي هريرة (3) وابن عمر (4) وحذيفة (5) وجابر (6) وأبي بكر (7) وابن عباس (8) وأبي بن كعب (9) وأبي سعيد (10) وسلمان (11) وعقبة بن عامر (12) وعبادة بن الصامت اثني عشر رجلاً

**292.** ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس، جابىر، ئۇقبە، ئۇبادە...قاتارلىق **12** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: مەن قىيامەت كۈنى بارلىق كىشىلەرنىڭ سەييىدى، خوجىسى، يول باشچىسى بولىمەن. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

ئاللاھ بۇرۇنقىلارنى ۋە كېيىنكىلەرنى تۈپتۈز بىر جايغا توپلايدۇ. چاقىرىقچى دەۋەتنى ئۇلارغا ئاڭلىتالايدۇ، كۆز يەنى ئاللاھنىڭ كۆزى ئۇلارنى قورشاپ كۆرىدۇ، ھېچ كىشى مەخپى بولالمايدۇ، قۇياش ئۇلارغا شۇنداق يېقىنلىشىدۇ، كىشىلەرگە ئۇلار تاقەت قىلالمىغۇدەك، كۆتۈرەلمىگىدەك دەرىجىدە غەم ــ قايغۇ، مۇشەققەت يېتىدۇ، بەزىسى بەزىسىگە مۇنداق دېيىشىدۇ، ھەقىقەتەن سىلەرگە يەتكەن مۇشەققەت، دەرت ــ ئەلەمگە قارىمامسىلەر؟ سىلەر ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ مۇشۇققەتنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن شاپائەت تەلەپ قىلىدىغان بىرەر كىشى بارمۇ؟ قارىمامسىلەر؟ بەزىسى بەزىسىگە، ئادەم ئاتىنىڭ قېشىغا بېرىڭلار! دەيدۇ، ئۇلار كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ، ئى ئادەم، سەن بىزنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ دادىسى، ئاللاھ سىنى ئۆز قولى بىلەن ياراتتى، ساڭا روھنى پۈۋدىدى، پەرىشتىلەرنى بۇيرىدى، ئۇلار ساڭا سەجدە قىلدى. (مەقسەت سەن شۇنداق ئۇلۇغ بولغاندىكىن) رەببىڭنىڭ قېشىغا بېرىپ بىز ئۈچۈن شاپائەت تەلەپ قىلساڭ، بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بىزگە يەتكەن مۇشەققەتكە قارىمامسەن؟. ئادەم ئاتا ئۇلارغا ؛ ھەقىقەتەن رەببىم بۈگۈن شۇنداق بىر غەزەپ قىلدىكى، مۇندىن بۇرۇن ۋە كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلماس، ئاچچىقلانماس، ھەقىقەتەن ئاللاھ مىنى دەرەخنى يېيىشدىن توسقان ئىدى، مەن ئاسىي بولدۇم، بۈگۈن مەنمۇ ئۆز جېنىم، نەپسىم بىلەن قالدىم، شاپائەت قىلالمايمەن، مەندىن باشقىلارنىڭ يېنىغا نۇھنىڭ يېنىغا بېرىڭلا دەيدۇ، ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سەن بولساڭ زېمىن ئەھلىگە ئەۋەتىلگەن تۇنجى مۇرسەل پەيغەمبەر، ئاللاھ سېنى شۈكىر قىلغۇچى بەندە دەپ ئاتىدى، بىزنىڭ ھالىمىزغا بىزگە يەتكەن مۇشەققەتكە قارىمامسەن، بىز ئۈچۈن رەببىڭدىن شاپائەت تەلەپ قىلساڭ، نۇھ ئەلەيھىسسالام؛ رەببىم بۈگۈن شۇنداق غەزەپ قىلدىكى بۇرۇنمۇ قىلىپ باقمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ، مەن ئۈچۈن ئىجاۋەت بولىدىغان بىرلا دۇئا بار ئىدى، مەن ئۇ دۇئانى قەۋمىمدىن دىنسىز زالىملارغا قارشى قىلىپ بولدۇم، مەنمۇ بۈگۈن ئۆزۈم بىلەن قالدىم، جېنىم بىلەن قالدىم، ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، مەندىن باشقا كىشىنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلاردەيدۇ، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سىلى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، زېمىن ئەھلىدىن بىردىنبىر ئاللاھنىڭ دوستى، خەلىلى، بىزنىڭ ھالىمىزغا، بىزگە يەتكەن مۇشەققەتكە قارىمامىلا؟ ئۆتۈنۈپ قالىلى، بىز ئۈچۈن

پەرۋەردىگارىڭدىن شاپائەت سورىساڭ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يۇقىرىقىدەك قاتتىق غەزەپنى تىلغا ئېلىپ، مەن ئۈچ قېتىم يالغان سۆزلەپ سالغان، مەنمۇ بۈگۈن ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇسا ئەلەيھىسسالام، سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئاللاھ سىلىنى ئەلچى قىلىش، سىلىگە سۆزلەش بىلەن كىشىلەر ئۈستىگە پەزىلەتلىك قىلدى، شاپائەت تەلەپ قىلغان بولسىلا، ھالىمىزغا قارىمامىلا؟ دەپ يالۋۇرىدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ يۇقىرىقىدەك قاتتىق غەزەپنى تىلغا ئېلىپ بۇيرۇلماستىن قاتىللىق قىلىپ سالغانمەن، مەنمۇ بۈگۈن ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، سىلەرگە شاپائەت قىلالىغىدەك دەرىجىدە ئەمەسمەن، سىلەر ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار دەيدۇ، (چۈنكى ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمى ئۈچىدە تۇرىدۇ) ئۇلار ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەريەم ئانىغا تاشلىغان، كۈن دېگەن سۆزى ۋە ئاللاھ تەرەپتىن بولغان روھ، سىلى كىشىلەرگە بۆشۈكتە تۇرۇپلا سۆز قىلغان، دىمەك، سىلى شۇنداق ئۇلۇغ، بىز ئۈچۈن ئاللاھتىن شاپائەت تەلەپ قىلغان بولسىلا، بىزنىڭ ھالىمىزغا بىزگە يەتكەن بۇ قاتتىق غەم ـ قايغۇغا قارىمامىلا؟ ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ھەقىقەتەن رەببىم بۈگۈن شۇنداق غەزەپ قىلدى، بۇرۇنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ھەرگىز بۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ، (بۇ غەزەپ زالىملاردىن دىنسىزلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن) مەنمۇ ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ئاللاھ سىلىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان، بىزنىڭ ھالىمىزغا قارىمامىلا؟ بىزگە يەتكەن مۇشەققەت، دەرت ـ ئەلەم، غەم ـ قايغۇ، قورقۇنچلارنى كۆرمەملا، بىزگە بىر قاراپ باقسىلا، ئۇتتۇنۇپ قالىلى، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارلىرىدىن شاپائەت تەلەپ قىلسىلا، ئاندىن مەن يۈرۈپ ئەرشى تەھتىگە كېلىمەن، رەببىمگە سەجدە قىلىپ يىقىلىمەن، ئاندىن ئاللاھ مەندىن بۇرۇن ھېچبىر كىشىگە بىلدۈرمىگەن ھەمدۇسانالارنى ماڭا ئىلھام قىلىپ، ئېچىپ بېرىدۇ، بىلدۈرىدۇ، (دىمەك، شۇ ھەمدۇسانا، ئىسىم ئەزەملەرنى ئوقۇيدۇ) ئاندىن ماڭا ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بېشىڭنى كۆتۈرگىن! سورىغىن، بېرىلىدۇ، شاپائەت قىلساڭ، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇ دېيىلىدۇ، ئاندىن مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئى رەببىم! ئۈممىتىم، ئۈممىتىم

دەيمەن، ئاندىن ماڭا ئۇممىتىڭدىن ھېساب يوق ھالدا، ھېسابسىز جەننەتكە كىرىدىغانلارنى جەننەت ئىشىكلىرىدىن ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكدىن كىرگۈزگىن، ئۇلارۋە سېنىڭ ئۇممىتىڭدىن ھېساب بىلەن كىرىدىغانلار ۋە باشقا كىشىلەر، ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكدىن باشقا ئىشىكلەردە شېرىك بولۇپ، ئورتاق جەننەتكە كىرىدۇ. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئىككى يان ياغىچىنىڭ ئارىلىقى ياكى ئىشىكلىرىدىن ئىككى ئىشىكنىڭ ئارىلىقى مەككە بىلەن ھەجەردەك ياكى مەككە بىلەن بۇسرادەك شۇنداق كەڭرىدۇر، (بۇسرا، ئىراقنىڭ بىر ۋىلايىتى بولىدۇ) بۇ ھەدىسنى بارلىق ھەدىس كىتابلىرى توپلىغان، بۇخارى **3092** ـ، **3111** ـ، **4343** ـ ھەدىس، مۇسلىم **287** ـ ھەدىس، تىرمىزى **2358** ـ ھەدىس، نەسەئى **1128** ـ ھەدىس، ئەھمەد **9250** ـ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىر. ئالىملار شاپائەتنى مۇتىۋاتىر خەۋەر دېگەن، بۇ بىزنىڭ ئېتىقادىمىز، بىز شەكسىز ئىشىنىمىز، ئاللاھ بىزگە رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتىنى ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

تەنتاۋى جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار دېگەن ئەسەردە شاپائەتكە يۈلەنمەسلىك، گەرچە ئىمان كەلتۈرسەكمۇ، شەكسىز ئىشەنسەكمۇ يۈلىنىۋالماي بىزمۇ شاپائەت قىلغىدەك بولايلى! دېگەن بار، شاپائەت، ئاللاھ ئىزنى قىلغان، شاپائەتچىلەر قىلىشنى خالىغان شاپائەتكە لايىق بولغان كىشىگە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭمۇ شەرتى بار.

293. اللهم إني أسألك و أتوجه إليك بنبيك محمد نبي الرحمة يا محمد إني توجهت بك إلى ربي في حاجتي هذه لتقضى لي اللهم فشفعه في (ت ه ك) عن عثمان بن حنيف

**293.** ئوسمان ئىبنى ھەنىيپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىر ئەما كىشى كېلىپ، ئاللاھقا دۇئا قىلساڭ، مەن ساقايسام دېگەندە، مۇنداق دۇئا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، بەزى خاتىرىدە تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت نامازدىن كېيىن قىلىدۇ، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىنلا سورايمەن، رەھمەت پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىبارەت پەيغەمبەرلىرىنى سىلىگە شىپىي كەلتۈرۈمەن، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەقىقەتەن مەن سىنى مۇشۇ ھاجىتىمنىڭ ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن رەببىمگە شىپىي كەلتۈردۈم، ئى ئاللاھ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مىنىڭ مۇشۇكىسىلىم توغرىسىدا شاپائەتچى قىلىپ، شاپائىتىنى قوبۇل قىلسىلا، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم

توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات ۋاختىدا شاپائەتچى قىلىپ شېپى كەلتۈرۈپ، ئاللاھتىن سورىسا بولىدىكەن، ھاياتلىقتا خاس قىلىشنىڭ دەلىلى، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەن خىتاپ، ئۇنىڭدىن باشقا رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسى ئاباسنى ئېلىپ چىقىپ سۇ تەلەپ قىلدى، رەسۇلۇللاھ بىلەن تەلەپ قىلمىدى، بىز ئەنە شۇ خەلىپىگە ئەگىشىمىز، دەلىلىنى ساھسابىدەك چۈشەنگىن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھايات چېغىدا دۇئاسىنى ئېلىپ يېقىنچىلىق ئىزدەش ھەدىسى مۇتېۋاتىر. لىكىن الله بىلەن ئىبادەت ئارىسىدا ۋاستە قىلىنمايدۇ.بۇشىرىكتۇر.

**294.** شفاعتي لأهل الكبائر من أمتي (حم د ن حب ك) عن جابر (طب) عن ابن عباس (خط) عن ابن عمر وكعب شفاعتي يوم القيامة حق فمن لم يؤمن بها لم يكن من أهلها).

ذكر السيوطي في الجامع أنه أخرجه ابن منيع يعني في المعجم عن زيد بن أرقم وبضعة عشر من الصحابة قال المناوي في شرحيه ومن ثم أطلق عليه التواتر اه.

(1) أنس (2) وجابر (3) وابن عباس (4) وابن عمر (5) وكعب بن عجرة والثاني من رواية (6) أبي الدرداء والثالث من رواية (7) ابن عمر (8) وأبي موسى وقال السعد في شرح النسفية بعد ذكر حديث شفاعتي لأهل الكبائر من أمتي ما نصه وهو مشهور بل الأحاديث في باب الشفاعة متواترة المعنى

**294.** جابىر ئىبنى ئاباس، ئىبنى ئۆمەر، كەئىبنى ئىبنى ئۇجرەت... قاتارلىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **مېنىڭ شاپائىتىم، ئۇممەتلىرىمنىڭ گۇناھى ــ كەبىيرىنى قىلغان كىشىلەرگە بولىدۇ،** كابائىر ئەھلىگە بولىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، تەبرانى، خەتىيب توپلىغان، سەھىھ.مۇتېۋاتىر.

(صحيح) يخرج قوم من النار بشفاعة محمد صلى الله عليه وسلم فيدخلون الجنة و يسمون الجهنميين (حم خ د) عن عمران بن حصين

**294.** ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نۇرغۇن كىشىلەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتى بىلەن دوزاخدىن چىقىپ جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار جەھەننەمىيۇن دەپ ئاتىلىدۇ، (يەنى، جەھەننەمگە كىرىپ چىققانلار). ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**295** . الحوض. الكوثر ﴿إِنَّا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ﴾

﴿بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق.﴾ **108** ـ سۈرە كەۋسەر

(صحيح) الكوثر نهر أعطانيه الله في الجنة ترابه مسك أبيض من اللبن و أحلى من العسل ترده طائر أعناقها مثل أعناق الجزر آكلها أنعم منها (ك) عن أنس

**295.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەۋسەر بولسا، ئاللاھ تائالا ماڭا جەننەتتە بەرگەن ئۆستەڭدۇر، تۇپرىقى مىسكە ئەنبەردەكتۇر، سۈيى سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىق، بۇ كۆلگە بويۇنلىرى خۇددى تۆگىنىڭ بويىنىغا ئوخشاش قۇشلار چۈشۈپ ئوتلايدۇ، ئۇنى يىگۈچى، ئۇلاردىن نىئمەتلىكرەك تېخىمۇ لەززەت ئالىدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ بۇ سۈرە كەۋسەرنىڭ تەپسىرى بولىدۇ.

(صحيح) الكوثر نهر في الجنة حافتاه من ذهب و مجراه على الدر و الياقوت تربته أطيب ريحا من المسك و ماؤه أحلى من العسل و أشد بياضا من الثلج (حم ت ه) عن ابن عمر

**295.** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەۋسەر جەننەتتىكى ئۆستەڭ بولۇپ، ئىككى قىرغىقى ئالتۇندىن، ئېقىش ئورنى ئاستى گۆھەر، ياقۇتتىن، تۇپرىقى مىسكىدىن خۇشپۇراقتۇر، سۈيى بولسا، ھەسەلدىن تاتلىق، قاردىنمۇ سوغۇق ھەم ئاقتۇر. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أنزلت علي آنفا سورة (بسم الله الرحمن الرحيم إنا أعطيناك الكوثر فصل لربك و انحر إن شانئك هو الأبتر أتدرون ما الكوثر ؟ فإنه نهر وعدنيه ربي عليه خير كثير هو حوضي ترد عليه أمتي يوم القيامة آنيته كعدد النجوم فيختلج العبد منهم فأقول: رب إنه

من أمتي فيقول: ما تدري ما أحدث بعدك) . (م د ن) عن أنس .

**295.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا باياتىن بىر سۈرە نازىل قىلىندى،

﴿بسم الله الرحمن الرحم إِنَّا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ ❖ فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ ❖ إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ الْأَبْتَرُ﴾

﴿بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى (كەۋسەر بۇلاقنى) ئاتا قىلدۇق، پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن، ۋە قۇربانلىق قىلغىن، ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ (ئىزى ئۈچۈپ) نام ــ نىشانى قالمايدۇ﴾ **108** ــ سۈرە.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: كەۋسەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ھەقىقەتەن ئۇ رەببىم ماڭا ۋەدە قىلغان، ئۆستەڭ بۇلاقتۇر، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ياخشىلىقلار بار، ئۇ مېنىڭ بۇلاق كۆلۈمدۇر، قىيامەت كۈنى ئۈممىتىم ئۇنىڭغا كېلىپ ئىچىدۇ، ئۇنىڭ قاچىسى يۇلتۇزنىڭ سانىدەك كۆپتۇر، (چۈنكى ئىچىدىغانلار كۆپ) ئۇلاردىن مەلۇم كىشىلەر ئايرىلىپ چەكلىنىپ قالىدۇ، مەن ئى رەببىم، شەك ــ شۈبھىسىز ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىم ئىدى دېسەم، ئاللاھ، ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمىلەرنى پەيدا قىلغىنىنى بىلمەيسەن دەيدۇ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) دخلت الجنة فإذا أنا بنهر حافتاه خيام اللؤلؤ فضربت بيدي إلى ما يجري فيه الماء فإذا مسك أذفر فقلت: ما هذا يا جبريل ؟ قال: هذا الكوثر الذي أعطاكه الله (حم خ ت ن) عن أنس

**295.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە كىرسەم، ناگاھان بىر ئۆستەڭ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىككى قىرى، گىرۋىكى ئىچى كاۋاك، گۆھەر زەبەرجەتتىن بولغان چېدىرلار بىلەن ئورالغان ئىكەن، سۇ ئېقىۋاتقان جايغا قولۇمنى سېلىپ ئۇرۇپ باقسام، ناگاھان ئۇ مىسكە، خۇشپۇراق ئەنبەر ئىكەن، يا جىبرىئىل بۇ نېمە؟ دېسەم، ئۇ: بۇ، ئاللاھ ساڭا بەرگەن كەۋسەر شۇدۇر دېدى، ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى، سەھىھ.

(صحيح) لأذودن عن حوضي رجالا كما تذاد الغريبة من الإبل (م) عن أبي هريرة

**295.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە مەن ئۇرغۇن كىشىلەرنى ھەۋزى كەۋسەر كۆلۈمدىن خۇددى ناتونۇش تۆگە كۆلدىن ھەيدەلگەندەك ھەيدەپ ئايرىۋېتىمەن، چەكلەپ توسىمەن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

لتزدحمن هذه الأمة على الحوض ازدحام إبل وردت لخمس أي لظمئ(طب) عن العرباض

**295.** ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە، بۇ ئۇممەت ھەۋزى كەۋسەر بويىدا قاتتىق ئۇسسۇزلۇقدىن كۆلگە كەلگەن تۆگىلەر قىستاشقاندەك قىستىشىپ كېتىدۇ، كۆپلىكىدىن قىستىقىستاڭ بولۇپ كېتىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئۈچ كۈن ئۇسسۇز بېقىلىپ، تۆتىنچى كۈنى سۇغارغىلى ئېلىپ كېلىنگەن، ئۇسسۇز تۆگىلەر خىمس دەپ ئاتىلىدۇ، شۇلاردەك قىستىشىپ كېتىدۇ.

(صحيح) ما أنتم بجزء من مائة ألف جزء ممن يرد علي الحوض (حم د ك) عن زيد بن أرقم

**295.** زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ھەۋزى كەۋسەرگە سۇ ئىچىشكە كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ **100000** پارىسىدىن بىر پارچىمۇ ئەمەس، **100000**دەن بىرسىمۇ ئەمەس، ئۇلار شۇنداق كۆپتۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

أوردها في الأزهار من حديث (1) أنس (2) وأسيد بن حضير (3) وجندب بن عبد الله بن سفيان البجلي (4) وحارثة بن وهب (5) وسهل بن سعد (6) وعبد الله بن زيد (7) وابن عمرو (8) وابن مسعود (9) والمستورد بن شداد (10) وأبي هريرة (11) وأسماء بنت أبي بكر (12) وابن عباس (13) وثوبان (14) وجابر بن سمرة (15) وحذيفة بن اليمان (16) وعقبة بن عامر (17) وأبي ذر (18) وأبي سعيد الخدري (19) وعائشة (20) وأم سلمة (21) وأبي بكر الصديق (22) وعمر بن الخطاب (23) وعقبة بن عبد السلمي (24) وعلي بن أبي طالب (25) وسمرة بن جندب

(26) وأسامة بن زيد (27) وحمزة بن عبد المطلب (28) وزوجته خولة بنت قيس (29) وخباب بن الأرت (30) وزيد بن أرقم (31) وعائذ بن عمرو (32) وكعب بن عجرة (33) ولقيط بن عامر (34) وأبي برزة الأسلمي (35) وبريدة (36) وأبي بن كعب (37) والبراء ابن عازب (38) وجابر بن عبد الله (39) وحذيفة بن أسيد (40) والحسن بن علي (41) وزيد بن ثابت (42) وسلمان (43) وأبي أمامة (44) وأبي بكرة (45) وأبي الدرداء (46) وأبي مسعود (47) وسويد ابن جبلة الفزاري (48) والعرباض بن سارية (49) والنواس بن سمعان تسعة وأربعين نفساً. (قلت) زاد في شرح الأحياء ممن رواها أيضاً (50) أبا لبابة (51) وجبير بن مطعم (52) وأوس ابن الأرقم وهو أخو زيد بن الأرقم (53) وزيد بن أبي أوفى وهو أخو عبد الله بن أبي أوفى (54) وسويد ابن عامر (55) والصنابحي بن الأعسر (56) وعبد الله الصنابحي وهو غير الذي قبله وغير أبي عبد الله الصنابحي التابعي (57) وسمرة بن جندب السواءي العامري ونقل في شرح المواهب عن الحافظ قال بلغني أن بعض المتأخرين أوصلهم إلى ثمانين نفساً وفي مناهل الصفا روى أحاديث الحوض خمسة وخمسون صحابياً خرجت أحاديثهم في الأحاديث المتواترة اهـ.

وانظره وانظر أيضاً شرح علي القاري على الشفا وشرح الأحياء فقد عد فيه ممن رواها خمسة وأربعين وذكر ألفاظهم قال القاضي ويعني به البيضاوي الحوض على ظاهره عند أهل السنة وحديثه متواتر يجب الإيمان به وتردد البعض في تكفير منكره وقال القرطبي أحاديث الحوض متواترة اهـ.

وممن جمعها الإمام الحافظ أبو بكر البيهقي في كتابه البعث والنشور بأسانيدها وطرقها وفي بعض ذلك ما يقتضي كونها متواترة

**ئالىملار:** ھەۋزىي كەۋسەر ھەدىسىنى مۇتىۋاتىر. قۇرئاندىمۇ باردۇر دېدى. ھەۋزى ـ كەۋسەرھەدىسى **57**ساھابىدىن سۆزلەنگەن مۇتىۋاتىر.

**296.** إنكم سترون ربكم كما ترون هذا القمر لا تضامون في رؤيته فإن استطعتم

أن لا تغلبوا على صلاة قبل طلوع الشمس و صلاة قبل غروبها فافعلوا (حم ق 4) عن جرير ذكره السعد في شرح النسفية وقال هو حديث مشهور رواه أحد وعشرون من أكابر الصحابة رضي اللّه عنهم عدة من أصحاب رسول اللّه صلى اللّه عليه وسلم كلهم أئمة منهم (1) ابن مسعود (2) وابن عمر (3) وابن عباس (4) وصهيب (5) وأنس (6) وأبو موسى الأشعري (7) وأبو هريرة (8) وأبو سعيد الخدري (9) وعمار بن ياسر (10) وجابر بن عبد اللّه (11) ومعاذ بن جبل (12) وثوبان (13) وعمارة ابن رويبة الثقفي (14) وحذيفة (15) وأبو بكر الصديق (16) وزيد بن ثابت (17) وجرير ابن عبد اللّه اليمني (18) وأبو أمامة الباهلي (19) وبريدة الأسلمي (20) وأبو برزة (21) وعبد اللّه بن الحارث بن جزء الزبيدي رضوان اللّه عليهم أجمعين فهم أحد وعشرون من مشاهير الصحابة وكبرائهم وعلمائهم نقلوه عن رسول اللّه صلى اللّه عليه وسلم واتفقوا على ثبوته ولم يشتهر عن غيرهم خلاف ذلك فكان إجماعاً اهـ.

ثم ذكر الشيخ قاسم من خرج أحاديثهم من الأئمة ثم عد أيضاً ممن رواه (22) أبا رزين العقيلي (23) وعبادة بن الصامت (24) وكعب بن عجرة (25) وفضالة ابن عبيد (26) وأبي بن كعب (27) وعبد اللّه بن عمرو (28) وعائشة فانظره وقال ابن أبي شريف في شرحها أيضاً أحاديث الرؤية متواترة معنى فقد وردت بطرق كثيرة عن جمع كثير من الصحابة ذكرنا عدة منها في حواشي شرح العقائد

**296.** ھەقىقەتەن سىلەر يېقىندا، يەنى قىيامەت كۈنى رەببىڭلارنى كۆرىسىلەر.خۇددى مۇشۇئاينى كۆرىشتە، قىستى قىستاڭ، دە ـ تالاش قىلماي قېنىپ كۆرگەندەك، اللّٰه نى قېنىپ كۆرىسىلەر.ئەگەر كۈن چىقىشتىن بۇرۇنقى بومدات نامىزى بىلەن كۈن كىرىشتىن بورۇنقى ئەسىر نامىزىدىن مەغلۇپ بولماسلىققا قادىر بولساڭلار، شۇنداق قىلىڭلار.(يەنى بۇئىككى نامازنى ئۇبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار، بۇ، اللّٰه نى كۆرۈشكە پايدىلىق.) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر**28**ساھابىدىن توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

ئاللاھنى ئايغا ئوخشاتمىغان، بەلكى ئاي چەكلىك، كىچىك مەخلۇق تۇرۇپ،

ھەممىسى ئۇنى قىنىپ كۆرگەن، ئۆزنى ئاي بىلەن بىللە بولغاندەك ھىس قىلغان، ئاللاھ ئۇنىڭدىن كاتتا، ئۇلۇغدۇر، ئوخشىشى يوقتۇر، ھەممىسى ئۆزنى الله بىلەن بىللە ھىس قىلىدۇ. ئاللاھمۇ بىللە بولىدۇ. ھەممىسى قىنىپ كۆرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بامدات نامىزىغا، ئەسىر نامىزىغا، ھەممە نامازغا چىڭ تۇرۇش لازىم، خىتاپ، ساھابىلارغا بولغان ئىكەن، ساھابىلاردەك بولۇش لازىم، الله نىڭ ئوخشىشى يوقتۇر.قىيامەت كۈنى ئاللاھنى مۆئمىنلەرنىڭ كۆرۈشى توغرىسىدىكى ھەدىس مۇتىۋاتىردۇر، ئەڭ ئىشەنچىلىك. قەتئى ئىلمىنى پايدا بىرىدۇ. بۇنىڭغا ئايەتتىمۇ دەلىل باردۇر، ئايەتتىكى زىيادە دىگەننى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ساھابىلار، تابىئىنلار، ئاللاھنىڭ جامالى دىگەن. ئۇلار رەببىگە قاراپ تۇرىدۇ دىگەن بار، جەننەتتە جەننەت ئەھلىگە خالىغانلىرى بار دىگەن ئايەتمۇ بار، دەلىل كۆپتۇر.

**297.** عدم تخليد المؤمن العاصي في النار و خروج من كان في قلبه مثقال ذرة من إيمان منها ذكر السيوطي وغيره أنها متواترة وفي مطالع المسرات ما نصه وأما العصاة من المؤمنين فالأحاديث في عدم تخليد المؤمن العاصي في النار زائدة على حد التواتر قال الحافظ الجلال السيوطي في البدور السافرة فقد رويناها من حديث أكثر من أربعين صحابياً وسقناها في كتابنا الأزهار المتناثرة في الأخبار التواترة

(صحيح) يخرج من النار أربعة فيعرضون على الله فيلتفت إليه أحدهم فيقول: أي رب! إذا أخرجتني منها لا تعدني فيها فينجيه الله منها (م) عن أنس

**297.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەلۇم سەۋەبلەردىن دوزاخدىن تۆت كىشى چىقىپ، ئۇلار ئاللاھقا تەگلىنىدۇ، ئاندىن ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلۇشقا بۇيرۇلغاندا ئۇلارنىڭ بىرسى: ئى رەببىم، ئاللاھ! مىنى دوزاخدىن چىقارغان ئىكەنسەن، ئەمدى مىنى ئۇنىڭغا قايتۇرمىساڭ، مەن شۇنى ئۈمىد قىلاتتىم دەيدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاللاھ تائالا دوزاخدىن قۇتقۇزىدۇ. مۇسلىم **283** ــ ھەدىس، ئەھمەد **12835** ــ ھەدىس، سەھىھ.

(صحيح) يخرج من النار من قال: لا إله إلا الله و كان في قلبه من الخير ما يزن شعيرة ثم يخرج من النار من قال لا إله إلا الله و كان في قلبه من الخير ما يزن برة ثم يخرج من

النار من قال لا إله إلا الله و كان في قلبه من الخير ما يزن ذرة(حم ق ت ن) عن أنس

**297.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: لا ئىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھتىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق دېگەن، ۋە قەلبىدە بىر تال ئارپا چاغلىق ياخشىلىق بار كىشى دوزاخدىن چىقىدۇ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەن ۋە قەلبىدە بىر تال بۇغدايىنىڭ ۋەزنىگە توغرا كەلگەنچىلىك ياخشىلىق بار كىشى دوزاخدىن چىقىدۇ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەن ۋە قەلبىدە زەررىچىلىك ياخشىلىق بار كىشى دوزاخدىن چىقىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) يخرج من النار من كان في قلبه مثقال ذرة من الإيمان (ت) عن أبي سعيد

**297.** ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەلبىدە زەررىچىلىك زەررىنىڭ مىقدارىدا ئىمانى بار كىشى شاپائەت بىلەن دوزاخدىن چىقىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللا: ئەگەر مەن ئاشۇ زەررىچىلىك ئىمان بىلەن دوزاخدىن قۇتىلالايدىغان كىشى بولالىسام، بويۇم بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرگەندىنمۇ بەكرەك خۇشال بولغان بولاتتىم دېگەن. چۈنكى، ئۇ دوزاخدىن قۇتۇلۇپ، جەننەتكە كىرىش بىشارىتى بولىدۇ ـ دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمانى بار كىشى دوزاخقا كىرىپ قالدى، بۇنىڭدىن ھەزەر قىلىڭلار، شاپائەتكە لايىق بولۇڭلار. سۆيۈنتى قاتارلىق ئالىملار: قەلبىدە زەررە مىقدارى ئىمانى بار كىشىنىڭ دۇۋزاخدىن چىقىشىنى، ئاسىي مۆئمىنىنىڭمۇ دەۋزەخدە مەڭگۇ قالماستىن بەلكى جەننەتكە چىقىشىنى مۇتىۋاتىر دېدى.بۇ ھەم يۇقىردا ئۆتتى.

**298.** يدخل الجنة من أمتي سبعون ألفا بغير حساب هم الذين لا يسترقون و لا يتطيرون و لا يكتوون و على ربهم يتوكلون (خ) عن ابن عباس (حم م) عن عمران بن حصين (م) عن أبي هريرة

**298.** ئىبنى ئابباس، ئىمران، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇممىتىمدىن **70000** كىشى ھېسابسىز، ئازابسىز جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار ئايەتى شىپا ئوقۇتمايدۇ، شۇم پال ئالمايدۇ، ئوت بىلەن داغلاپ داۋالاتمايدۇ، پەقەت رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلىدۇ. بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. باشقا خاتىرىدە **70000**نىڭ ھەر

مىڭى بىلەن يەنە **70000** باردۇر، بۇ سۆزنى ئەرەپلەر ناھايىتى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان بولۇپ، مەنىسى ئىنتايىن كۆپ دېگەن بولىدىكەن، شۇ **70000**غىلا خاس بولماستىن، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىكەن، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدىكەن.

أعطيت سبعين ألفا من أمتي يدخلون الجنة بغير حساب وجوههم كالقمر ليلة البدر قلوبهم على قلب رجل واحد فاستزدت ربي عز و جل فزادني مع كل واحد سبعين ألفا (حم) عن أبي بكر (1) ابن عباس (2) وأبي هريرة (3) وعمران بن حصين (4) وأبي أمامة (5) وأبي بكر الصديق (6) وابنه عبد الرحمان (7) وابن مسعود (8) وجابر بن عبد اللّه (9) وأبي أيوب الأنصاري (10) وثوبان (11) وحذيفة بن اليمان (12) وأنس (13) وأبي سعيد الخدري (14) ورفاعة الجهني (15) والفلتان بن عاصم (16) وسمرة بن جندب (17) وعمرو ابن حزم (18) وأبي سعيد الأنصاري (19) وأسماء بنت أبي بكر تسعة عشر نفساً.

**298.** ئەبۇ بەكرى، ئەنەس، ئەسما...قاتارلىق **19** ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **ماڭا** ئۈممىتىمدىن **70000** كىشىنىڭ ھېسابسىز جەننەتكە كىرىشى بېرىلدى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى **14** كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلۇقتۇر، دىللىرى بولسا بىرلا كىشىنىڭ قەلبىدەك پاك، ساپتۇر، مەن رەببىم ئەززە ۋە جەللىدىن يەنىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىشىنى سورىدىم، ئاندىن ئاللاھ ماڭا يۇقىرىقى **70000** كىشىدىن ھەربىر كىشى بىلەن بىللە يەنە **70000** كىشىنىڭ جەننەتكە ھېسابسىز كىرىشىنى بەردى، ئەھمەدلەر توپلىغان، سەھىھ، مۇتىۋاتىر. **70000** × **70000** = **4900000000** تۆت مىليارت **900** مىليون بولىدۇ.

**299.** الحسنى الجنة والزيادة النظر إلى وجه الرحمان).

قال في شرح المواهب جاء مرفوعاً من حديث (1) أبي موسى (2) وكعب بن عجرة (3) وابن عمر (4) وأبي بن كعب (5) وأنس (6) وأبي هريرة وجاء موقوفاً على الصديق وحذيفة وابن عباس وابن مسعود وجاء عن جماعة من التابعين كما بسطه في البدور وقال قال البيهقي هذا تفسير قد استفاض واشتهر فيما بين الصحابة والتابعين

ومثله لا يقال إلا بتوقيف وقال يحيى بن معين عندي سبعة عشر حديثاً كلها صحاح وزاد عليه في البدور اثنين وساق ألفاظ الجميع عازياً لمخرجيهم وقال أنها بلغت مبلغ التواتر عندنا معاشر أهل الحديث اهـ.

وفي نواهد الأبكار وشواهد الأفكار للسيوطي رحمه اللّه هذا التفسير هو الثابت عن رسول اللّه صلى اللّه عليه وسلم نصاً في تفسير هذه الآية فيما أخرجه مسلم في صحيحه وعن أصحابه أبي بكر وحذيفة وأبي موسى وعبادة بن الصامت وغيرهم والأحاديث والآثار بهذا التفسير كثيرة أوردتها في التفسير المأثور

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: قۇرئاندا سۆزلەنگەن ھۇسنانى جەننەت، ۋەزىيادەنى رەھمان تائالانىڭ يۈزىگە، جامالىغا قاراش دەپ تەپسىر قىلىپ بىرىشىنى ئالىملار ناھايىتى كۆپ ساھابە تابىئىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن سۆزلەنگەن مۇتىۋاتىر ئەسەر دىدى. مۆئمىنلەرنىڭ قىيامەت كۈنى الله نى كۈرشى يۇقىردا ئۆتتى. بۇ ھەم قۇرئاندىمۇ ئۇچۇق قىلىپ سۆزلەنگەن.

*

بۇ كۈندە، (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ.

(ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ. 75 ـ سۈرە قىيامەت 22 ـ 23 ـ ئايەت 300. ئالىملار:جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ خوشىنىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، كۆپ تەۋسىيە قىلغان ھەدىسنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خەتنە قىلىغلىق ھالەتتە تۇغۇلغان ھەدىسنى، ئات گۆشىنى يىيىشنىڭ دۇرۇسلىقىدىكى ھەدىسنى، الله نىڭ 99ئىسىم سۈپىتى بار دىگەن ھەدىسنى، مۇتىۋاتىر دىگەن. ئەلبەتتە تەكشۈرسەك مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر يانىمۇ كۆپ چىقىشى مۇمكىن، ئىزدىنىپ تاپىقۇچىلار قۇشۇپ قويسۇن. شۇنىڭ بىلەن ئىمام جەلالۇددىن سۇيۇتىي، ئىمام شەيخ مۇھەممەد جەئپەر كەتتانىينىڭ تۈزۈپ قالدۇرغان مۇتىۋاتىر ھەدىسلىرىنىڭ تەرجىمىسى تامام بولدى.الله قا چەكسىز شۈكرى، الله قا چەكسىزھەمدۇ ـ سانالاربولسۇن.

2007 ـ 1 ـ 10 م 1427 ـ 12 ـ 21 هـ

بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمىز. ياردەمنى پەقەت بىر ئاللاھتىنلا سورايمىز. ئاللاھدىن گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى سورايمىز. ئاللاھقا شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا تەۋەككۇل قىلىمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىشى ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ بۇ بەندە ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلسا، يول قويسا، شارائىت، پۇرسەت بەرسە، ھېچكىشى ئۇ بەندىنى ھىدايەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاللاھتىن ھىدايەت، توغرا يول سوراپلا قالماستىن، نەپسىمىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. شەيتاندىنمۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدىن، جىننى، ئىنسى شەيتانلاردىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.

ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىگە، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، قىيامەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، ساماۋى كىتابلارغا، ئۆلگەندىن كېيىن روھ ۋە تەن جىسىم بىلەن بىرگە تېرىلىشىمىزگە شەكسىز ئىشىنىمىز، ئىمان كەلتۈرىمىز. ئاللاھ تائالا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلار، تابىئىنلارغا، ئۇلارغا ئەگەشكەن بارلىق مۇسۇلمان مۆئمىنلەرگە رەھمەت قىلسۇن، رازى بولسۇن، جەننەتتە جامالىنى ئاتا قىلسۇن. ئامىن!

بارلىق ئىشلىرىمىزنى، خىزمەتلىرىمىزنى ئوڭۇشلۇق قىلسۇن، ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن، جامالى ئۈچۈن خالىس قىلىپ قوبۇل قىلسۇن. ئامىن!

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا، بولۇپمۇ، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئاجىز، بىچارە مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ ئۆزى ئىگە بولۇپ رەھىم قىلسۇن، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ خاتالىق، گۇناھ- مەئسىيەتلىرىنى كەچۈرۈپ، ئەپۇ قىلىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتمەنلىك ئاتا قىلىپ، ياردەم بەرسۇن، قەلبىنى ھىدايەت قىلىپ، ئىسلاھ قىلىپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەقۋا مۆئمىنلەردىن قىلسۇن. ئامىن!شەيخ ئەبۇمۇھەممەد كومپيۇتېر پىلاستىنكىللىرىدىن پايدىلاندۇق.

ھەدىسلىرى شەيخ ئەلبانىينىڭ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»دىن ئېلىندى خەير الله قا ئامانەت كىلەركى كىتابىمدا كۆرشەيلى. ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇالله ھى ۋەبەركاتۇھۇ.